29952

# قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما

تۈزگۈچىلەر: ئابدۇقەييۇم خوجا
تۇرسۇن ئايۇپ
ئىسرائىل يۇسۇپ

21500004273

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: مامۇت سابىت

# قەدىمكى ئۇيغۇر
# يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھەر ئازاتلىق كوچا №306)

شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى

شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

فورماتى: 1168 × 850مم 1/32

باسما تاۋىغى: 13.25 قىستۇرما ۋارىغى: 5

1983 - يىل 9 - ئاي 1 - نەشرى

1984 - يىل 4 - ئاي 1 - بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: M7098·55

تىرازى: 1 — 12,400

باھاسى: 1.55 يۈەن



كول تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ
يىراقتىن ۋە يېقىندىن تار-
تىلغان سۈرىتى





ئورخۇن ۋادىسىدىكى مەڭگۇ تاشلارنىڭ يىراقتىن كورۇنۇشى



مەڭگۇ تاش
سۇرىتى



▲ قەدىمقى ئۇيغۇرچە
«مائىترى سىمىت»
نىڭ بىر بېتى



◁ سوغدى يېزىقىدا
يېزىلغان ھۆججەت

قەدىمقى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى بۇددا
نومىنىڭ پارچىسى





قەدىمقى ئۇيغۇر
يېزىقىدىكى بۇددا
نومىنىڭ پارچىسى



▲ قەدىمقى ئۇيغۇرچە
«مائىترى سىمىت»
نىڭ بىر بېتى



◁ ۋغدى يېزىقىدا
زىلغان ھۆججەت

قەدىمقى ئۇيغۇر
يېزىغىدىكى بۇددا
نومىنىڭ پارچىسى





قەدىمقى ئۇيغۇر
يېزىغىدىكى بۇددا
نومىنىڭ پارچىسى

# نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى بۇ «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»غا ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى تارىخىغا، قەدىمقى ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىگە ئالاقىدار بولغان بىرقەدەر مۇھىمراق يازما يادىكارلىقلار تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ كىتابنى نەشر قىلىشتىن مەقسەت تارىخ، تىل، ئەدەبىيات، پەلسەپە، دىن ۋە باشقا پەن ساھەلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان خادىملارنى ئۆز تەتقىقاتلىرىدا پايدىلىنىشى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت. شۇڭا بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن يازما يادىكارلىقلار ئەينى بويىچە ئېلىندى.

بۇ كىتابتىكى يازما يادىكارلىقلار قەدىمقى زاماندا يېزىلغان. كىتابخانلارنىڭ، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆگىنىشتە، تەتقىق قىلىش ۋە نەقىل ئېلىشتا ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇل قوللىنىپ، تارىخىي ھادىسىلەرگە تارىخىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن قاراپ ۋە زامان، ماكان بىلەن بىرلەشتۈرۈپ مۇھاكىمە قىلىپ، ۋەتەنگە، خەلققە پايدىلىق ئاممىي تۆھپىلەرنى يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

# مۇندەرىجە


قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە قىسقىچە
چۈشەنچە ........................................................ 1
«قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دا
تونۇشتۇرۇلغان ئەسەرلەر ........................................ 29


## I


قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار
........................................................................ 31
«قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار»
ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات ........................................ 33
قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ ئاساسلىق ئىملا قائىدىسى ......... 38
تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى .............................................. 43
«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» غا ئىزاھات ............................ 43
«تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»نىڭ تېكىستى ........................... 45
كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى ............................................. 62
«كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى» غا ئىزاھات ........................... 62
«كۈل تېگىن مەڭگۈ تېشى» نىڭ تېكىستى .......................... 64
بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى ........................................... 93
«بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» غا ئىزاھات ......................... 93
«بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» نىڭ تېكىستى ........................ 94
بايانچور مەڭگۈ تېشى ............................................... 108

«بايانچور مەڭگۈ تېشى»غا ئىزاھات .................. 108
«بايانچور مەڭگۈ تېشى» نىڭ تېكىستى .............. 109

II

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار ..................... 123
ئوغۇزنامە .................................................. 126
«ئوغۇزنامە» ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات ................. 128
«ئوغۇزنامە» نىڭ تېكىستى ..................................... 152
«ئالتۇن يارۇق» تىن پارچە ..................................... 128
«ئالتۇن يارۇق» ھەققىدە ئىزاھات ........................ 152
«ئالتۇن يارۇق» نىڭ تېكىستى (پارچىلار) ............ 156
ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى .................................... 181
«ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» ھەققىدە ئىزاھات .......... 181
«ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» نىڭ تېكىستى .............. 181
چاستانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى ................................ 212
«چاستانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى» ھەققىدە ئىزاھات... 212
«چاستانى ئىلىگ بەگ ھېكايىسى» نىڭ تېكىستى...... 213
«مائىترى سىمىت» تىن پارچە .................................. 230
«مائىترى سىمىت» ھەققىدە ئىزاھات .................... 230
«مائىترى سىمىت» نىڭ تېكىستى ............................. 232
قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»
7 - جىلدى ھەققىدە تەتقىقات ............................. 271
قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»
ھەققىدە ئىزاھات .............................................. 271
قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى»
7 - جىلدىدىكى 8 ياپراقنىڭ تېكىستى .................. 273
قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر ................ 294

«قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلار» ھەققىدە ئىزاھات ...... 294

دالا ناخشىسى ...... 296

مەدھىيە پارچىسى ...... 299

مۇھەببەتنامە ...... 301

پەندى - نەسىھەتلەر ...... 303

ئاتىلار سۆزى ...... 305

مانىغا مەدھىيە ...... 309

ساۋاپلىق ئىشلارغا مەدھىيە ...... 317

نېستورىيان دىنى يازما يادىكارلىغىنىڭ پارچىسى ...... 326

«نېستورىيان دىنى يازما يادىكارلىغىنىڭ پارچىسى» ھەققىدە ئىزاھات ...... 326

«نېستورىيان دىنى يازما يادىكارلىغىنىڭ پارچىسى» نىڭ تېكىستى ...... 327

تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىسى ...... 331

«تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىسى» ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات ...... 331

«تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىسى» نىڭ تېكىستى ۋە تەرجىمىسى ...... 332

ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ...... 351

«ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» ھەققىدە ئىزاھات ...... 351

«ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» نىڭ تېكىستى ۋە تەرجىمىسى ...... 352

پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى ...... 363

قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە لۇغىتى ...... 365

# قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

(مۇقەددىمە ئورنىدا)

## 1

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا ۋە شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە مىللەت. ئۇيغۇرلار ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىللە كۆرەش قىلىپ، تارىخ ئۆز زىممىسىگە يۈكلىگەن ۋەزىپىلەرنىڭ ھۆددىسىدىن نەتىجىلىك چىقىپ، دۇنيا مەدەنىيىتى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە شانلىق تۆھپىلەرنى قوشقان. بۇ ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن ئۇيغۇر تىلىنى ئالاقە ۋە كۆرەش قورالى قىلىپ كەلگەن.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، مەلۇم بىر تىل تەرەققىي قىلىپ مۇئەييەن بىر باسقۇچقا يەتكەندە، ئاندىن يېزىق پەيدا بولغان. يېزىق تىلنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن يارىتىلغان، شۇڭا ئۇ، تىلنىڭ مەھسۇلى ھېساپلىنىدۇ. يېزىق تىلى تارىخىدىن ئېيتقاندا، ھەر خىل تىل - يېزىقلاردىكى تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ۋە يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيە نەتىجىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق① تارىخقا ئىگە.

مۇشۇنداق ئۇزۇن بىر تارىخىي جەرياندا، ئۇيغۇرلار جۈملىدىن باشقا تۈركىي خەلقلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ قەدىمقى تۈرك يېزىقى②، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى③، بىراھمى

يېزىغى (قەدىمقى كۇچا ۋە قەدىمقى قارا شەھەر يېزىغى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر راھىپ شۈەنجۇاڭنىڭ خاتىرىسىدىن قارىغاندا، بۇ يېزىقلار قەدىمقى ھىندى-يېزىغىدىن كەلگەن بولۇپ، قەدىمقى كۇچالىقلار ۋە قەدىمقى قارا شەھەرلىكلەر بۇ يېزىققا بىرئاز ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەن)، قەدىمقى سۇرىيە يېزىغى، تىبەت يېزىغى، خەنزۇ يېزىغى④ ۋە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى دەۋرلەردە ئەرەپ يېزىغى قاتارلىق بىر مۇنچە يېزىقلارنى قوللىنىپ، ئۆز تىلىنى خاتىرىلەپ كەلگەن.

يۇقۇرىدىكى يېزىقلار بىلەن يېزىلغان يازما يادىكارلىقلاردا ئۇيغۇرلارنىڭ سىنىپىي كۈرەش، ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى جەھەتتىكى نەتىجىلىرى، ئىلىم-پەن جەھەتتىكى ئىزلىنىشلىرى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىرى خاتىرىلىنىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مول ۋە ئېتىبارلىنارلىق مىراسلار قالدۇرۇلغان. بۈگۈنكى كۈندە، ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرغان بۇ قىممەتلىك يادنامىلارنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئېگىلمەي-سۇنماي كۈرەش قىلىش، ھارماي-تالماي ئىشلەشتەك روھى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز بەخت-سائادىتىنى يارىتىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن يۈكسەك ئەقىل-پاراستى بىلەن پەخىرلىنىمىز.

بىز ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى يازما يادىكارلىقلىرى دىگىنىمىزدە، ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق قوللىنىشتىن تارتىپ ئۇيغۇرلار ياشىغان كەڭ رايونلاردا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقىچە بولغان ئارىلىقتىكى يازما يادىكارلىقلىرىنى كوزدە تۇتىمىز. شۇنى ئالاھىدە كورسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەرقايسى دەۋرلەردىكى يازما يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش، تەتقىق قىلىش ناھايىتى زور كۈچ تەلەپ قىلىدىغان مۇرەككەپ ئىلمىي خىزمەت بولۇپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نۇرغۇن قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە

پۇختا ۋە ئىنچىكە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى "دۇنيا مەدەنىيىتىدىن ئالغاندا، جۇڭگونىڭ، قەدىمقى يۇنانىنىڭ ۋە قەدىمقى ھىندىستاننىڭ مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچراشقان ۋە قوشۇلغان جاي شىنجاڭ ھېساپلىنىدۇ.

ھەرخىل تىللار يەنى ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىدىكى تىللار، سام سىستېمىسىدىكى تىللار ۋە باشقا نۇرغۇن تىللار شىنجاڭدا ئۆزئارا ئۇچراشقان، بۇنداق ئەھۋالنى شىنجاڭدىن باشقا جايدا تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەدەبىيات-سەنئەت، دىن جەھەتلىرىدىمۇ ئەھۋال شۇنداق. دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ دىن: ئىسلام دىنى، بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنلىرىمۇ شىنجاڭدا ئۇچرىشىپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتكەن، بۇنداق ئەھۋالنى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ." (جى شيەنلىڭ: «توخار تىلى ۋە نىيە قارا تىلى». «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» 1980-يىل ئۇيغۇرچە تۇنجى سانغا قارالسۇن) دۇنيادىكى ھېچقانداق مەملىكەتتە شىنجاڭدىكىدەك كۆپ خىل يازما يادىكارلىق تېپىلغىنى يوق. شۇڭا، نېمىس ئالىمى فون لېكوك ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە، شىنجاڭدا 17 خىل تىل، 24 تۈرلۈك يېزىق قوللىنىلغان، دەپ يازغان.

تارىخىي خاتىرىلەر ۋە ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان تارىخىي تەتقىقاتلارنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلار دەسلەپتە ھون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدا بولغان ۋە ھون قەبىلىلىرى ئىتتىپاقىدا مۇھىم رول ئوينىغان خەلقلەردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ھونلار ياۋروپاغا كۆچۈپ بارغاندىمۇ ئۇلارنىڭ تەركىۋىدىكى خەلق ئىچىدە ئىككى ئۇيغۇر قەبىلىسى بولغان.

بىزگە مەلۇم، قەدىمقى ھون تىلى — ئورال، ئالتاي تىل سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىل. ھون ئىمپېرىيىسىنىڭ⑤ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە ئالتاي تىللىرىنىڭ 3 چوڭ تارمىقى بولغان تۇڭگۇس

تىللىرى، موڭغۇل تىللىرى ۋە تۈركىي تىللار بىر-بىرىدىن ئۇچۇق ئايرىلىپ چىقمىغان ئىدى. هون ئىمپېرىيىسى ئىككىگە بۆلۈنگەن دەۋرگە كەلگەندە (مىلادى 1-ئەسىر ئوتتۇرىسىدا) تۇڭگۇس تىللىرى بىلەن موڭغۇل، تۈرك تىللىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلدى. غەربىي هونلارنىڭ تىلى، ئاساسەن، تۈركىي تىل ئىدى (لېكىن شەرقىي هونلار تەركىۋىدىمۇ تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر بار ئىدى). جاڭچيەن⑥ هونلار قولىدا 10 يىل ئەسىر بولۇپ تۇرغان چېغىدا، هون تىلىنى ئۆگىنىۋالغان ۋە ئۆز خاتىرىلىرىدە بىر مۇنچە هون سۆزلىرىنى يېزىپ قالدۇرغان. مۇشۇ سۆزلەردىن ۋە هونلارنىڭ ئادەم، مەنسەپ، قورال، يەر ئىسىملىرىدىن قارىغاندا، هون تىلىنىڭ تۈركىي تىل ئىكەنلىگىدە شەك يوق. فرانسىيىلىك شەرقشۇناس پېللىئوت (P·Pelliot) جاڭچيەن خاتىرىلىۋالغان 'سۇچى تىلەيگەن، پۇگۇتۇغۇدان' قوشۇن قوزغۇلۇش بىلەنلا پۇگۇلار (秀支替戾冈，仆谷秃勾当) تۇتۇۋېلىندى دېگەن جۈملىنى تەھلىل قىلىپ: "بۇ جۈملە، مەيلى گىراماتىك تۈزۈلۈش جەھەتتىن بولسۇن ياكى لۇغەت تەركىۋى جەھەتتىن بولسۇن، تۈركىي تىل ئىكەنلىگىنى كۆرسىتىدۇ" دېگەن.

كوك تۈرك خانلىغى⑦ دەۋرىگە كەلگەندە، تۈركىي تىللار يالغۇز موڭغۇل تىللىرىدىن ئايرىلىپ چىقىش بىلەنلا قالماي، تۈركىي تىللىرىنىڭ ئۆزىمۇ ئوغۇز-قىپچاق تىللىرى ۋە ئۇيغۇر-قارلۇق تىللىرى دېگەن ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈشكە باشلىدى. 11-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقەرى بۇ ئىككى گۇرۇپپا تىلنىڭ فونېتىكىلىق ۋە مورفولوگىيىلىك پەرقلىرىنى ئىلمىي ئاساستا كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

كوك تۈرك خانلىغى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا دەسلەپتە ئۇيغۇر خانلىغى ⑧، كېيىن قوچۇ

ئۇيغۇر خانلىقى⑨ ۋە قاراخانىلار سۇلالىسى مەيدانغا كەلدى⑩. بۇ خانلىقلار ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقى تەركىۋىگە كىرگەن ئىچكى توققۇز قەبىلە (ياغلاقار، ئوتۇرقار، تورلەمۇر، بۇقاسىقىر، ئاۋۇچاگ، قارسار، قوغۇرسۇۋ، يا بۇقتار، ئاياۋۇز) ۋە تاشقى توققۇز قەبىلە (ئۇيغۇر، ئوپۇغۇر، غۇن، بايىرقۇ، توڭرا، ئىزگىل، قىپچاق، باسمىل، قارلۇق) نى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇرۇنقى كوك تۇرك خانلىقى تەركىۋىگە (جۇملىدىن ھونلار تەركىۋىگە) كىرگەن باشقا تۇركىي قەبىلىلەرنىمۇ ئۇز ئىدارىسىدا تۇتقان. ئەنە شۇ خانلىقلار دەۋرىدە ئۇزاق ۋاقىت (6 - 7 يۈز يىل) بىللە ياشاش داۋامىدا، بۇرۇنقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىگە باشقا تۇرك قەبىلىلىرىمۇ ئارىلىشىپ سىڭىپ كەتكەن. نەتىجىدە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ھەممە تۇرك قەبىلىلىرى چۈشىنىدىغان ئورتاق ئەدەبىي تىل بولۇپ قالغان ۋە 7 - ئەسىردىن 16 - ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەممە تۇركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق ئەدەبىي تىلى بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇيغۇرلار ئىچىگە ئىلگىرى بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىدا بولمىغان بىر مۇنچە قەبىلەر كىرىپ سىڭىپ كەتكەن، جۇملىدىن تۇرك بولمىغان سوغدى⑪، توخار⑫، ئېفتالىت⑬ ساق ⑭ قەبىلىلىرىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمىغا ئايلاندى. "ئۇيغۇر" دېگەن ئىسىمنىڭ ئۇزىمۇ بەزىدە بىر قەبىلىنىڭ نامىنى كورسىتىپ كەلسە، كوپ ھاللاردا بىر پۇتۇن قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ نامى بولۇپ كەلگەن. بۇ قەبىلە ئىتتىپاقىنىڭ دائىرىسى، ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا ئەگىشىپ، بەزىدە كېڭەيدى ۋە بەزىدە تارايدى. شۇڭا تارىخىي خاتىرىلەردە "ئۇيغۇر"، "توققۇز ئۇيغۇر"، "ئون ئۇيغۇر" دېگەن ناملار ئۇچرايدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۇگۇنىدە ياشاپ، مەدەنىي جەھەتتىن يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغاچقا،

ئەنە شۇنداق نۇرغۇن قەبىلە ۋە مىللەتلەرنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ كېتەلىگەن ۋە ئۆزىگە قوشۇلغان تۈرلۈك خەلقلەرنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى بايلىقلىرىنى ئۆز مەدەنىيىتىگە قوشۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، بىزگە پارلاق مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

8 - ئەسىردىن 11 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى (ئاساسەن ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى) تەدرىجى تەرەققىي قىلدى ۋە گۈللەندى. بۇ دەۋردە ئىلىم-پەن ساھەسىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم تارماقلىرىدىن ئالىم، مەشھۇر ئەدىپ - سەنئەتكارلار، تىلشۇناسلار، تارىخشۇناسلار، تېۋىپلار يېتىشكەن. ئۇلار شۇ زامانلاردا ئۆز ئانا تىلىغا پۇختا بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قەدىمقى كۇچار، قەدىمقى قاراشەھەر تىلى، سوغدى تىلى، سانسكرىت تىلى، ئەنزۇ تىلىغا ئوخشاش تىللارنىمۇ پۇختا ئىگەللىگەن ھەمدە شۇ دەۋردىكى چوڭ دىنلار (بۇددا دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، شامان دىنى قاتارلىقلار) ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقلىرىدىن تولۇق خەۋەردار بولغان. بۇ ئۇلارنىڭ ئىدىئولوگىيە جەھەتتە شۇ دەۋردىكى باشقا مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن كېيىن ئەمەسلىكىنى كۆرسىتەتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر ئالىملىرىدىن مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، بېشبالىقلىق سىڭقۇسەلى، ئەدىپ ئەخمەت يۈكنەكلەردىن باشقا نۇرغۇنلىغان ئالىملار بىۋاستە خەنزۇچە ئەسەرلەرنى يازغان ۋە خەنزۇچىدىن ئۆز مىللى تىلىغا ئىجادىي تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن، تاڭ دەۋرىدە ئۆتكەن قەشقەرلىق خۇيلىن (مىلادى 737—820 - يىللار) «بارلىق نوملاردا ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارنىڭ تاۋۇشى ۋە مەنىسى» دىگەن 100 جىلدلىق ئەسەرنى خەنزۇچە يازغان. كۇچالىق لى يەن (مىلادى

789 — 795 - يىللىرى ئارىلىقىدا ۋاپات بولغان) «بىراھمى تىلىدىكى ئاتالغۇلار» دېگەن ئەسەرنى يازغان. ئۇندىن باشقا خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە يەنە تۇۋەندىكىچە بايانلارنى كورۇشكە بولىدۇ: «بېشبالىقلىق ئارغۇن سالى خەنزۇچە ئەسەرلەرنى يازاتتى، 4 ئەركان 5 ئەھكامدىن خەۋەردار ئىدى، ...... بىلان ناسىلى قومۇلۇق بولۇپ، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا بۇددا نوملىرىنى تەرجىمە قىلغان؛ ئۇندىن باشقا لىيەن خۇيشەن قايا، سارابان، بۇيان بۇغا تىگىن، يىنىيەناسلى، لۇمىڭشەن قاتارلىقلارمۇ خەنزۇ تىلىدا ئەسەرلەر يازالايتتى ...... بولۇپمۇ لىيەن خويشەن قايا بىلەن سارابانلار «لياۋ سۇلالىسى تارىخى» ۋە «جىن سۇلالىسى تارىخى» نى ئۆزگەرتىپ يېزىشقا قاتنىشىپ تۆھپە قوشقان. لۇمىڭشەن «تۇتچىلىقنىڭ ئېپى» (دېخانچىلىق، پىلىچىلىك، كىيىم - كېچەك، يېمەك - ئىچمەك توغرىسىدا) دېگەن ئەسەرنى خەنزۇچە يازغان.

(«يېڭى يۈەن سۇلالىسى تارىخى» نىڭ 110، 136، 160، 192، 243 جىلدلىرى ۋە «تارىخىي خاتىرىلەر توپلىمى» نىڭ 7 - جىلدىدىغا، «4 ئىسكىلاتتا ساقلانغان بارلىق كىتاپلار تىزىمى» نىڭ 1965 - يىل نەشرى 853 - بېتىگە قاراسۇن).

بۇچاققىچە تېپىلغان ۋە داۋاملىق تېپىلىۋاتقان قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكى بىرمۇنچە مەڭگۈتاش يادىكارلىقلىرى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بۇددا، مانى، نېستورىيان، شامان دىنلىرىغا ئائىت يۈزلەرچە داڭلىق ئەسەرلەر (بۇلارنىڭ تولىسى باشقا تىللاردىن ئىجادىي تەرجىمە قىلىنغان)، بۇنىڭدىن باشقا دۇڭخۇاڭ ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق، تىبابەتچىلىك، تارىخ ۋە مۇزىكىغا ئائىت ئەسەرلەر، ئىجتىمائىي ئىقتىساتقا ئائىت ھۆججەتلەر ناھايىتى كوپ بولۇپ، بۇ قىممەتلىك

يازما يادىكارلىقلار بىزگە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ ئۆز زامانىسىدا ھىنگان تاغلىرىدىن تارتىپ تاكى كاسپىي دېڭىزىغىچە بولغان كەڭ رايونلاردا، تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ سىياسى ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

"بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئۇيغۇرلار مەملىكىتىمىزدە ئىجات قىلىنغان مەتبە تېخنىكىسىنى ھەممىدىن ئاۋال قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ئىشلەتكەن ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان. تۇرپان ۋە دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبە ھەرپلىرى، مەتبە سايمانلىرى، كېسىپ تەييارلاپ قويۇلغان دەستە - دەستە قەغەزلەر ۋە يىپەك يولىدىكى نۇرغۇن ئىبادەتخانىلار ۋە خارابىلاردىن تېپىلغان، مەتبەدە بېسىلغان ئۇيغۇرچە كىتاپ ۋە ۋەرەقىلەر بۇنى ئوچۇق كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. مەتبەچىلىك تېخنىكىسى ئۇيغۇرلار ئارقىلىق غەرپتىكى ئەللەرگە تارقالغان، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان زور بىر تۆھپىسى.

يۇقۇرىدىكى پاكىتلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تىل يېزىقى «يىپەك يولى» دا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىغان. خۇددى سوغدىلار غەرپنىڭ مەدەنىيىتىنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شەرقتىكى مىللەتلەرگە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغىنىدەك، شەرقنىڭ مەدەنىيىتىنى غەرپكە تونۇشتۇرۇش، شۇنداقلا غەرپنىڭ مەدەنىيىتىنى شەرققە تونۇشتۇرۇشتەك بۈيۈك ئىشتا، ئۇيغۇرلار ئۆچمەس تۆھپە قوشقان" (ئىبراھىم مۇتىئى: «قەدىمقى يىپەك يولىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى 3 ئاساسىي مىللەت ۋە ئۇلارنىڭ تىللىرى»، «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى»، 1980 - يىل، خەنزۇچە تۇنجى سانىغا قارالسۇن).

## 2

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار ۋە دىنىي قاراشلار سەۋەبىدىن ئېغىر هالدا سۇنئىي بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. روشەنكى، ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇش تەلىۋى ئاستىدا، ئىسلام دىنىغا يات بولغان مەدەنىيەتنىڭ چەتكە قېقىلىشى ۋە ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى تەبىئى ئىدى. شۇڭا، ئۇرۇش ۋەيرانچىلىقى ۋە دىنىي قاراش ئارقىسىدا، نەچچە مىڭ يىللىق قىممەتلىك يازما يادىكارلىقلار ئېچىنىشلىق هالدا خاراب قىلىنغان. مەسىلەن، هازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان بىرمۇنچە يازما يادىكارلىقلارنىڭ بەزى قىسىملىرى كۆيۈپ كەتكەن ۋە بەزىلىرىدە قان داغلىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇندىن باشقا، گېرمانىيىلىك ئارخېئولوگ فون. لېكوك تۇرپانغا بارغاندا، بىر ئۇيغۇر دىخاننىڭ ئۇنىڭغا: "مەن بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئىدىقۇت شەھىرىدە تۇپا كولاۋېتىپ، بىر هارۋا كەلگىدەك خەت - چەكلەرنى (بۇنىڭ ئىچىدە رەسىملەرمۇ بار) تاپقان ئىدىم، ئۇ نەرسىلەر كاپىرلارنىڭ نەرسىسى بولغاچقا، باشقىلارغا كۆرسىتىشتىن قورقۇپ، كېچىدە ئوغرىلىقچە سۇغا ئېقىتىۋەتكەن ئىدىم، دەپ هېكايە قىلىپ بېرىشى يېقىنقى دەۋرلەرگىچىمۇ دىنىي قاراش نەتىجىسىدە قەدىمقى يازما يادىكارلىقلارنىڭ ۋەيران قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بەختىمىزگە يارىشا، تارىم ۋادىسى، تۇرپان ۋادىسى ۋە باشقا رايونلاردا ۋەيران قىلىشقا ئۇچرىماي يەر ئاستىدا

ساقلىنىپ قالغان خىلمۇ - خىل مەدەنىي يادىكارلىقلار دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن بولسىمۇ، بۇرۇن ئۆتكەن ھۆكۈمرانلار سىنىپىنىڭ بەدىۋىلىگى، زەئىپلىگى، شۇنداقلا پەن - مەدەنىيەتنىڭ تۆۋەنلىگى سەۋەبىدىن ئۆز ۋاقتىدا ئېچىلمىغان ۋە دىققەت ئېتىۋارغا ئېلىنمىغان ئىدى.

چەتئەل ساياھەتچىلىرى ۋە ھەرخىل تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى شىنجاڭنىڭ تېخى ئېچىلمىغان مەدەنىيەت غەزىنىسى ئىكەنلىگىنى بايقىغاندىن كېيىن، 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 30 — 40 - يىللىرىغىچە چەتئەل ھۆكۈمەتلىرى ئوتتۇرا ئاسىياغا جۈملىدىن ئۇقتىلىق ھالدا شىنجاڭ رايونىغا كەينى - كەينىدىن ساياھەتچىلىرىنى، ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى ۋە ئالىملىرىنى ئەۋەتىپ، رايونىمىزدا كەڭ كۆلەملىك تەكشۈرۈش ئىشىنى باشلىۋەتتى. بۇنىڭ ئىچىدە چاررۇسىيە كۆپ قېتىم، ئەنگلىيە 4 قېتىم، گېرمانىيە 4 قېتىم، ياپونىيە 3 قېتىم، فرانسىيە 2 قېتىم (بۇلاردىن باشقا يەنە يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنمىغان بىر قانچە دۆلەتلەردىن كەلگەن كۆپلىگەن تەكشۈرگۈچىلەرمۇ بار) ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ناھايىتى كۆپ بىباھا يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى. چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلگەن يادىكارلىقلار سان جەھەتتە كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ. مەسىلەن، گېرمانىيىنىڭ 2 - قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى بىر قېتىمدىلا 284 ساندۇق يادىكارلىقنى 80 نەچچە تۆگىگە ئارتىپ ئېلىپ كەتكەن، نۇسخا سانى 16 مىڭغا يېتىدۇ. غەربىي گېرمانىيە گامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، قەدىمقى زامان تۈركشۇناسى **گابائىن** خانىم (A. Von Gabain) نىڭ مەلۇماتىغا قارىغاندا، گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ 7 چوڭ ئىشكاۋى گېرمانىيىنىڭ 4 قېتىملىق ئارخېئولوگىيە ئەترىتى قېزىۋالغان

قەدىمقى تۈركىي تىلى قوليازمىلىرى ۋە ئۇيما خاتىرىلەر بىلەن تولغان. بولاردىن باشقا يەنە كۆپ ساندا شۇ دەۋرنىڭ تام سۈرەتلىرى ۋە باشقا بۇيۇملار بار ئىكەن. قىسقىسى، دىنىي ئۇرۇش ۋە دىنىي قاراش تۈپەيلىدىن ئاز قالغان يادىكارلىقلار چەتئەللىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن. ھازىر بۇ يادىكار-لىقلىرىمىز موسكۋا، لېنىنگراد، بېرلىن، لوندون، توكيو، پارىژ قاتارلىق شەھەرلەردىكى مەشھۇر مۇزېيلار، كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا.

مەدىنى يادىكارلىقلارنىڭ (جۈملىدىن يازما يادىكارلىقلارنىڭ) كۆپ قىسمى چەتئەللىكلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بىر نەچچە ئون يىللاردىن بۇيان، شۇ ئەللەردىكى ئالىملار چوڭقۇر تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، ھەر خىل تىللاردا ئۆز تەتقىقاتلىرىنى، نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. مەسىلەن، قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىغا دائىر تۇنجى ئىلمىي خەۋەر 18 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئېلان قىلىندى. 1730 - يىلى شۋېتسىيىلىك ستراليېنبېرگ (F. J. Stralenberg) ستوكھولمدا «ياۋروپا ۋە ئاسىيانىڭ شىمالىي ۋە شەرقىي قىسمى» (Das Nord - und ostliche Theil von Europaund - Asiya) دېگەن كىتابىنى نەشر قىلدۇرۇپ، كىتابىنىڭ ئاخىرىدا يېنىسەي دەريا ۋادىسىدىن تۇنجى قېتىم تېپىلغان قەدىمقى تۈرك يېزىقى-دىكى مەڭگۈ تاشلارنىڭ سۈرىتىنى بەردى.

1793 - يىلى، پ. س. پاللاس (P. S. Pallas) ئۆزىنىڭ «سىبىرىيىدىن تېپىلغان نامسىز مەڭگۈ تاش يېزىقى توغرىسىدا» (Von einer in Sibirien gefundenen onbekannlen steinschriff) دېگەن ئەسىرىدە بۇ مەڭگۈ تاشلار رەسىملىرىنىڭ

بىر قىسمىنى ئېلان قىلدى.

1818 - يىلى، گ. سپاسسكى (G .Spasskiy) «سىبىر - رىيە خەۋەرلىرى» دىگەن ژورنالدا ئۇزۇن ماقالا ئېلان قىلدى. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ماقالا لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، سۈرەتلەر بىلەن بىرلىكتە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دەرھال غەربىي ياۋروپا ئالىملىرىنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خېلى كىشىلەر بۇ تېپىشماقتەك ھېچكىم بىلمەيدىغان يېزىقنى تەتقىق قىلدى ۋە يېشىپ ئوقۇشقا ئۇرۇنۇپ باقتى.

1884 - يىلى فىنلاندىيىلىك ئاسپېلىن (J. R. Aspelin) مەڭگۈ تاش تېكىستىدىكى بارلىق ھەرپ، بەلگىلەرنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلغاندىن كېيىن، بۇ يېزىق 38 — 40 بەلگىدىن تەركىب تاپقان، ئوڭدىن سولغا يېزىلىدۇ، دەپ توغرا ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن بەلگىلەرنىڭ تاۋۇش قىممىتىنى بېكىتىشتە يەنىلا ئامالسىز قالغان.

1892 - يىلى فىنلاندىيە ۋە روسىيە ئايرىم - ئايرىم ھالدا، ئىككى دۆلەت ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تارتقان مەڭ - گۈ تاشلارنىڭ سۈرەتلىرىنى نەشر قىلدى. بۇ، ھەرقايسى ئەل ئالىملىرىنىڭ بۇ نامسىز يېزىقنى تەتقىق قىلىشىنى ئىشەنچلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە فىنلاندىيە نۇسخىسىنىڭ ئىلمىي قىممىتى بىر قەدەر يۇقىرى. شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن روسىيىلىك ئاتاقلىق تىلشۇناس رادلوف ۋە دانىيىلىك مەش - ھۇر تىلشۇناس ۋ. تومسېن بىر ۋاقىتتا مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى يېشىپ ئوقۇش ئىشى بىلەن پائال شۇغۇللاندى.

1893 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ۋ. تومسېن دانىيە ئوردا پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىغىنىدا، ئۆزىنىڭ قەدىمقى تۈرك يېزىق - دىكى مەڭگۈ تاش تېكىستىنى غەلىبىلىك ھالدا يېشىپ ئوقۇغانلىقى توغرىسىدا ئىلمىي دوكلات بەردى. دوكلاتنىڭ تېمىسى «ئور -

شۆن - يېنىسەي مەڭگۈ تاش يېزىغىنى يېشىپ ئوقۇشتىن دەسلەپكى نەتىجە» بولۇپ، 1894 - يىلى كوپېنھاگېنىدا فرانسۇز تىلىدا نەشر قىلىندى. تومسېننىڭ بۇ ئىشى ناھايىتى چوڭ كەشپىيات ئىدى.

1894 - يىلى رادلوف «كول تېگىن» ۋە «بىلگە خاقان» مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى لاتىن ۋە سىلاۋيان يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىسىنى ۋە نېمىسچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلدى.

يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغانلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ئالىملار ئىلگىرى - كېيىن قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلار ھەققىدە نۇرغۇنلىغان ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلان قىلدى. كېيىنكى يىللاردا يەنى 1936 - يىلى تۈركىيىلىك ئالىم ھۈسىيىن نامىق ئورخۇن ئىستانبۇلدا «قەدىمقى تۈرك يادىكارلىقلىرى» (ESKI TÜRK YAZITLARI) دىگەن كىتاۋىنى تۈركىيە دولەت نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلدۇرۇپ، بۇنىڭدا كول تېگىن، بىلگە خاقان، تونيۇقۇق، ئونگىن قاتارلىق مەڭگۈ تاشلارنىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى تۈركچە تەرجىمىسىنى بەردى.

ئازاتلىقتىن كېيىن ئېلىمىز ئالىملىرىدىن چىن جۇڭمىيەن، ماچاڭشۇ قاتارلىق كىشىلەر تۈرك تارىخى ۋە قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ھەققىدە مۇھىم ئەسەرلەرنى ئېلان قىلدى. بولۇپمۇ چىن جۇڭمىيەن ئوزىنىڭ 2 توملۇق «تۈرك تارىخىدىن توپلانما» (突厥集史) دىگەن ئەسىرىنى 1958 - يىلى بېيجىڭدا نەشر قىلدۇرۇپ، ئۇ كىتاپتا «تونيۇقۇق»، «كول تېگىن» ۋە «بىلگە خاقان» قاتارلىق مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرىنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسىنى تولۇق تونۇشتۇردى.

بۇلاردىن باشقا دۇڭخۇاڭ، تارىم ۋادىسى ۋە تۇرپان ۋادىسىدىن تېپىلغان سانسىزلىغان مەدىنى يادىكارلىقلار (بۇنىڭ

ئىچىدە يەنە ھەرخىل تىللاردىكى نۇرغۇن يازما يادىكارلىقلار بار) تۇغرىسىدا چەتئەللىك ئارخېئولوگ، تىلشۇناسلاردىن د.كلېمېنتز (D.Klementz)، ئا.ۋ.لېكوك (A.V.Lecoq)، ئا.گرۇنۋېدېل (A.Grunwedel)، ستەيىن، گ.ج.رامستېد(G. J.Ramstedt)، ۋ. باڭ (W.Bang)، ف.ۋ.مۇللېر، مالوۋ، ئا.ۋ. گابائىن (A. V. Gabain)، تۈركىيەلىك ئالىملاردىن ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن، رەشىد رەھمەتى ئارات، سائادەت چاغاتاي، شىناسى تېكىن، بېسىم ئاتالاي، ياپونىيەلىك خويافۇ قاتارلىق بىر مۇنچە كىشىلەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بەزىلىرى تارىخ نۇقتىسىدىن، كۆپىنچىلىرى تىل نۇقتىسىدىن ناھايىتى قىزىقىش بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھازىرغىچە كۆپلىگەن ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىشتى. بۇ يازما يادىكارلىقلار شەكلىنىڭ پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ساغلاملىقى، قوللىنىلغان ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېنىقلىقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى جەھەتلىرىدە نۇرغۇن ئالىملارنى ھەيران قالدۇرماقتا. بولۇپمۇ غەربىي گېرمانىيەلىك قەدىمقى زامان تۈركشۇناسى گابائىن خانىم ۋە رادلوف، مالوۋ، ھۈسەيىن نامىق ئورخۇن، رەشىد رەھمەتى ئارات، ب. ئاتالاي، شىناسى تېكىن قاتارلىق ئالىملارنىڭ قەدىمقى تۈرك ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما يادىكارلىقلار ئۈستىدە ئىنچىكىلىك بىلەن ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلىرى ۋە ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىنىڭ ئىلمىي قىممىتى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا ھازىرغىچە خەلقارادا ۋە ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتلاردا يەنىلا ئۇلارنىڭ تونۇشتۇرغان ئەسەرلىرى، ئىلمىي تەجرىبىلىرى ئاساس قىلىنماقتا.

## 3

ھازىرغىچە چەتئەللەردە ساقلىنىۋاتقان ۋە چەتئەللىك ئالىملار تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان ھەممە ھازىرچە ئۆزىمىزدە

بار ماتېرىياللارغا ئاساسەن، قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكار-لىقلىرىنىڭ مۇھىم تىزىملىكىنى تۆۋەندىكىچە كۆرسىتىپ ئۆتىمىز.

## I. قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكىلىرى

1. **چورىن مەڭگۈ تېشى** — 1971 - يىلى موڭغۇل-يە خەلق جۇمھۇرىيىتى پايتەختى ئۇلانباتۇرنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى چورىن دېگەن جايدىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىنىڭ 686 — 687 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئورنىتىلغان.

2. **تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى** — 1897 - يىلى، ئۇلانبا تۇردىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان بايىن چوقتۇ دېگەن جايدىن تېپىلغان. مىلادىنىڭ 716 - يىلى ئورنىتىلغان.

3. **كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى** — 1889 - يىلى ئور-خۇن دەريا ۋادىسىدىكى خوشو - سايدام دېگەن جايدىن تېپىلغان بولۇپ، بۇ مەڭگۈ تاش مىلادىنىڭ 732 - يىلى ئورنىتىلغان.

4. **بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى**— بۇ كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر جايدىن تېپىلغان. مىلادىنىڭ 735 - يىلى ئورنىتىلغان.

5. **بايانچور (I) مەڭگۈ تېشى**— 1909 - يىلى موڭ-غۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى سېلىنگا دەرياسى بىلەن شىنە - ئۇسۇ كۆلى ئارىلىقىدىكى جايدىن تېپىلغان. بۇ مەڭگۈ تاش تەخمىنەن مىلادىنىڭ 759 - يىلى ئورنىتىلغان.

6. **بايانچور (II) مەڭگۈ تېشى** — 1957 - يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تالىياتىي دېگەن جايدىن تېپىلغان.

7. **توققۇز ئۇيغۇر خاقان مەڭگۈ تېشى** — 1890 -

يىلى ئورخۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمقى قارا بالغاسۇن (ئوردۇ بالىق دەپمۇ ئاتىلىدۇ) دىن تېپىلغان.

**8. سۇجى مەڭگۈ تېشى** — 1909 - يىلى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ شىمالىدىكى سۇجى داۋان يېنىدىن تې- پىلغان (بۇلاردىن باشقا يەنە يېقىنقى يىللارغىچە موڭغۇلىيىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلىۋاتقان بىر نەچچە مەڭگۈ تاشلار بار).

**9. ئىرق بىتىگ** (پالنامە، جەمى 104 بەت) — ئەنگ- لىيىلىك ئارخېئولوگ ستەيىن دۇڭخۇاڭ مىڭ ئۆيلىرىدىن تاپقان.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەن قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى مەملىكىتىمىزدىكى تۈركىي تىللارنىڭ تا- رىخىنى، تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

كۆك تۈرك تىلى — ئادەتتە ئورخۇن - يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىكى تىل بولۇپ، باسقاكوۋنىڭ تۈرلەرگە ئايرىشى بويىچە، بۇ تىل تۈركىي تىللارنىڭ شەرقىي ھون تارمىقىنىڭ ئۇيغۇر گۇرۇپپىسىدىكى ئۇيغۇر - تۈرك بولىمىگە كىرىدۇ.

## II. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلەرى

1. قوچۇ ئىدىقۇت خانلىرىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى
2. ئالتۇن يارۇق
3. ئوغۇزنامە
4. چاستانى ئىلىگ بەگ
5. ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى

6. شۆەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى
7. كۇانشىئىم پۇسار
8. ئابىدارم كۇشاۋاردى شاستىر
9. سەككىز يۇكمەك (تولۇق ئاتىلىشى: تەڭرى تەڭرىسى بورخان يارلىقامىش، تەڭرىلى يىرلىدە سەكىز يۇكمەك يارۇمىش يالتىرمىش، ئىدۇق دارنى تەك ۋدپ ئاتلىغ سودۇرنوم بىتىگ — تەڭرىلەر تەڭرىسى بورخان ئىيتقان يەر - جاھاندىكى سەككىز خىل نۇرلۇق نەرسە دىگەن مۇقەددەس نوم)
10. ئاۋاتامساكا سۇترا
11. ئامىتابا سۇترا
12. لەنخۇا چەچەك ئوزەكى ئىتگى ياراتىغى ئاتلىغ سو- دۇرنوم بىتىگ
13. ئاريارا جاۋاداكا سۇترا (پانى ئالەمدە ئۇلۇغ بولۇپ يارلىش توغرىسىدىكى سۇترا)
14. مائىترى — سىمىت (مائىترىنىڭ ئۇچرىشىشى)
15. كىشانتى قىلغۇلۇق نوم بىتىگ (بۇددىستلارنىڭ توۋا ئىستىغپارى)
16. كىمقوقى (ۋاجرا چىدىكا سۇترا)
17. يىتىكەن سۇترا
18. ئامىتايوس سۇترا (ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەش سۇترىسى)
19. ئىككى يىلتىز نوم
20. ئاگاماس
21. مىڭ قوللۇق مىڭ كوزلۇك بۇددا ھەققىدىكى ھېكايە
22. ساجاپاندىشانىڭ نەسىھەتلىرى («چوكقۇر يول»)
23. مانى مۇخلىسلىرىنىڭ تۆۋەنامىسى
24. سەنت گېورگىنىڭ شېھىت بولۇش خاتىرىسى
25. ئىرسوپ تەمسىللىرىنىڭ قالدۇغى

26. پانچا تانترا قالدۇغى (بەش توملۇق چوچەك)
27. بادا ماۋاتى قىزنىڭ ھېكايىسى
28. دانىشپالا بەگنىڭ ھېكايىسى
29. مۇقەددەس توشقان ھېكايىسى
30. قەدىمقى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى

## قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلار

1. مانى دىنى مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار:
1) ئىلاھىيە (تاڭ تەڭرى)
2) ئىلاھىيە (پارلاق، كۈچلۈك بىلگە تەڭرى)
3) مەدھىيە
4) شېئىر
5) ئۆلۈم تەسۋىرى
6) جەھەننەم تەسۋىرى
7) بۈيۈك ئىلاھىيە
2. بۇددا مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار:
1) شۇنداق يەرلەردە
2) ئون تۈرلۈك ياخشىلىققا مەدھىيە
3) ئۆتتۈڭ، بەش بورخانغا ھۆرمەت
3. ھەرخىل پارچىلار:
1) ئون تۈرلۈك نىياز ئۇسۇلى
2) ھەرە ھەققىدە پارچە
3) جانۋارلارغا پايدىلىق بولماق
4) توغرا يول
5) ياخشى تىلەك
ئايرىم پارچىلار:
1) ئىشەنچ

2) ياخشى نىيەت

4. توۋا ئىستىغپار بىلەن مۇناسىۋەتلىك شېئىرلار:

1) خاتىمە دۇئاسى

2) خاتىمە دۇئاسى

3) خاتىمە دۇئاسى

5. ئىسلام مۇھىتىدا يېزىلغان شېئىرلار:

1) ئاغىت

2) ئايرىلىش

3) يولداشلىق

4) بىلىم

5) پەزىلەت

6) ياخشىلىق ۋە توغرىلىق

6. نەزىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك پارچىلار:

1) ماقال ـ تەمسىللەر

2) پال كىتاۋى

7. باشقا ئەسەرلەردىن:

1) ئىجتىمائى ـ ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە ئائىت هوججەتلەر

2) تەقۋىملەر (كالىنىدارلار)

3) ئىككى تىللىق سېلىشتۇرما سوزلۇكلەر

4) تىبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەر

يۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى — ئىسلا ـ مىيەتنى قوبۇل قىلغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئەدەبىي تىلى بولۇپ، باسكاكوۋنىڭ تۇرلەرگە ئايرىشى بويىچە، بۇ تىل تۇركى تىل ـ لارنىڭ غەربىي هون تارمىقىدىكى ئۇيغۇر قارلۇق گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

بۇ تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەر:

1. «تۇركى تىللار دىۋانى»

2. «قۇتاتقۇبىلىك»

3. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىقلار.

بۇ ئەسەرلەردە ئىسلام ئەقىدىلىرىگە ئائىت مەزمۇنلار بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى پۈتۈنلەي دېگىدەك ساقلانغان.

يۇقۇرىدىكى تىزىملىكتە كۆرسىتىلگەن يازما يادىكارلىقلارنى مەزمۇن جەھەتتىن تۈرگە ئايرىغاندا تۆۋەندىكى بەش تۈرگە بولۇشكە بولىدۇ:

1) ئەدىبىي ئەسەرلەر
2) تارىخقا دائىرلىرى
3) ھەر خىل دىنلارغا دائىرلىرى
4) تىلشۇناسلىققا دائىرلىرى
5) باشقا مەزمۇندىكىلىرى، مەسىلەن، تىبابەتچىلىك، رەمباللىق (ئېرىق بىتىگ قاتارلىقلار) ۋە زور تۈركۈمدىكى ئىجتىمائىي-ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر

مەنبە جەھەتتىن ئېيتقاندا، يازما يادىكارلىقلارنىڭ غوللۇق قىسمىنى ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر ئاپتورلار يازغان ۋە رەتلىگەن، يەنە بىر قىسمىنى، بولۇپمۇ دىنغا دائىر (دىنىي ئەدەبىياتقا دائىر) يازما يادىكارلىقلارنىڭ كۆپ قىسمى قەدىمقى قارا شەھەر، قەدىمقى كۇچا ۋە خەنزۇ تىللىرىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

ئۇمۇمەن، قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ (جۈملىدىن تۈركىي تىلىدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ) تارىخىنى، ئەدەبىياتىنى، تىلى ۋە ئۆرپ-ئادىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك، ئىشەنچلىك ماتېرىيال بولۇپ، بىزنىڭ قېتىقىنىپ ئۆگىنىشىمىزگە، ئەستايىدىل رەتلىشىمىزگە ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئازاتلىقتىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش

ۋە ئۆگىنىش جەھەتتە بىرمۇنچە ئەھمىيەتلىك ئىشلار قىلىندى. مەسىلەن، پىروفېسسور فېڭ جىياشېڭ ئەپەندى 60 - يىللاردىن ئىلگىرى ۋە كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن بەزىلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. لېكىن كېيىنكى مەزگىللەردە ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ نىڭ چېكىدىن ئاشقان ۋەھشىيانە تېررورلۇق سىياسەت يۈرگۈزۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخىي - مەدەنىي مىراسلىرىنى خالىغانچە دەپسەندە قىلىشقا ۋە يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشى، قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ مۇھىملىقىغا بولغان تونۇشنىڭ يېتەرسىز ۋە بۇ جەھەتتىكى كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشىغا ئوخشاش سەۋەبلەر ئارقىسىدا، بۇخىل يازما يادىكارلىقلارنى رەتلەش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش ئىشلىرى قولغا ئېلىنماي كەلدى. خەلقنىڭ يازما يادىكارلىقلىرى خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشەلمىدى.

مىللىي مەدەنىيەتنى ۋەيران قىلغۇچى ”4 كىشىلىك گۇرۇھ“ يوقىتىلغاندىن كېيىن، قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى رەتلەش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ھەرساھە، ھەر كەسىپتىكى خىزمەتلەرگە ئوخشاشلا يېڭى تۈس ئالدى. 1976 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى قەدىمقى تۈركىي تىل سىنىپىنى (ئوقۇش مۇددىتى 3 يېرىم يىل بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن بارغان ئۇيغۇر ۋە قىسمەن قازاق پەرزەنتلىرى بار) ئېچىپ بۇ ساھەگە كېرەكلىك خادىملارنى تەربىيىلىدى. 1976 - يىلدىن بۇيان «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى. 7 - جىلد»، «قۇتاتقۇبىلىك» (خەنزۇچە تەرجىمىسى) قاتارلىق مۇھىم يازما يادىكارلىقلار ئېلان قىلىندى. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن تەرجىمىسى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 - يىلى نەشر قىلىندى. «ئوغۇزنامە» ئېلان قىلىندى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇداتقۇبىلىك» قاتارلىق

مەشھۇر ئەسەرلەر ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلەندى.

يۇقۇرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، قەدىمى ئۇيغۇر يازما يادىكارـ لىقلىرىنىڭ كوپ قىسمى چەتئەللىكلەرنىڭ قولىدا بولغانلىقى ئۇچۇن، ئۇلار 70 - 80 يىلـدىن بۇيان مەخسۇس ئورگـان ۋە ئىلـمىي جەمىيەتلەرنى تەسىس قىلىپ، مەخسۇس كىتاپ ۋە ژورنالـلارنى چىقىرىپ، قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنى ئىـلان قىلدى، ۋە داۋاملىق ئېلان قىلماقتا. چەتئەللىك ئالىملار ئېلان قىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكـارلىقـلىرى ئەلۋەتـتە ئوز ئىگىسىنىڭ قولـىدىن ئوتۇشى كېرەك، يەنى بىز ئۇلارنى قايتىدىن ئىشلىشىمىز ۋە تەتـ قىق قىلىشىمىز، ئوز قولىمىزدىكىنى رەتلەپ، تەتقىق قىلىپ، داۋامـ لىق ئېـلان قىلىشـىمىز كېرەك. بۇ جەھەتـتە بىزنىڭ زىممىمىزگە چۈشكەن ۋەزىپە ناھايىتى مۇشكۇل ۋە شەرەپلىك.

بىز «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكـارلىقـلىرىدىن تاللانـما» دىگەن بۇ كىتاۋىمىزدا مەمـلىكەت ئىچـى ۋە سىرتىدا ھـازىرغىچە ئىلان قىلىنغان قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ ھەر خىل مەزمۇندىكىلىرىدىن بىر قىسىملىرىنى (جۈمـلىدىن شىنـجاڭ تارىخى مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارـ لىقلىرىنى) تاللاپ، چەتئەللىك ئالىملار ۋە ئېلىمىزدىكى تەتقىقاتچىـ لارنىڭ ئېلان قىلغان ئەسەرلىرىدىكى ئەسـلى تېكىستى (ترانسكرـ رىپسىيىسى)دىن، بۇنىڭغا زىچ مۇناسىۋەتلىك باشقا ماتىرىياللاردىن پايدىلىنىپ (پايدىلانغان ماتىرىياللار تىزىملىكى ئايرىم كورسىتىلـ دى)، ئۇلارنى كۈچىمىزنىڭ يېتىشىچە تەرجىمە قىلىپ چىقـتۇق. بەزىلىرىگە زورۇر بولغان ئايرىم ئىزاھاتلارنى بەردۇق.

قەدىمقى ئۇيـغۇر يازما يادىكارلىقـلىرىنىڭ مەلۇم قىسمـىنى خەلق بىلەن تېزرەك يۈز كورۈشـتۈرۈش تەقەززاسى بىلەن ئىشـ لەپ چىققان بولساقمۇ، لېكىن سەۋىيىمىزنىڭ تووەنلىكىدىن، دەسـ لەپكى ئەمگىكىمىزنىڭ مىۋىسى بولغان بۇ كىتاپتا ھەر خىل خاتاـ لىق، نۇقسانلارنىڭ بولۇشى تەبىي. شۇنىڭ ئۇچۇن، ئۇستازلارنىڭ،

كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ ۋە كوپچىلىكنىڭ تەنقىدىي پىكىرلىرىنى قىز-
غىن قارشى ئالىمىز.

ئاخىرىدا شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويماقچىمىزكى، تەلەپ بويىچە كىتاپتا تونۇشتۇرۇلغان يادىكارلىقلارنىڭ ئەسلى تېكىست ترانسكرىپسىيىسى خەلقارا تاۋۇش بەلگىسى ياكى بولمىغاندا ئۇيغۇر يېڭى يېزىقى بويىچە بېرىلىشى لازىم ئىدى، لېكىن، نەشرىيات، مەتبە ئورۇنلىرىنىڭ تەلىۋى ۋە كەڭ كىتاپخانلارنىڭ ۋاقتىنچە قىيىنچىلىقىنى كوزدە تۇتۇپ، بىز ئۇلارنى يەنىلا كونا يېزىق بويىچە بېرىپ تۇردۇق.

ھورمەت بىلەن: ئابدۇقەييۇم خوجا
تۇرسۇن ئايۇپ
ئىسراپىل يۇسۇپ

## ئىزاھلار

① قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى ئەڭ دەسلەپكى يازما يادىكارلىقلارنىڭ يېزىلغان دەۋرى گەرچە 5 - 6 - ئەسىرگە مەنسۇپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە بىر ئېتنىك تەركىۋى بولغان تارىم تارمىقىدىكىلەر مىلادىدىن ئىلگىرىلا يېزىق قوللانغان. شۇڭا ئۇيغۇرلارنى 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق يېزىق تارىخىغا ئىگە دەپ قاراش ئاساسسىز بولمىسا كېرەك. — ئاپتور

② قەدىمقى تۈرك يېزىقى 38 دىن 40 قىچە ھەرپ بەلگىلەردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، ئاتىلىشى ھەر خىل. بۇ يېزىقتا ئويۇلغان مەڭگۈ تاشلار موڭغۇلىيىدىكى ئورخۇن - يېنسەي دەريا ۋادىسىدىن تېپىلغانلىقى ئۈچۈن ئورخۇن - يېنسەي يېزىقى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ يېزىقنىڭ شەكلى شىمالىي ياۋروپادا قوللىنىلغان رونىك يېزىقىغا ئوخشايدىغانلىقىغا قاراپ، بەزىلەر ئۇنى رونىك يېزىقى ياكى تۈرك - رونىك يېزىقى دەپمۇ ئاتايدۇ، يەنە بەزىلەر ئىسلامدىن بۇرۇنقى

يېزىق دەپمۇ ئاتايدۇ.

③ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى 23 ھەرپلىك سوغدى يېزىقى ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ، ئورخۇن دەريا ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 744 — 840 - يىللار) دەۋرىدە قوللىنىشقا باشلاپ، قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى (تەخمىنەن مىلادى 850 — 1250 - يىللار) دەۋرىدە ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغان. جەنۇبىي شىنجاڭغا ئىسلام دىنى ئومۇملاشقاندىن كېيىن، شىمالىي ۋە شەرقىي شىنجاڭدىكى بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدە)، تۇرپان، قۇمۇل قاتارلىق جايلاردا تاكى 15 - ئەسىرگىچە، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر تارمىقى ھېسابلانغان گەنسۇدىكى سېرىق ئۇيغۇرلار ئارىسىدا بولسا 18 - ئەسىرگىچە ئىشلىتىلگەن ئىدى. ئورخۇن - يېنسەي دەريا ۋادىلىرى، دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تارتىپ تاكى تۇرپان، قۇمۇل، بېشبالىق، كۇچا، مارالۋېشى (بارچۇق) دىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ تولىسى قەدىمقى تۈرك يېزىقى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان.

④ خەنزۇ يېزىقى — قەدىمدە تۇرپان ۋادىسىدا ياشىغان ئۇيغۇرلار قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن خەنزۇ يېزىقىنى تەڭ قوللانغان ئەھۋاللارمۇ بولغان ئىدى. خەنزۇچە تارىخىي خاتىرىلەردە يېزىلىشىچە، تۇرپان (ئىدىقۇت) ئۇيغۇرلىرى خەنزۇچە خەت ئارقىلىق ئۆز مىللىي تىلىنى خاتىرىلىگەن، بۇ خۇددى ھازىرقى ياپونىيىلىكلەر بىلەن چاۋشيەنلىكلەر خەنزۇچە خەت ئارقىلىق ئۆز تىلىنى خاتىرىلىگىنىگە ئوخشاش. ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە تېپىلغان بۇخىل يېزىقلار بۇنى ئىسپاتلىماقتا.

⑤ ھون ئىمپېرىيىسى — مىلادىدىن ئىلگىرىكى 204 - يىلى باتۇر تەڭرىقۇت باشچىلىقىدا قۇرۇلغان.

⑥ جاڭچيەن — غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق دىپلومات. ئېلىمىز بىلەن غەرب ئەللىرى مۇناسىۋىتىگە تۇنجى يول ئاچقۇچى شەخس. ئۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 138 - يىلى ھون ئاقسۆڭەكلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، ھونلار نەۋەلىگىدە 10 يىل

نەزەربەنتلىكتە ياشىغان.

⑦ كوك تۈرك خانلىقى — مىلادىنىڭ 552 - يىلى تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدىكى ئاشىنا ئۇرۇقى كۈچىيىپ، ئوز ئۇرۇق ئاقساقىلى تۈمەن (مەڭگۇ تاشلارغا بۇمىن دەپ يېزىلغان) نىڭ رەھبەرلىكىدە كۈچلۈك تۈرك خانلىقىنى قۇردى. تۈمەن ئوزىگە "ئىلىك قاغان" دەپ نام بەرگەن. بۇ خانلىق "كوك تۈرك خانلىقى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

6 - ئەسىرنىڭ 2 - يېرىمىدا (تۈرك خانلىقىنىڭ 3 - قاغانى مۇقان قاغان دەۋرى) تۈرك خانلىقى كۈچەيدى. زېمىنى شەرقتە لياۋخې دەرياسى، غەرپتە كاسپىي دېڭىزى، جەنۇپتا قۇملۇقنىڭ شىمالى (موڭغۇلىيە چوللۇكىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلار كوزدە تۇتۇلىدۇ)، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرىغىچە بولغان زېمىننى ئوز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئاسىيا تارىخىدا چوڭ رول ئوينىغان.

مىلادىنىڭ 582 — 583 - يىللىرى تۈرك خانلىقى ئىچىدە ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلىشىپ، شەرقىي ۋە غەربىي تۈرك خانلىقى دىگەن ئىككى خانلىققا بولۇنۇپ كەتتى. شەرقىي تۈرك خانلىقىنىڭ پايتەختى ئورخۇن دەرياسىنىڭ باش ئېقىمىدىكى "ئوتۇكەن تېغى" دا بولۇپ، خاقانى مۇقان قاغان ئىدى. غەربىي تۈرك خانلىقىنىڭ پايتەختى ھازىرقى چوڭ يۇلتۇز ۋادىسىدا، يەنە بىر پايتەختى تاشكەنت ئەتراپىدىكى مىڭ بۇلاق دىگەن جايدا بولۇپ، خاقانى ئىستەمى قاغان ئىدى.

⑧ ئۇيغۇر خانلىقى — مىلادىنىڭ 744 - يىلى ئۇيغۇرلار ئورخۇن دەرياسى بويىدا كۈچلۈك ئۇيغۇر خانلىقىنى تىكلىگەن. ئۇ زاماندا ئاسىيا رايونىدا تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئۇيغۇر خانلىقى ئىككى چوڭ خانلىق ھېساپلىناتتى.

ئۇيغۇر خانلىقى ئىچىدە ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى كەسكىنلەشتى، يەنە تەبىئىي ئاپەت ۋە كېسەللىكلەر يۈز بەردى. ئۇيغۇرلاردىن بولغان كول بۇقا دىگەن سەركەردە يېنسەي دەرياسى بويىدىكى قىرغىزلاردىن 100 مىڭغا يېقىن ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ كېلىپ، ئۇيغۇر

خانلىقىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۇيغۇر خانلىقىنى ۋەيران قىلدى. نەتىجىدە مىلادىنىڭ 840 - يىلى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ ھوكۇمران تائىپىسى ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى قەبىلىلەر غەرپكە قاراپ كېلىشكە باشلىدى. تۇرپان ۋادىسى ھونلار دەۋرىدىلا يېزا ئىگىلىك رايونى ئىدى. ئۇ زامانىسىدا مۇشۇ رايوندا ئولتۇراقلاشقان قاڭقىل قەبىلىلىرى — قارلۇقلارنىڭ 3 چوڭ قەبىلىسىنىڭ بىرى ئىدى. تۈرك خانلىقى دەۋرىدىمۇ تۇرپاندا توققۇز ئوغۇز (يەنى ئۇيغۇرلار) ئولتۇراقلاشقان. شۇڭا ئورخۇن ۋادىسىدىن غەرپكە كەلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرپان قاتارلىق جايلارغا ئورۇنلىشىشىدىكى سەۋەپ بۇ جايلار ئۇلارنىڭ قەدىمقى ماكانى بولغانلىقىدىن ئىدى.

⑨ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى — مىلادىنىڭ 840 - يىلىدىن كېيىن ئورخۇن ۋادىسىدىن كەلگەن ئۇيغۇرلار بىلەن تۇرپان ۋادىسىدا قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركى تىللىق خەلق بىرلىشىپ قۇرغان خانلىق (تەخمىنەن مىلادى 850 — 1250 - يىللار) بۇ خانلىقنىڭ يازلىق پايتەختى بېشبالىق (ھازىرقى جىمسار ناھىيىسىدە)، قىشلىق پايتەختى تۇرپان (ئىدىقۇت قەدىمقى شەھىرى) ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ خانلىقنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ قارا شەھەر، كۇچالارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىسلام دىنى بۇ خانلىق تەۋەسىدە 15 - ئەسىردە ئومۇملاشقان. ئۇنىڭغىچە قاراخانىلار خانلىقى بىلەن كوپ قېتىم دىنىي ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ تۇرغان. بۇ دەۋرلەردە قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان بولۇپ، مىلادىنىڭ 981 — 983 - يىللىرى تۇرپانغا كەلگەن سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئەلچىسى ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ «قوچۇغا قىلىنغان ساياھەت خاتىرىسى» دېگەن كىتاۋىدا قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ھاياتى ۋە مەدەنىيىتى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالغان.

⑩ قاراخانىلار خانلىقى — 9 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 - ئەسىرگىچە ئۇيغۇر قارلۇق قاتارلىق تۈركى قەبىلىلەر قۇرغان خانلىق بولۇپ، ئۇنىڭ زېمىنى مەمۇرى جەھەتتىن 3 چوڭ قىسىمغا بولۇنەتتى.

بىرىنچىسى، قەشقەر ۋە بالاساغۇننى مەركەز قىلغان مەركىزىي قىسىم، بۇ قىسىم "خاقانىيە ئۆلكىسى" دەپ ئاتىلاتتى؛ ئىككىنچىسى، سەمەرقەنت ۋە تالاسنى مەركەز قىلغان غەربىي قىسىم؛ ئۈچىنچىسى، خوتەننى مەركەز قىلغان شەرقىي جەنۇبىي قىسىم. بۇ مەمۇرىي بىرلىكلەردىن غەربىي قىسىم بىلەن شەرقىي جەنۇبىي قىسىم "ئىلىك خانلىق" دەپ ئاتىلاتتى. قارا-خانىلار خاندانلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇ دەۋردە ئىسلام دىنى قوبۇل قىلىنىش بىلەن بىللە ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ يېڭى بىر دەۋرنى — ئۇيغۇر ئىسلام ئەدەبىياتى دەۋرىنى ئاچقانلىقى ئۈچۈن بۇ دەۋرگە خاس ئەدەبىيات «قاراخانىلار ئەدەبىياتى» ياكى «خاقانىيە ئەدەبىياتى» دەپ نام ئالغان. قاراخانىلار دەۋرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى قاتارلىق مەشھۇر ئالىملار، ئەدىپلەر ۋە نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئەسەرلەر مەيدانغا كەلگەن.

⑪ سوغدىلار — تۈركىي خەلقلەر ئۇلارنى سوغداق دەپ ئاتىغان. مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇلارنىڭ توپلىشىپ ئولتۇرغان جايلىرىنى بۇخارا بىلەن سەمەرقەنت ئارىلىقىدا بولغان دەپ كۆرسەتكەن. بىر قىسىم سوغدىلار 11 - ئەسىردە بالاساغۇن ئەتراپىغىمۇ كۆچۈپ كەلگەن، شۇنداقلا ئۇلار تۈرك خەلقلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادىتىنى قوبۇل قىلغان ھەمدە ئىككى خىل تىلدا (سوغ-دىچە ۋە تۈركىي تىللاردا) ئوخشاش سۆزلىگەن. بېشبالىق ۋە تۇرپان قاتارلىق جايلاردا سوغدىلارنىڭ كەنتلىرى بولغان. يەتتەسۇ ۋە تىيانشاننىڭ ھەرقايسى مۇھىم ئۆتكەللىرى، لوپنۇر رايونى، خېشى يولىقى (كارىدورى) ۋە تاڭ سۇلالىسىنىڭ پايتەختى چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن) دىمۇ سوغدى سودىگەرلىرىنىڭ كەنتلىرى بولغان. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى — سوغدى يېزىقىدىن كەلگەن.

⑫ توخارلار — ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى بەلخ بىلەن بەدەخ-شان ئارىلىقىدىكى جايلار (ئامۇ دەرياسىنىڭ شىمالىي ئېقىمىدىكى جايلار) غا جايلاشقان بولۇپ، مىلادىدىن 2 ئەسىر ئىلگىرى گرېك باكتىرىيە ئىمپېرىيىسىنى ئىشغال قىلىپ "كوشان" دۆلىتىنى قۇرغان.

ئەرەپ، پارس تارىخلىرىدا بۇ دۆلەت "توخارىستان" دەپ ئاتىلىدۇ.

⑬ ئېفتالىتلار — مىلادىنىڭ 49 - يىلى ھون قۇلدارلىق دۆلىتى خەن سۇلالىسىنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئىچكى جەھەتتە ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى سەۋەبىدىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي ھونلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. جەنۇبىي ھونلار خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن تەسلىم قىلىنغان. شىمالىي ھونلار غەربكە كۆچۈپ، بۇلارنىڭ بىر قىسمى ئافغانىستان ۋە ئىران چېگرىسىدا ياشايدىغان قەدىمقى ئىران تىل سىستېمىسىدىكى خەلقلەر بىلەن ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ، نەتىجىدە ئېفتالىتلار دۆلىتىنى قۇرغان. بۇلار تارىختا "ئاق ھون دۆلىتى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

مىلادىنىڭ 5 - ئەسىرىدە كوشان (توخارىستان) دۆلىتىنى ئېفتالىتلار بېسىۋالدى. بۇلارنى ئەرەپ تارىخچىلىرى خاتتال (ئابدال) دەپ ئاتىغان. مىلادىنىڭ 563 — 567 - يىللىرى توخارىستاننى كۆك تۈركلەر ئىشغال قىلدى.

⑭ ساقلار — خەنزۇچە تارىخنامىلاردا 塞 دەپ ئاتالغان بۇ مىللەت، جۇڭگونىڭ غەربىي شىمالىدىن ئالدى بىلەن ھازىرقى ئافغانىستان تەرەپلىرىگە، ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغ خانى ئاسۇكانىڭ ھوكۇمرانلىقىدا يەنە ئۇ يەردىن ھىندىستاننىڭ غەربىي شىمالىغا قاراپ كېڭەيگەن. ئىككىنچى بىر تەرەپتە، تارىم ئويمانلىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا قاراپ كېڭەيگەن. مىلادىينىڭ 10 - ئەسىرىگە كەلگەندە، ئۇلار يەنىلا دۆڭخۇاڭدىن تارتىپ خوتەن دۆلىتىگىچە بولغان جايلارغا ھوكۇمرانلىق قىلغان. خوتەندىكى ساقلار دۆڭخۇاڭ ئارقىلىق گەنسۇ (كەڭ سۇ) ۋە شۇ يەردىكى تۈرك قەبىلىلىرى بىلەن قويۇق ئالاقە قىلاتتى.

10 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا، خوتەننىڭ "ئارسلان خانى" قاراخانىلار تەرىپىدىن ئاغدۇرۇلۇپ، خوتەندە ئىسلام دىنى ھوكۇمران ئورۇنغا ئۆتتى. ساق تىلىدىكى يادىكارلىقلار خوتەن رايونىدىن باشقا يەنە دۆڭخۇاڭ، مارالۋېشى (بارچۇق) لاردىنمۇ تېپىلغان.

## «قەدىمقى ئۇيغۇر يازمايادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» دا تونۇشتۇرۇلغان ئەسەرلەر

1. قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكىلىرى

1) تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى (تولۇق تېكىستى بىلەن تەرجىمىسى)
2) كول تېگىن مەڭگۈ تېشى (تولۇق تېكىستى بىلەن تەرجىمىسى)
3) بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى (تولۇق تېكىستى بىلەن تەرجىمىسى)
4) بايانچور (I) مەڭگۈ تېشى (تولۇق تېكىستى بىلەن تەرجىمىسى)

2. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكىلىرى

1) ئوغۇزنامە
2) «ئالتۇن يارۇق» تىن پارچە
3) «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى 7 - جىلد»
4) ئىككى تېگىننىڭ ھېكايىسى
5) چاستانى ئىلىگ بەگ
6) «مائىترى سىمىت» ئۇچىنچى بولۇمىنىڭ 1 — 5 - ياپراقلىرى
7) نەستورىيان دىنىغا دائىر ھېكايىنىڭ پارچىسى
8) قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن نەمۇنە

9) ئىجتىمائىي ئىقتىساتقا ئائىت ھوججەتلەردىن بىر نەچچە پارچە

10) تىبابەتچىلىككە دائىر ھوججەتلەردىن پارچىلار

قوشۇمچە: كىتاپنىڭ بېشىدا قەدىمقى تۈرك يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىنىڭ ئېلىپبەسى ۋە قەدىمقى تۈرك، قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغى، قەدىمقى قارا شەھەر، قەدىمقى كۇچا، سوغدى يېزىقلىرى قاتارلىقلارنىڭ فوتو رەسىم نۇسخىلىرى كىرگۈزۈلدى.

# I

# قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىغىدىكى
# يادىكارلىقلار

# «قەدىمقى تۈرك (ئورخۇن) يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار» ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات

قەدىمقى تۈرك (ئورخون) يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار، ئادەتتە، مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى ۋە قولىيازما يادىكارلىقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى يادىكارلىقلارنى تېپىلغان رايونلىرى بويىچە تۆۋەندىكى 7 رايونغا بولۇشكە بولىدۇ:

1. شىمالىي موڭغۇل دالىسىدىن تېپىلغانلىرى.
2. يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغانلىرى.
3. لېنا دەرياسى — بايقال كولى رايونىدىن تېپىلغانلىرى.
4. ئالتاي رايونىدىن تېپىلغانلىرى.
5. شىنجاڭ (تۇرپان ۋە چاقىلىقتىكى مىرەن قاتارلىق جايلار) ۋە گەنسۇدىكى دۇڭخۇاڭدىن تېپىلغانلىرى.
6. ئوتتۇرا ئاسىيا (يەتتە سۇ ۋادىسى، پەرغانە ئويمانلىقى) دىن تېپىلغانلىرى.
7. شەرقىي ياۋروپا (دوناي دەرياسى ۋادىسى)دىن تېپىلغانلىرى.

مەزمۇنى بويىچە تۆۋەندىكى 6 تۈرگە بولۇشكە بولىدۇ:

1. تارىخىي تەزكىرە خاراكتېرىدىكىلىرى.
2. قەۋرە تەزكىرىسى.
3. تاش ۋە تاملارغا ئويۇلغان خاتىرىلەر.
4. دىنىي خاراكتېرىدىكىلىرى.
5. ھوكۇمەت خاتىرىلىرى.

## 6. تۈرمۈش بويۇملىرىغا ئۇيۇلغان ئويما قاتارلىقلار.

قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى، ئاساسەن، موڭغۇل دالىلىرىدىن تېپىلغان، تۈرك خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان تارىخىي تەزكىرە خاراكتېرىدىكى بىر قانچە چوڭ مەڭگۈ تاش، موڭغۇلىيىدىكى ئونگىن دەرياسى ۋادىسى قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىگە مەنسۇپ بولغان بىر قانچە مەڭگۈ تاشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يېنسەي دەرياسى ۋادىسىدىن تېپىلغان، قەدىمقى قىرغىزلارغا مەنسۇپ مەڭگۈ تاشلار 70 تىن ئاشىدۇ. بۇنىڭ كوپى قەۋرە تەزكىرىسى بولۇپ، سوز - جۈملىلەر ئىخچام، كوپىنچە "ئاھ! مەن بۇگۇن قەبىلەمدىن، خوتۇنۇمدىن، بالىلىرىمدىن ۋە ئەلدىن ئايرىلدىم ... مەن ... يېشىمدا سەندىن ئايرىلدىم" دىگەنگە ئوخشاش سوزلەر يېزىلغان، بۇلاردىن باشقا يەنە ئوزىنىڭ هايات ۋاقتىدىكى ئىشلىرى ھەققىدىمۇ توختالغان. ئومۇمەن، بۇلارنى بىر خىل مەرسىيە ديىشكە بولىدۇ.

يەتتە سۇ ۋادىسىدىن تېپىلغان قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردىن تەخمىنەن 10 نەچچىسى بار. بۇلار غەربىي تۈرك خانلىقىغا مەنسۇپ.

قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ مەنبەسى ۋە تۈركى خەلقلەرنىڭ بۇ خىل يېزىقنى قايسى دەۋردىن باشلاپ قوللانغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەردە نۇرغۇنلىغان ئالىملار ھەر خىل پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە بۇ مەسىلىلەر ئېنىقلانغىنى يوق①.

① يېقىنقى يىللاردىن بويان ئېلىپ بېرىلغان ئارخېولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەردە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەزى جايلار ۋە تەكلىماكاندىكى «ئاق سېپىل» دىگەن قەدىمى خارابىدىن قەدىمقى تۈرك

قىسقىسى، قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ ئەڭ دەسلەپ قوللى-
نىلغان ۋاقتى، جايى مەسىلىسىدە تېخى ئېنىق ۋە ئىلمىي خۇلاسە
چىقىرىلمىدى.

تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقىغا مەنسۇپ مەڭگۈ
تاش يادىكارلىقلىرى ئۆزىنىڭ قەدىملىكى بىلەنلا مەشھۇر بولۇپ
قالماستىن، بەلكى ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تارىخىي رىياللىقىدىن گۇۋالىق
بەرگۈچى مۇھىم ھۆججەت، شۇنداقلا شۇ دەۋرلەردىكى تىل-ئەدە-
بىياتىنىڭ يېگانە ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى غەز-
نىسىدىكى قىممەتلىك بايلىق ھېساپلىنىدۇ.

مەڭگۈ تاشلاردا، كوك تۈرك خاقانلىقىنىڭ گۈللىنىشى ۋە
ھالاكىتى سۆزلەنگەن بولۇپ، كول تېگىن، تونيۇقۇق، بىلگە خاقان،
قۇتلۇق بىلگە خاقان (بايانچور)لارنىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرى، ئۇلار-
نىڭ مەملىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، تېچلاندۇرۇش ۋە كۈچەي-
تىش يولىدا ياراتقان تۆھپىلىرى بىر خىل نازۇك شائىرانە تىل
بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئۇلاردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە — پارچىلى-
نىپ كەتكەن ئۇششاق قەبىلىلەرنى قۇدرەتلىك ھەربىي كۈچ ئاس-
تىغا ئۇيۇشتۇرۇپ، كەڭ دائىرىدە بىرلىككە كەلگەن، كۈچلۈك
فېئوداللىق دۆلەت قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان. ئۆز دەۋرىنىڭ
ئارزۇ-تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى بۇ خىل ئىنتىلىش ئاساسىدا
كوك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بارلىققا
كېلىشى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى زور دەرىجىدە
ئىلگىرى سۈرۈپ، جەمئىيەتنى گۈللەندۈرۈشتە ئىلغار رول ئوينىغان.

---

يېزىقىغا ئوخشايدىغان يېزىق (بەلگە)لەر تېپىلدى.

قىزىقارلىق يېرى شۇكى، «ئاق سېپىل» خارابىسىدىن تېپىلغان
يېزىق-بەلگىلەر سېپىلغا ئىشلەتكەن كېسەكلەرگە ئويۇلغان. ئادەتتە
ھەر بىر كېسەكتە بىردىن، بەزىلىرىدە ئىككىدىن بەلگە-خەتلەر بار.
«ئاق سېپىل» خارابىسى 2 مىڭ نەچچە يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە.

مەڭگۈ تاشلار — كوك تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى خاقانلارنىڭ نەسەپنامىسى، خوشنا دولەتلەر بىلەن بولغان سىياسى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر، قەبىلىلەر ئارا ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشلار، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاتلىرى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، قەبىلىلەرنىڭ ناملىرى، ياشىغان ئورۇنلىرى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە بىزنى مۇھىم مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەيدۇ.

قىسقىسى، بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىنى كوك تۈرك ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرلىرىنىڭ بىرىنچى تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلىرى، ئۇلارنى يازغۇچى شەخسلەرنى ئۆز دەۋرىنىڭ داڭلىق ئەدىبلىرى دەپ باھالاشقا تامامەن ھەقلىقمىز.

# قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى

| № | ھەرپلەر | تاۋۇشى | | № | ھەرپلەر | تاۋۇشى | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 𐰀 𐰁 | a, ə | ئا، ئە | 20 | 𐰘 | y² | ي² |
| 2 | 𐰃 | ı, i | ئى | 21 | 𐰪 | ny(~ñ) | ني |
| 3 | 𐰆 | o, u | ئو، ئۇ | 22 | 𐰭 | ng | ڭ |
| 4 | 𐰇 | ө, ü | ئۆ، ئۈ | 23 | 𐰣 | n¹ | ن¹ |
| 5 | 𐰴 | k | ق | 24 | 𐰤 | n² | ن² |
| 6 | 𐰶 | k, ïk, kï | قى، ئىق | 25 | 𐰢 | m | م |
| 7 | 𐰸 | ok, uk, ko, ku<br>قو، قۇ، ئوق، ئۇق | | 26 | 𐰺 | r¹ | ر¹ |
| | | | | 27 | 𐰼 | r² | ر² |
| 8 | 𐰍 | ɣ | غ | 28 | 𐰞 | l¹ | ل¹ |
| 9 | 𐰚 | k | ك | 29 | 𐰠 | l² | ل² |
| 10 | 𐰜 | ök, ük, kө, kü<br>كۆ، كۈ، ئۆك، ئۈك | | 30 | 𐰲 | q | چ |
| 11 | 𐰏 | g | گ | 31 | 𐰱 | iq | ئىچ |
| 12 | 𐱃 | t¹ | ت¹ | 32 | 𐰽 | s¹ | س¹ |
| 13 | 𐱅 | t² | ت² | 33 | 𐰾 | s² | س² |
| 14 | 𐰑 | d¹ | د¹ | 34 | 𐱁 | x | ش |
| 15 | 𐰓 | d² | د² | 35 | 𐰕 | z | ز |
| 16 | 𐰯 | p | پ | 36 | 𐰦 | nt | نت |
| 17 | 𐰉 | b¹ | ب¹ | 37 | 𐰨 | nq | نچ |
| 18 | 𐰋 | b² | ب² | 38 | 𐰡 | lt | لت |
| 19 | 𐰖 | y¹ | ي¹ | 39 | 𐰿 | ax | ئاش |
| | | | | 40 | 𐱈 | bax | باش |

# قەدىمقى تۈرك يېزىغىنىڭ ئاساسلىق
# ئىملا قائىدىسى

1. سوزۇق تاۋۇش جەھەتتە:

قەدىمقى تۈرك يېزىغىدا 8 سوزۇق تاۋۇش بولۇپ، ئۇمۇمەن، 4 ھەرپ بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

𐰀 بەلگىسى a, ə نى؛ 𐰃 بەلگىسى ï, i نى؛

𐰆 بەلگىسى o, u نى؛ 𐰇 بەلگىسى ө, ü نى

ئىپادىلەيدۇ.

سوز بېشى ۋە سوزنىڭ 1 ـ بوغۇمىدىكى ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ كەينىدە كەلگەن "a, ə" ئۇمۇمەن يېزىلمايدۇ.

مەسىلەن:

(ئات) at —— 𐱃 [t¹]

(ئەت) ət —— 𐱅 [t²]

(ئال) al —— 𐰞 [L]

(ئەل) əl —— 𐰠 [L]

سوز ئاخىرىدا كەلسە يېزىلىدۇ.

مەسىلەن:

(قارا) Kara 𐰴𐰺𐰀 [KR'A]

(تامغا) Tamqa 𐱃𐰢𐰍𐰀 [T'MOIA]

سوزۇق تاۋۇش [ï،i] 𐰃 ۋە [o, u, ө, ü] 𐰆 ، 𐰇

لار سوز بېشى ۋە 1 - بوغۇمدا كەلسە، ئومۇمەن يېزىلىدۇ.
مەسىلەن:



ئىتتى [ït·i]

ئىدۇق [ïd,K]

ئوغلۇم [ooqL,M]

سوزۇق تاۋۇش [o, u] ۋە [ø, ü] لار، ئۈزۈك تاۋۇش [K] ۋە [K] لارنىڭ ئالدى - كەينىدە كەلسە، ئادەتتە يېزىلمايدۇ. قوشۇمچىلاردا سوزۇق تاۋۇش [u, ü] لار يېزىلىدىغان ئەھۋال كوپ كورۇلىدۇ.

2. ئۈزۈك تاۋۇش جەھەتتە:

قەدىمقى تۈرك يېزىقىنىڭ ئەڭ زور ئالاھىدىلىكى شۇكى، “b, d, l, n, r, s, t, y” دىن ئىبارەت 8 ئۈزۈك تاۋۇشنىڭ ھەر بىرى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ھەرپ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:



لار پەقەت تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار a, ï, o, u لار بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ؛



لار پەقەت تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار ə, i, ø, ü لەر بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ.

ئۇندىن باشقا، ھازىرقى زاماندىكى كۆپچىلىك تۈركى تىللىرىغا ئوخشاش، 𐰸 [K] 𐰶 [OI] ھەرپلىرى پەقەت تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ؛ 𐰚 [k] 𐰏 [g] تاۋۇشلىرى پەقەت تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەنلا بىرىكىپ كېلىدۇ.

تۇۋەندىكى ئۈچ بەلگە قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلارنى بىلدۈرىدۇ:

𐰦 [ nt ]

𐰡 [ lt ]

𐰨 [nq]

بۇنىڭ ئىچىدە، 𐰡 [lt] ئاساسەن تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىدۇ. مەسىلەن:

𐰡𐰃 [LTI]—altï (ئالتە).

𐰡𐰢 [LTM]—altïm (ئالدىم).

تۇۋەندىكى ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ نۇۋەتلىشىدىغان ۋارىيانتلىرى يوق. مەسىلەن:

𐰴 [q]، 𐰭 [ŋ]، 𐰪 [ñ]، 𐰢 [m]،

𐰔 [z]، 𐱁 [x]،

بۇنىڭدىن باشقا، تۇۋەندىكى ئۈزۈك تاۋۇش بەلگىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى بىر قەدەر ئالاھىدىرەك:

𐰸 [K] پەقەت سوزۇق تاۋۇش o, u نىڭ ئالدى-كەينىدىلا كېلىدۇ؛

[K] پەقەت سوزۇق تاۋۇش o, ü نىڭ ئالدى - كەيـ ـنىدىلا كېلىدۇ؛

𐰶 (𐰶) [ïK,K] پەقەت "ï"نىڭ ئالدىدىلا قوللىنىلىدۇ؛

𐰪 [ny] پەقەت "a, o"نىڭ كەينىدىلا كېلىدۇ؛

𐰖 [y′] ئومۇمەن سوزۇق تاۋۇش "a, o" لارنىڭ كەينىـ ـدىلا قوللىنىلىدۇ سوز ئاخىرىدا بولسا، كوپىنچە، "ay" دىگەن تاۋۇش بىرىكمىسىنى كورسىتىدۇ. مەسىلەن:

𐰉𐰖 [b′y′] ——"bay" دەپ يېزىلىدۇ. 𐰘 [y²] كو- پىنچە سوز بېشىدا ئىشلىتىلىدۇ، سوز ئاخىرىدا ئىشلىتىلمەيدۇ. سوز بېشىغا يېقىن جايدا بولسا، كوپىنچە، سوزۇق تاۋۇش "ï" بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ، مەسىلەن:

𐰘𐰃𐰍 [yïx] ——(تاغ) دەپ يېزىلىدۇ.

[n¹]، 𐰽 [s¹] ئۇزۇك تاۋۇشلىرى، كوپىنچە، تىل كەينى سوزۇق تاۋۇشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىدۇ. تەكرارلىنىدىـ ـغان ئۇزۇك تاۋۇشنىڭ بىرى يېزىلمايدۇ. مەسىلەن:

𐰠𐱅𐰠 [lT′l] —— ïttï (ئەۋەتتى) ۋە باشقىلار.

قەدىمقى تۈرك يېزىقى، ئومۇمەن، ئوڭدىن سولغا قاراپ، توغرىـ ـسىغا يېزىلىدۇ. لېكىن يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا، سولدىن ئوڭغا يېزىلـ ـغان، ئايرىم مەڭگۈ تاشلاردا ھەتتا "قوش يول" (يەنى بىر يولى ئوڭدىن سولغا، بىر يولى سولدىن ئوڭغا) بويىچە يېزىلغان ئەھۋالـ

لارمۇ بار. سۆزلەر بىر بىرىدىن، ئۆمۇمەن، ئاسما چېكىت (:) ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. بەزى سۆز بىرىكمىلىرى (ئاساسەن، ئېنىقلاش — ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدە كەلگەن سۆز بىرىكمىلىك) بىر سۆز قىلىپ يېزىلىدۇ. ئايرىم يادىكارلىقلاردا " ~ " سۆز ئايرىش بەلگىسى قىلىپ قوللىنىلغان.

# تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى

## «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»غا ئىزاھات

بۇ مەڭگۈ تاش 1897 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇلانباتۇر شەھىرىدىن 60 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بايىن - چوقتو دىگەن جايدىن تېپىلغان، ھازىر ئۆز ئورنىدا. مەڭگۈ تاش تېكىستى 2 پارچە تاش مۇنارىغا ئويۇلغان بولۇپ، جەمى 62 قۇر، مىلادىنىڭ 712 — 716 - يىللىرى ئارىلىقىدا ئورنىتىلغان.

تۇنيۇقۇق كوك تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانلىرى ئىلتەرىش خاقان (682 — 691 - يىللار)، قاپاغان، خاقان (716 - يىل) ۋە بىلگە خاقان (734 - يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارغا باش مەسلىھەتچى بولغان ھەمدە يۇقۇرىدىكى خاقانلارنىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى تىكلىشىگە ناھايىتى زور تۆھپىلەرنى قوشقان.

تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى تېكىستى تونيۇقۇق ھايات ۋاقتىدا ئۇنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان بولۇپ، بۇنىڭدا ئاساسلىق ھالدا تۇنيۇقۇقنىڭ ئۆزىگە دائىر ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئۇنى تونيۇقۇقنىڭ تەرجىمىھالى دېيىشكە بولىدۇ. تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، ئۇ مۇقەددىمە، ئاساسى تېكىست ۋە خاتىمىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ.

ئەسلى تېكىستكە ئاساسەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىلىپ يېزىلغان ئەسەرلەر تۆۋەندىكىچە:

1. ۋ. رادلوف: «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى» 2 - نەشرى، 1899 - يىل.

2. ۋ. تومسېن (V.Tomsen): «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمقى تۈرك يېزىغىدىكى مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى» (1925 - 1924)
Leipzig ZDMG • t. 78

3. هوسېين نامىق ئورخۇن: «قەدىمقى تۈرك يادىكارلىقلىرى» (Eski Türk Yazitlari) ئىستانبۇل، 1936

4. Ross . E . Denisson «تۇنيۇقۇق مەڭگۈ تېشى توغرىسىدا تەتقىقات» (The Tonyukuk Inscription: BSOB .London, t. VI, 1930—1932)

5. س. ئې. مالوۋ: «قەدىمقى تۈرك يادىكارلىقلىرى» (ПАМЯТНИКИ ДРЕВНЕ ТЮРКСКОЙ ПИСЬМЕННОСТИ. М, L, 19, 1. C. 11 — 18)

6. گ. رامستېدت (G.S.Ramstedt): «موڭغۇلىيىدىكى قەدىمقى تۈرك يېزىغىدىكى ماتېرىياللار» JSFOU, 60, 1958

7. Giraud R: «بايىن - چوقتو مەڭگۈ تېشى — سېلىشتۇرۇلغان نۇسخىسى» (L' inscription de Barin Tsokto. Edition Critique, Paris, 1961)

8. تالات تېكىن: «ئورخۇن تۈرك تىلى گىراماتىكىسى» (A Grammar of orkhon Turkic. 1968.)

9. شياۋېي چۈەنشيۈمېي: «تۈرك مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىگە ئىزاھات» (突厥碑文译注，满，蒙史论丛第四) (مانجۇ، موڭغۇل تارىخىغا دائىر ئەسەرلەر توپلىمىنىڭ 4 - سى)

## «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» نىڭ تېكىستى

ئەسكەرتىش: بەزىبىر شەرتلىك بەلگىلەر

1. ئەسلى تېكىست ۋە تەرجىمىلەردە ئۇچرايدىغان "......" چېكىتلەر مەڭگۈ تاشتا ئۇپراپ بۇزۇلغان جايىنى كورسىتىدۇ.
2. مەڭگۈ تاشلاردىكى كوپلىگەن قەدىمقى سوزلەردىن هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا ساقلانغانلىرىنى تەرجىمىدە ئامال بار قەدىمقى تىلنىڭ ئەسلى خۇسۇسىيىتىنى ساقلىغان هالدا ئالدۇق. بۇنىڭ تەتقىقاتتا پايدىسى كوپ.
3. تەرجىمىدە (   ) ئىچىگە ئېلىنغان سوزلەرنى ئۆزىمىز قوشتۇق.

### غەرپ تەرىپى

(1) بىلگە تونيۇقۇق بەن ئۆزۈم تابغاچ ئېلىگە قىلىنتىم؛ تۈرك بودۇن تابغاچقا كورۈر ئەرتى.

(2) [تۈر]ك بودۇن قانىن بولمايىن تابغاچدا ئادىرىلتى قانلاندى قانىن قودۇپ تابغاچقا يانا ئىچىكدى. تەڭرى ئانچا تىمىس ئەرىنچ: قان بەرتىم.

(3) [قانىن] قودۇپ ئىچىكدىڭ ئىچىكدۈك ئۈچۈن تەڭرى ئۆلۈتمىس ئەرىنچ تۈرك بودۇن ئۆلتى ئالقىندى يوق بولتى. تۈرك سىر بودۇن يېرىنتە

(4) بود قالمادى ئىدا تاشدا قالمىسى قوبرانىپ يەتى يۈز بولتى. ئەكى ئۈلۈگى ئاتلىغ ئەرتى، بىر ئۈلۈگى ياداغ ئەرتى يەتى يۈز كىسىنىڭ

ئىزاھ: مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدىكى (1) ... (2) ... (30) دىگەندەك نومۇرلار قۇر سانىنى كورسىتىدۇ.

(5) ئۆدىزىغما ئۆلۈغى شادئەرتى. ياغىل تىدى. ياغىمىسى بەن
ئەرتىم بىلگە تونيۇقۇق، قاغانمۇ قىسايىن تىدىم. ساقىن-
تىم: تورۇق بۇقالى سەمىز بۇقالى ئىراقدا
(6) بوكسەر، سەمىز بۇقا تورۇق بۇقا تىيىن بىلمەز ئەرمىس
تىيىن ئانچا ساقىنتىم. ئانتاكىسرە تەڭرى بىلىگ بەرتۈك ئۈچۈن
ئۆزۈم ئۈك قاغان قىستىم. بىلگە تونيۇقۇق بويلا باغا تارقان
(7) بىرلە ئىلتەرىس قاغان بولايىن، بەرىيە تابغاچىغ ئوڭرە
قىتانىيغ، يىرايا ئوغۇزۇغ ئوكۇس (ئۈك) ئۆلۈرتى. بىلگەسى
چابىسى بەن ئۈك ئەرتىم. چوغاي قۇزىن قارا قۇمۇغ
ئۆلۈرۈر ئەرتىمىز.

## جەنۇپ تەرىپى

(8) كەيىك يىيۇ، تابىسغان يىيۇ ئۆلۈرۈر ئەرتىمىز. بودۇن
بوغزى توق ئەرتى. ياغىمىز تەگىرە ئۈچۈق تەگ ئەرتى؛
بىز شەگ ئەرتىمىز. ئانچا ئۆلۈرۈر ئەرىكلى ئوغۇزدانتان
كورۇگ كەلتى.
(9) كورۇگ سابى ئانتاغ: توقۇز ئوغۇز بودۇن ئۈزە قاغان ئۆلۈرتى
تىر، تابغاچغارۇ قۇنى سەنگۈنۈگ ئىدمىس. قىتانىيغارۇ توڭرا سە-
مىگ ئىدمىس: ساب ئانچا ئىدمىس: ئازقىنيا تۈرك بودۇن
(10) يورىيۇر ئەرمىس، قاغانى ئالپ ئەرمىس، ئايغۇچىسى بىلگە
ئەرمىس. ئول ئەكى كىسى بار ئەرسە، سىنى تابغاچىغ ئۆلۈر
تەچى تىرمەن، ئوڭرە قىتانىيغ ئۆلۈرتەچى تىرمەن، بىنى ئوغۇزۇغ
(11) ئۆلۈرتەچى ئۈك تىرمەن. تابغاچ بەرىدەنيەن تەگ! قىتانىيى
ئوڭدەنيەن تەگ! بەن يىردانتايان تەگەيىن! تۈرك سىر بودۇن
يەرىنتە ئىدى يورىمازۇن! ئۇسار ئىدى يوققىسالىم!

(12) تىرمەن، ئول سابىغ ئەسىدىپ، تۈن ئۇدىسىقىم كەلمەدى،
كۈنتۈز ئولۇرسىقىم كەلمەدى. ئانتا ئوترۇ قاغانىما ئۆتۈنتۈم، ئان-
چا ئۆتۈنتۈم: تابغاچ، ئوغۇز، قىتانى بۇ ئۈچەگۈ قابىسار
(13) قالتاچى بىز. ئۆزئىچى تاسىن تۇتمىس تەگ بىز. يۇپقا ئە-
رىكلىگ توپلاغالى ئۇچۇز ئەرمىس، يىنچكە ئەرىكلىگ ئۈزگەلى
ئۇچۇز؛ يۇپقا قالىن بولسار، توپلاغۇلۇق ئالپ ئەرمىس. يىنچكە
(14) يوغان بولسار، ئۈزگۈلۈك ئالپ ئەرمىس. ئۆڭرە قىتانىدا،
بەرىيە تابغاچدا، قۇرىيا قۇردانىدا، يىرايا ئوغۇزدا ئەكى ئۈچ
بىڭ سۈمۈز كەلتەچىمىز بارمۇنە؟ ئانچا ئۆتۈنتۈم.
(15) قاغانىم بەنى ئۆزۈم بىلگە تونيۇقۇق ئۆتۈنكەن ئۆتۈنچۈمىن
ئەسىدۇ بەرتى. كۆڭلۈڭچە ئۇدىز تىدى. كۆك ئۆڭۈن يوغۇرۇ
ئۆتۈكەن يىسىغارۇ ئۇدىزتىم. ئىنگەك كۆلۈكىن توغلادا ئوغۇز
كەلتى.
(16) سۈسى ئۈچ بىڭ ئەرمىس. بىز ئەكى بىڭ ئەرتىمىز. سۈ-
ڭىشدىمىز. تەڭرى يارلىقادى ...... يايدىمىز. ئۆگۈزكە تۈسدى.
يانىدۇق يولتا يەمە ئۆلتى كۆك. ئانتا ئوترۇ ئوغۇز قوپىن كەلتى.
(17) تۇ [رك قاغانىغ] تۈرك بودۇنۇغ ئۆتۈكەن يەركە، بەن
ئۆزۈم بىلگە تونيۇقۇق ئۆتۈكەن يەرىگ قونمىس تەيىن ئەسىدىپ
بەرىيەكى بودۇن، قۇرىياقى يىرياقى ئۆڭرەكى بودۇن كەلتى.

## شەرق تەرىپى

(18) ئەكى بىڭ ئەرتىمىز، ئەكى سۈمىز بولتى. تۈرك بودۇن
قىلىنغالى تۈرك قاغان ئولۇرغالى، سانتۇڭ بالىقا، تالۇي ئۆگۈز-
كە تەگمىس يوق ئەرمىس. قاغانىما ئۆتۈنۈپ سۈلەتدىم.
(19) سانتۇڭ بالىقا، تالۇي ئۆگۈزكە تەگۈرتىم، ئۈچ ئوتۇز با-
لىق سىدى، ئۇسىن بۇنداتۇ يۇرتدا ياتۇ قالۇر ئەرتى. تابغاچ
قاغان ياغىمىز ئەرتى، ئون ئوق قاغانى ياغىمىز ئەرتى.

(20) ئار [تۆق قىرقىز] كوچىلىگ ... ياغمىز بولتى. ئول ئۈچ
قاغان ئۆگلەشىپ ئالتۇن يىش ئۆزە قابىسالىم تىمىس ئانچا
ئۆگلەشمىز: ئۆگرە تۈرك قاغانغارۇ سۈلەلىم تىمىس. ئاڭارۇ
سۈلەمەسەر، قاچان نەڭ ئەرسەر ئول بىزنى
(21) قاغانى ئالپ ئەرمىس، ئايغۇچىسى بىلگە ئەرمىس، قاچان
نەڭ ئەرسەر، ئۆلۈرتەچى كۆك، ئۈچەگۈن قابىسىپ سۈلەلىم،
ئانى يوققىسالىم تىمىس، تۈرگەس قاغان ئانچا تىمىس بە-
نىڭ بودۇنۇم ئانتا ئەرۈر تىمىس.
(22) تۈرك بودۇنى يەمە بۇلغانچ ئول، تىمىس. ئوغۇزى يەمە
تارقانچ ئول تىمىس؛ ئول سابىن ئەسىدىپ، تۈن يەمە ئودىس-
قىم كەلمەز ئەرتى، كۈن يەمە ئولۇرسىقىم كەلمەز ئەرتى؛ ئانتا
ساقىنتىم:
(23) [ئىلك قىرقىز] قا [سۈلە] سەر يىگ ئەرمىس تىدىم. كوگمەن
يولى بىر ئەرمىس تۇمۇس تىيىن ئەسىدىپ بۇ يولىن يورىسار
ياراماچى تىدىم. يەرچى تىلەدىم. چولگى ئاز ئەرى بولتىم.
(24) ئەسىتتىم: ئاز يىر يو [لى] ئانى بىرلە ...... ئەرمىس. بىر
ئات ئورۇقى ئەرمىس، ئانىن بارمىس. ئاڭار ئايىتىپ بىر ئاتلىغ
بارمىس تىيىن. ئول يولىن يورىسار ئۇنچ تىدىم، ساقىنتىم.
قاغانىما

شىمال تەرىپى

(25) ئۇتۇنتۇم سۇ يورىتتىدىم. ئاتلاتىن تىدىم. ئاق تەرمەلكەچە
ئوغراقلاتدىم، ئات ئۆزە بىنتۇرە قارىغ سوكدىم، يوقارۇ ئات
يەتە، ياداغىن ئىغاچ تۇتۇنۇ ئاغتۇرتۇم. ئۆگرەكى ئەر
(26) يوغۇرچا تەگۈرۈپ ئى بار باس ئاسدىمىز، يوبالۇ ئىنتى-
مىز. ئون تۈنكە يانناقى تۈغ ئەبىرۇ باردىمىز. يىرچى يىر
ياڭىلىپ بوغۇزلانتى. بوڭادىپ قاغان يەلۇ كورتىمىز.

(27) ئانى سۇبقا باردىمىز. ئۇل سۇب قودى باردىمىز. سانا-
غالى تۇسۇرتىمىز، ئاتىغ ئىقا بايۇر ئەرتىمىز. كۈن يەمە
تۈن يەمە يەلۇ باردىمىز. قىرقىزىغ ئۇقا باسدىمىز.
(28) ... سۇڭۇگىن ئاچدىمىز. قانى سۇسى تىرىلمىس. سۇڭۇستىد-
مىز، سانچدىمىز؛ قانىن ئۇلۇرتىمىز. قاغانقا قىرقىز بودۇنى ئىچىك-
دى، يۇكۇنتى، يانتىمىز. كوگمەن يىسىغ ئەبىرۇ كەلتىمىز.
(29) قىرقىزدا يانتىمىز. تۇرگەس قاغانتا كورۇگ كەلتى، سابى
ئانتاغ: ئوڭدۇن قاغانغارۇ سۇ يورىلىم تىمىس. يورىماسار
بىزنى، قاغانى ئالپ ئەرمىس، ئايغۇچىسى بىلگە ئەرمىس،
قاچان نەڭ ئەرسەر
(30) بىزنى ئۇلۇرتەچى - كۆك تىمىس. تۇرگەس قاغانى تاسىق-
مىس تىدى، ئون ئوق بودۇنى قالىسىز تاسىقمىس تىر. تابغاچ
سۇسى بار ئەرمىس. ئۇل سابىغ ئەسىدىپ، قاغانىم بەن ئەب-
گەرۇ تۇسەيىن تىدى.
(31) قاتۇن يوق بولمىس ئەرتى. ئانى يوغلاتايىن تىدى. سۇ
بارىلىڭ تىدى. ئالتۇن يىسىدا ئولۇرۇڭ تىدى. سۇباسى ئىنەل قا-
غان، تاردۇش شاد بارزۇن تىدى. بىلگە تونيۇقۇققا باڭا ئايدى:
(32) بۇ سۇگ ئەلت تىدى. قىيىنىغ كوڭلۇڭچە ئاي، بەن ساڭا
نە ئاياين تىدى. كەلىر ئەرسەر، كۇ ئەر ئوكۇلۇر، كەلمەز ئەر-
سەر، تىلىغ سابىغ ئالى ئولۇر تىدى. ئالتۇن يىسىدا ئولۇرتىمىز.
(33) ئۇچ كورۇگ كىسى كەلتى، سابى بىر: قاغانى سۇ تاسىقدى،
ئون ئوق سۇسى قالىسىز تاسىقتى تىر. يارىس يازىدا تىرىلەلىم
تىمىس. ئول سابىغ ئەسىدىپ، قاغانغارۇ ئول سابىغ ئىتتىم،
قانتايىن. سابىغ يانا
(34) كەلتى: ئولۇرۇڭ تىيىن تىمىس. يەلمە قاراغۇ ئەدگۇتى
ئۇيغىل، باستىما، تىمىس. بوگ (ۇ) قاغان باڭارۇ ئانچا ئايىد-
مىس. ئاپا تارقانغارۇ ئىچرە ساب ئىدمىس: بىلگە تونيۇقۇق
ئانىغ ئول، ئۇز ئول

(35) سۇ يۇرىلىم ئىدەچى ئۇناماڭ! ئۇل سابىغ ئەسىدىپ، سۇ
يۇرتىدىم. ئالتۇن يىسىغ يولسۇزۇن ئاسدىمىز، ئەرتىس ئۇگۇزۇگ
كەچىگىسىزىن كەچدىمىز، تۇن قاتدىمىز، بۇلچۇقا تاڭ ئۇنـ
تۇرۇ تەگدىمىز.

## غەرپ تەرپى

(36) تىلىغ كەلۇرتى، سابى ئانتاغ: يارىس يازىدا ئون تۇمەن
سۇ تەرىلتى تىر. ئۇل سابىغ ئەسىدىپ، بەگلەر قوپىن
(37) يانالىم! ئارىغ ئوبۇتى يىگ تىدى. بەن ئانچا تىرمەن،
بەن بىلگە تونيۇقۇق: ئالتۇن يىسىغ ئاساكەلتىمىز، ئەرتىس
ئۇگۇزۇگ
(38) كەچە كەلتىمىز. كەلمىسى ئالىپ تىدى، تۇيمادى. تەڭرى
ئۇماي، ئىدۇق يەر سۇب باسا بەرتى ئەرىنچ. نەكە تەزەر بىز(؟)
(39) ئۇكۇس تىيىن، نەكە قورقۇربىز؟ ئاز تىيىن نەباسىنالىم؟
تەگەلىم تىدىم. تەگتىمىز، يايىدىمىز. ئەكىنتى كۇن كەلتى.
(40) ئورتچە قىزدىپ كەلتى. سۇڭۇسدۇمىز. بىزىنتە ئەكى ئۇچى
سىڭارچە ئارتۇق ئەرتى. تەڭرى يارلىقادۇق ئۇچۇن ئوكوس
تىيىن بىز
(41) قورقمادىمىز، سۇڭۇسدۇمىز. تاردۇس شاد ئارا بادى. يايىـ
دىمىز، قاغانىن تۇتدىمىز. يابغۇسىن شادىن
(42) ئانتا ئولۇرتى، ئەلىگچە ئەر تۇتدىمىز. ئول ئوق تۇن بوـ
دۇنىن سايۇ ئىتتىمىز. ئول سابىغ ئەسىدىپ، ئون ئوق بەگـ
لەرى بودۇنى قوپ
(43) كەلتى، يۇكۇنتى. كەلىگمە بەگلەرىن بودۇنىن ئىتىپ يىغىپ
ئازچا بودۇن تەزمىس ئەرتى، ئون ئوق سۇسىن سۇلەتدىم.
(44) بىز يەمە سۇلەدىمىز، ئانى ئىرتىمىز. يەيىنچۇ ئۇگۇزۇگ كەچە،
تىنسى ئوغلى ئايىتىغما بەڭلىگەك (؟) تاغىغ ئەرتۇ

## جەنۇپ تەرىپى

(45) تەمىر قاپىغقا تەگى ئىرتىمىز. ئانتا يانتۇرتىمىز. ئىنەل قاغانقا.
ساقا تەزىك تىوقرىسىن

(46) ئانتا بەرۈكى ئاسۇق باسلىغ سوغداق بودۇن قوپ كەلتى
يۈكۈنتى ... تۈرك بودۇن تەمىر قاپىغقا

(47) تىنسى ئوغلى ئايتىغما تاغقا تەگمىس ئىدى يوق ئەرمىس.
ئول يەركە بەن، بىلگە تونيۇقۇق تەگۈرتۈك ئۈچۈن

(48) سارىغ ئالتۇن، ئۈرۈڭ كۈمۈس، قىز قۇدۇز ئەگرىتەبى ئاغى
بۇڭسۇز كەلۈرتى. ئىلتەرىس قاغان بىلگەسىن ئۈچۈن

(49) ئالپىن ئۈچۈن تابغاچقا يەتى يىگىرمە سۈڭۈستى، قىتانقا
يەتى سۈڭۈسدى، ئوغۇزقا بەس سۈڭۈسدى. ئانتا ئايغۇ چى (سى)

(50) يەمە بەن ئوك ئەرتىم. ياغىچىسى [يەمە بەن] ئەرتىم،
ئىلتەرىس قاغانقا، تۈرك بوگۇ قاغانقا، تۈرك بىلگە قاغانقا ...

## شەرق تەرىپى

(51) قاپاغان قاغان يەتى ئوتۇز ياسقا ... ئاندا ... ئەرتى قاپاغان
قاغان ئولۇرتدىم. تۈن ئۇدماتى

(52) كۈنتۈز ئولۇرماتى، قىزىل قانىم توكۈلتى، قاراتەرىم يۈگۈر-
تى ئىسىگ كۈچىگ يەرتىم ئوك. بەن ئوزۇم ئۇزۇن يەلمەگ يەمە
ئىتتىم.

(53) ئارقۇي قاراغۇغ ئۇلغارتدىم ئوق، يارىغما ياغىغ كەلۈرۈر
ئەرتىم، قاغانىمىن سۇ ئەلتدىمىز. تەڭرى يارلىقازۇ!

(54) بۇ تۈرك بودۇن ئارا يارىقلىغ ياغىغ يەلتۈرمەدىم، توگۇند-
لىگ ئاتىغ يۈگۈرتمەدىم؛ ئىلتەرىس قاغان قازغانماسار

(55) ئۇدۇ بەن ئوزۇم قازغانماسار، ئىل يەمە، بودۇن يەمە يوق

ئەرتەچی ئەرتی. قازغاندۇقىن ئۇچۇن، ئۇدۇ ئۇزۇم قازغان-
دۇقىم ئۇچۇن

(56) ئىل يەمە ئىل بولـتی، بودۇن يەمە بودۇن بولـتی. ئۇزۇم
قاری بولتىم، ئۇلۇغ بولتىم. نەڭ يەردەكی قاغانلىغ بودۇنقا

(57) بۇنتەگی بار ئەرسەر، نە بۇڭی بار ئەرتەچی ئەرمىس؟

(58) تۇرك بىلگە قاغان ئىلىگە بىتىتدىم بەن بىلگە تونيۇقۇق.

## شىمال تەرىپی

(59) ئىلتەرىس قاغان قازغانـماسار، يـوق ئەرتی ئەرسـەر، بەن
ئۇزۇم بىلگە تونيۇقۇق قازغانماسار، بەن يوق ئەرتىم ئەرسەر،

(60) قاپاغان قاغان تۇرك سىر بودۇن يېرىنتە بود يەمە، بودۇن
يەمە، كىسی يەمە ئىدی يوق ئەرتەچی ئەرتی.

(61) ئىلتەرىس قاغان، بىلگە تونيۇقۇق قازغانـتۇق ئۇچۇن قا-
پاغان قاغان تۇرك سىر بودۇن يورىدۇق (بۇ...)

(62) تۇرك بىـلـگە قاغـان تۇرك سىر بودۇنۇغ، ئوغۇز بودۇنۇغ
ئىگىدۇ ئولۇرۇر.

## تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشىدىن ئۈرنەك

(15)


(16)


(15) قاغانىم بەن ئۆزۈم بىلگە تونيۇقۇق ئۆتۈنتۈك ئۆتۈنچۈسىن ئەسىدۇ بەرتى. كۆڭلۈڭچە ئۇدىز تىدى، كوك ئۆكۈگ يوغارۇ ئو- تۇكەن يىسغارۇ ئۇدىزتىم. ئىنگەك كولۇكىن توغلادا ئوغۇزكەلتى.

(16) سۇسى ئۈچ بىڭ ئەرمىس. بىز ئەكى بىڭ ئەرتىمىز. سۇ- ڭۇسدىمىز، تەڭرى يارلىقادى، يانىيدىمىز. ئۆگۈزكە تۇستى. يانىي- ھۇق يولتا يەمە ئۆلتى كوك. ئانتائوترۇ ئوغۇز قوپىن كەلتى.

## تەرجىمىسى

(1) بىلگە① تونيۇقۇق مەن ئۆزۈم تابغاچ② ئېلىدە ئۆس- تۈم. (ئۇزامانلاردا) تۈرك خەلقى تابغاچقا قارايتتى. (2) تۈرك خەلقىنىڭ خانى بولمىغانلىقى ئۈچۈن تابغاچتىن ئايرىلدى ۋە (ئۆزلىرىگە) خان تىكلىدى. (كېيىن) خاقانىنى تاشلاپ يەنە تابغاچقا تەۋە بولۇپ قالدى. تەڭرى مۇنداق دېگەن ئىكەن: سىلەرگە خان بەردىم، (3) خانىڭلارنى تاشلاپ، تابغاچقا يەنە تەۋە بولغانلىقىڭ- لار ئۈچۈن تەڭرى سىلەرگە ئۆلۈم بەردى. (شۇڭا) تۈرك خەلقى ئۆلدى، ھالاك بولدى، يوقالدى. تۈرك سىر③ خەلقى يېرىدە (4) بوي ئادەم قالمىدى، ئورمانلىق ۋە تاغ - داللاردا قالغانلى-

① بىلگە — دانىشمەن، ئەقىلدار دېگەن مەنىدە.

② تابغاچ — ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ھەرخىل مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ كەلدى. مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە كوپ ئۇچرايدىغان بۇ ئاتالغۇ خاس تاڭ سولالىسىنى كورسىتىدۇ.

③ سىر — "ДРЕВНЕ ТЮРКСКИЙ СЛОВАРЬ" دېگەن كىتاپتا، "تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى دېيىلگەن."
"An Eytmological Dictionary of pre-Thirteenth-Century Turkish" دېگەن كىتاپتا، "سوغدى تىلى s̄yr (شىر) — ياخشى، گۈزەل دېگەندىن كەلگەن سوز بولسا كېرەك" دەپ كورسەتكەن.

رى يىغىلىپ يەتتە يۈز بولدى. بۇلارنىڭ ئىككى ئۈلۈشى ئاتلىق
ئىدى. بىر ئۈلۈشى پىيادە ئىدى. بۇ يەتتە يۈز كىشىنى باشلاپ
يۈرگۈچى (5) قوشۇن ئۇلۇغى شاد① ئىدى. ئۇ ماڭا: (قوشۇنى-
مىزغا) قوشۇلغىن، دىدى. قوشۇلغان كىشى مەنكى بىلگە تونيۇقۇق
ئىدىم. مەن ئۇنى خاقان قىلاي دىدىم. مەن مۇنداق ئويلىدىم:
ئورۇق بۇقا بىلەن سېمىز بۇقا يىراقتا (6) ئۈسۈشسە، ئورۇق
بۇقا بىلەن سېمىز بۇقىنى ئايرىۋالغىلى بولمايدۇ. مەن ئاشۇنداق
ئويلىدىم. شۇندىن كېيىن تەڭرى (ماڭا) ئەقىل بەرگەنلىكى ئۈچۈن،
مەن (ئۇنى) خاقان (بولۇشقا دەۋەت) قىلدىم. بىلگە تونيۇقۇق
بويلاباغا تارقان (7) ئىلتەرىس قاغان بىلەن بىرلىكتە، جەنۇپ-
تا ...... شەرقتە قىتانلار②، شىمالدا ئوغۇزلاردىن كۆپ ئۆلتۈردۇق.
بىلگەسى لەشكەر باشلىغى مەنلا ئىدىم. بىز چوغاي قوزى③ ۋە
قاراقۇمدا④ ئولتۇراقلاشقان ئىدۇق. (8) كىيىك يەپ، توشقان
يەپ كۈن كەچۈرەتتۇق. خەلقىنىڭ قارنى توق ئىدى. دۈشمەنلى-
رىمىز ئەتراپىمىزدا قۇشلاردەك كۆپ ئىدى. بىز جاپسىز هايۋان-
دەك ئىدۇق. شۇنداق ئولتۇرغىنىمىزدا، ئوغۇزلاردىن چارلىغۇچى
كەلدى. (9) چارلىغۇچىنىڭ سۆزى مۇنداق ئىدى: توققۇز ئوغۇز
(خەلقى) ئۈستىدە خاقان ئولتۇرۇپتۇ، ئۇ تابغاچقا قۇنى سەنگۈ-
نىنى⑤ قىتانغا، تۈگراسەمنى (ئەلچىلىككە) ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار مۇن-

---

① شاد — مەنسەپ - ئەمەل نامى.

② قىتان — مىللەت نامى. خەنزۇچە 契丹 دەپ ئاتىلىدۇ. قىتان سۆزى كېيىنچە "خىتاي" غا ئۆزگەردى. لياۋ سۇلالىسىنى قىتان- لار تىكلىگەن.

③ چوغاي قوزى — يەر نامى.

④ قاراقۇم — يەر نامى.

⑤ سەنگۈن (سانغۇن) — قەدىمقى تۈركى تىلىدا جىياڭجۈننى شۇن- داق ئاتىغان.

داق سۆزنى ئېيتىپ بېرىپتۇ: ئازغىنا تۈرك خەلقى (10) ھەركەت-
لىنىپ يۈرۈۋېتىپتۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر ئىكەن، مەسلىھەتچىسى
دانىشمەن ئىكەن. ئۇ ئىككىسىلا بولىدىكەن سەن تابغاچلارنى
قىرىپ تاشلايدۇ، شەرقتە قىتانلارنى قىرىپ تاشلايدۇ، بىز ئوغۇز-
لارنى (11) قىرىپ تاشلايدۇ، تابغاچلار، سىلەر جەنۇپتىن تېگىڭ-
لار! قىتانلار، سىلەر شەرقتىن تېگىڭلار! مەن شىمالدىن تېگەي!
تۈرك سىر خەلقى يېرىدە خان يولاتمايلى، مۇمكىن بولسا، ئۇ-
لارنى يوقىتايلى! (12) ئۇ سۆزنى ئىشىتىپ تۈنى ئۇيقۇم كەلمىدى،
كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى. ئاندىن كېيىن خاقانىمدىن ئۆتۈن-
دۈم: تابغاچ، ئوغۇز، قىتان بۇ ئۈچى بىرلەشۋالسا، (13) بىز
تايانچىسىز قالىمىز، ئىچكى-تاشقى جەھەتتىن دۈشمەنگە تۇتۇلىمىز.
يۇققا نەرسىنى ئېگىش ئاسان، ئىنچىكە نەرسىنى سۇندۇرۇشمۇ ئو-
ڭاي؛ يۇققا قېلىن بولۇپ كەتسە، ئۇنى ئېگىش تەسكە چۈشىدۇ،
ئىنچىكە (14) توم بولۇپ كەتسە ئۇنى سۇندۇرۇش تەسكە چۈ-
شىدۇ؛ شەرقتە قىتانلاردىن، جەنۇپتا تابغاچتىن، غەرپتە قۇرداندىن،
شىمالدا ئوغۇزلاردىن بولۇپ ئىككى-ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن
كېلىشى مۇمكىن. مەن (خاقانىمغا) شۇنداق دېدىم. (15) خاقانىم
مەن ئۆزۈم-بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئۆتۈنگەن ئۆتۈنچۈمگە قوشۇلدى.
”ئۆز كۆڭلۈڭچە ئىش قىلغۇر“ دېدى. كوك ئۆگدىن① يۇقۇرىلاپ
قوشۇننى ئۆتۈكەن تاققا② باشلىدىم. ئوغۇزلار ئىنەك كۆلۈكلىرى
بىلەن توغلا (دەرياسى) دىن كەلدى. (16) (ئۇلارنىڭ) ئەسكىرى
ئۈچ مىڭ ئىكەن، بىز ئىككى مىڭ ئىدۇق. سوقۇشتۇق، تەڭرى
ساقلىدى...... تار مار قىلدۇق. (ئۇلار) دەرياغا چۈشتى. قايتىش

① كوك ئۆڭ — يەرنىڭ نامى.

② ئۆتۈكەن تاغ — تۈرك خەلقى ئەزەلدىن چوقۇنۇپ كەلگەن مۇقەددەس تاغلارنىڭ بىرى. ئورخۇن دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمىغا توغرا كېلىدۇ.

يولدا يەنە (ئۇلارنىڭ) تۇرغۇنى ئولدى. شۇندىن كېيىن ئوغۇز-
لارنىڭ ھەممىسى كەلدى. (17) تۈرك خاقانىنىڭ، تۈرك خەلقىنىڭ
ئوتۇكەندە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، مەنكى بىلگە تونيۇقۇقنىڭ ئوتۇكەندە
تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، جەنۇپتىكى خەلقلەر ۋە غەرپتىكى، شىمال-
دىكى، شەرقتىكى خەلقلەرنىڭ بارلىقى كېلىشتى. (18) بىز ئىككى
مىڭ ئىدۇق، ئىككى قوشۇن بولدى. تۈرك خەلقى خەلق بولغاندىن،
تۈرك خاقانى تەختكە ئولتۇرغاندىن بۇيان سەندۇڭ شەھەرلىرىگە،
دەريا — دېڭىزلارغا تېگىپ باقمىغان ئىدى. خاقانىمغا ئوتۇنۇپ قو-
شۇن تارتتىم. (19) لەشكەرلىرىمنى سەندۇڭ شەھەرلىرىگە ۋە دەر-
يا-دېڭىزلارغا ھۇجۇم قىلدۇردۇم. (ئۇلار) يىگىرمە ئۈچ شەھەرنى
ۋەيران قىلدى. بۇ يۇرتلار خارابىلارغا ئايلاندى. تابغاچ خاقانى
دۈشمىنىمىز ئىدى. ئون ئوق خاقانى① دۈشمىنىمىز ئىدى. (20)
بۇنىڭدىن باشقا قىرغىز كۈچلۈك ...... خاقانىمۇ دۈشمىنىمىز بولدى.
ئۇ ئۈچ خاقان مەسلىھەتلىشىپ، ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدا ئۇچراش-
ماقچى بوپتۇ. ئۇلار مۇنداق مەسلىھەتلىشىپتۇ: بىز شەرقتىن تۈرك
خاقانىغا قوشۇن چىقىرايلى، ئۇنىڭغا ئەسكەر چىقارمىساق، (21)
ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر، ئەقىلدارى دانىشمەن ئىكەن، ئاخىر بىر
كۈنى بىزنى بەربىر يوقىتىدۇ. ئۈچەيلەن (بىللە) قوشۇن چىقىرايى-
لى، ئۇنى يوقىتايلى، دېيىشىپتۇ. تۈركەش② خاقانى مۇنداق دەپ-
تۇ: مېنىڭ خەلقىم ئۇيەرگە باردۇ. (22) تۈرك خەلقى ھەققە-
تەن بۇلغىنىپ (قالايمىقانلىشىپ) كەتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇز-
لارمۇ تارقىلىپ كەتتى. ئۇ گەپنى ئاڭلاپ تۈنى ئۇيقۇم كەل-
مىدى، كۈندۈزى ئولتۇرغۇم كەلمىدى. شۇ چاغدا، مەن: (23)
...... ئالدى بىلەن قىرغىزلارغا ئۇرۇش قىلساق ياخشىراق بولى-
دىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم. كوگمەن (تېغى)غا بارىدىغان

① ئون ئوق خاقانى — غەربىي تۈرك خاقانىنى كۆرسىتىدۇ.
② تۈركەش — تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرىنىڭ نامى.

يول بىرلا ئىكەن، ئۇنى (قار) قاپلىۋاپتۇ دەپ ئاڭلاپ، بۇ يولدا ماڭساق بولماسمىكىن دېدىم. يولچى ئىزدىدىم. چولگەدىكى ئاز① پۇقراسىدىن بىرنى تاپتىم. (24) ئاز يېرىگە بارىدىغان يولنىڭ ئانى② دەرياسىغا (يېقىن) ئىكەنلىكىنى، پەقەت بىرلا ئات بىلەن مېڭىشقا بولىدىغان تار يول ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ، مەن ئۇنىڭدىن (يەنە) سورىسام، ئۇ بۇرۇن بىر ئاتلىق كىشىنىڭ بۇ يول بىلەن ماڭغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇ يول بىلەن ماڭساق بولىدىكەن دېدىم، ئويلاندىم، خاقانىمدىن (25) ئۆتۈندۈم. قوشۇن چىقارتتىم. ئات بىلەن دەريادىن ئۆتۈڭلار، دېدىم. ئاق تەرمەل دەرياسىغىچە يۈرۈش قىلدۇردۇم. ئاتلارغا مىنىپ، قارلارنى بوسۇپ ماڭدۇق. ئاتلارنى يېتىلەتكۈزۈپ، تاياقتا تايانغۇزۇپ پىيادە (تاقتا) چىقارغۇزدۇم. سەركەلەر (26) (قار - مۇزلارنى) ئاچتى، بىز ئورمانلىق چوققىلاردىن ئاشتۇق. ناھايىتى مۈشكۈلدە تاغدىن چۈشتۇق. ئون كېچە كۈندۈز (تاغ) يېنىدىكى توسالغۇلارنى ئەگىپ يۈرۈپ ماڭدۇق. يولچى ئاداشقاچقا بوغۇزلاندى. خاقانىمىز ئەنسىرەپ تېز مېڭىڭلار، دېدى. (27) بىز ئانى دەرياسىغا يېتىپ باردۇق. ئۇ دەريانى بويلاپ تۆۋەنگە ماڭدۇق. يولدا قوشۇننى ساناش ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈردۇق، ئاتلارنى دەرەخلەرگە باغلاپ قويدۇق...... تۈننى تۈن دېمەي، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي شامالدەك تېز يۈردۇق. قىرغىزلارنى ئۇيقۇدا بېسىۋالدۇق. (28) بىز نەيزە بىلەن .........نى ئاچتۇق. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ خاقانى ۋە لەشكەرلىرى توپلىنىپ بوپتىكەن. ئۇرۇشتۇق، سانچىشتۇق، خاقانىنى ئۆلتۈردۇق. قىرغىز خەلقى خاقانىمىزغا بوي سۇندى، يۈكۈندى. بىز ياندۇق. كوگمەن

---

① ئاز — خەلق نامى. ئاز خەلقىنى ۋ. ۋ. بارتولد 8 - ئەسىردە يەتتە سۇ ئەتراپىدا ياشىغان تۈركەشلەرنىڭ بىر قەۋمى دەپ قارايدۇ.

② ئانى — سايان تاغلىرىنىڭ شىمالىي تارمىقىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.

تېغىنى ئەگىپ، (29) قىرغىزلارنىڭكىدىن ياندۇق. تۈركەش خاقانىدىن چارلىغۇچى كەلدى. ئۇنىڭ سوزى مۇنداق ئىدى: بىز شەرقتىن (تۈرك) خاقانىغا لەشكەر چىقارمىساق، ئۇلارغا يۈرۈش قىلمىساق، (ئۇلار) بىزنى ئولتۈرىدۇ، ئۇلارنىڭ خاقانى باتۇر، ئەقىلدارى دانىشمەن ئىكەن، ئاخىر بىر كۈنى (30) بىزنى ئولتۈرىدۇ، دەپتۇ. تۈركەش خاقانى يولغا چىقىپ بوپتۇ، ئون ئوق خەلقى پۈتۈنلەي قوزغىلىپ بوپتۇ، (بۇلارنىڭ ئىچىدە) تابغاچ ئەسكەرلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ گەپلەرنى ئىشتىپ، خاقانىم: "مەن ئويگە بېرىپ كېلەي، (31) خوتۇنۇم قازاقىپتۇ، ئۇنى دەپنە قىلدۇرۇپ كېلەي، سىلەر قوشۇننى باشلاپ ئىلگىرىلەۋېرىڭلار، ئالتاي تېغىغا ئورۇنلىشىڭلار، ئىنەل خاقان بىلەن تاردۇش شاد لەشكەر بېشى بولۇپ ئىلگىرىلىسۇن" دىدى. ئۇ مەنكى بىلگە تونيۇقۇققا مۇنداق دىدى: (32) "سەن بۇ قوشۇنغا يېتەكچىلىك قىل. قىيىن (ئىشلاردا) ئۆز كوڭلۇڭچە قارار چىقىرىۋەرگىن! مەن ساڭا (يەنە) نىمە دەي؟ ئەگەر ئۇلار كېلىپ قالسا، خەۋەرچىلەرنى كوپەيتكىن، كەلمىسە، "تىل" (ئەسىر) تۇتۇپ سوزىنى تويلاپ تۇرغىن، دىدى. بىز ئالتۇن (ئالتاي) تېغىدا ئولتۇراقلاشتۇق. (33) ئۈچ پايلاقچى قايتىپ كەلدى، ئۇلارنىڭ سوزلىرى ئوخشاش ئىدى: ئون ئوق خاقانى قوشۇن چىقىرىپتۇ، ئون ئوق قوشۇنلىرى پۈتۈنلەي قوزغىلىپتۇ. ئۇلار بىر يارىس تۈزلەڭلىگىدە توپلىنايلى، دېيىشىپتۇ. بۇ سوزلەرنى ئىشتىپ خاقانغا مەلۇم قىلدىم. قانداق قىلسام بولار؟ (دەپ تۇرغىنىمدا) يەنە جاۋاپ كەلدى: (34) "ئورنىڭلاردا تۇرۇۋېرىڭلار، ئاتلىق قاراۋۇللارنى ياخشى ئۇيۇشتۇرۇڭلار① دىگەن گەپلەرنى بوگۇ خاقان ماڭا ئەۋەتىپتۇ. لېكىن ئۇ ئاپا تارقانغا②

---

① بۇ جۈملە ـــ "ياخشى مۇداپىئە كورۇڭلار" دىگەن مەنىدىمۇ كېلىدۇ.

② تارقان ـــ مەنسەپ ـ ئەمەل نامى.

يەنە: "بىلگە تونيۇقۇق يامان ئادەم، قارانىيىتى بار (35) ئەگەر
ئۇ قوشۇن چىقىرىمەن، دىسە ئۇنىماڭلار" دەپ مەخپى گەپ ئەۋە-
تىپتۇ. بۇ سوزلەرنى ئىشتىپ، قوشۇن چىقاردىم. بىز ئالتۇن (ئالتاي)
تاغىنىڭ يولسىز جايلىرىدىن ئاشتۇق، ئېرتىش دەرياسىنىڭ كېچىك-
سىز جايلىرىدىن كېچىپ ئۆتتۇق، بىز تۈن بويى ئىلگىرىلىدۇق،
بولچۇ① غا تاڭ يورۇغاندا تەگدۇق. (36) "تىل" (ئەسىر) كەل-
تۈرۈلدى، ئۇ يارىس تۈزلەڭلىگىدە ئون تۈمەن ئەسكەر توپلاندى،
دىدى. بۇ سوزنى ئىشىتكەندىن كېيىن، بەگلەرنىڭ ھەممىسى: (37)
يانايلى! ساپ نومۇس ئەلا (شەرەپلىك مەغلۇپ بولغان ياخشى"
دىگەن مەنىدە)! دىدى. مەنكى بىلگە تونيۇقۇق ئۇلارغا: بىز ئال-
تۇن (ئالتاي) تېغىنى ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن (38) ئوتۇپ،
(بۇ يەرگە) كەلدۇق. كەلمىگىمىز قىيىنغا چۈشتى. كەلگىنىمىزنى
ئۇلار تۇيمىدى. تەڭرى، ئۇماي، مۇقەددەس يەر-سۇ بىزگە مە-
دەت بېرىدۇ. بىز (يەنە) نىمىشقا تېزىپ كېتىمىز؟! (39) ئۇلار-
نىڭ ئادىمىنىڭ كوپلىگىدىن نىمە ئۈچۈن قورقۇپ كېتىمىز؟ ئادى-
مىمىزنىڭ ئازلىغى تۈپەيلى ئۇلاردىن يېڭىلىپ قالاتتۇقمۇ؟ تېگەي-
لى! دىدىم. تەگدۇق، يېڭىپ چىقتۇق. ئىككىنچى كۈنى ئۇلار
يەنە كەلدى. (40) ئۇلار ئوتتەك قىزىپ كەلدى. سوقۇشتۇق. ئۇ-
لارنىڭ ئىككى قاناتتىكىلىرى بىزنىڭكىلەردىن شىڭارچە (يېرىم
ھەسسە) كوپ ئىدى. تەڭرى ساقلىغانلىغى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ
كوپلىگىدىن (41) قورقۇپ كەتمىدۇق. سوقۇشتۇق. تاردۇش شاد
جەڭگە قاتناشتى. بىز يەڭدۇق. خاقانىنى تۇتتۇق. يابغۇسى ۋە
شادى (42) شۇ يەردە ئولتۈرۈلدى. ئەللىكچە ئادىمىنى تۇتتۇق.
شۇ كېچىسى ھەر قايسى قەبىلىلەرگە (ئەلچى) ئەۋەتتۇق. بۇ خە-
ۋەرنى ئىشىتىپ ئون ئوق بەگلىرى ۋە خەلقى پۈتۈنلەي (43)
كەلدى، يۈكۈندى. ئەل بولغان بەگلەر ۋە خەلقلەرنى تەشكىللە-

① بولچۇ — يەر نامى.

ۋاقىتتىمدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى قېچىپ كەتتى. ئۇلارنى قوغ-
لاشقا ئون ئوق ئەسكەرلىرىنى چىقارتتىم. (44) بىز مۇ ئەسكەر
چىقاردۇق، ئۇلارنىڭ كەينىدىن تاپ بېسىپ ماڭدۇق، يىنچۇ
(ئۆنچە) دەرياسىدىن① ئۆتۈپ، "تىنسى ئوغلى" ② دەپ ئاتىلى-
دىغان مۇقەددەس ئاق تاغدىن ئاشتۇق. (45) تاكى تومۇر قاپ-
قىغىچە③ باردۇق. قوشۇننى شۇ يەردىن ياندۇردۇق. ئىنەل خا-
قان ...... ساقا④، تەزىك⑤، توقرى⑥ (46) ۋە شۇ يەردە تۇراتتۇ-
راقلاشقان ئاسۇق باشچىلىقىدىكى سوغداق خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى
ئەل بولدى، يۈكۈندى ...... تۈرك خەلقى تومۇر قاپىقىغا (47) ۋە
"تەڭرى ئوغلى" دەپ ئاتىلىدىغان تاغقا ئەزەلدىن تېگىپ باقمى-
غان ئىدى. مەڭگۈ بىلگە تونيۇقۇق ئۇ يەرگە يۈرۈش قىلدۇرغانلى-
قىم ئۈچۈن (48) ئۇلار (سوغداقلار) سانسىزلىغان سېرىق ئالتۇن،
ئاق كۈمۈش، قىز-ئاياللارنى، ئېسىل ئېگەر-جابدۇق ۋە ئۈنچە-
مەرۋايىتلارنى كەلتۈردى. ئىلتەرىس خاقان دانا بولغانلىقى ئۈ-
چۈن، (49) باتۇر بولغانلىقى ئۈچۈن تابغاچ بىلەن ئون يەتتە
قېتىم سوقۇش قىلدى، قىتانلار بىلەن يەتتە قېتىم سوقۇشتى.

---

① يىنچۇ (ئۆنچە) دەرياسى — ئا. ن. ئارىستوۋنىڭ پەرىزىچە ھازىرقى چۇ دەرياسىنى، ئى. ماركۋارتنىڭ ئىسپاتلىشىچە، سىر دەرياسىنى ۋە بارتولدنىڭ قارىشىچە موڭغۇلىيىدىكى ئورۇنگۇ دەرياسىنى كۆرسىتىدۇ.

② تىنسى — خەنزۇچە "天子" (تەڭرى ئوغلى) دىن كەلگەن.

③ تومۇر قاپىغ (قاپقا) — سەمەرقەند بىلەن بەلخ ئارىسىدىكى بوزقالا تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇھىم ئۆتكەل.

④ ساق — قەدىمقى ساقلار (خوتەن ساقلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نى كۆرسەتسە كېرەك.

⑤ تەزىك — تاجىكلار (پامىر تاجىكلىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) نى كۆرسەتسە كېرەك.

⑥ توقرى — بەزى قەدىمى يازمىلاردا توخرى، توقرىسىن، تۇخار دەپمۇ يېزىلغان، بۇ قەدىمقى تۇخارلارنى كۆرسەتسە كېرەك.

ئوغۇزلار بىلەن بەش قېتىم ئۇرۇش قىلدى. شۇ چاغدىمۇ ئەقىلدارى (50) يەنىلا مەن ئىدىم، ياغىچىسى (تەشكىللىگۈچىسى) يەنىلا مەن ئىدىم. ئىلتەرىس خاقانغا، تۈرك بوگۇ خاقانغا، تۈرك بىلگە خاقانغا... (51) قاپاغان خاقان يىگىرمە يەتتە ياش ۋاقتىدا، مەن قاپاغان خاقانغا ياردەملىشىپ، ئۇنى تەختكە ئولتۇرغۇزدۇم. تۈنلىرى خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدىم، (52) كۈندۈزى خاتىرجەم ئولتۇرالمىدىم. قىزىل قانلىرىمنى تۆكتۈم، قارا تەرلىرىمنى ئاقتۇردۇم. مەن (دولەت) ئىشلىرى ئۈچۈن كۈچۈمنى قوشتۇم. مەن ئۆزەم يەنە ئاتلىق قوشۇن چىقاردىم. (53) مەن ئۇردا قاراۋۇللىرىنى(؟) كېڭەيتتىم. يېنىپ-يېنىپ تۇرغان دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇردۇم. خاقانىم بىلەن بىرگە (كوپ قېتىم) جەڭگە قاتناشتىم. تەڭرى ساقلىدى. (54) مەن تۈرك خەلقى زېمىنىدە ئولۇق قوراللانغان دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم. بەلگىسى بار ئاتلارنىڭ ھەممىلا يەردە چېپىپ يۈرۈشىگە يول قويمىدىم. ئىلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا، (55) ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەن تىرىشمىغان بولسام، دولەت ۋە خەلق يوق بولغان بولاتتى. ئۇ تىرىشقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، مەن تىرىشقانلىقىم ئۈچۈن، (56) دولەت يەنىلا دولەت بولدى، خەلق يەنىلا خەلق بولدى. ئۆزەم قېرىدىم. ئۇلۇغ بولدۇم. ھەرقانداق يەردىكى خاقانلىق خەلقلەردە (57) مەندەك ئادەم بولسىدىكەن، ئۇلاردا نېمە غەم بولسۇن. (58) تۈرك بىلگە خاقان ئېلىگە، مېنىكى بىلگە تونيۇقۇق (بۇ مەڭگۈ تاشتىكى سوزلەرنى) يازدۇردۇم. (59) ئىلتەرىس خاقان تىرىشمىغان بولسا، مەن ئۆزەم — بىلگە تونيۇقۇق تىرىشمىغان بولسام، مەن بولمىغان بولسام، (60) قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى تۇپرىقىدا خەلق ئادەم-ئىنسان بولمىغان بولاتتى. (61) ئىلتەرىس خاقان ۋە مېنىكى بىلگە تونيۇقۇق تىرىشقانلىقىمىز ئۈچۈن، قاپاغان خاقان ۋە تۈرك سىر خەلقى مۇشۇنداق ياشاپ قالالىدى. (62) تۈرك بىلگە خاقان تۈرك سىر خەلقىنى، ئوغۇزلارنى باقماقتا.

# كول تىگىن مەڭگۈ تېشى

## «كول تىگىن مەڭگۈ تېشى»غا ئىزاھات

بۇ مەڭگۈ تاش 1889 - يىلى ھازىرقى موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كوكشىن ئورخۇن دىگەن دەريا ۋادىسىدىكى خو - شو - سايدام (Hoxo - saydam)دىن تېپىلغان. مەڭگۈتاش ھازىر ئەسلى ئورنىدا بولۇپ، مەڭگۈتاش پۈتۈكلىرى چوڭ - كىچىك ئىككى پارچە مەرمەر تاشقا ئويۇلغان. قەدىمقى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىست قىسمى جەمى 66 قۇر. كىچىك مەرمەر تاشنىڭ بىر تەرىپىگە 13 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇ، مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ باشلىنىش قىسمى ھىساپلىنىدۇ. قالغانلىرى چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئالدى تەرىپى ۋە يان تەرىپىگە ئويۇلغان. بونىڭدىن باشقا چوڭ مەرمەر تاشنىڭ ئارقا يۈزىگە تاڭ سۇلالىسىنىڭ شۈەنزۇڭ خانى مىلادىنىڭ 732 - يىلى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن تەزىيە - نامە ئويۇلغان (خەنزۇچە 12 قۇر).

بۇ ھەقتە «كونا تاڭنامە»نىڭ 194 - جىلدىدا تۆۋەندىكىچە خاتىرىلەر پۈتۈلگەن: "كول تىگىن ۋاپات بولغاندا (شۈەنزۇڭ خان) جىن ۋۇجياڭجۇن ئۇنۋانلىق جاڭچۈيى ۋە دۇگۈەن لاڭجۇڭ ئۇنۋانلىق لۈي شىياڭلارنى خاننىڭ موھرى بېسىلغان تەزىيەنامە بىلەن (تۈرك خانلىقىغا) ئەۋەتتى. ھەمدە مەڭگۈ تاش تىكلىدى. مەڭگۈ تاشقا خاننىڭ ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگەن تەزىيەنامە - سى ئويدۇرۇلدى. تاۋاپخانا ياسالدى ۋە تاش ھەيكەل تىكلەندى. تاۋاپخانىنىڭ تۆت تېمىغا كول تىگىننىڭ ھەربى يۈرۈشلىرىدىكى تۈھپىلىرى تەسۋىرلەنگەن سۈرەتلەر ئويدۇرۇلدى."

يۇقۇرىدىكى خاتىرە «يېڭى تاڭنامە»نىڭ 215 - جىلدىدا پۈتۈلگەن خاتىرىلەر بىلەن ئوخشاش، لېكىن «يېڭى تاڭنامە»دە قوشۇمچە مۇنداق خاتىرە بار: "(شۈەنزۇڭ خان) ماھىر نەققاشتىن 6 كىشىنى (تۈرك خانلىقىغا) ئەۋەتتى. ئۇلار تۈرك خانلىقىدا ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان، ھەيران قالارلىق سۈرەت - نەقىش - لەرنى ئويدى. بىلگە خاقان بۇنى كۆرۈپ تەسىرلەنگەنلىكىدىن ئېچىمۇ قايغۇردى" دېيىلگەن.

خەنزۇچە تارىخنامىلەردە پۈتۈلگەن يۇقۇرىدىكى خاتىرىلەر بىلەن كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى تۈرك يېزىقىدىكى تېكىستىدا بايان قىلىنغان بەزى ئەھۋاللار پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشايدۇ.

كۆل تېگىن كۆك تۈرك خانلىقىنىڭ خاقانى بىلگە خاقان (مىلادىنىڭ 734 - يىلى ۋاپات بولغان)نىڭ ئىنىسى بولۇپ، ئۇ ھايات ۋاقتىدا ئاكىسى بىلگە خاقاننىڭ خانلىق ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىشىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياردەملىشىپ زور تۆھپە كۆرسەتكەن، كۆل تېگىن مىلادىنىڭ 731 - يىلى 47 يېشىدا ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ نامىغا ئورنىتىلغان "كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشى" مىلادىنىڭ 732 - يىلى كۆل تېگىن ۋە بىلگە خاقاننىڭ جىيەنى يوللۇغ تېگىن تەرىپىدىن تىكلەنگەن. بۇ مەڭگۈ تاشتا كۆل تېگىننىڭ ياراتقان تۆھپىلىرى ۋە باشقا ئەھۋاللار نەپىس شائىرانە تىل بىلەن تەسۋىرلەنگەن.

بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات ماتېرىياللىرى تىزىملىكى «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ئىزاھاتىدىكى پايدىلىنىش كىتاپلىرى تىزىملىكى بىلەن ئوخشاش.

# «كول تىگىن مەڭگۈ تېشى»نىڭ تېكىستى

## جەنۇپ تەرەپى

(1) تەڭرىتەگ تەڭرىدە بولمىس تۈرك بىلگە قاغان بۇئودكە
ئولۇرتىم. سابىمىن تۈكەتى ئەسىدگىل: ئۇلايۇ ئىنىيگۈنىم،
ئوغلانىم، بىرىكى ئوغۇشۇم، بودۇنۇم. بىرىيە شاداپىت
بەگلەر، يىرايا تارقات بۇيۇرۇق بەگلەر، ئوتۇز (تاتار) ......

(2) توقۇز ئوغۇز بەگلەرى بودۇنى بۇسابىمىن ئەدگۈتى ئەسىد
قاتىغدى تىڭلا. ئىلگەرۇ كۈن تۇغسىقا، بىرىگەرۇ كۈن ئورتۇ
سىڭارۇ، قۇرىغارۇ كۈن باتسىقىڭا، يىرغارۇ تۈن ئورتۇسىڭارۇ،
ئانتا ئىچرەكى بودۇن قوپ ماڭا كورۇر، ئانچا بودۇن

(3) قوپ ئىتدىم. ئول ئەمتى ئانىيىغ يوق. تۈرك قاغان ئۆتۈ-
كەن يىش ئولۇرسار، ئىلتە بۇڭ يوق. ئىلگەرۇ شانتۇڭ
يازىقا تەگى سۈلەدىم. تالۇيىقا كىچىگ تەگمەدىم. بىرگەرۇ
توقۇز ئەرسەنكە تەگى سۈلەدىم، تۈپۈتكە كىچىگ تەگمەدىم.
قۇرىغارۇ يىنچۇ ئۈگۈز

(4) كەچە تەمىر قاپىغقا تەگى سۈلەدىم، يىرغارۇ يىر بايىرقۇ
يىرىڭە تەگى سۈلەدىم، بۇنچا يىركە تەگى يورىتدىم
ئۆتۈكەن يىشدا يىگ ئىدى يوق ئەرمىس. ئىل تۇتسىق
يىر ئۆتۈكەن يىش ئەرمىس. بۇيىردە ئولۇرۇپ، تابغاچ
بودۇن بىرلە

(5) تۈزەلتىم. ئالتۇن كۈمۈش ئىسىگتى بۇڭسۇز قۇتاي ئانچا بىرۇر؛
تابغاچ بودۇن سابى سۈچىگ ئاغىسى يىمشاق ئەرمىس،
سۈچىگ سابىن يىمشاق ئاغىن ئاراپ ئىراق بودۇنىغ

ئانچاياغىتىر ئەرمىس. ياغارۇ قونتۇقتا كىسرە ئانيىغ بىلىگ ئانتا ئويۇر ئەرمىس.

(6) ئەدگو بىلىگ كىسىگ ئەدگو ئالىپ كىسىگ يورۇتماز ئەرمىس. بىركىسى ياڭىلسار ئوغۇسى، بودۇنى بىسۇكىڭە تەگى قۇدمازئەرمىس، سۇچىگ سابىڭا، يىمشاق ئاغىسىڭا ئارتۇرىپ ئوكۇس تۇرك ئولتىگ. تۇرك بودۇن ئولسىكىك بىردىيە چۇغاي يىش تۇگۇلتۇن

(7) يازى قونايىن تىسەر تۇرك بودۇن ئولسىگ ئانتا ئانيىغ كىسى ئانچا بوشغۇرۇر ئەرمىس. ئىراق ئەرسەر يابلاق ئاغى بىرۇر، ياغۇق ئەرسەر ئەدگۇ ئاغى بىرۇر تىپ، ئانچا بوشغۇرۇر ئەرمىس. بىلىگ بىلمەز كىسى ئول سابىغ ئالىپ ياغىرۇ بارىپ ئوكۇش كىسى ئولتىگ.

(8) ئول يىرگەرۇ بارسار تۇرك بودۇن ئولتەچىسەن. ئوتۇكەن يىر ئولۇرۇپ ئارقىش ـ تىركىش ئىسەر نەڭ بوڭۇغ يوق. ئوتۇكەن يىش ئولۇرسار، بەڭۇ ئىل تۇتا ئولۇرتاچىسەن. تۇرك بودۇن توقۇرقاقسەن. ئاچسىق، تودسىق ئومەزسەن؛ بىر تودساڭ ئاچسىق ئومەزسەن. ئانتاغىنىڭ

(9) ئۇچۇن ئىگىدمىش قاغانىڭىن سابىن ئالماتىن، يىرسايۇ باردىغ، قوپ ئانتا ئالقىنتىغ ئارىلتىغ. ئانتا قالمىشى يىرسايۇ قوپ تورۇ ئولۇ يورىيۇر ئەرتىگ. تەڭرى يارلىقا دۇقىن ئۈچۈن، ئوزىم قۇتىم بار ئۈچۈن، قاغان ئولۇرتىم. قاغان ئولۇرىپ

(10) يوق چىغانى بودۇنىغ قوپ قۇبراتدىم، چىغانى بودۇنىغ باي قىلتىم، ئاز بودۇنىغ ئۇكۇش قىلتىم. ئازۇ بۇسابىمدا ئىگىد بارغۇ (؟) تۇرك بەگلەر بودۇن بۇنى ئەسىدىڭ. تۇرك بودۇنىغ تىرىپ ئىل تۇتىسىقىڭىن بۇنتا ئۇرتىم، ياڭىلىپ ئولسىكىڭىن يەمە

(11) بۇنتا ئۇرتىم. نەڭ نەڭ سابىم ئەرسەر بەڭگۇ تاشقا ئۇرتىم؛

ئاڭسار كورۇ بىلىك تۈرك ئەمتى بودۇن بەگلەر: بودكە كورىگمە بەگلەرگۈ ياڭىلتاچىسىز. بەن بەڭگۈ تاش ... تابغاچ قاغانىتا بەدىزچى كەلۈرتىم، بەدىزەتىتىم. بەنىڭ سابىمىن سىمادى:

(12) تابغاچ قاغانىنىڭ ئىچرەكى بەدىزچىگ ئىتتى. ئاڭار ئادىنچىغ بارق ياراتۇرتىم. ئىچىن تاشىن ئادىنچىغ بەدىز ئۇرتۇرتىم. تاش توقىتدىم. كوڭۈلتەكى سابىمىن ئۇ ... (ئون ئوق) ئوغلىڭا تاتىڭا تەگ، بۇنى كورۇ بىلىڭ: بەڭگۈتاش

(13) توقىتدىم (بۇئەرىگ) ئەرسەر ئانچاتاقى ئەرىگ يىرتە ئىرسەر ئانچا ئەرىگ يىرتە بەڭگۈ تاش توقىتدىم، بىتىدىم ئانى كورۇپ ئانچا بىلىڭ ئول تاش ... دىم، بۇ بىتىگ بىتىگمە ئاتىسى يوللىغ تىگىن.

## شەرق تەرىپى

(1) ئۆزە كوك تەڭرى ئاسرا ياغىز يىر قىلىنتۇقتا، ئەكىن ئارا كىسى ئوغلى قىلىنمىس. كىسى ئوغلىنتا ئۆزە ئەچۈم ئاپام، بۇمىن قاغان، ئىستەمى قاغان ئولۇرمىس، ئولۇرىپان تۈرك بودۇننىڭ ئىلىن تورىسىن تۇتۇبىرمىس ئىتى بىرمىس.

(2) تورت بولۇڭ قوپ ياغى ئەرمىس، سۇ سۇلەپەن، تورت بولۇڭداقى بودۇنىغ قوپ ئالمىس قوپ باز قىلمىس، باشلىغىغ يۈكۈنتۇرمىس، تىزلىگىگ سۈكۈرمىس. ئىلگەرۇ قادىرقان يىشقاتەگى، كىرۇ تەمىر قاپىغقا تەگى قونتۇرمىس. ئەكىن ئارا

(3) ئىدى ئوقسىز كوك تۈرك (ئىتى) ئانچا ئولۇرۇر ئەرمىس. بىلگە قاغان ئەرمىس، ئالپ قاغان ئەرمىس، بۇيۇرۇقى يەمە بىلگە ئەرمىس ئەرىنچ، ئالىپ ئەرمىس ئەرىنچ: بەگلەرى يەمە بودۇنى يەمە تۈز ئەرمىس. ئانى ئۈچۈن ئىلىگ

ئانچا تۇتمىس ئەرىنچ، ئىلىگ تۇتىپ، تورۇگ ئىتمىس.

(4) ئۇزىنچە كەرگەك بولمىس. يۇغچى سىغتچى ئۇگرە، كۇن
تۇغسىقتا بوكلى چولىگ ئىل، تابغاچ، تۇپۇت، ئاپار، پۇرۇم،
قىرقىز، ئۇچ قۇرىقان، ئوتۇز تاتار، قىتانى. تاتابى بونچا
بودۇن كەلىپەن سىغتامىس يوغلامىس. ئانتاغ كولىگ قاغان
ئەرمىس. ئانتا كىسرە ئىنىسى قاغان

(5) بولمىس ئەرىنچ، ئوغلىتا قاغان بولمىس ئەرىنچ. ئانتا كىسرە
ئىنىسى ئەچىسىن تەگ قىلىنمادۇق ئەرىنچ، ئوغلى قاگىنىتەگ
قىلىنمادۇق ئەرىنچ، بىلىگسىز قاغان ئولۇرمىس ئەرىنچ
يابلاق قاغان ئولۇرمىس ئەرىنچ بۇيۇرۇقى يەمە بىلىگسىز
ئەردىنچ يابلاق ئەرمىس ئەرىنچ.

(6) بەگلەرى بودۇنى تۇزسىز ئۇچۇن ... ئىنلى ئەچىلى كىگشۇر-
تۇكىن ئۇچۇن، بەگلى بودۇنلىغ يوگشۇرتۇقىن ئۇچۇن،
تۇرك بودۇن ئىللەدۇك ئىلىن ئىچغىنۇ ئىدمىس

(7) قاغانلادۇق قاغانىن يىتۇرۇ ئىدمىس؛... تۇرك بەگلەر تۇرك
ئاتىن ئىتتى، تابغاچىغ بەگلەر تابغاچ ئاتىن تۇتىپان، تاب-
غاچ قاغانقا

(8) كورمىس، ئەلىگ يىل ئىسىگ كۇچىگ بىرمىس. ئىلگەرۇ
كۇن توغسىقتا بوكلى قاغانقا تەگى سۇلەيۇ بىرمىس. قۇرى-
(θ)
غارۇ تەمىر قاپىغقاتەگى سۇلەيۇ بىرمىس، تابغاچ قاغانقا
ئىلىن تورۇسىن

(9) ئالى بىرمىس. تۇرك قارا قاماغ بۇدۇن ئانچاتىمىس: ئىللىگ
بۇدۇن ئەرتىم، ئىلىم ئەمتى قانى؟ كىمكە ئىلىگ قازغانۇر-
مەن؟ تىر ئەرمىس. قاغانلىغ بۇدۇن ئەرتىم، قاغانىم قانى؟
نە قاغانقا ئىسىگ كۇچىگ

(10) بىرۇرمەن تىر ئەرمىس. ئانچاتىپ تابغاچ قاغانقا ياغى
بولمىس. ياغى بولۇپ ئىتىنۇ ياراتىنۇ ئۇمادۇق يانا ئىچىكە-

مىس. بۇنچا ئىسىگ بىرتۈكگەرۈ ساقىنماتى، تۈرك بۇدۇن
ئۆلۈرەيىن، ئۇرۇغ سىراتايىن تىرئەرمىس. يېقادۇ بارىر
ئەرمىس. ئۆزە تۈرك تەڭرىسى تۈرك ئىدۇق يىرى
(11) سۇبى ئانچا تىمىس: تۈرك بودۇن يوق بولمازۇن، تىيىن.
بودۇن بولچۇن تىيىن. قاڭىم ئىلتەرىس قاغانىغ، ئۆگىم
(ө)
ئىلبىلگە قاتۇنىغ تەڭرى تۆپەسىنتە تۇتىپ يوگەرۈ كوتۈرمىس
ئەرىنچ. قاڭىم قاغان يېتى يىگىرمە ئەرىن تاشىقمىس.
تاشرا
(12) يورىيۇر، تىيىن، كۈئەسىدىپ. بالىقتاقى تاغىقمىس، تاغداقى ئىنە-
مىس، تىرىلىپ يەتمىس ئەر بولمىس. تەڭرى كۈچ بەرتۈك ئۈچۈن
قاڭىم قاغان سۈسى بورىتەگ ئەرمىس، ياغىسى قونى تەگ
(ө) (ü)
ئەرمىس؛ ئىلگەرۈ قورىغارۇ سۈلەپ تىرمىس قوبرات-
(مىس) (قا)مۇغى
(13) يەتى يۈز ئەر بولمىس. يەتى يۈز ئەر بولىپ، ئەلسىرەمىس قاغانى-
سىرامىس بودۇنىغ، تۈرك تورۇسۇن ئىچغىنمىس بودۇنىغ
(ө)
ئەچۈم ئاپام تورۇسىنچە ياراتمىس، بوسىغۇرمىس، تولىس،
تاردۇش (بودۇنىغ ئانتا ئەتمىس)
(14) يابغۇغ شادىغ ئانتا بەرمىس. بىرىيە تابغاچ بودۇن ياغى
ئەرمىس، يىرايا باز قاغان توقۇز ئوغۇز بودۇن ياغى ئەر-
مىس، قىرقىز، قۇرىقان، ئوتۇز تاتار، قىتان، تاتابى قوپ
ياغى ئەرمىس. قاڭىم قاغان بۇنچا ......
(15) قىرق ئارتۇقى يېتى يولى سۈلەمىس. يىگىرمە سۈڭۈس
(ü)
سۈڭۈسمىس، تەڭرى يارلىقادۇق ئۈچۈن ئىلىگ ئىلسىرە-
تمىس قاغانلىغ قاغانسىراتمىس، ياغىغ باز قىلمىس.

تىزلىگىگ سوكۇرمىس، پاشلىغىغ يۇكۇنتۇر (مىس قاڭىدىم
قاغان) ئىنچە ئىلىگ

(16) تورۇگ قازغانىپ، ئۇچا بارمىس. قاڭىدىم قاغانقا باشلايۇ
(θ)
باز قاغانىغ بالبال تىكمىس. ئول تورۇدە ئۇزە ئەچىم
(θ)
قاغان ئولۇرتى. ئەچىم قاغان ئولۇرىپان، تۇرك بودۇنىغ
يىچە ئىتتى، ئىگىتتى، چىغانىيغ (باي قىلتى، ئازىغ ئۇكۇس
قىلتى).

(17) ئەچىم قاغان ئولۇرتۇقتا، ئۇزىم تاردۇش بودۇن ئۇزە شاد
(θ)
ئەرتىم. ئەچىم قاغان بىرلە ئىلگەرۇ ياشىل ئۇگۇز شانتۇڭ
يازىقا تەگى سۇلەدىمىز، قۇرىغارۇ تەمىر قاپىغقا تەگى سۇ-
لەدىمىز، كوگمەن ئاشا قىرقىز يىرىڭە تەگى سۇلەدىمىز).
(θ)

(18) قامۇغى بىس ئوتۇز سۇلەدىمىز. ئۇچ يىگىرمە سۇڭۇسدىمىز.
ئىللىگىگ ئىلسىرەتىمىز، قاغانلىغىغ قاغانسىراتدىمىز تىزلىگىگ
سۇكۇرتىمىز، باشلىغىغ يۇكۇنتۇرتىمىز. تۇرگىش قاغان تۇر-
كىمىز (بودۇنىم ئەرتى بىلمەدۇكىن).

(19) ئۇچۇن، بىزىڭە ياڭىلدۇقىن ئۇچۇن قاغانى ئولتى. بۇيۇرۇ-
قى بەگلەرى يەمە ئولتى. ئون ئوق بودۇن ئەمگەك كورتى.
ئەچۇمىز ئاپامىز تۇتمىس يىرسۇب ئىدىسىز بولمازۇن تىيىن.
ئاز بودۇنىغ ئىتىپ ياراتىپ ...

(20) بارس بەگ ئەرتى. قاغان ئات بۇنتا بىز بىرتىمىز. سىڭلىم
قۇنچۇيۇي بىرتىمىز؛ ئوزى ياڭىلتى، قاغانى ئولتى، بودۇنى
(θ)
كۇڭ قۇل بولتى. كوگمەن يىرسۇب ئىدىسىز قالمازۇن، ...
تىيىن، ئاز قىرقىز بودۇنىغ ياراتىپ (كەلتىمىز، سۇڭۇستىمىز
ئىلىن)

(21) يانا بىرتىمىز. ئىلگەرۇ قادىرقان يىشىغ ئاشا، بودۇنىغ ئانچا
قونتۇرتىمىز، ئانچا ئىتدىمىز؛ قۇرىغارۇ كەڭۇ تارمانقا تەگى
تۈرك بودۇنىغ ئانچا قونتۇرتىمىز، ئانچا ئىتدىمىز. ئۇل ئۇدكە
(ɵ)
قۇل قۇللىغ بولمىس ئەرتى (كۈڭ كۈڭلىگ بولمىس ئەرتى،
ئىنىسى ئەچىسىن بىلمەز ئەرتى، ئوغلى قاڭىن بىلمەز ئەرتى).
(22) ئانچا قازغانمىس ئىتمىس ئىلىمىز تورۇمىز ئەرتى. تۈرك
(ɵ)
ئوغۇز بەگلەرى بودۇن ئەسىدىڭ (!) ئۇزە تەڭرى باسما-
سار، ئاسرا يىر تەلىنمەسەر، تۈرك بودۇن ئىلىڭىن تورۇڭىن
كەم ئارتاتى (؟) (ئۇداچى ئەرتى تۈرك بودۇن)
(23) ئوكۇن! كورگۇنىن ئۇچۇن ئىگىدمىس بىلگە قاغانىڭا،
(ɵ)
ئەرمىس بارمىس ئەدگۇ ئىلىڭە كەنتۇ ياڭىلىتىغ، يابلاق
كىگۇرتىگ. يارىقلىغ قانتان كەلىپ يانائەلتىدى؟ سۇڭۇگ-
لىگ قانتان كەلىپەن سۇرەئەلتىدى (؟) ئىدۇق ئوتوكەن
يىش (بودۇن باردىغ، ئىلگەرۇ بارىغما)
(24) باردىغ قۇرىغارۇ بارىغما باردىغ؛ باردۇق يىردە ئەدگۇ
ئول ئەرىنچ: قانىڭ سۇبچا يۇگۇرتى، سوڭۇكوڭ تاغچا
ياتدى، بەگىلىك ئۇرى ئوغلىڭ قۇل بولتى، سىلىك قىز
ئوغلىڭ كۈڭ بولتى! بىلمەدۇك ئۇچۇن (يابلاقىڭدىڭ ئۇچۇن
(ü)
ئەچىم قاغان ئۇچا باردى)
(25) باشلايۇ قىرقىز قاغانىغ بالبال تىكدىم. تۈرك بودۇنىغ
ئاتى كۇسى يوق بولمازۇن تىيىن قاڭىم قاغانىغ، ئوگىم
(ɵ) (ü)
قاتۇنىغ كوتۇرمىس تەڭرى، ئىل بىرىگمە تەڭرى، تۈرك
بودۇن ئاتى كۇسى يوق بولمازۇن تىيىن، ئوزىمىن ئول
تەڭرى

(26) قاغان ئولۇرتدى ئەرسىنچ. نەڭ يىلسىغ بودۇنقا
ئولۇرمادىم، ئىچرە ئاشسىز، تاشرا تونسىز يابىز يابلاق بودۇ-
نتا ئۈزە ئولۇرتىم. ئىنىم كول تىگىن بىرلە سوزلەسدىمىز.
قاڭىمىز ئەچىمىز قازغانمىش بودۇن ئاتى كۈسى يوق
(ü)

بولمازۇن
(27) تىيىن، تۈرك بودۇن ئۈچۈن تۈن ئودىمادىم، كۈنتۈز ئولۇر-
مادىم؛ ئىنىم كول تىگىن بىرلە، ئەكى شادبىرلە ئولۇ يىتۈ
(ө)
قازغانتىم؛ ئانچا قازغانىپ، بىردكى بودۇنىغ ئوت سۈب
قىلمادىم؛ مەن (ئۆزىم ئولۇرتۇقىما يىرسايۇ) بارمىش
(28) بودۇن ئولۇ يىتۈ ياداغىن يالاڭىن ياناكەلتى. بودۇنىغ
(ө)
ئىگىدەيىن تىيىن، يىرغارۇ ئوغۇز بودۇن تاپا، ئىلگەرۇ
قىتانى تاتابى بودۇن تاپا بىرسگەرۇ (تابغاچ تاپا) ئۇلۇغ
سۇ ئەكى يىگىرمە... (سۇڭۇشتۇم، ئانتا)
(ü)
(29) كىسرە، تەڭرى يارلىقازۇ، قۇتىم بار ئۈچۈن ئۈلۈگىم بار
ئۈچۈن ئولتەچى بودۇنىغ تىرىگرۇ ئىگتىم، يالاڭ بودۇنىغ
(ө)
تونلىغ، چىغانى بودۇنىغ باي قىلتىم. ئاز بودۇنىغ ئۈكۈش
قىلتىم. ئىغار ئەللىگدە (ئىغار قاغانلىغدا يەگ قىلتىم،
تورت بۇلۇڭداقى)
(30) بودۇنىغ قوپ باز قىلتىم، ياغسىز قىلتىم. قوپ ماڭا
كورتى. ئىسىگ كۈچىگ بىرۈر. بۇنچا تورۇگ قازغانىپ
ئىنىم كول تىگىن ئوزىنچە كەرگەك بولتى. قاڭىم قاغان
ئۈچدۇقتا، ئىنىم كول تىگىن (يىتى ياشدا قالتى..........)
(31) ئۇماي تەگ ئوگىم قاتۇن قۇتىڭا ئىنىم كول تىگىن ئەرئات
(ө)

بولتی، ئالتی یىگىرمى یاشىدا ئەچىم قاغان ئىلىن تۇرۇ-
(θ)
سىن ئانچا قازغانتی. ئالتی چۇب سوغداق تاپا سۇلەدىمىز،
بۇزدىمىز. تابغاچ ئوڭ تۇتۇق بەس تۇ (مەن سۇ كەلتى،
سۇڭۇسدىمىز).

(32) كول تىگىن یاداغىن ئوپلایۇ تەگدی، ئوڭ تۇتۇق یورچىن
یاراقلىغى ئەلىگىن تۇتدی، یاراقلىغدی، قاغانقا ئانچۇلادی،
ئول سۇگ ئانتا یوققىشدىمىز. بىر ئوتۇز یاشىقا چاچا
(o)
سەنگۇنكە سۇڭۇسدىمىز. ئەڭ ئىلكى تادىقىن چۇرىڭ بوز
(ئاتىغ بىنىپ تەگدی. ئول ئات ئانتا)

(33) ئولتی. ئەكىنتى ئىشبارا یامتار بوز ئاتىغ بىنىپ تەگدی،
ئول ئات ئانتا ئولتی؛ ئۇچىنچ یەگىن سىلىگ بەگىڭ
كەدىملىگ تورىغ ئات بىنىپ تەگدی، ئول ئات ئانتا
ئولتی. یاراقىنتا یەلمەسىنتە یۈز ئارتۇق ئوقۇن ئۇرتی یۈزىكە
باشىغا بىر (تەگۇرمەدی)......................

(34) تەگدۇكىن، تۈرك بەگلەر، قوپ بىلىرسىز. ئول سۇگ ئانتا
یوققىشدىمىز. ئانتا كىسرە یىر بایىرقۇ ئۇلۇغ ئىركىن یاغى
بولتی. ئانی یانىپ تۈرگى یارغۇن كولتە بۇزدىمىز؛ ئۇلۇغ ئىركىن
(θ) (ü)
ئازقىنیا ئەرىن تەزىپ باردی. كول تىگىن (ئالتی ئوتۇز)

(35) یاشىغا قىرقىز تاپا سۇلەدىمىز؛ سۇڭوگ باتىمى قارىغ سوكىپەن،
(θ)
كوگمەن یىشىغ توغا یورىپ، قىرقىز بودۇنىغ ئۇدا باسدىمىز؛
قاغانىغ بىرلە سوڭا یىشدا سۇڭۇشدىمىز؛ كول تىگىن بایىرقۇ(نىغ
ئاق ئادغىرىغ)

(36) بىنىپ ئوپلایۇ تەگدی؛ بىر ئەرىگ ئوقۇن ئۇردی، ئەكى
ئەرىگ ئۇدىشرۇ سانچدی؛ ئول تەگدۇكتە بایىرقۇنۇڭ ئاق
ئادغىرىغ ئۇدلىقىن سىیۇ ئۇرتی. قىرقىز قاغانىن ئولۇرتىمىز،

ئېلىن ئالتىمىز. ئول يېلقا تۆر - (گىس تاپا ئالتۆن يېشىغ)
(37) تۇغا ئەرتىسى ئۆگۆزىنگ كەچە يورىدىمىز. تۆرگىس بودۇنىغ ئۆدا
باسدىمىز؛ تۆرگىس قاغان سۇسى بولچۇدا ئوتچا بورچا كەلتى،
(ü)
سۆكۆسدىمىز، كول تىگىن باشغۇ بوزئات بىنىپ تەگدى. باشغۇ
بوز ...
(38) ... ئەكسىن ئوزى ئالتىزدى. ئانتا يانا كىرىپ تۆرگىس
(ө)
قاغان بۇيۇرۇقى ئازتۇتۇئۇغ ئەلىگىن تۇتدى. قاغانىن ئانتا ئۆلۆر-
تىمىز، ئېلىن ئالتىمىز؛ قارا تۆرگىس بودۇن قوپ ئىچىكدى؛ ئول
بودۇنىغ (تاباردا قوندۇرتىمىز) يانا يورىپ
(39) سوغداق بودۇن ئېتەيىن تىيىن، يېنچۇ ئۆگۆزىنگ كەچە تە-
مىر قاپىغقا تەگى سۇلەدىمىز. ئانتاكىسرە قارا تۆرگىس بو-
دۇن ياغى بولمىش كەنگە رەس تاپا باردى. بىزنىڭ سۇ ئاتى
تورۇق، ئازۇق يوق ئەرتى، يابلاق
(ü)
كىسى ئەر...
(40) ئالپ ئەربىزىنگە تەگمىس ئەرتى. ئانتاغ ئۆدكە ئوكۇنىپ، كول
تىگىننىڭ ئاز ئەرىن ئېرتۇرۇ ئىتتىمىز، ئۇلۇغ
(ө)
سۆڭۆس سۆڭۆسمىس، ئالپ شالچى ئاق ئاتىن بىنىپ تەگمىس،
قارا تۆرگىس بودۇنىغ ئانتا ئۆلۆرمىس، ئالمىس يانا يورىپ......

## شمال تەرىپى

(1) ... بىرلە قۇشۇ تۇتۇق بىرلە سۆكۆسمىس، ئەرىن قوپ ئۆلۆر-
مىس، ئەبىن بارىمىن قالىسىز قوپ كەلۆرتى. كول تىگىن
يېتى ئوتۇز ياشقا، قارلۇق بودۇن ئەرۆر بارۆر ئەركلى
ياغى بولتى. تاماغ ئىدۇق باشدا سۆكۆسدىمىز.
(2) (كول) تىگىن ئول سۆكۆسدە ئوتۇز ياشيۇر ئەرتى؛ ئالپ
شالچى (ئاق-ئا) تىن بىنىپ ئوپلا يۇ تەگدى؛
ئەكى ئەرىگ ئودىشرۇ سانچدى. قارلۇقۇغ ئولۆر-

تىمىز، ئالتىمىز؛ئاز بودۇن ياغى بولتى؛ قارا كولته سۇڭۇسدىمىز،
كول تىگىن بىر قىرق ياشايۇر ئەرتى؛ ئالىپ شالىچى ئاقىن بىنىپ
(3) ئوپلا يو تەگدى؛ ئاز ئەلتەبەرىگ تۇتدى؛ ئاز بودۇن ئانتا
يوق بولتى. ئەچىم قاغان ئىلى قامشاق بولتۇقىنتا، بودۇن
ئىلىگى ئىكەگۇ بولتۇقىنتا ئىزگىل بودۇن بىرله سۇڭۇسدىمىز.
كول تىگىن ئالىپ شالىچى ئاقىن بىنىپ
(4) ئوپلا (يو تەگدى). ئول ئات ئانتا تۇس - (دى) ئىزگىل
بودۇن ئولتى. توقۇز ئوغۇز بودۇن كەنتۇ بودۇنىم ئەرتى؛
تەڭرى يىر بۇلغاقىن ئۈچۈن ياغى بولتى؛ بىر يىلقا بىس
يولى سۇڭۇسدىمىز؛ ئەڭ ئىلكى توغۇ بالىقدا سۇڭۇسدىمىز.
(5) كول تىگىن ئازمان ئاقىغ بىنىپ، ئوپلا يۇ تەگدى. ئالتى
ئەرىگ سانچدى. سۇ تەگىسىنتە يىتىنىچ ئەرىگ
(ü)
قىلىچلادى؛ ئەكىنتى قۇشلاغاقدا ئەدىز بىرله سۇڭۇسدىمىز، كول
تىگىن ئاز ياغىزىن بىنىپ ئوپلايۇ تەگىپ، بىر ئەرىگ سانچدى.
(6) توقۇز ئەرىگ ئەگىره توقدى؛ ئەدىز بودۇن ئانتا ئولتى؛
ئۈچىنچ بو (لچۇ) دا ئوغۇز بىرله سۇڭۇسدىمىز. كول تىگىن
ئازمان ئاقىغ بىنىپ تەگدى، سانچدى؛ سۇسىن سانچدىمىز، ئىلىن
ئالتىمىز؛ تورتىنچ چۇش باشىنتا سۇڭۇسدىمىز؛ تۇرك
(ü)
(7) بودۇن ئاداغ قامشادى. يابلاق بولتاچى ئەرتى؛ ئوزا كەلمىس
سۇسىن كول تىگىن ئاغىتىپ، توڭرا بىر ئوغۇش ئالپا غۇئون
ئەرىگ، توڭا تىگىن يوغىنتا، ئەگىرىپ ئولۇرتىمىز. بىشىنچ ئەز-
گەنتى قادازدا ئوغۇز بىرله سۇڭۇسدىمىز. كول تىگىن
(8) ئازياغىزىن بىنىپ تەگدى. ئەكى ئەرىگ سانچدى، بالىققا
باسىقتى. ئول سۇ ئانتا
(ü)
ئولتى. ئامغى قۇرغان قىشلاپ يازىڭا ئوغۇزغارۇ سۇ تاشىقدىمىز.
(ü) (ɵ)

كۆل تىگىن ئەبىگ باشلايۇ ئاقىتتىمىز. ئوغۇز ياغىسى ئوردۇغ
باسدى. كول تىگىن
(9) ئوگسىز ئاقىن بىنىپ توقۇز ئەرىن سانچدى، ئوردۇغ بەر-
مەدى. ئوگىم قاتۇن ئۇلايۇ ئوگلەرىم، ئەكەلەرىم، كەلىنگۈنىم،
(ɵ)
قۇنچۇيلارىم بۇنچا يەمە تىرىگى كۇڭ بولتاچىئەرتى. ئولۇگى
(ü)
يۇرتدا يولىتا ياتۇ قالتاچى ئەرتىگىز (!)
(10) كول تىگىن يوق ئەرسەر، قوپ ئۇلتەچى ئەرتىگىز (!) ئىنىم كول
تىگىن كەرگەك بولتى، ئۆزىم ساقىنتىم؛ كورۇر كوزىم كورمەستەگ،
(ɵ)
بىلىر بىلىگىم بىلمەز تەگ بولتى. ئوزىم ساقىنتىم. ئۆد تەڭرى
(ɵ)
ياسار، كىشى ئوغلى قوپ ئولگە لى تورۇمىس
(ɵ)
(11) ئانچا ساقىنتىم، كوزدە ياس كەلسەر تىدا، كوڭۇلتەسىغىت
كەلسەر، يانتۇرۇ ساقىنتىم؛ قاتىغدى ساقىنتىم ئەكى شاد ئۇلايۇ
ئىنيىگۈنىم بەگلەرىم، بودۇنىم كوزى قاشى يابلاق بولتاچى تىپ،
ساقىنتىم. يۇغچى، سىغىتچى، قىتان، تاتابى بودۇن باشلايۇ
(12) ئۇدار سەنگۈن كەلتى؛ تابغاچ قاغانتا ئىسيى لىكەڭ كەلتى.
بىرتۇمەن ئاغى، ئالتۇن، كۇمۇش كەرگەكسىز كەلۇرتى؛ تۇبۇت
قاغانتا بولون كەلتى. قۇرىغا كۇن باتىسقىداقى سوغد، بەرچەكەر،
بۇقاراق ئولۇس بودۇنتا نەڭ سەنگۈن ئوغۇل تارقان كەلتى.
(13) ئون ئوق ئوغلىم تۇرگىس قاغانتا ماقراچ تامغاچى،
(ɵ)(ɵ)
ئوغۇز بىلگە تامغاچى كەلتى؛ قىرقىز قاغانتا تاردۇش
ئىنانچى چۇر كەلتى؛ بارق ئىتىگۈچى، بەدىز ياراتىغما
بىتىگ تاش ئىتىگۈچى تابغاچ قاغان چىقانى چاڭ سەنگۈن كەلتى

## شەرقى شىمال تەرىپى

كول تىگىن قونىي يىلقا يىتى يىگىرمەكە ئۆچدى. توقۇزىنچ ئاي يەتى ئوتۇزقا يوغ ئەرتۈرتىمىز. بارقىن بەدىزىن بىتىگ تاشىن بىچىن يىلقا يىتىنچى ئاي يىتى توقۇزقا قوپ ئالقادىمىز. كول تىگىن ئولۇپ قىرق ئارتۇقى يىتى ياشىلىغ بولتى تاش... بۇنچا بەدىزچىگ تويغۇن ئەلتەبەر كەلۈرتى.

## شەرقى جەنۇپ تەرىپى

بۇنچا بىتىگ بىتىگمە كول تىگىن ئاتىسى يوللۇغ تىگىن بىتىدىم.

يىگىرمى كۈن ئولۇرۇپ بۇ تاشقا بوتامقا قوپ يوللۇغ تىگىن بىتىدىم. ئىغار ئوغلانىڭىزدا تايغۇنىڭىزدا يىگەدى ئىگەدۈر ئەرتىگىز. ئۇچا باردىغىز تەڭرد(دە) تىرىگدە كىچە①...

## غەربى جەنۇپ تەرىپى

كول تىگىننىڭ ئالتۇنىن، كۈمۈشىن، ئاغىسىن، باردىمىن، تورت مىڭ يىلقىسىن ئايىغما تويغۇت بۇ... بەگىم تىگىن يۈگەرۈ تەڭرى...... تاش بىتىدىم يوللۇغ تىگىن.

## غەرپ تەرىپى

قۇردان سوغد ئۆرتى ئىنىم كول تىگىن...... ئىسىگ كۈچىگ بىرتۈك ئۈچۈن تۈرك بىلگە قاغان ئايۇقىدا ئىنىم كول تىگىنىگ كوزەدۈ ئولورتىدىم... ئىنانچو ئاپا يارغان تارقان ئاتىغ بىرتىم، ئانى ئۇگتۈرتۈم.

---

① تومسىن بۇ قۇرنى: «تەڭرى تىرىگ ئەتكۈچى» دەپ ئوقۇغان.

# «كول تىگىن مەڭگۈ تېشى» دىن ئۆرنەك

(31) ئۇماي تەگ ئۆگىم قاتۇن قۇتىڭا ئىنىم كول تىگىن ئەر ئات بولتى، ئالتى يىگىرمى ياشىڭا ئەچىم قاغان ئىلىن تورۇسىن ئانچا قازغانتى. ئالتى چۇب سوغداق تاپا سۇلەدىمىز، بوزدىمىز. تابغاچ ئوڭ تۇتۇق بەس تۇمەن سۇ كەلتى، سۇڭۇشدىمىز.

(32) كول تىگىن ياداغىن ئوپلايۇ تەگدى. ئوڭ تۇتۇق يورچىن ياراقلىغى ئەلىگىن تۇتدى، ياراقلىغدى، قاغانقا ئانچۇلادى. ئول سۇگ ئانتا يوقىشدىمىز. بىر ئوتۇز ياشىڭا چاچا سەنگۈنكە سۇڭۇشدىمىز. ئەڭ ئىلكى تادىقىن چۇرىڭ بوز ئاتىغ بىنىپ تەگدى. ئول ئات ئانتا

## تەرجىمىسى

### جەنۇپ تەرىپى

(1) مەنكى تەڭرىدەك، تەڭرىدىن تورەلگەن تۈرك بىلگە خاقان بۇ ۋاقىتتا (تەختتە) ئولتۇردۇم. سوزۇمنى تولۇق ئاڭلاڭلار: ئالدى بىلەن ئىنىلىرىم ۋە ئوغۇللىرىم، ئاندىن قالسا، ئۇرۇقلىرىم ۋە خەلقىم، ئوڭ تەرەپتىكى شاداپىت بەگلەر، سول تەرەپتىكى تارقانلار،

بۇيرۇق بەگلەر، ئوتتۇز (تاتار) ... (2) توققۇز ئوغۇز بەگلىرى، خەلقلىرى، سىلەر بۇ سۆزلىرىمنى ياخشى ئىشىتىڭلار، قاتتىق تىڭلاڭلار، ئالدى (شەرق) تەرەپتىن كۈن چىقىشىغىچە، ئوڭ (جەنۇپ) تەرەپتىن كۈن ئوتتۇرىسىغىچە، ئارقا (غەرب) تەرەپتىن كۈن پېتىشىغىچە، سول (شىمال) تەرەپتىن تۈن ئوتتۇرىسىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارايدۇ. مۇشۇنداق كۆپ (3) خەلقنى مەن ئۇيۇشتۇردۇم. ئەمدى ئۇلارغا يامانلىق يوق، تۈرك خاقانى ئۆتۈكەن تاغدا ئولتۇرۇۋەرسە، ئەلدە مۇڭ-قايغۇ بولمايدۇ. ئالدى تەرەپ (شەرق) تىن سەندۇڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتىم. دېڭىز (ساھىلى) غا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم، ئوڭ (جەنۇپ)تىن توققۇز ئەرسەنگىچە قوشۇن تارتتىم، تىبەتكە يېتىپ بېرىشقا ئاز قالدىم. ئارقا تەرەپ (غەرب)تىن يىنچۈ دەرياسىنى (4) كېچىپ ئۆتۈپ، تۆمۈر قاپىقىغىچە قوشۇن تارتتىم. سول (شىمال)دىن بايىرقۇ زېمىنىگىچە قوشۇن تارتتىم. مەن شۇنچىلا كۆپ جايلارغىچە قوشۇن تارتىپ باردىم، (لېكىن) ئۆتۈكەن تېغىدىن ياخشى جاي زادى يوق ئىكەن. ئەلنى ئىدارە قىلىدىغان يەر ئۆتۈكەن تېغى ئىكەن. بۇ يەردە ئولتۇرۇپ، تابغاچ خەلقى بىلەن (5) ياراشتىم. (ئۇلار) ئالتۇن-كۈمۈش، ھاراق-شاراپ، يىپەك (ماللار)نى غەم قىلماي بېرىدۇ؛ تابغاچ خەلقىنىڭ گېپى چۈچۈك، سوغىلىرى ① ئىسىل ئىكەن، تاتلىق سۆزى ئىسىل سوغىلىرى ئارقىلىق يىراقتىكى خەلقلەرنى ئۆزلىرىگە شۇنچە يېقىنلاشتۇرىدىكەن. (ئۇلارغا) يېقىنلاشقاندىن كېيىن (ئۆزلىرىنىڭ) يامان ھىيلىلىرىنى چىقىرىدىكەن، (6) ياخشى ئەقىللىق كىشىلەرنى ناھايىتى باتۇر كىشىلەرنى ئىلگىرى كەلتۈرمەيدىكەن، بىر كىشى خاتالاشسا (ئۇنىڭ) ئۇرۇغى، قەۋمى ۋە بۇشۇگىدىكىگىچە

---

① ئەسلى تېكىستتە بۇ سۆز "ئاغسى يىمشاق" دېيىلگەن بولۇپ، "يۇمشاق تاۋارلىرى" دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

روناق تاپقۇزمايدىكەن. (ئۇلارنىڭ) چۇچۇك سۆزىگە، ئىسىل سوغىلىرىغا ئىشىنىپ، نۇرغۇن تۈرك خەلقى ئۆلدۈڭلار. تۈرك خەلقى هالاك بولغاندىن كېيىن (قالغانلىرى) جەنۇپتىكى چوغاي تېغىغا توپلىنىپ (7) يايلاقتا ئولتۇراقلىشايلى دىسە، يامان نىيەتلىك كىشىلەر تۈرك خەلقىنى شۇيەردە ئۆلسۇن دەپ: (ئەگەر تابغاچقا) يىراق بولساڭلار، ناچار سوغا بېرىدۇ، يېقىن بولساڭلار، ياخشى سوغا بېرىدۇ، دەپ قۇتراتقۇلۇق قىپتۇ؛ بۇ ھىلىنى بىلمىگەن كىشىلەر ئۇ سۆزگە ئىشىنىپ، تابغاچقا يېقىن بېرىپ، (نەتىجىدە) نۇرغۇن كىشى ئۆلدۈڭلار. (8) ئۇ يەرگە بارساڭلار، تۈرك خەلقى ئۆلىسىلەر، ئوتۈكەن زىمىنىدا ئولتۇرۇپ، (ئۇلارغا) كارۋان ۋە ئەلچىلەرنىلا ئەۋەتسەڭلار (ئەلدە) ھېچقانداق غەم-قايغۇ بولمايدۇ. ئوتۈكەن تېغىدا تۇرۇۋەرسەڭلار، ئەلنى مەڭگۈ تۇتۇپ تۇرالايسىلەر.

... تۈرك خەلقى، سىلەر قانائەتچانسىلەر، ئاچ-توق قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، تويغان ۋاقتىڭلاردا ئاچ قالىدىغانلىقىڭلارنى ئويلىمايسىلەر، شۇنداق قىلغانلىقىڭلار (9) ئۈچۈن، ئوزەڭلارنى بېقىۋاتقان خاقانىڭلارنىڭ سۆزىنى ئالماي، ھەر تەرەپكە پىتىراپ كەتتىڭلار، (نەتىجىدە) ئۇ يەرلەردە ھالسىزلاندىڭلار، جېنىڭلاردىن ئايرىلدىڭلار. قالغانلىرىڭلار سەرگەردان بولۇپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا كېلىپ قالدىڭلار، تەڭرى مەدەت بەرگەنلىگى ئۈچۈن، ئۆزەمنىڭ بەختىم بولغانلىغى ئۈچۈن، خاقانلىققا ئولتۇردۇم. خاقان بولۇپ (10) يوقسۇل خەلقنى يىغدىم، يوقسۇللارنى باي قىلدىم، ئاز خەلقنى كۆپ قىلدىم، مېنىڭ بۇ سۆزلىرىمدە يالغانچىلىق بارمۇ؟ تۈرك بەگلىرى ۋە تۈرك خەلقى، بۇ گەپلەرنى ئاڭلاڭلار! مەن بۇ يەرگە تۈرك خەلقىنى يىغىپ، ئەل تۇتقانلىغىڭلارنى ئويدۇردۇم، سىلەرنىڭ يېڭىلىپ (خاتالىشىپ) ئۆلگەنلىگىڭلارنىمۇ (11) بۇ يەرگە ئويدۇردۇم، قانداق سۆزۈم بولسا (ھەممىسىنى) مەڭگۈ تاشقا ئويدۇردۇم؛ بۇنى كۆرۈپ بىلىڭلار، ھازىرقى تۈرك خەلقى ۋە بەگلىرى، تەختكە قارايدىغان بەگلەر، سىلەر (يەنە) خاتالىشامسىلەر؟!

مەن (مەڭگۈ تاش ...تابغاچ) خاقانىدىن نەققاشچى كەلتۈردۈم، (ئۇلار-
غا قەۋرىنى) نەقىشلەتتىم، (ئۇلار) مىنىڭ سوزۇمنى ياندۇرمىدى.
(تابغاچ خاقانى) (12) تابغاچ خاقانىنىڭ ئوردا نەققاشچىلىرىنى ئە-
ۋەتتى. (مەن) ئۇلارغا ھەيۋەتلىك بىنا سالدۇردۇم، ئىچى، تىشىغا
كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان نەقىشلەرنى ئويدۇردۇم. مەڭگۈ تاش
ياساتتىم. كوڭلۈمدىكى سوزلىرىمنى (ئويدۇردۇم.) (ئون ئوق)
ئەۋلاتلىرى ۋە يات ئۇرۇق پۇقرالىرىغىچە ھەممىڭلار بۇنى كو-
رۇپ بىلگەيسىلەر؛ مەڭگۈ تاش (13) ئورناتتىم. (بۇيەر) ئادەم-
لەر ئوتىدىغان مۇھىم يەر بولغاچقا، مۇشۇ جايغا مەڭگۈ تاشنى
تۇرغۇزدۇم، (سوزلىرىمنى ئۇنىڭغا) يازدۇردۇم، ئۇنى كورۇپ
بىلىۋېلىڭلار. ئۇ تاش ... مەن ... دىم. بۇ مەڭگۈ تاشقا خەت
يازغۇچى جىيەن ئوغلى يوللۇغ تىگىن.

## شەرق تەرىپى

(1) ئۈستىمىزدىكى كوك ئاسمان بىلەن ئاستىمىزدىكى قوڭۇر
تۇپراق يارىتىلغاندا، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئىنسان بالىسى يارىتىلىپ-
تۇ. ئىنسان بالىسى ئۈستىدە ئاتا-بوۋام بۇمىن خاقان، ئىستەمى
خاقان ئولتۇرۇپتۇ. ئۇلار تەختتە ئولتۇرۇپ، تۈرك خەلقىنىڭ ئېلىنى
قۇرۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ قانۇن-تۈزۈمىنى تۈزۈپ بىرىپتۇ. (بۇ چاغدا)
(2) تۆت ئەتراپتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلارنىڭ دۈشمىنى ئىكەن.
قوشۇن چىقىرىپ، تۆت ئەتراپتىكى خەلقنىڭ ھەممىسىنى قولغا
كەلتۈرۈپتۇ، ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇپتۇ. بىشى بارلىرىنى باش ئۇر-
دۇرۇپتۇ، تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتۇ، ئۇلارنى شەرقتىن تاكى قا-
دىرقان ① تاغلىرى، غەربتىن تا تومۇر قاپىقىغىچە بولغان جايلارغا
ئولتۇراقلاشتۇرۇپتۇ. ئىككىسى ئارىسىدا (3) ئىگىسىز قالغان

① قادىر قان تىغى ــ ھازىرقى شىڭئەنلىڭ (ھىنگان تىغى)نى كورسىتىدۇ.

كۆك تۈركلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىپتۇ. ئۇلار دانا خاقان ئىكەن. باتۇر خاقان ئىكەن. بۇيرۇقلىرىمۇ① ئېھتىمال دانا بولسا كېرەك، باتۇر بولسا كېرەك، بەگلىرى ۋە خەلقىمۇ سادىق ئىكەن. شۇڭا ئۇلار دۆلەتكە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىپتۇ. ئەلنى باشقۇرۇشنىڭ قانۇنىي تۈزۈملىرىنى ئورنىتىپتۇ. (4) كېيىنچە، ئۇلار قازا تېپىپتۇ. تەزىيە بىلدۈرگۈچىلەر، قايغۇ بىلدۈرگۈچىلەر كۈن چىقىشتىكى بوكلى چۆللۈك ئېلىدىن، تابغاچلاردىن، تۈبۈتلەردىن، ئاپارلاردىن، پۇرۇملاردىن، قىرغىزلاردىن، ئۈچ قۇرىقانلاردىن، ئوتتۇز تاتارلاردىن، قىتانلاردىن، تاتابىلاردىن بولۇپ شۇنچە كۆپ ئادەم كېلىپ، ئۇلارغا قايغۇسىنى ئىپادىلەپتۇ. تەزىيە بىلدۈرۈپتۇ. ئۇلار ئەنە شۇنداق داڭلىق خاقانلاردىن بولغان ئىكەن، ئاندىن كېيىن ئىنىلىرى خاقان (5) بوپتۇ. ئوغۇللىرىمۇ خاقان بوپتۇ. كېيىن ئىنىسى ئاكىسىنى دورىماپتۇ. ئوغلى ئاتىسىنى دورىماپتۇ. بىلىمسىز خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ، بۇزۇق خاقان تەختتە ئولتۇرۇپتۇ. بۇيرۇقلىرىمۇ ئېھتىمال بىلىمسىزلەردىن، بۇزۇقلاردىن بولسا كېرەك. (6) بەگلىرىدە، خەلقىدە ساداقەت بولمىغانلىقى ئۈچۈن... ئىنى بىلەن ئاكىنى ئۈچمەنلەشتۈرۈپ قويغانلىقى ئۈچۈن، بەگلەر بىلەن خەلق ئارىسىغا سوغاقچىلىق سېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، تۈرك خەلقى تىكلىنىپ بولغان دۆلىتىدىن مەھرۇم بولۇپتۇ، (7) خاقان دەپ نام ئالغان خاقانىدىن ئايرىلىپ قاپتۇ؛ ...... تۈرك بەگلەر تۈرك دېگەن نامدىن ۋاز كېچىشىپ تابغاچ پەرەس بەگلەر تابغاچ ناملىرىنى قوللىنىپ، تابغاچ خاقانىغا (8) بېقىنىپتۇ. ئۇلار ئۈچۈن ئەللىك يىل كۈچ چىقىرىپ ئىشلەپتۇ. ئۇلار ئالدى تەرەپ كۈن چىقىشتىن تا بوكلى خاقان يۇرتىغا، غەرپتىن تۆمۈر قاپقىغىچە قوشۇن تارتىپ ئۇلارنىڭ دۆلىتى ۋە ھاكىمىيىتىنى تابغاچ خاقانىغا (9) ئېلىپ بې-

① بۇيرۇق — مەنسەپ - ئەمەل نامى.

رىپتۇ. بارلىق تۈرك بۇقرالىرى: ئېلى بار خەلق ئىدۇق، ئەمدى
ئېلىمىز قېنى؟ كىمگە ئەل قۇرغۇزىمىز؟ خاقانلىق خەلق ئىدۇق،
خاقانىمىز قېنى؟ قايسى خاقانغا خىزمەت قىلىمىز؛ كۈچىمىزنى (10)
چىقىرىمىز؛ دەپتۇ. مۇشۇنداق دېيىشىپ تابغاچ خاقانغا دۈشمەن بوپتۇ.
دۈشمەن بولۇپ، (ئىچكى جەھەتتە) قائىدە - تۈزۈملىرىنى يولغا قو-
يالمىغانلىقتىن يەنە (تابغاچقا) بېقىنىپتۇ. (تابغاچ خاقانى ئۇلار-
نىڭ) شۇنچىۋالا ئىشلەپ بەرگەنلىكى ۋە كۈچ چىقارغانلىقىغا قارىماي
تۈرك خەلقىنى ئۆلتۈرەي، ئۇرۇقىنى قويماي، دەپتۇ (ۋە ئۇلار-
نى) يوقىتىشقا ئاتلىنىپتۇ. (لېكىن) ئۈستىمىزدىكى تۈرك تەڭرىسى،
(تۆۋەندىكى) تۈرك مۇقەددەس يەر (11) سۈيى ① مۇنداق دەپتۇ:
"تۈرك خەلقى يوقالمىسۇن! ئۇلار خەلق بولسۇن!" (شۇنىڭ بىلەن)
ئاتام ئىلتەرىش خاقانى، ئانام ئېلبىلگە خاتۇن (خانىش)نى
تەڭرى تۇپىسىدىن تۇتۇپ ئېگىز كۆتىرىپتۇ. ئاتام خاقان ئون
يەتتە ئەر بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ. (ئۇلارنىڭ) سىرتتا (12) يۈر-
گەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەھەردىكىلەر تاققا چىقىپ-
تۇ، تاغدىكىلەر تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ، (بۇلار) يىغىلىپ يەتمىش ئەر
بوپتۇ. تەڭرى كۈچ - قۇۋۋەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئاتام خاقاننىڭ
ئەسكەرلىرى بۆرىدەك، ئۇنىڭ دۈشمەنلىرى قويدەك ئىكەن؛ شەرق-
تىن غەرپكىچە يۈرۈش قىلىپ توپلىغان كىشى (13) يەتتە يۈز
بوپتۇ. يەتتە يۈز كىشى بولغاندىن كېيىن، (ئاتام خاقان) ئاتا -
بوۋامنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرى بويىچە دۆلىتىدىن، خاقانىدىن ئاي-
رىلغان خەلقلەرنى، دىدەككە ئايلانغان، قۇل بولغان خەلقلەرنى
تەشكىللەپتۇ ۋە تەربىيىلەپتۇ. ئۇ يەردە تۆلىس، تاردۇش خەل-
قىنى تەشكىللەپتۇ. (14) ھەمدە ئۇلارنىڭ باشلىقلىرىغا يابغۇ ۋە
شاد (ئۇنۋانىنى) بېرىپتۇ. ئوڭ تەرەپ (جەنۇپ)تە تابغاچلار دۈش-
مىنى ئىكەن، سول تەرەپ (شىمال) تە باز خاقانى ۋە توققۇز

① مۇقەددەس يەر - سۇ — ئىلاھ دىگەن مەنىدە.

ئوغۇزلار دۈشمىنى ئىكەن، قىرغىزلار، قۇرىقانلار، ئوتتۇز تاتارلار، قىتانلار، تاتابىلارنىڭ ھەممىسى دۈشمىنى ئىكەن. ئاتام خاقان مۇنچە... (15) ئۇ قىرىق يەتتە قېتىم ئەسكەر چىقىرىپتۇ، يىگىرمە قېتىم جەڭ قىپتۇ. تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، دۆلىتى بارلارنى دۆلەتسىز مەھرۇم قىپتۇ، خاقانلىرى بارلارنى خاقانسىز مەھرۇم قىپتۇ، دۈشمەنلەرنى بويسۇندۇرۇپتۇ، تىزى بارلىرىنى تىزلاندۇرۇپتۇ، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇرۇپتۇ. ئاتام خاقان ئاشۇنداق قىلىپ دۆلەت قۇرغان (16) ۋە قانۇن-تۈزۈم ئورناتقاندىن كېيىن بۇ دۇنيادىن ئۆتۈپتۇ①. ئاتام خاقاننى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن باز خاقاننى بالبال② قىلىپ تىكلەپتۇ. كېيىن قانۇن-تۈزۈمگە ئاساسەن، تاغام خاقان بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. تاغام خاقان بولغاندىن كېيىن تۈرك خەلقىنى قايتىدىن تەشكىللىدى ۋە بېقىپ تەربىيىلىدى. يوقسۇللارنى باي قىلدى، ئازنى كۆپ قىلدى. (17) تاغام خاقانلىقتا ئولتۇرغاندا، مەن تاردۇش خەلقى ئۈستىدىكى شاد ئىدىم. مەن تاغام خاقان بىلەن بىللە، ئالدى تەرەپ (شەرق)تىن تا يېشىل دەريا ۋە سەندۈڭ تۈزلەڭلىكىگىچە قوشۇن تارتتۇق. ئارقا تەرەپ (غەرپ)تىن تا تۆمۈر (قاپىقىغىچە) قوشۇن تارتتۇق. ھەممە كۆگمەن تېغىدىن ئېشىپ قىر-(غىزلار زېمىنىغىچە قوشۇن تارتىپ باردۇق). (18) جەمئىي يىگىرمە بەش قېتىم قوشۇن چىقاردۇق، ئون ئۈچ قېتىم ئۇرۇشتۇق. دۆلىتى بارلارنى دۆلەتسىز مەھرۇم قىلدۇق، خاقانى بارلارنى خاقانسىز ئايىردۇق، تىزى بارلارنى تىزلاندۇردۇق، بېشى بارلارنى باش ئۇردۇردۇق. تۈركەش خا-

① ئەينەن تەرجىمىسى: ئۇچۇپ كەتكەن ئىكەن.

② بالبال — قەدىمقى تۈركىي خەلقلەر ئادەمگە ئوخشىتىپ ياسالغان تاش ھەيكەلنى شۇنداق ئاتىغان

قان تۈركلىرىمىزدىن ئىدى، ئۆز خەلقىمىز ئىگەللىگىنى بىلمىگەلىكى (19) ئۈچۈن، بىزنىڭ ئالدىمىزدا خاتا ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ خاقانى ئۆلدى. بۇيرۇقلىرى، بەگلىرىمۇ ئۆلدى. ئون ئوق خەلقى زۇلۇم چەكتى. ئاتا-بوۋام ھۆكۈمرانلىق قىلغان يەرلەر ئىگىسىز قالمىسۇن ئۈچۈن، ئاز خەلقىنى تەشكىللەپ... (20) (ئۇ ئەسلىدە) بارس بەگ ئىدى، بىز ئۇنىڭغا خاقان دىگەن نامنى بەردۇق ھەمدە مەلىكە سىڭلىمنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلدۇق؛ ئۆزى خاتالاشتى، خاقانى ئۆلدى، خەلقى دىدەك ۋە قۇلغا ئايلاندى. كوگمەن يەر-سۈيى ئىگىسىز قالمىسۇن ئۈچۈن ئاز ساندىكى قىرغىز خەلقىنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن باردۇق، ئۇرۇش قىلدۇق، شۇنداقلا (دۆلىتىنى) (21) يەنە (ئۆزىگە) بەردۇق. شەرقتىن، قادىرقان تېغىدىن ئېشىپ، خەلقلەرنى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق؛ غەربتىن، تا كەنگۈ تارمانغىچە ① بېرىپ، تۈرك خەلقىنى ئاشۇنداق ئولتۇراقلاشتۇردۇق، ئاشۇنداق تەشكىللىدۇق. ئۇ چاغدا، قۇللار قۇللۇق بولدى، دىدەكلەر دىدەكلىك بولدى. ئىنىسى ئاكىسىنى تونۇماس، ئوغلى ئاتىسىنى تونۇماس ئىدى. (22) بىز تىرىشىپ قۇرغان دۆلەتنىڭ قانۇنى تۈزۈمى ئەنە شۇنداق ئىدى. تۈرك، ئوغۇز بەگلىرى، خەلقى ئىشىتىڭلار! ئۈستىمىزدىكى ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشمىسە، ئاستىمىزدىكى يەر يېرىلىپ كەتمىسە، دۆلىتىڭلارنى ۋە قانۇنى تۈزۈمىڭلارنى كىم بىت-چىت قىلالايدۇ؟ تۈرك خەلقى سىلەر (23) (خاتالىقىڭلارغا) ئوكۇنۇڭلار! سىلەر باشباشتاقلىق قىلغىنىڭلار ئۈچۈن، ئۆزەڭلارنى بېقىۋاتقان دانا خاقانىڭلار ۋە ئەركىن، ياخشى دۆلىتىڭلار ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزدۈڭلار. يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقاردىڭلار. (ئۇنداق بولمىسا) قوراللىقلار قاياقتىن كېلىپ (سىلەرنى) ھەيدىۋېتىدۇ؟ نەيزىلىكلەر قاياقتىن كېلىپ (سىلەرنى) سۈرۈپ توقاي قىلىۋېتىدۇ؟

① كەنگۈتارمان — يەرنىڭ نامى.

مۇقەددەس ئۆتۈكەن تېغىدىكى خەلقلەر، كەتتىڭلار. شەرققە بارىدىغىنىڭلار شەرققە (24) كەتتىڭلار، غەرپكە بارىدىغىنىڭلار غەرپكە كەتتىڭلار؛ سىلەرنىڭ بارغان يېرىڭلاردا كۆرگەن كۈنۈڭلەر مۇنداق بولدى، قېنىڭلار سۇدەك ئاقتى، سۆڭەكلىرىڭلار تاغدەك دۆۋىلەندى. بەگ بولىدىغان ئوغۇللىرىڭلار قۇل بولدى، پاك (خانىش بولىدىغان) قىزلىرىڭلار دېدەك بولدى. بىلمەسلىكىڭلاردىن، ئەسكىلىكىڭلاردىن تاغام خاقان دۇنيادىن ئۆتتى. (25) دەسلەپتە قىرغىز خاقانىنى بالبال قىلىپ تىكلىدىم. تۈرك خەلقىنىڭ نام-ئابرويىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئاتامنى خاقان، ئانامنى خانىش قىلىپ كۆتەرگەن تەڭرى، ئەل بەرگەن تەڭرى، تۈرك خەلقىنىڭ نام-شۆھرىتى يوقاپ كەتمىسۇن دەپ، (26) مېنى خاقان قىلىپ ئولتۇرغۇزدى. مەن روناق تاپقان خەلق ئۈستىدە ئولتۇرمىدىم، (بەلكى) يېگىلى ئېشى يوق، كىيگىلى كىيىمى يوق يوقسۇل بىچارە خەلقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن سۆزلەشتۇق، ئاتام، تاغام قولغا كەلتۈرگەن خەلقلەرنىڭ نام-ئابرويىنىڭ يوقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن (27) تۈرك خەلقى ئۈچۈن، تۈنلىرى (خاتىرجەم) ئۇخلىمىدىم، كۈندۈزلىرى (خاتىرجەم) ئولتۇرمىدىم، ئىنىم كۆل تېگىن بىلەن بىللە، ئىككى شادبىلەن بىللە، ئۆلە-تىرىلىشىمگە قارىماي تىرىشتىم؛ ئاشۇنداق تىرىشىپ يۈرۈپ خەلقنى ئوت-سۇ قىلمىدىم، ئىناق قىلدىم. مەن خاقانلىقتا ئولتۇرغان ۋاقتىمدا، ھەر تەرەپكە پىتراپ كەتكەن (28) خەلق ئۆلە-تىرىلىشىگە قارىماي پىيادە، يېلىڭ-يالىڭاچ ھالدا قايتىپ كەلدى. خەلقنى باقاي دەپ، شىمالدا ئوغۇزلار، شەرقتە قىتان، تاتابى خەلقى تەرەپكە ... جەنۇپتا تابغاچقا زور قوشۇننى باشلاپ ئون ئىككى قېتىم يۈرۈش قىلدىم. ئاندىن (29) كېيىن، تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، بەختىم بولغانلىقى ئۈچۈن، تەلىيىم بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلۈمگە يۈز تۇتقان خەلققە جان كىرگۈزدۈم. يالىڭاچ خەلقنى تونلۇق، يوقسۇل خەلقنى باي

قىلدىم. ئاز خەلقنى كوپ قىلدىم. (ئۇلارنى) كۈچلۈك دولتى
بار، كۈچلۈك خاقانى بار (خەلقلەردىمۇ) ياخشىراق ياشايدىغان
قىلدىم. توت ئەتراپتىكى (30) خەلقنىڭ ھەممىسىنى بوي سۇندۇردۇم.
ياۋسىز (دۈشمەنسىز) قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىدى،
ھەمدە (ماڭا) ئىش-كۈچىنى بەردى. ئىنىم كول تېگىن مۇشۇنچە
قانۇنىي تۈزۈمنى تۇرغۇزۇپ، تۇيۇقسىزلا قازا تاپتى. ئاتام خاقان
دۇنيادىن ئوتكەندە، ئىنىم كول تېگىن يەتتە ياشتا ئىدى (31)
ئۇمايدەك ئانام خانىشنىڭ دولىتىدە ئىنىم كول تېگىن ئەر ئاتالدى.
ئۇ ئون ئالتە ياش ۋاقتىدا تاغام خاقان دولەت ۋە قانۇنىي تۈ-
زۈمنى ئەنە شۇنداق قولغا كەلتۈردى. بىز ئالتە چوپ ① سوغداقا
يۈرۈش قىلدۇق، تارمار قىلدۇق. تابغاچنىڭ ۋاڭ تۇتۇقى بەش تۈ-
مەن ئەسكەر باشلاپ كەلدى، (ئۇلار بىلەن) سوقۇشتۇق. (32)
كول تېگىن پىيادە جەڭگە كىردى؛ ۋاڭ تۇتۇقنىڭ قېينى ئىنىسىنى
قوراللىق پېتى ئەسىرگە ئېلىپ، (ئۇنى) خاقانغا تەقدىم قىلدى.
ئۇ قوشۇننى شۇ يەردە يوقاتتۇق. ئۇ يىگىرمە بىر ياش ۋاقتىدا، بىز
چاچا سەنگۈن ② (جياڭجۈن) بىلەن سوقۇشتۇق.
دەسلەپتە، ئۇ (كول تېگىن) تادىقىن چۇرنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ
جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە ئولدى. ئىككىنچى قېتىم
ئىشبارا يامتارنىڭ بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات
ئۇ يەردە ئولدى. ئۈچىنچى قېتىم يەگىن سىلىگ بەگنىڭ
يوپۇقلۇق تورۇق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، بۇ ئات ئۇ يەردە
ئولدى. ئۇنىڭ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغىسى، يەلمەسىگە ③ يۈزدىن ئارتۇق
ئوق تەگدى (لېكىن) يۈز بېشىغا بىرتال ئوقىمۇ تەككۈزمىدى ...

① ئالتەچوپ — يەرنامى، ھازىرقى گەنسۇ ئولكىسى تەۋەسىدە.

② سەنگۈن — قەدىمقى تۈرك تىلىدا خەنزۇچە جياڭجۈن شۇنداق ئاتىلىدۇ.

③ يەلمە — جەڭدە كىيىدىغان يېپىنچا، يوپۇق.

(34) ... تۈرك بەگلىرى (ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى) ھەممىڭلار بىلىسىلەر. بىز بۇ قوشۇننى ئۇ يەردە يوقاتتۇق. ئاندىن كېيىن، يەر بايىرقۇنىڭ ئۇلۇغ ئىركىنى بىزگە دۈشمەن بولدى. ئۇنى چېكىندۇرۇپ، تۈرگى - يارغۇن كولىدە تار مار قىلدۇق. ئۇلۇغ ئىركىن ئازغىنا ئادىمى بىلەن قېچىپ كەتتى. كول تېگىن يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىدا (35) قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدۇق، نەيزە بويى قېلىنلىقتىكى قارنى بوسۇپ، كوگمەن تېغىدىن ئېشىپ، قىرغىزلارنى ئۆيىقۇدا بېسىۋالدۇق. بىز ئۇلارنىڭ خاقانى بىلەن سۇڭا تېغىدا ئۇرۇش قىلدۇق. كول تېگىن بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنى (36) مىنىپ جەڭگە كىردى. بىر ئەرنى ئوق بىلەن ئولتۈردى، ئارقا - ئارقىدىن ئىككى ئەرگە (نەيزە) سانچىدى. ئۇ جەڭ قىلىۋاتقاندا، بايىرقۇنىڭ ئاق ئايغىرىنىڭ يوتىسىنى چېپىپ تاشلىدى. بىز قىرغىز خاقانىنى ئولتۈردۇق. ئۇلارنىڭ ئېلىنى ئالدۇق. شۇ يىلى ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ (37) ئېرتىش دەرياسىدىن ئۆتۈپ تۈركەشلەرگە يۈرۈش قىلدۇق. تۈركەشلەرنى ئۆيىقۇدا بېسىۋالدۇق. تۈركەش خاقان قوشۇنى بولچۇدىن ئوتتەك، بوراندەك (شىددەت بىلەن) كەلدى. ئۇرۇشتۇق، كول تېگىن باشغۇ (دىگەن) بوز ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى. باشغۇ (دىگەن) بوز ... (38) ... ئىككىسىنى ئۆزى ئەسىرگە ئالدى. ئاندىن كېيىن يەنە ھۇجۇم قىلىپ كىرىپ، تۈركەش خاقانىنىڭ بۇيۇرۇقىنى، ئازلارنىڭ تۇتۇقىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ يەردە ئۇلارنىڭ خاقانىنى ئولتۈردۇق، ئېلىنى ئالدۇق. ئاددى تۈركەش پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى (بىزگە) بوي سۇندى. بىز بۇ خەلقلەرنى تابارغا(؟) ئولتۇراقلاشتۇردۇق.

بىز يەنە (39) سوغداقلارنى تەرتىپكە سېلىش ئۈچۈن، يىنچۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، تا تومۇر (قاپىقىغىچە) يۈرۈش قىلدۇق. ئاندىن كېيىن ئاددى تۈركەش خەلقى بىزگە دۈشمەن

بولۇپ، كەڭگەرەسكە باردى. ئۇچاغدا بىزنىڭ ئاتلىرىمىز ئورۇق، ئوزۇقى يوق ئىدى. بۇزۇق ئادەملەر... (40) بىرگە ھۇجۇم قىلغانلار باتۇر ئەرلەر ئىدى. ئۇ چاغدا بىز ئوكۈنۈپ، كول تىگىنگە ئاز ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ئەۋەتتۇق. ئۇ چوڭ (بىر) ئۇرۇش قىپتۇ، ئۇ باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئىپتىنى مىنىپ، جەڭگە كىرىپتۇ، ئاددى تۇركەش پۇقرالىرىنى ئۇ يەردە ئولتۇرۇپتۇ ۋە ئەل قىپتۇ. يەنە يۇرۇش قىلىپ... ①

## شىمال تەرىپى

(1) ... بىلەن (ھەمدە) قوشۇ تۇتۇق بىلەن ئۇرۇش قىپتۇ. ئەسكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئولتۇرۇپتۇ. ئۆيى ۋە مال-مۈلۈكلىرى پۈتۈنلەي كەلتۈردى. كول تىگىن يىگىرمە يەتتە يېشىدا، قارلۇقلار ئۆزىگە خوجا بولدى ۋە (بىز بىلەن) دۈشمەنلەشتى. بىز ئۇلار بىلەن تاماغ ئىدۇق دىگەن بۇلاق بېشىدا ئۇرۇشتۇق. (2) كول تىگىن بۇ قېتىمقى جەڭدە ئوتتۇز ياشلاردا ئىدى. ئۇ باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئىپتىنى مىنىپ، جەڭگە كىردى. ئارقا-ئارقىدىن ئىككى ئەرگە (نەيزە) سانچىدى. قارلۇق-لارنى ئولتۇردۇق، ئۇلارنى قولغا چۈشۈردۇق. ئاز خەلقى بىزگە دۈشمەن بولدى. (ئۇلار بىلەن) قارا كولدە جەڭ قىلدۇق. ئۇ (چاغدا) كول تىگىن ئوتتۇز بىرياشتا ئىدى. ئۇ باتۇر شالچىنىڭ ئاق ئىپتىنى مىنىپ (3) جەڭگە ئېتىلىپ كىردى. ئازلارنىڭ ئەلتەبەرىنى تۇتتى. ئاز خەلقى شۇ يەردە يوقىتىلدى. تاغام خاقاننىڭ دولىتى قالايمىقانلاشقان، خەلق ۋە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار ئىككىگە بولۇنۇپ كەتكەندە، بىز

① ...ــــ ئەسلى تېكىستتە ئۆچۈپ كەتكەن قۇر ۋە خەتلەرنى بىلدۈردۇ.

ئىزگىللار بىلەن ئۇرۇشتۇق. كول تېگىن باتۇرشالىچىنىڭ ئاق ئېتىنى مىنىپ (4) جەڭگە ئېتىلىپ كىردى. ئۇ ئات شۇ يەردە يىقىلدى. ئىزگىل خەلقى ئۆلدى. توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى، جاھان قالايمىقانلاشقانلىقى ئۈچۈن، (بىز بىلەن) دۈشمەنلەشتى. بىر يىلدا بەش قېتىم ئۇرۇشتۇق. دەسلەپتە بىر توغۇ شەھىرىدە ئۇرۇشتۇق. (5) كول تېگىن ئازمان دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ، جەڭگە ئېتىلىپ كىردى. ئالتە ئەرگە (نەيزە) سانچىدى. قوشۇن ئۇرۇش قىلىۋاتقاندا، يەتتىنچى ئەرنى قىلىچلىدى. ئىككىنچى قېتىم قۇشلاغاقتا ئەدىزلەر بىلەن ئۇرۇش قىلدۇق، كول تېگىن ئازلارنىڭ قوڭۇر (ئېتىنى) مىنىپ، جەڭگە ئېتىلىپ كىرىپ بىر ئەرگە نەيزە سانچىدى. (6) توققۇز ئەرنى ئەگىپ يورۇپ چېپىپ تاشلىدى. ئەدىزلەر ئاشۇ يەردە يوقىتىلدى. ئۈچىنچى قېتىم، بولچۇدا ئوغۇزلار بىلەن سوقۇشتۇق، كول تېگىن ئازمان دېگەن ئاق ئېتىنى مىنىپ جەڭگە كىردى، نەيزە سانچىدى. قوشۇنىغا (نەيزە) سانچىدۇق. ئېلىنى ئالدۇق. تۆتىنچى قېتىم، بىز چۇش دېگەن بۇلاقتا سوقۇش قىلدۇق، تۈرك (7) خەلقى تەۋرىنىپ قالدى(؟)، ئەھۋال يامانلاشتى. كول تېگىن ئوزۇپ كەلگەن قوشۇننى چېكىندۇرۇپ، تونگرا تېگىن مازىرىدا تونگرا قەبىلىسىنىڭ بىر ئۇرۇغىدىكى ئون نەپەر باتۇرنى ئۆلتۈردى. بەشىنچى قېتىم ئەزگەنتى قادازدا ئوغۇزلار بىلەن ئۇرۇشتۇق. كول تېگىن (8) ئازلارنىڭ قوڭۇر ئېتىنى مىنىپ (دۈشمەنگە) تەگدى، ئىككى ئەرگە (نەيزە) سانچىدى ھەممىدە ئۇلارنى پاتقاققا پاتۇردى. ئۇ قوشۇن ئاشۇ يەردە يوقىتىلدى. بىز ئامغى قورغاندا قىشلاپ، يازدا ئوغۇزلارغا ئەسكەر چىقاردۇق. كول تېگىننى ئۆيگە قاراشقا قالدۇردۇق (؟)①

---

① ھۇسەيىن نامىق ئورخۇن بۇ جۈملىنى "كول تېگىننى باش قوماندان قىلىپ تەيىنلەپ(؟) ئەۋەتتۇق" دەپ تەرجىمە قىلغان.

دۈشمىنىمىز ئوغۇزلار ئوردىغا بېسىپ كەلدى. كول تېگىن (9) ئوگىسىز (دېگەن) ئاق ئېتىنى مىنىپ، توققۇز ئەرگە (نەيزە) سانچىدى. ئوردىنى بەرمىدى. (شۇنداق قىلمىغان بولسا) ئانام خاتۇن قاتارلىق ئانىلىرىم، ئاچىلىرىم، كېلىنلىرىم، مەلىكىلىرىمنىڭ تىرىكلىرى دېدەك بولاتتىڭلار، جەسەدىڭلار بولسا خارابىلىقتا، يولدا قالغان بولاتتى! (10) كول تېگىن بولمىغان بولسا، ھەممىڭلار ئۆلگەن بولاتتىڭلار! ئىنىم كول تېگىن قازاتاپتى، ئۆزەم ھەسرەت چەكتىم. كورەر كوزۇم كورمەستەك بولدى، ئەقىل-ھوشۇمدىن ئاداشقاندەك بولدۇم. ئۆزەم ھەسرەت چەكتىم، زامان، تەڭرى ياشايدۇ (ئولمەيدۇ). ئىنسان بالىسى ئولۇش ئۈچۈن تورەلگەن. (11) شۇنداق ئويلىدىم، كوزۇمگە ياش كەلسە ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم، كوڭلۇم بۇزۇلسا ئۆزەمنى باستىم. مەن چەكسىز ھەسرەتلەندىم، ئىككى شاد ۋە ئىنىلىرىم، بالىلىرىم، بەگلىرىم، خەلقىم يىغلاۋېرىپ كوزلىرىدىن ئايرىلىپ قالارمۇ دەپ ئويلىدىم.

تەزىيە بىلدۈرۈش، ماتەم تۇتۇش ئۈچۈن قىتان ۋە تاتابى خەلقىگە (ۋاكالىتەن) (12) ئۇدار سانغۇن (سەنگۈن) كەلدى. تابغاچ خاقانىدىن ئىسىيلىكەك كەلدى. (ئۇ) بىر تۈمەن ئىسىل سوغات، ئالتۇن-كۈمۈشلەرنى كەلتۈردى. تۈبۈت خاقانىدىن بولۇن كەلدى. غەرپتىن كۈن پېتىش تەرەپتىكى سوغدى، بەرچەكەر، بۇقاراق ئەللىرىدىكى خەلقلەردىن نەك سانغۇن ۋە ئوغۇل تارقان كەلدى. (13) ئون ئوق ئوغلۇم تۈركەش خاقانىدىن ماقراچ تامغىچى، ئوغۇز بىلگە تامغىچى كەلدى. قىرغىز خاقانىدىن تاردۇش ئىنانچى چور كەلدى. ئىمارەت ياسايدىغان ئۇستىلار، نەققاشلار، پۈتۈك تاش ياسايدىغان ئۇستىلارنى (باشلاپ) تابغاچ خاقانىنىڭ جىيەنى چاڭ سانغۇن كەلدى.

## شەرقىي شىمال تەرىپى

كول تىگىن قوي يىلىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى. توققۇزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى ئۆلۈم رەسمىيىتىنى ئۆتكۈزدۇق. قەۋرىسى، نەقىشى، تاش پۈتۈگى (تاش مۇنارە) مايمۇن يىلى يەتتىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى پۈتۈنلەي ياسىلىپ بولدى. كول تىگىن قىرىق يەتتە يىل ئۆمۈر كوردى. تاش ......... بۇ ئۇستىلارنى تويغۇن ئەلتەبەر كەلتۈردى.

## شەرقىي جەنۇپ تەرىپى

بۇ خەتلەرنى كول تىگىننىڭ جىيەن ئوغلى، مەنكى يوللۇغ تىگىن يىگىرمە كۈن ئولتۇرۇپ بۇ مەڭگۈ تاش ۋە تامدىكى (خەتلەرنىڭ) ھەممىسىنى يېزىپ چىقتىم. سىز (خەاقىڭىزنى) ئوز بالىلىرىڭىز ۋە ئەۋلادلىرىڭىزدىن ئارتۇق كورەتتىڭىز. سىز قازا تاپتىڭىز. تەڭرى (دە) ......... تىرىك ۋاقتىڭىزغا ئوخشاش .........

## غەربىي جەنۇپ تەرىپى

...كول تىگىننىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، گوھەر، مال-مۈلكى ۋە تۆت مىڭ يىلقىسىغا قارىغۇچى تويغۇت بۇ......... بىگىم تىگىن بۇقۇرى تەڭرى ......... (مەڭگۈ) تاشقا خەت پۈتتۈم. يوللۇغ تىگىن.

## غەرپ تەرىپى

غەرپتىكى سوغدىلار ئاسىلىق قىلدى، ئىنىم كول تىگىن ... كۆچىنى ماڭا بەرگەنلىگى ئۈچۈن، مەنكى تۈرك بىلگە خاقان ئىنىم كول تىگىننىڭ ئايىغىنى (مازىرىنى) كۈزەت قىلدۇردۇم. مەن ئۇنىڭغا ئىنانچۇ ئاپا يارغان تارقان دىگەن نامنى بەردىم. ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇتتۇم.

# بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى

## «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» غا ئىزاھات

بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى — كول تىگىن مەڭگۈ تېشى بىلەن بىر ۋاقىتتا بىر جايدىن تېپىلغان. ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا. بۇ مەڭگۈ تاش چوڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا قەدىمقى تۈرك يېزىقىدا يېزىلغان جەمئى 80 قۇر خەت بار. (ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر بېتىدە خەنزۇچە خەتمۇ بار) ئۇ مىلادىنىڭ 735 - يىلى ئورنىتىلغان (بىلگە خاقان 734 - يىلى ۋاپات بولغان). بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشىدا مەركەزلىك ھالدا بىلگە خاقاننىڭ تۆھپىسىگە مەدھىيە ئوقۇلىدۇ.

تەتقىقات ماتېرىياللىرى: تونيۇقۇق، كول تىگىن مەڭگۈ تاش تېكىستلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقات بىلەن ئوخشاش.

## «بىلگە خاقان مەڭگۈ تېشى» نىڭ تېكىستى

### شەرقىي يۈزى

(1) تەڭرىتەگ تەڭرى ياراتمىش تۈرك بىلگە قاغان سابىم قاڭىم تۈرك بىلگە قاغان...تى سىر توقۇز ئوغۇز... كۆلۈگ بەگلەرى بودۇنى... تۈرك تەڭرى...... (2) ئۈزە قاغان

ئولۇرتۇم. ئولۇرتۇقۇما ئولتەچىچە ساقىنىشما تۈرك بەگلەر بودۇن
ئەگىرىپ سەبىنىپ تۇقتامىش كوزى يۇگەرى كورتى. بۇنكە
ئوزۇم ئولۇرۇپ بۇنچا ئاغىر تورۇگ تورت بۇلۇڭداقى بودۇن
ئۇچۇن ...... ئىتىدىم. [ (3) دىن (23) غىچە بولغان قۇرلارنىڭ
تېكىستى كۇل تىگىن مەڭگۇ تېشىنىڭ (1) دىن (30) گىچە بولغان
تېكىستى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش.]

(24) ئاز بودۇنۇغ ئۇكۇش قىلتىم. ئىغار ئىللىگدە ئىغار
قاغانلىغدايىگ قىلتىم. تورت بۇلۇڭداقى بودۇنۇغ قوپ باز
قىلتىم، ياغىسىز قىلتىم. قوپ ماڭا كورتى. يىتى يىگىرمى
ياشىما تاڭۇت تاپا سۇلەدىم. تاڭۇت بودۇنۇغ بۇزدۇم. ئوغلىن،
يۇتۇزىن، يىلقىسىن، بارىمىن ئانتا ئالتىم. سەكىز يىگىرمى
ياشىما ئالتى چۇب سوغداق (25) تاپا سۇلەدىم بودۇنۇغ ئانتا
بۇزدۇم تابغاچ ئوڭ تۇتۇق بىس تۇمەن سۇ كەلتى. تاماغ
ئىدۇق باشدا سۇڭۇشدۇم ئول سۇگ ئاندا يوقادتىم يىگىرمى
ياشىما باسمىل ئىدىقۇت ئوغۇشۇم بودۇن ئەرتى. ئارقىش ئىدماز
تىيىن سۇلەدىم ........ ئىچىگىرتىم. قالىڭ ... ئەبرۇكە لۇرتۇم،
ئىكى ئوتۇز ياشىما تابغاچ (26) تاپا سۇلەدىم. چاچا سانگۇن
سەكىز تۇمەن سۇ بىرلە سوڭۇشدۇم. سۇسىن ئاندا ئولۇرتۇم.
ئالتى ئوتۇز ياشىما چىك بودۇن قىرقىز بىرلە ياغى بولدى.
كەم كەچە چىك تاپا سۇلەدىم. ئورپەنتە سوڭۇشدۇم. سۇسىن
سانچدىم. ئاز بودۇنۇغ ئالتىم ... ئىچگىرتىم. يىتى ئوتۇز ياشىما
قىرقىز تاپا سۇلەدىم. سۇڭۇگ باتىمى (27) قارىغ سوكىپەن
كوگمەن يىشىغ توغا يورىپ قىرقىز بودۇنۇغ ئۇدا باسدىم. قاغانىن
بىرلە سوڭا يىشدا سوڭۇشدۇم. قاغانىن ئولۇرتۇم. ئىلىن ئانتا
ئالتىم. ئول يىلقا تۈرگىس تاپا ئالتۇن يىشىگ ئاشا ئەرتىس
ئۆگۈزۈگ كەچە يورىدىم. تۈرگىس بودۇنۇغ ئۇدا باسدىم. (تۈر)
گىس قاغان سۇسى ئوتچا بورچا كەلتى. (28) بولچۇدا سوڭۇشدۇمۇز.

قاغانىن، يابغۇسىن، شادىن ئاندا ئولۇرتۇم. ئىلىن ئاندا ئالتىم. ئوتۇز ياشىما بىسبالىق تاپاسۇلەدىم. ئالتى يولى سۈڭۈشدۈم …… سۈسىن قوپ ئولۇرتۇم. ئاندا ئىچرەكى نە كىشى …… يوق بولداچى ئەرتى …… ئوقغالى كەلتى. بىسبالىق ئانى ئۈچۈن ئوزدى. ئوتۇز ئارتۇقى (29) بىر ياشىما قارلۇق بودۇن بۇڭسۇز ئەرۈر بارۇر ئەركلى ياغى بولدى. تاماغ ئىدۇق باشدا سۈڭۈشدۈم. قارلۇق بودۇنۇغ ئولۇرتۇم. ئاندا ئالتىم. ئوتۇز ئارتۇقى ئىكى ياشىما …… قارلۇق بودۇن …… ئولۇرتۇم. توقۇز ئوغۇز مەنىڭ بودۇنۇم ئەرتى. تەڭرى يىر بۇلغانىقىن ئۈچۈن ئودىنگە (30) كۈنى تەگتۈك ئۈچۈن ياغى بولدى. بىر يىلقا تورت يولى سۈڭۈشدۈم. ئاڭىلكى توغۇ بالىقدا سۈڭۈشدۈم. توغلا ئوگۈزۈگ يۈزەتى كەچىپ سۈسى …… ئىكىنتى ئاندارغۇدا سۈڭۈشدۈم. سۈسىن سانچدىم …… ئۈچۈنچ چۇش باشدا سۈڭۈشدۈم. تۈرك بودۇن ئاداق قامشاتتى، يابلاق (31) بولتاچى ئەرتى. ئوزا يانىيا كەلگمە سۈسىن ئاغىتتىم. ئوكۈس ئولتەچى ئاندا تىرىلتى. ئاندا تونگرا يىلپاغۇتى بىر ئوغۇشۇغ تونگا تىگىن يوغىندا ئەگىرە توقىدىم. تورتۇنچ ئەزگەندى قادازدا سۈڭۈشدۈم. سۈسىن ئاندا سانچدىم، بابىرتىدىم …… يابىرتى ……… ياشىما ماغا قورغان قىشلا دۇقدا يۇت بولدى. يازىڭا (32) ئوغۇز تاپا سۈلەدىم. ئىلكى سۈ تاسىقمىس ئەرتى. ئىكىن سۈ ئەبدە ئەرتى. ئۈچ ئوغۇز سۈسى باسا كەلتى. ياداغ يابىز بولدى تىپ ئالغالى كەلتى. سىڭار سۈسى ئەبىگ بارقىغ يۇلغالى باردى. سىڭار سۈسى سۈڭۈسگەلى كەلتى. بىز ئاز ئەرتىمىز، يابىز ئەرتىمىز. ئوغۇز … ياغى …… تەڭرى كۈچ بىرتۈك ئۈچۈن ئاندا سانچدىم، (33) يانىيدىم. تەڭرى يارلىقادۇق ئۈچۈن مەن قازغاندۇق ئۈچۈن تۈرك بۇدۇن قازغانمىش ئەرنىچ. مەن ئىنىلىگۈ بۇنچا باشلايۇ قازغانماسار تۈرك بودۇن ئولتەچى ئەرتى، يوق بولداچى

ئەرتى. تۈرك بەگلەر بودۇن ئانچا ساقىنىڭ، ئانچا بىلىڭ!
ئوغۇز بودۇن ...... ئىدمايىن تىيىن سۆلەدىم (34) ئەبىن بارقىن
بۇزدۇم. ئوغۇز بودۇن توقۇز تاتار بىرلە تىرىلىپ كەلتى.
ئاغۇدا ئىكى ئۇلۇغ سۈڭۈس سۈڭۈشدۈم. سۈسىن بۇزدۇم. ئىلىن
ئاندا ئالتىم. ئانچا قازغانىپ ...... تەڭرى يارلىقادۇق ئۈچۈن
ئۆزۈم ئوتۇز ئارتۇقى ئۈچ ياشىما ئوددىسىگ ئوتۇلۇگ كىشى(؟)
(35) ئىگىدمىس ئالىپ قاغانىڭا ياڭىلدى. ئۈزە تەڭرى ئىدۇق يىر
سۇب ئەچىم قاغان قۇتى تاپلامادى ئەرىنچ. توقۇز ئوغۇز بودۇن
يىرىن سۇبىن ئىدىپ تابغاچغارۇ باردى. تابغاچ ...... بۇ يىرىدە
كەلتى. ئىگىدە يىسىن تىيىن ساقىنىپ ...... بودۇن ...... (36)
يازۇقلا ... بىرىيە تابغاچدا ئاتى كۆسى يوق بولىدى. بۇ يىرىدە
ماڭا قۇل بولدى. مەن ئۆزۈم قاغان ئولۇرتۇقۇم ئۈچۈن تۈرك
بودۇنۇغ ...... قىلمادىم. ئىلىگ تۆرۈگ يىگدى قازغاندىم ......
تىرىلىپ ...... (37) ئاندا سۈڭۈشدۈم. سۈسىن سانچدىم. ئىچىد-
كىگمە ئىچىكدى، بودۇن بولدى. ئۆلۈگمە ئۆلتى. سەلەنگە قودى
يورىپان قاراغىن قىسىلتا ئەبىن بارقىن ئاندا بۇزدۇم ......
يىشقا ئاغدى. ئۇيغۇر ئىلتەبەر يۈزچە ئەرىن ئىلگەرۈ تەزىپ
باردى ...... (38) ...... تۈرك بودۇن ئاچ ئەرتى. ئول يىلقىغ
ئالىپ ئىگىتتىم. ئوتۇز ئارتۇقى تورت ياشىما ئوغۇز تەزىپ
تابغاچقا كىرتى. ئوكۇنۇپ سۆلەدىم ...... ئوغلىن، يۇتۇزىن ئاندا
ئالتىم. ئىكى ئىلتەبەرلىگ بودۇن ...... (39) ...... تاتابى بودۇن
تابغاچ قاغانقا كورتى. يالاباچى ئەدگۈ سابى ئوتۇگى كەلمەز
تىيىن يايىن سۆلەدىم. بودۇنۇغ ئاندا بۇزدۇم. يىلقىسىن ......
سۈسى تىرىلىپ كەلتى. قادىرقان يىش قون ...... (40) ......غا
قىڭا يىرىنگە رۇسۇبىڭارۇ قونىدى. بىرىيە قارلۇق بودۇن تاپا
سۆلەتىپ تۇدۇن يامتارىغ ئىتتىم. باردى ...... قارلۇق ئىلتەبەر
يوق بولمىش ئىنىسى بىر ...... (41) ... ئارقىشى كەلمەدى.

ئانى ئايىتايىن تىپ سۆلەدىم. قورىغۇ ئىكى ئۈچ كىشىلىگۇ
تەزىپ باردى. قارا بودۇن قاغانىم كەلتى تىپ ئۆگدى... ئات
بىرتىم. كىچىگ ئاتلىغ......

## جەنۇبىي يۈزى

(1)... تابغاچ ئاتلىق سۈسى بىر تۈمەن ئارتۇقى يىتى
بىڭ سۈگ ئىلكى كۈن ئۇلۇرتۇم. ياداغ سۈسىن ئىكىنتى كۈن
قوپ ئۇلۇرتۇم......... ئاشىپ بارد-......... (2)... يولى سۆلەدىم
ئۆتۈز ئارتۇقى سەكىز ياشىما قىشىن قىتانىي تاپا سۆلەدىم. ئۆتۈز
ئارتۇقى توقۇز ياشىما يازىن تاتابى تاپا سۆلەدىم (3)... مەن...
ئۇلۇرتۇم. ئوغلىن يۈتۈزىن يىلقىسىن بارىمىن...... (4) بۇ...
يۈتۈزىن يوق قىلدىم... (5) يور-...... (6) سۈگۈسىدۈم......
(7)...-تىم، ئالىپ ئەرىن ئۇلۇرۇپ بالبال قىلۇ بىرتىم.
ئەلىگ ياشىما تاتابى بودۇن قىتانىيدا ئادرىلتى... تاغقا... (8) قۇغ
سەنگۈن باشادۇ تورت تۈمەن سۈ كەلتى. توگكۆس تاغدا تەگىپ
توقىدىم. ئۈچ تۈمەن سۈگ ئۇلۇرتۇم. بىر تۈمەن...... تاتابى
... (9) ئۇلۇرتى. ئۇلۇغ ئوغلۇم ئاغرىپ يوق بولچا قۇغ سەنگۈنۈگ
بالبال تىكە بىرتىم. مەن توقۇز يىگىرمى يىل شاد ئۇلۇرتۇم.
توقۇز يىگىرمى يىل قاغان ئۇلۇرتۇم. ئىل تۇتدۇم. ئۆتۈز
ئارتۇقى...... (10) تۈركۈمە بودۇنۇما يىگىن ئانچا قازغانۇ
بىرتىم. بۇنچا قازغانىپ قاڭىم قاغان ئىت يىل ئونۇنچ ئاي
ئالتى ئۆتۈزقا ئۈچا باردى. لاغزىن يىل بىشىنچ ئاي يىتى
ئۆتۈز قايوغ ئەرتۈرتۈم... تۈتۈق...... (11) قاڭى لىسۈن تاي
سەنگۈن باشادۇ بىس يۈز ئەرىن كەلتى. توقىلىق...... ئالتۇن،
كۆمۈس كەرگەكسىز كەلۇرتى. يوغ يىپارىغ كەلۇرۇپ تىكە
بىرتى. چىندان ئىغاچ كەلۇرۇپ ئۆز...... (12) بۇنچا بودۇن
ساچىن، قۇلقاقىن بىچدى. ئەدگۈ ئۆزلۈك ئاتىن قاراكىسىن كوك

ئەيەكىنى سانسىز كەلۈرۈپ قوپ قۇتتى (13) تەڭرىتەگ تەڭرى
ياراتمىش تۈرك بىلگە قاغان سابىم، قاڭىم تۈرك بىلگە قاغان
ئولۇر تۇقىندا تۈرك ئەمتى بەگلەر، كىسرە تاردۇش بەگلەر
كۇل چور باشلايۇ ئۇلايۇ شاداپىت بەگلەر، ئوڭرە تولىس
بەگلەر ئاپا تارقان (14) باشلايۇ ئۇلايۇ شاداپىت بەگلەر
بۇ ......... تامان تارقان تونيۇقۇق بويلا باغا تارقان ئۇلايۇ
بۇيرۇق ...... بۇيرۇق سەبەگ كۇل ئىركىن باشلايۇ ئۇلايۇ
بۇيرۇق بۇنچا ئەمتى بەگلەر قاڭىم قاغانقا ئەرتىنگۇ ...... (15)
ئەرتىنگۇتى ماغ ئىتدى. تۈرك بەگلەرىن بودۇنىن ئەرتىنگۇتى
ماغ ئىتدى، ئوگدى قاڭىم قاغان ...... ئاغىر تاسىغ يوغان ئىغ
تۈرك بەگلەر بودۇن ...... ئىرتى. ئوزۇم بۇنچا
[شىمالدىكى يۈزىنىڭ (1) دىن (8) گىچە بولغان قۇرلىرىنىڭ
تېكىستى كۆل تېگىن مەڭگۈ تېشىنىڭ جەنۇبىي يۈزىنىڭ (1) دىن
(11) گىچە بولغان قۇرلىرىنىڭ تېكىستى بىلەن ئوخشاش]
(8) قاڭىم (9) قاغان ئەچىم قاغان ئولۇرتۇقىندا تورت بولۇڭداقى
بودۇنۇغ بۇنچا ئىتمىس ...... تەڭرى يارلىقادۇق ئۈچۈن ئوزۇم
ئولۇرتۇقۇما تورت بولۇڭداقى بودۇنۇغ ئىتدىم، ياراتدىم ......
قىلدىم ... تۈرگىس قاغانقا قىزىمىن ئەرتىنگۇ ئۇلۇغ تورىن ئىدى
بىرتىم. تۈرگىس قاغان (10) قىزىن ئەرتىنگۇ ئۇلۇغ تورىن
ئوغلۇما ئالى بىرتىم ......... باشلىغىغ يۈكۈندۈرتۈم، تىزلىگىگ
سوكۈرتۈم. ئۈزە تەڭرى، ئاسرا يىر يارلىقادۇق ئۈچۈن (11)
كوزۈن كورمەدۈك، قۇلقاقىن ئەسىدمەدۈك بودۇنۇمۇن ئىلگەرۈكۈن
توغۇسۇقىڭا، بىرگەرۈ ...... قا، قۇرىغارۇ ...... ئالتۇنۇن، ئورۇڭ
كۇمۇشۇن، قىرغىلىغ قۇتايىن، ئەكىنلىگ ئىسىگتىسىن، ئوزلۇك
ئاتىن ئادغىرىن، قاراكىسىن (12) كوك تەيەكىن، تۈركۈمە بودۇنۇما
قازغانۇ بىرتىم، ئىتى بىرتىم ...... بۇڭسۇز قىلدىم. ئۈزە تەڭرى
ئەرىكلىگ ...... (13) ...... ئىگىدىك ئەمگەتمەڭ، تولغاتماڭ.
تۈرك بەگلەر تۈرك بودۇنۇم ...... قازغانىپ ...... بۇ قاغانىڭدا بۇ

بەگلەرىگدە ...... سۈبىڭدا ئادرىلماسار تۈرك بودۈن (14)
ئۆزۈڭ ئەدگۈ كورتەچىسەن، ئەبىڭە كىرتەچىسەن، بۇڭسۇز
بولداچىسەن ...... كىسرە تابغاچ قاغاندا بەدىزچى قوپ كەلۈرتۇم.
مەنىڭ سابىمىن سىمادى. ئىچرەكى بەدىزچىگ ئىتتى. ئاڭار
ئادىنچىغ بارق ياراتدىم. ئىچىن تاشىن ئادىنچىغ بەدىز ئۇرتۇرتۇم.
تاش توقىتدىم. كوڭۈلتەكى سابىمىن ئۇرتۇرتۇم ...... (15) ئون
ئوق ئوغلىڭا تاتىڭا تەگى بۇنى كورۈ بىلىڭ. بەڭگۈ تاش
توقىتدىم ... توقىتدىم، بىتىدىم ...... ئول تاش بارقىن ......

## غەربىي جەنۇبىي يۈزى

بىلگە قاغان بىتىگىن يوللۇغ تىگىن بىتىدىم. بۇنچا
بارقىغ بەدىزىگ ...... قاغان ئاتىسى يوللۇغ تىگىن مەن ئاي
ئارتۇقى تورت كۈن ئولۇرۇپ بىتىدىم، بەدىزتىم ......

## شەرقىي جەنۇبىي يۈزى

......... كوك ئوڭۈگ يوغۇرۇ سۇ يورۇپ تۈنلى كۈنلى
يىتى ئودۇشكە سۈبسۈز كەچدىم. چوراقىقا تەگىپ يۇلۇغچى
ئەرىگ ...... كەچىنكە تەگى ......

## غەربىي يۈزى

(1) تۈرك ئۈزە ئولۇرمىش قاڭىم (2) بىلگە قاغان ئۇچدى
(3) ياي بولسار، ئۈزە تەڭرى (4) كوبرۈگەسى ئەتەرچە ئانچا
تاقى (؟) (5) تاغداسىغۇن ئەتىسەر ئانچا (؟) (6) ساقىنۇرمەن.
قاڭىم قاغان (7) تاشىن ئۈزۈم قاغان ......

# تەرجىمىسى

## شەرقىي يۈزى

(1) تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە خاقان مېنىڭ سوزۇم. ئاتام تۈرك بىلگە خاقان ......-تى سىر، توققۇز ئوغۇز، ئىككى ئەدىز مەشهۇر بەگلىرى ۋە خەلقى... تۈرك تەڭرىسى... (3) ئۈستىدە مەن خاقان بولۇپ ئولتۇردۇم، مەن تەختكە ئولتۇرغىنىمدا، ئولگىدەك ھەسرەتتە قالغان تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئىنتايىن سۆيۈنۈپ ئۇلارنىڭ جانسىز كوزلىرىگە جان كىردى. ئوزۇم تەختكە ئولتۇرۇپ تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەر ئۈچۈن نۇرغۇن مۇھىم قانۇنى تۈزۈملەرنى ئورنىتىپ بەردىم.

[(3)—(23) گىچە يېزىلغان تېكىست كول تىكىن مەڭگۈ تېشىنىڭ (1) دىن (30) قۇرغىچە بولغان تېكىستى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش.] (24) ئاز خەلقنى كوپ قىلدىم. (ئۇلارنى) قۇدرەتلىك دولىتى بار، كۈچلۈك خاقانلىقى بارلاردىن ياخشى ياشايدىغان قىلدىم. تۆت ئەتراپتىكى خەلقلەرنىڭ ھەممىسىنى بوي سۇندۇردۇم. (ئۇلارنى) دۈشمەنسىز قىلدىم. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا قارىدى. ئون يەتتە يېشىمدا، تاڭغۇتقا قوشۇن ئەۋەتتىم، تاڭغۇت خەلقنى تار مار قىلدىم. (ئۇلارنىڭ) ئوغۇل-قىزلىرىنى ۋە مال-مۈلكىنى قولىغا چۈشۈردۈم. ئون سەككىز يېشىمدا ئالتە چۇپ سوغداققا (25) قوشۇن ئەۋەتتىم، سوغداق خەلقنى تار مار قىلدىم، تابغاچتىن ۋاڭ تۇتۇق بەش تۈمەن ئەسكەر (باشلاپ) كەلدى. مەن تاماغ ئىدۇق دىگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم. ئۇ قوشۇننى شۇيەردە يوقاتتىم. يىگىرمە يېشىمدا، باسمىل ئىدىقۇت ئوز ئۇرۇغىمىزدىكى خەلق ئىدى. ئۇلار تارتۇقچىلارنى ئەۋەتمىدى دەپ ئۇلارغا يۈرۈش قىلدىم.

(ئۇلارنى) بوي سۇندۇردۇم، نۇرغۇنلىغان (ئولجىلارنى) ئۆيىگە كەلتۈردۈم. يىگىرمە ئىككى يېشىمدا تابغاچقا (26) يۈرۈش قىلدىم. چاچاجياڭجۇنىڭ سەككىز تۈمەن لەشكىرى بىلەن سوقۇشتۇم. قوشۇنىنى شۇيەردە ئۆلتۈردۈم. يىگىرمە ئالتە ياش ۋاقتىمدا، چىك خەلقى قىرغىزلار بىلەن بىرلىكتە (بىرگە) دۈشمەن بولدى. كەم دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ چىكلارغا يۈرۈش قىلدىم. ئۇرپەندە سوقۇشتۇم، قوشۇنىنى نەيزىلىدىم. ئازخەلقىنى قولغا چۈشۈردۈم ... بوي سۇندۇردۇم. يىگىرمە يەتتە يېشىمدا قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلدىم. نەيزە بويى (27) قارنى بوسۇپ كوگمەن تېغىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، قىرغىزلارنى ئۆيىدۇدا باستىم. خاقانى بىلەن سوڭا تېغىدا سوقۇشتۇم. خاقانىنى ئۆلتۈردۈم. ئېلىنى ئالدىم. شۇ يىلى تۈرگەش خەلقىگە ئالتاي تېغىدىن ئېشىپ، ئېرتىش دەرياسىدىن كېچىپ ئۆتۈپ يۈرۈش قىلدىم. تۈرگەش خەلقىنى ئۆيىدۇدا باستىم. تۈرگەش خاقان قوشۇنى ئوت-بوراندەك كەلدى (28) بولچۇدا سوقۇشتۇق. خاقانىنى، يابغۇسىنى، شادىنى شۇ يەردە ئۆلتۈردۈم، ئېلىنى ئالدىم. ئوتتۇز يېشىمدا، بېشبالىققا① يۈرۈش قىلدىم. ئالتە قېتىم ئۇرۇشتۇم ... قوشۇنىنى پۈتۈنلەي ئۆلتۈردۈم. شەھەر ئىچىدىكى ھەممە ئادەملەر يوقىتىلاتتى ...... (لېكىن) ئۇلار بىزنى تەكلىپ قىلىپ كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بېشبالىق (ۋەيرانچىلىقتىن) ساقلىنىپ قالدى. ئوتتۇز (29) بىر يېشىمدا، قارلۇقلار غەم-قايغۇسىز، ئۆزدىگە ئۆزى خوجا بولغانلىقتىن بىزگە دۈشمەن بولدى. مەن تاماغ ئىدۇق دىگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم. قارلۇق خەلقىنى ئۆلتۈردۈم، (ئېلىنى) ئالدىم. ئوتتۇز ئىككى يېشىمدا، قارلۇق خەلقى (يىغىلىپ بىزگە قارشى تۇردى). مەن ئۇلارنى ئۆلتۈردۈم. توققۇز ئوغۇزلار

---

① بېشبالىق — بۇ قەدىمقى شەھەرنىڭ خارابىسى ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە.

مېنىڭ خەلقىم ئىدى. جاھان قالايمىقانلىشىپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن (30) ۋە ئىچىدە ئاداۋەت ساقلاپ كەلگەنلىگى ئۈچۈن بىزگە دۈشمەن بولدى. بىر يىل ئىچىدە تۆت قېتىم سوقۇشتۇم. دەسلەپتە توغۇ بالىقتا سوقۇشتۇم. (قوشۇنۇم) توغلا دەرياسىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنىنى يوقاتتى. ئىككىنچى قېتىم ئاندارغۇدا سوقۇشتۇم... قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدىم. ئۈچىنچى قېتىم چۇش دىگەن بۇلاق بېشىدا سوقۇشتۇم. تۈرك خەلقى تەۋرىنىپ قالدى، ئەھۋال (31) يامانلاشقان ئىدى. مەن بوسۇپ كەلگەن (دۈشمەن) قوشۇنىنى چېچىۋەتتىم. جىنىدىن ئايرىلىشقا ئاز قالغان نۇرغۇن كىشىلەر قۇتقۇزۇۋېلىندى. شۇ چاغدا، توڭرا تىگىن مازىرىدا توڭرا باتۇرلىرىدىن (تەشكىل تاپقان) بىر ئۇرۇقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ زەربە بەردىم. تۆتىنچى قېتىم ئەزگەندى قادازدا سوقۇشتۇم، قوشۇنىنى شۇ يەردە مەغلۇپ قىلدىم. يوقاتتىم...... بېشىمدا ماغاقورغاندا قىشلىغىنىمىزدا جۇت بولدى يازدا (32) ئوغۇزلارغا يۈرۈش قىلدىم. بىرىنچى قوشۇن تاشقىرىغا ئۇرۇشقا چىقىپ كەتكەن ئىدى، ئىككىنچى قوشۇن ئوردىدا ئىدى. ئۈچ ئوغۇز قوشۇنى بېسىپ كەلدى. ئۇلار (بىزنى) ياياق قالدى، قىيىن ئەھۋالدا قالدى دەپ (ئەسىرگە) ئالغىلى كەلدى. (ئۇلارنىڭ) قوشۇنىنىڭ يېرىمى ئوردىدىكى مال-بايلىقنى بۇلىغىلى ماڭدى، (قالغان) يېرىمى ئۇرۇشقىلى كەلدى. بىز ئاز ئىدۇق، قىيىن ئەھۋالدا ئىدۇق، ئوغۇز...... دۈشمەن... تەڭرى كۈچ-قۇۋۋەت بەرگەنلىگى ئۈچۈن ئاشۇ يەردە ئۇلارغا زەربە بەردىم. (33) مەغلۇپ قىلدىم، تەڭرى مەدەت بەرگەنلىگى ئۈچۈن مەن تىرىشقانلىغىم ئۈچۈن تۈرك خەلقى غەلىبە قازاندى، مەن ئىنىم بىلەن باشلامچىلىق قىلىپ تىرىشمىغان بولساق تۈرك خەلقى ئۆلگەن بولاتتى. يوقالغان بولاتتى. تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى سىلەر شۇنداق ئويلاڭلار ۋە شۇنداق بىلىڭلار! ئوغۇزلار (تارتۇقچىلارنى) ئەۋەتمىدى دەپ، ئۇلارغا قوشۇن چىقاردىم (34)

ئۆي ۋاقتىنى بۇزدۇم. ئوغۇزلار توققۇز تاتارلار بىلەن بىرلىشىپ
ھۇجۇم قىلىپ كەلدى. ئاغۇ دېگەن يەردە ئىككى قېتىم چوڭ
ئۇرۇش قىلدىم. قوشۇننى مەغلۇپ قىلدىم، ئېلىنى ئالدىم. مەن
شۇنداق تىرىشىپ ...... تەڭرى مەدەت قىلغانلىقى ئۈچۈن،
ئوزۇم ئوتتۇز ئۈچ يېشىمدا ...... ئودىسىگ ئوتۇلۇگ ...... (؟)
(35) بېغىۋاتقان باتۇر خاقانى ئالدىدا خاتالىق ئۆتكۈزدى.
ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، مۇقەددەس يەر-سۇ ۋە ئەجدادىم،
خاقاننىڭ روھى خوشال بولمىغان بولسا كېرەك، توققۇز ئوغۇز
خەلقى يەر-سۈيىنى تاشلاپ تابغاچقا باردى. ئۇلار تابغاچ ......
يەنە بۇ يەرگە قايتىپ كەلدى. مەن ئۇلارنى باقاي دەپ
ئويلاپ، ...... خەلق ...... (36) جىنايەت ئۆتكۈز-...... جەنۇپتا
تابغاچتا نام-شوھرىتى يوق بولدى. بۇ يەردە ماڭا قۇل بولدى.
مەن ئۆزەم خاقانلىقتا ئولتۇرغانلىقىم ئۈچۈن، تۈرك خەلقى ......
قىلمىدىم، مەن دولەتنى، قانۇنىي تۈزۈملەرنى ياخشى (باشقۇرۇشقا)
تىرىشتىم ...... بىرلىشىپ ...... (37) ئۇيەردە سوقۇشتۇم. قوشۇننى
مەغلۇپ قىلدىم. بوي سۇنغانلىرى بوي سۇندى، (مېنىڭ) خەلقىم
بولدى، ئۆلگەنلىرى ئۆلدى. سېلىنگا دەرياسىنى بويلاپ تۆۋەنلەپ
مېڭىپ، قاراغىن دېگەن قىساڭدا ئۆي-ۋاقتىنى بۇزدۇم.......
ئۇلار تاققا چىقىۋالدى. ئۇيغۇر ئىلتەبەر يۈزچە ئەر بىلەن
شەرققە قېچىپ كەتتى ... (38) ... تۈرك خەلقى ئاچ ئىدى. مەن
ئۇلارنىڭ يىلقىلىرىنى قولغا چۈشۈرۈپ، تۈرك خەلقىنى باقتىم.
ئوتتۇز تۆت يېشىمدا، ئوغۇزلار قېچىپ بېرىپ تابغاچقا قوشۇلدى.
مەن ئوكۈنۈپ ئەسكەر چىقاردىم ...... ئوغۇل-قىزلىرىنى قولغا
چۈشۈردۇم. ئىككى ئىلتەبەرلىك خەلق ......... (39) تاتابى
خەلقى تابغاچ خاقانغا قاردى. ئەلچى ئەۋەتمىگەنلىكى، ھال-
ئەھۋال سورىمىغانلىقى ئۈچۈن، يازدا ئۇلارغا قوشۇن چىقاردىم.
خەلقىنى شۇ يەردە مەغلۇپ قىلدىم. يىلقىسىنى ...... قوشۇنى

يىغىلىپ كەلدى، قادىرقان① تېغىدا ...... (40) يەر سۈيىگە ماكانلاشتى. جەنۇپتىكى قارلۇق خەلقىگە يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن، يامىتار تۇدۇننى ئەۋەتتىم. ئۇ باردى ... (قارلۇق) ئىلتەبەر يوقىلىپتىمىش، ئىنىسى بىر ... (41) تارتۇقچىلار كەلمىدى. ئۇلارنى جازالاي دەپ يۈرۈش قىلدىم. مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى ئىككى - ئۈچ كىشىنى باشلاپ قېچىپ كەتتى. ئاددى خەلق خاقانىمىز كەلدى دەپ مەدھىيە ئوقۇدى ......- غا ئۈنۋان بەردىم. ئەمىلى كىچىكلەرنى ......

## جەنۇپ تەرىپى

(1) بىرىنچى كۈنى تابغاچنىڭ ئون يەتتە مىڭ ئاتلىق ئەسكىرىنى يوقاتتىم. ئىككىنچى كۈنى پىيادە ئەسكىرىنى پۈتۈنلەي يوقاتتىم ...... ئېشىپ، بارد...... (2) ... قېتىم ئەسكەر چىقاردىم. ئوتتۇز سەككىز يېشىمدا، قىشتا قىتانغا يۈرۈش قىلدىم ...... ئوتتۇز توققۇز يېشىمدا يازدا تاتابىلارغا يۈرۈش قىلدىم. (3) ...... مەن ...... ئۆلتۈردۈم. ئوغۇل - قىزلىرىنى ۋە مال - مۈلۈكلىرىنى ...... (4) بۇ ...... ئاياللىرىنى يوق قىلدىم ... (5) بار ...... (6) ئۇرۇش (7) قىلدىم ......... باتۇرىنى ئۆلتۈرۈپ بالبال قىلىپ بەردىم. ئەللىك يېشىمدا، تاتابى خەلقى قىتاندىن ئايرىلدى ....... (8) قوغ① جياڭجۈن تۆت تۈمەن ئەسكەر باشلاپ كەلدى. توڭگۇس تېغىدا ئۇلارغا ھۇجۇم قىلدىم. ئۈچ تۈمەن ئەسكىرىنى ئۆلتۈردۈم. بىر تۈمەن ئەسكىرى ...... تاتابى ...

① قادىرقان — ھىنگان تاغلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

① قوغ — خەنزۇچە "郭" (گو) پەمىلىسىنىڭ قەدىمقى تۈركچىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى.

(9) يوقىتىلدى. چوڭ ئوغلۇم ئاغرىپ ئۆلگەندە، قۇغ جىياگۈجۈننى باليال قىلىپ تىكلىدىم. مەن ئون توققۇز يىل شاد بولدۇم، ئون توققۇز يىل خاقان بولدۇم. دۆلەتنى باشقۇردۇم. ئوتتۇز بىر... (10) تۈركلىرىمگە، خەلقىمگە نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بەردىم. مۇشۇنچىۋالا غەلىبىلەرنى قازىنىپ ئاتام خاقان ئىت يىلى ئونىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىنچى كۈنى قازا تاپتى. چوشقا يىلى بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە يەتتىنچى كۈنى دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدۈم. تۇتۇق... (11) ئاتىسى لىسۇن دىگەن چوڭ جىياگۈجۈن بەش يۈز ئەرنى باشلاپ كەلدى. مىزىلىك...... ئالتۇن، كۈمۈش-لەردىن ناھايىتى نۇرغۇن كەلتۈردى. دەپنە مۇراسىمى ئۈچۈن (ئىشلىتىلىدىغان) ئىسرىقدان ۋە ئىپارلارنى كەلتۈرۈپ ھەممىسىنى ئورنىتىپ بەردى. ساندال ياغىچىدىن كەلتۈرۈپ، ئۆز... (12) مۇنچىۋالا كوپ خەلق چېچىنى كەستى، قۇلىقىنى تىلدى. (ئۇلار مىنىشكە ئىشلىتىلىدىغان) نەسىللىك ئات، قارا بۇلغۇن، كوك تىيىنلەرنى ھىساپسىز كەلتۈرۈپ قويدى. (13) تەڭرىدەك تەڭرى ياراتقان تۈرك بىلگە خاقان مېنىڭ سوزۇم، ئاتام تۈرك بىلگە خاقانلىقتا ئولتۇرغىنىدا تۈرك ھازىرقى بەگلىرى، ئاندىن قالسا كۈلچور باشچىلىغىدىكى تاردۇش بەگلەر ۋە شاداپىت بەگلەر، ئالدى تەرەپتە (شەرق تەرەپتە) ئاپا تارقان (14) باشچىلىغىدىكى تولىس بەگلەر ۋە شاداپىت بەگلەر، ئوڭ تەرەپتە (جەنۇپ تەرەپتە) تامان تارقان تونيۇقۇق بويىلاباغا تارقان ۋە بويرۇق...... بويرۇق سەبەگ كول ئىركىن باشچىلىغىدىكى ھەر قايسى بۇيرۇقلار، ھازىرقى بەگلەر ئاتام خاقانغا ئىنتايىن... (15) ئىنتايىن (كوپ) مەدھىيە ئوقۇدى (؟) تۈرك بەگلىرى بىلەن خەلقى بىرلىكتە ئىنتايىن (كوپ) ھەدھىيە ئوقۇدى. ئاتام خاقان (قازا تاپقاندا)، تۈرك بەگلىرى ۋە خەلقى ئىبىغىرتاش ۋە يوغان ياغاچلارنى ئەكەلدى. ئۆزەم شۇنچە......

# شىمالىي يۈزى

[(1)—(8) قۇرلىرى كول تېگىن مەڭگۈ تېشى جەنۇبىي يۈزىنىڭ (1)—(11) قۇرلىرى بىلەن ئوخشاش.]

(8) (ئاتام) خاقان، (9) تاغام خاقان تەختتە ئولتۇرغاندا، تۆت تەرەپتىكى شۇنچىلا كۆپ خەلقنى تەشكىللىگەن ئىكەن...... تەڭرى مەدەت بەرگەنلىكى ئۈچۈن، مەن (تەختتە) ئولتۇرغىنىمدا، تۆت تەرەپتىكى خەلقلەرنى تەشكىللىدىم، تەرتىپكە سالدىم...... قىلدىم...... ئىنتايىن داغدۇغىلىق تويى مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ قىزىمنى تۈرگەش خاقانغا ياتلىق قىلدىم. يەنە ئىنتايىن داغدۇغىلىق تويى مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ تۈرگەش خاقانىنىڭ (10) قىزىنى ئوغلۇمغا ئېلىپ بەردىم...... بېشى بارلارنى باش ئۇردۇردۇم، تىزى بارلارنى تىزلاندۇردۇم. ئۈستىمىزدىكى تەڭرى، ئاستىمىزدىكى يەر-زېمىن ساقلىغانلىقى ئۈچۈن (11) كۆزى بىلەن كۆرۈپ باقمىغان، قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپ باقمىغان خەلقلىرىمنى شەرقتە كۈن چىقىشقىچە، جەنۇبتا (تابغاچقىچە)، غەربتە (كۈن پېتىشقىچە، شىمالدا تۈن ئوتتۇرىسىغىچە بولغان مۇشۇنچە كەڭ زېمىندا ئولتۇراقلاشتۇردۇم)...... ئالتۇن، ئاق كۈمۈش، مەشۇتلۇك يىپەك، ئاشلىقتىن ئىشلەنگەن ئىچىملىك، نەسىللىك يۈگۈرۈك ئات-ئايغىر، قارا بۇلغۇن (12) كۆك تىيىنلەرنى تۈركلىرىمگە-خەلقىمگە قازىنىپ بەردىم، تېپىپ بەردىم...... (ئۇلارنى) غەمسىز قىلدىم. ئۈستىمىزدىكى تەڭرى كۈچلۈك...... (13)...... بېقىڭلار، ئازاپلىماڭلار، قىيىنىماڭلار، تۈرك بەگلىرى، تۈرك خەلقىم...... قازىنىپ...... (سىلەر) بۇ خاقانىڭلاردىن، بۇ بەگلىرىڭلاردىن، (بۇ يەر-) سۈيۈڭلاردىن ئايرىلمىساڭلار، تۈرك خەلقى (14) ئۆزەڭلار ياخشىلىق كۆرەلەيسىلەر، ئۆيۈڭلەرگە كىرەلەيسىلەر (ئىگە بولالايسىلەر) قايغۇسىز

بولالايسلەر ...... شۇندىن كېيىن، تابغاچ خاقانىدىن نۇرغۇن نەققاشلارنى كەلتۈردۈم. (ئۇلار) مېنىڭ سوزۇمنى قايتۇرمىدى. (ئوردا) ئىچىدىكى نەققاشلارنى ئەۋەتتى. ئۇلارغا ھەيۋەتلىك قورۇلۇش سالدۇردۇم. ئىچى-تېشىنى ئاجايىپ نەقىشلەتتىم. تاش تىكلەتتىم. كوڭلۇمدىكى سوزلىرىمنى ئويدۇردۇم ...... (15) ئون ئوق ئەۋلاتلىرىدىن تارتىپ يات ئۇرۇقلارغىچە، بۇنى كورۇپ بىلىڭلار! مەڭگۇ تاش ياساتتۇردۇم ...... سوزلىرىمنى ئويدۇردۇم ... ئۇ تاش قورۇلۇشنى ......

## غەربىي جەنۇبىي يۈزى

بىلگە خاقان (مەڭگۇ تاش) تېكستىنى مەنىكى يوللۇغ تىگىن يازدىم. بۇنچە كوپ قورۇلۇش، نەقىش، ئىسىل (؟)...... بىلگە خاقاننىڭ جىيەن ئوغلى مەنىكى يوللۇغ تىگىن بىر ئاي توت كۇن ئولتۇرۇپ يېزىپ چىقتىم، زىننەتلىدىم ......

## شەرقىي جەنۇبىي يۈزى

........ كوك ئوڭنى بويلاپ يۈرۈش قىلىپ، كېچە-كۇندۇزلەپ (مىڭىپ)، يەتتە كېچە-كۇندۇزدە مەن سۇسىز (چوللەرنى) كېسىپ ئوتۇپ چوراققا يېتىپ باردىم. كەچىنكە تىگىپ ......

## غەربىي يۈزى

تۈرك ئۇستىدە (ئولتۇرغان ئاتام) بىلگە خاقان (قازا تاپتى) (؟) ياز بولسا، ئۇستىمىزدىكى (تەڭرى) دۇمبىقى گۇلدۇرلىگەندەك، تاغدىكى بۇغىلار ۋاقىرىغاندەك (ھوكۇرەپ يىغلاپ) ھەسرەت چېكىمەن. ئاتام خاقان تېشىنى ئوزەم ئورناتتىم.

# بايانچور مەڭگۈ تېشى

## «بايانچور مەڭگۈ تېشى» غا ئىزاھات

بۇ مەڭگۈ تاشنى 1909 - يىلى فىنلاندىيىلىك ئالىم رامستېت (G.J.Ramstedt) موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ سېلىنگا دەرياسى ۋە Xine — usu كولى ئەتراپىدىن تاپقان. بۇ مەڭگۈ تاش ھازىرمۇ ئۆز ئورنىدا. مەڭگۈ تاشقا جەمئىي 49 قۇر خەت ئويۇلغان بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن مىلادىنىڭ 759 - يىلى تىكلەنگەن. بۇ مەڭگۈ تاش تېكىستى ئۆز زامانىسىدا ئورخۇن ۋادىسىدا قۇرۇلغان ئۇيغۇر خاقانلىقىنىڭ تارىخى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم يادىكارلىق ھېساپلىنىدۇ.

مەڭگۈ تاش تېكىستىنىڭ بىرمۇنچە قۇرلىرى ھەر خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇزۇلغان. كىتاپخانلارنىڭ چۈشىنىشىگە قولاي بولسۇن ئۈچۈن، ئەسلى تېكىستى بىلەن تەرجىمىسىگە ئايرىم قۇر سانى بېرىلمىدى. بۇ ھەقتە ئايرىم تەتقىق قىلغۇچىلار ئەسلى تېكىستى قۇرسانى بويىچە بېرىلگەن مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلانسا بولىدۇ. تېكىستتە يەنە بىرمۇنچىلىغان ئاتالغۇلار (يەر - جاي ناملىرى، ئادەم، قەبىلە، مەنسەپ - ئەمەل ناملىرى قاتارلىقلار) ئۇچرايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىگى ھازىرغىچە ئېنىقلانمىدى، بۇ ھەقتە ئايرىم تەتقىق قىلىپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

بۇ ھەقتە ئېلىپ بېرىلغان تەتقىقاتلار؛

1. G. J. Ramstedt: «شىمالىي موڭغۇلىيەدىن تېپىلغان قەدىمقى ئۇيغۇر ــ رونىك يېزىقىدىكى ئىككى مەڭگۈ تاش»
(Ramstedt G. J: Zwei Uigurische Rune - ninschriften in der Nord - Mongolei. JSFOU, ××× , 3. 1913)
2. س. ئى. مالوۋ: «موڭغۇل ۋە قىرغىزلارنىڭ قەدىمقى تۈرك يادىكارلىقلىرى»
3. ھوسەيىن نامىق ئورخۇن: «قەدىمقى تۈرك يادىكارلىقلىرى»
(Eski Türk Yazitlari. 1936)

## «بايانچور مەڭگۈ تېشى» نىڭ تېكىستى

تەڭرىدە بولمىس ئىل ئەتمىس بىلگە قاغان... تولىس...
(٥)
ئۆتۈكەن تەگرەسى ئىلى ئىكىن ئارا ئولۇرمىس سۈبى سەلەنگە
ئەرمىس ئانتا ئىلى...... ئەرمىس بارمىس.........سۇ...... ئانتا
قالمىس بودۇن، ئون ئۇيغۇر، توقۇز ئوغۇز ئۈزە يۈز يىل ئولۇرۇپ
...... ئورقۇن ئۈگۈز.........تۈرك قىپچاق ئەلىگ يىل ئولۇرمىس.
تۈرك ئىلىڭە ئالتى ئوتۇز ياشىما...... بىرتى ئانتا بويلا.........
يانا تۈشىدى، توقۇز ئوغۇز بودۇنىمىن تىرۇ قوبراتى ئالتىم.
قاڭىم كۆل بىلگە قاغان...... سۇ يورىدى، ئوزۇمىن ئۆڭرە
بىڭا باشى ئىتتى، كەيرەدە ئۆڭدىن يانتاچى...... ئىچگىرىپ
يانا يورىدىم. قەيرە باشىنتا، ئۈچ بىركۈدە، قان سۈسى
(بىرلە) قاتىلتىم، ئانتا...... ئىرتىم. قاراقۇم ئاسمىس
كۆگۈردە، كومۇرتاغدا، يار ئۆگۈزتە ئۈچ توغلىغ تۈرك

بودۇن ...... ئۆزمىش تىگىن قان بولمىس قونىي يىلقا
يورىدىم. ئىككىنتى سۈڭۈس ... ئاي ئالتى ياڭىقا توقىدىم
...... ئۆزمىش تىگىننىڭ ...... تۇتدىم. قاتۇنىن ئانتا ئالدىم. تۇرك
بودۇن ئانتا ئىناغارۇ يوق بولتى. ئانتاكىسرە تاقىغۇ يىلقا ......
بودۇن ...... تۇيۇپ، ئۈچ قارلۇق يابلاق ساقىنىپ تەزە باردى.
قۇرىيا ئون ئوقىقا كىردى. لاغزىن يىلقا توقىدىم ...... تاي
بىلگە تۇتۇقۇغ يابغۇ ئاتادى. ئانتاكىسرە قاڭىم قاغان ئۈچدى،
(u)

قارا بودۇن قىلىنمىس ...... سانچدىم. تۇتدىم ...... بىر ... (ئانتا)
بۇكەگۈككە يەتدىم. كىچە يارۇق باتۇر ئەرنىكلى سۈڭۈشدىم.
ئانتا سانچدىم. كۈك قاچمىس، تۇن تىردىمىس. بۇ ئەگۈكتە
سەكىز ئوغۇز، توقۇز تاتار قالمادۇق. ئىكى ياڭىقا كۈن توغۇرۇ
سۈڭۈشدىم. ئۆلىم، كۈڭىم، بودۇنىغ تەڭرى يەر ئايۇ بەرتى.
ئانتا سانچدىم. يازىقلىغ ئاتلىغ ...... تەڭرى تۇتابىرتى. قارا
ئىگىل بودۇنىغ يوق قىلمادىم. ئەبىن، بارقىن، يىلقىسىن يۇلى-
مادىم. قىيىن ئايدىم، تۇرغۇرۇ قۇتىم: كەنتۇ بودۇنىم تىدىم.
ئۆدۈكەلىك تىدىم. قودۇپ باردىم كەلمەدى. يىنچە ئىرتىم
بۇرغۇدا يەتدىم سانچدىم. تورتۇنچ ئاي توقۇز ياڭىقا سۈڭۈشدىم.
يىلقىسىن، بارىمىن قىزىن قۇدۇزۇن كەلۈرتىم. بەسىنچ ئاي ئۆدۈ
كەلتى، سەكىز ئوغۇز، توقۇز تاتار قالماتى. كەلتى، سەلەنگە
كىدىن يىلۇن قۇل بىردىن سىڭارشىپ باشىڭا تەگى چەرىگ ئىتدىم.
كەرگۈن ساقىشىن شىپ باشىن يۇرەكەلتى ...... سەلەنگەكە
تەگى چەرىگ ئىتدى. بەشىنچ ئاي توقۇز ئوتۇزقا سۈڭۈشدىم.
ئانتا سانچدىم. سەلەنگەكە سىقا سانچدىم، يازى قىلتىم،
ئۆكۈسى سەلەنگە قودى باردى. بەن سەلەنگە كەچە ئۆدۈ
يورىدىم، سۈڭۈشدە تۇتۇپ ئون ئەر ...... ئىتتىم. تاي بىلگە
تۇتۇق يابلاقىن ئۈچۈن، بىر ئەكى ئاتلىغ يابلاقىن ئۈچۈن
قارا بودۇنىم ئۆلتىك، يانا ئىچىك، ئۆلمەچى

بەتنەچى سەن، تىدىم. يىچە ئىسگ كۆچىگ بىرگىل تىدىم
ئەكى ئاي كۆتتىم، كەلمەدى. سەكىزىنچ ئاي بىر ياڭىقا سۇ
(ü)
يورىيسىن، تىدىم، توغ تاشقىر ئەركلى يەلمە ئەرى كەلتى:
ياغى كەلۇر، تىدى؛ ياغىن باشى يوريىۇ كەلتى. سەكىزىنچ
ئاي ئىكى ياڭقا ئاچىغ ئالتىر كولته قاسۇي كەزە سۇڭۇسدىم.
ئانتا سانچدىم. ئانتا ئۇدۇ يورىدىم. ئول ئاي بىش يىگىرمەكە
كەيرە باشى ئۇچ — بىركۇدە تاتار بىرله قاتى توقدىم. سىڭارى
بودۇن ئىچىكدى، سىڭارى بودۇن ... قا كىرتى، ئانتا يانا
تۇسدىم. ئوتۇكەن يىرىن قىشلادىم، ياغىدا بوشانا بوشانالادىم.
ئىكى ئوغلۇما يابغۇشاد ئات بىرتىم. تاردۇش، تولىس بودۇنقا
بىرتىم. ئانچىپ بارس يىلقا چىك تاپا يورىدىم، ئىكىنتى
ئاي تورت يىگىرمكە كەمدە توقدىم. ئول يىل (ئوتۇكەن
كىدىن ئۇچىنتا تەز) باشىنتا قاسار قوردان ئورگىن ئانتا
ئىتتىدىم. چىت ئانتا توقىتدىم، ياي ئانتا يايلادىم، ياقا
ئانتا ياقالادىم. بەلگۇمىن، بىتىگمىن ئانتا ياراتتىم. ئانچىپ
ئول يىل كۆزۆن ئىلگەرۇ يورىدىم. تاتارىغ ئايىتدىم، تابىشقان
يىل بەشىنچ ئايىقا تەگى ...... (ئۇلۇ يىل)قا ئۇ(تۇكەن ئورتۇ) -
سىنتا (س) ۇڭۇز باش (قاز) تا ئىدۇق باش كىدىنى (تە) ياباش
تۇقۇش بەلتىرىنتە ئانتا يايلادىم. ئورگىن ئانتا ياراتتىم، چىت
ئانتا توقىتدىم. بىڭ يىللىق تۇمەن كۆنلىك بىتىگمىن،
بەلگۇمىن ئانتا ياسى تاشقا ياراتىتدىم تولقۇ (تاشقا توقىتدىم)
توقۇز ئوغۇز ... ... بەگلەر كەلتى ...... ياغدۇرمىش، ئوگۇن - بەگىگ
قارا بۇلۇقىغ ئانى ئولۇرمىش قىرقىزتاپا ئەر ئىدمىس. سىز تاشقىڭ
تىمىس، چىكىگ تاشقىرىڭ تىمىس، كور بود قال، ئىدا قابىشالىم
تىمىس. ئوتۇكەن ... تىمىس ...... توقۇز ياڭىقا سۇ يوريدىم. تۇتۇق
(ü)
ياشىن چىك تاپا بىگە ئىتتىم. ئىسى يەر تاپا ئاز ئەر ئىتتىم.

كور تىدىم. قىرقىز قانى كوگمەن ئىچىنتە، ئەب بارقىنتا
(٥)
ئەرمىس، يەلمەسىن ئىس يەردنگەرۈ ئىدمىش. يەلمەسىن مەنىن ئەر ئانتا باشمىش تىل تۇتمىس قاڭىڭا ئىسىنگە ئەركەلتى قارلۇق ئىسىگە كەلمەدۈك تىدى ...... قارلۇق ... كەم (؟) ...... ئەرتىش ئۈگۈزۈگ ئارقار باشى تىوشى ئانتا ئەر - قامىش ئالتىن يانتا ساللاپ كەچدىم. بىر يىگىرمىنچ ئاي سەكىز يىگىرمىكە يولۇقدىم، بولچۇ ئۈگۈزدە ئۈچ قارلۇقىغ ئانتا توقىدىم. ئانتا يانا تۇسدىم. چىك بۇدۇنىغ بىڭىم سۈرە كەلتى ... سىز باشى چىتىمىن يايلادىم. ياقا ئانتا ياقالادىم. چىك بودۇنقا تۇتۇق بىرتىم. ئىشباراش تارقات ئانتا ئانچۇلادىم ...... (ئانتا) ئەر كەلتى، قازلوق كولتە تاغدا كورتى، ياغ ... تىپ ئايۇ ئانتا كەلتى. بىس يىگىرمىكە ... تايغان كولتە تىرىلتىم. بىدگۈچى ئەرئانتا ئىتتىم (ئەر كەل -) تى، قارا يوتالىق كەچىپ كەلىرتى. بەن ئۈترۈ يورىدىم ... بولتى قارلۇق (تاپا) ئەر ئىدمىس ... تىمىس. ئىچرە بەن بولغايىن تىمىس، تاشدىنتان قابىشايىن تىمىس، باسمىل ياغىدىپ ئەبىمرۈ باردى، ئانى ئىچىگىرمەدىم. تاشدىنتان ئۈچ قارلۇق، ئۈچ ئىدۇق، تا (تار) ...... تۈرگەس ...... ئوتۇكەنتە بەن ... باشىنتا توقىدىم. بىشىنچى ئاي ئالتى ئوقۇزقا سۈڭۈسدىم، ئانتا سانچدىم، ئىچۈي (كەچىپ) (كۈن) توغۇرۇ سانچدىم. ئانتا ئۈترۈ تۈرگەس قارلۇقىغ تابارىن ئالىپ ئەبىن يۇلىپ بارمىس ئەبىمە تۇسمىس ...... ياغى بول ...... تۈرۈپ يەرىن تاپا باردى. ئانى ئۈدۈ ... ئوغرۇ ... سەكىزىنچى ئاي بەن ئۈدۈ يورىدىم. ئەبىمىن ئەرسەگۈنتە يۇلا كولتە قوتىم ئانتا ئىرتىم ... باسمىلىغ قود(رۇپ) ... ئاي بىر ئوتۇزقا قارلۇقىغ ... يوغرا يارشىدا سۈسىن ئانتا سانچدىم. ئەبى ئوڭ كۈن ئوڭرە
(٥)
ئۈركۈپ بارمىش. ئانتا يانا يورىپ تۇسدىم ... بىر يىگىر - مىكە ...... سانچدىم، كەنتۇ ... بۇدۇنىماكىرتىم. ئىرلۇن تەتالا -

قىمىنتا يەتدىم ئاشنۇقى تابغاچداقى ئوغۇز تۈرك تاشقىمىس
ئانتا قاتىلمىش، ئانتا بەگلەر ... مەنىڭ سۈم ئۈچ ...
تۇغ... ئەر بىس يۈز كەدىملىگ ياداغ بىر ئىكى شا-
شىپ كەلتى. كۆڭۈلىم، قولىم بودۇنىغ تەڭرى يەر ئانتا
ئايۇ بىرتى، ئانتا سانچدىم ... ئانتا بودۇن ئىچكدى ... قارلۇق
تاپا تەزىپ كىرتى. ئانتا يانا تۈسىپ ئورقۇن بالىقلىغ بەل-
تىرىنتە ئەل ئورگىنىن ئانتا ئورگىپەن ئىتتىم. ئەل ئەبىسن ...
بىر يىگىرمىنچ ئاي يىگىرمىكە قارا بۇلۇق ئۆڭدىن سوقاق

(٥)

يولى ئانتا چىگىل تۇتۇق ...... توغۇرغۇغ كەچۈرۈ ...... سانچدىم.
قارلۇق باسمىل...... تىرىلىپ ........... تۈسدىم ...... باسمىلقا......
...... ئاپا ...... تۈمىس ...... بىلمەز بارچە تۈكۈپ تەزە......... بەن
ئىتدىم. بۇنچا بىتىگىگ ...... بىتىگ بىتىدىم. كەلتى ......قارلۇق بود...
...ئانچىپ سەكىزىنچ ئاي ئۈچ ياڭىقا يورىدىم ...... قارلۇق تىرىگى
بارى تۈرگىسكە كەلتى. يانا تۈسىپ ئونۇنچ ئاي ئەكى ياڭىقا
باردىم ...... تىمىسى ئۈچ ...... توقىدىم ...... تۈسدىم. ئانتا ياقغارۇ
باسمىل قارلۇق يوق بولتى، قونى يىلقا ...... ياپىلادىم ......
تابغاچ قانى قاغان ...... بارمىس ... بىر قىز سەكىز (ئۈرى
ئوغلان) تۈتىدىم ...... يانا (تۈسدىم) ...... ئەكى بودۇنىغ
ئالىپ ...... ئۇتۇكەن ...... توقىدىم ئانتا ئولۇرۇپ بىگە ئىتتىم.
قۇت يارتاغ تۇغىن ئانتا ... بودۇنىغ ... ئەبىمە ئەكىنتى ئاي
ئالتى ياڭىقا تۈسدىم. تاقىغۇ يىلقا ... (بىرمىس) ... يوق قىلمىس،
ئانچىپ كەلتى، ئەكى قىزىن تاپىغ بەرتى ...... بارمىش ......
سوزىگە يازمايىن تىدى ياڭىلمايىن تىدى ...... ئىچكمەدى ......
سوغداق تابغاچقا سەلەنگەدە باي بالىق ياپىتى بەرتىم.

...... (يىگىرمىكە) ئاتتا يانا ...... ئۈچ تۈمەن ...... قابىشىم ......
بىر ئوتتۇزقا ئورگىن ...... ئۈچ ئوتتۇزقا ئاتتا سانچىدىم. يارىش
(ө)
ئاغۇلىغ ئارا ......
...... ئۈچ تۈمەن ...... سانچىدۇق يەردە ...... ساقىنمىش ......
ئەكىنتى ئاي ئالتى يىگىرمىكە ئۈچ تۇغلىغ تۈرك بودۇنىغ ......
(سەكىز) ئوغۇز توقۇز (تاتار) ...... قاتۇن يىگەنى ئۆز بىلگە ......
...... بىلك يونت قالمىس، تۈمەن قونى قالمىس سۇ باشى بەن......
(ü)
(ئەل-) تە بەر بىلك يونت تۈمەن قونى بەن تۇتدىم ...... (كە-)
لۈرتۈم.

## تەرجىمىسى

تەگىردىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە خاقان ...... تو-
لىس ...... ئوتتۇكەن ئەتراپى ئېلى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا
ئولتۇرىدىكەن، سۈيى سېلىنگا (دەرياسى) ئىكەن. ئۇ يەردە
ئېلى ...... ئەركىن ياشايدىكەن ...... سۇ ...... ئۇ يەردە قالغان
خەلق — ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە يۈز يىل ئولتۇ-
رۇپ، ...... ئورخۇن دەرياسى ...... تۈرك قىپچاق (خەلقى ئۈس-
تىدە) ئەللىك يىل ئولتۇرغان ئىكەن. تۈرك ئېلىگە يىگىرمە
ئالتە يېشىمدا ...... بەردى. ئۇ چاغدا بويلا ...... يەنە چۈشتى.
توققۇز ئوغۇز خەلقىمنى تېرىپ - يىغىپ ئالدىم. ئاتام كول
بىلگە خاقان ...... قوشۇن ئەۋەتتى. مېنى مىڭبېشى قىلىپ ئەۋەتتى،

ئالدى (شەرق) تەرەپكە بىرىپ، كەيرە①نىڭ شەرقىدىن يانغۇچى،
...... بويسۇندۇرۇپ، يەنە يۈرۈش قىلدىم. كەيرە بېشىدا ۋە
ئۈچ بەركۈ دېگەن (يەردە) خان قوشۇنى بىلەن قوشۇلدۇم.
ئۇ يەر ... قوغلىدىم. قارا قۇمدىن ئۆتۈپ، كوگۈردە، كومۇرتاغدا،
يار دەرياسىدا، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك خەلقى ...... ئوزمىش تېگىن
خان بولۇپتۇ، قوي يىل (743 - يىل) دا مەن يۈرۈش قىلدىم.
ئىككىنچى قېتىمقى ئۇرۇشنى بىرىنچى ئاينىڭ ئالتىنچى (كۈنى)
قىلدىم ...... ئوزمىش تېگىننى ...... تۇتتۇم؛ خانىشىنى ئۇ يەردە
قولغا چۈشۈردۈم. تۈرك خەلقى شۇندىن ئېتىۋارەن يوقالدى.
شۇندىن كېيىن، توخۇ يىلى (745 - يىلى) دا ...... خەلق ......
تۇيۇپ ...... ئۈچ قارلۇق كۆڭلىدە يامانلىق ئويلاپ قېچىپ
كەتتى. غەرپتىكى ئون ئوق خەلقىگە (يەنى غەربىي تۈركلەرگە)
قوشۇلدى. توڭگۇز يىل (747 - يىل) دا تارمار قىلدىم ......
تاي بىلگە تۇتۇقنى يابغۇ (دەپ) ئاتىدى، كېيىن ئاتام خاقان
قازا تاپتى. ئاددى خەلق قىلىنغان ...... سانچىدىم (زەربە
بەردىم) تۇتتۇم ...... بىر ...... (ئۇ چاغدا) بۆكەگۈككە يېتىپ
باردىم. كەچقۇرۇن — كۈن پاتقاندا ئۇرۇش قىلدىم. ئۇ يەردە
سانچىدىم. ئۇلار كۈندۈزى قېچىپ كېتىپ، كېچىسى توپلاندى.
بۆكەگۈكتە سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتارلارنى قالدۇرمىدۇق.
ئىككىنچى كۈنى كۈن چىققاندا سوقۇشتۇم. قول - دىدەكلىرىم،
خەلقىمنى تەڭرى ۋە زېمىن ساقلىدى. ئۇ يەردە (نەيزە)
سانچىدىم. گۇناكار موتىۋەرلىرى ...... تەڭرى تۇتۇپ بەردى.
لېكىن ئاددى پۇقرالارنى يوقاتمىدىم. ئۆيىنى، مال - مۈلكىنى،

① كەيرە — يەر نامى.

يالقىلىرىنى بۇلىۋالالمىدىم. ئۇلارنى جازالىدىم. (لېكىن) ئۇلارنىڭ (بۇرۇنقىسىدەك ياشاۋېرىشىگە) يول قويىدۇم. سىلەر ئۆز خەلقىم دىدىم، ماڭا ئەگىشىپ كېلىۋېرىڭلار دىدىم. مەن (ئۇلارنى) قالدۇرۇپ قويۇپ كەتتىم. ئۇلار كەلمىدى، يەنە قوغلىدىم. بورغۇ①دا يېتىشىۋېلىپ زەربە بەردىم. تونىنچى ئاينىڭ توققۇزىنچى (كۈنى) سوقۇشتۇم، سانچىدىم. يىلقىلىرىنى، مال - مۈلۈكلىرىنى، قىزلىرىنى، خوتۇنلىرىنى كەلتۈردۈم. بەشىنچى ئايدا، ئۇلار ئەگىشىپ كەلدى. سەككىز ئوغۇز، توققۇز تاتارلارنىڭ ھەممىسى كەلدى. سېلىنگا دەرياسىنىڭ غەربى، يىلۇن قولىنىڭ جەنۇبىدىن تارتىپ، شىپ بېشىغىچە چېرىك ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇلار كەرگۈن - ساقىش②ۋە شىپ بېشى ئارقىلىق كەلدى...... سېلىنگا دەرياسىغىچە چېرىك ئورۇنلاشتۇردى. بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە توققۇزىنچى كۈنى ئۇرۇش قىلدىم. ئۇ يەردە سانچىدىم. (ئۇلارنى) سېلىنگا دەرياسىغا قىستاپ زەربە بەردىم. ئۇلارنى يەر بىلەن يەكسان قىلدىم. كۆپچىلىگى سېلىنگا دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىنى بويلاپ قېچىپ كەتتى. مەن سېلىنگا دەرياسىدىن ئۆتۈپ، داۋاملىق قوغلىدىم. ئۇرۇشتا ئون ئەرنى قولغا چۈشۈردۈم... ئېيتتىم. تاي بىلگە تۇتۇقنىڭ رەزىللىگى تۈپەيلىدىن بىر - ئىككى باشلىقنىڭ رەزىللىگى تۈپەيلىدىن، مېنىڭ ئاددى خەلقىم، سىلەر ھالاك بولدۇڭلار. ماڭا يېقىنلاشىڭلار، ھالاك بولمايسىلەر، دىدىم. قايتىدىن ماڭا كۈچ بېرىڭلار دىدىم. ئىككى ئاي كۈتتۈم، كەلمىدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرىنچى كۈنى قوشۇن

① بورغۇ — يەر نامى.

② كەرگۈن - ساقىش — يەر نامى.

چىقىراي ...... دىدىم. تۇغلۇق (قوشۇن) يولغا چىقىۋاتقاندا، بىر ئاتلىق چارلىغۇچى كېلىپ: دۈشمەن كېلىۋاتىدۇ دېدى؛ دۈشمەن باشلىقى بىلەن كەلدى. سەككىزىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى ئاچچىغ ئالتىر كولىدە، قاسۇينى① كېزىپ، سوقۇشتۇم. ئۇ يەردە (نەيزە) سانچىدىم. داۋاملىق قوغلاپ زەربە بەردىم. شۇ ئاينىڭ ئون بەشىنچى كۈنى كەيرە باشى ۋە ئۈچ بىركۈ②دە تاتارلار بىلەن قاتتىق جەڭ قىلدىم. سىڭار③خەلقى بويسۇندى، سىڭار خەلقى ...... غا كىردى. ئۇ يەردىن يەنە چۈشتۈم (كەلدىم). ئوتۇكەن تېغىدا قىشلىدىم، دۈشمەندىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن تۇرمۇش كەچۈردۈم. ئىككى ئوغلۇمغا يابغۇ، شاد نامىنى بەردىم. (ئۇلارنى) تاردۇش، تولەس خەلقىگە (باش) قىلدىم. شۇنداق قىلىپ، يولۋاس يىلى (750 - يىلى) چىكلەرگە يۈرۈش قىلدىم. ئىككىنچى ئاينىڭ ئون تۆتىنچى كۈنى كەم دەرياسىدا (ئۇلارنى) تارمار قىلدىم. شۇ يىلى ئوتۇكەن تېغىنىڭ غەربىي ئۈچىدا تەز④بېشىدا قاسار قوردان⑤ ئوردىسىنى ياساتتىم، ئوردا تېمى ياساتتىم. يازدا شۇ يەردە يايلىدىم. زېمىنىمنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەپ چىقتىم⑥. ئۇ يەردە بەلگەمنى، پۈ-

① قاسۇي — يەر نامى.

② ئۈچ بىركۈ — يەر نامى.

③ سىڭار — يېرىم، يېرىم ھەسسە.

④ تەز — يەر ئىسمى.

⑤ قاسار قوردان: قاسار — ئۇيغۇر قەبىلە ئىتتىپاقىدىكى بىر قەبىلە، قوردان — خوتەننىڭ قەدىمقى تۈركچە ئاتىلىشى.

⑥ بۇ جۈملىنى مالوۋ "ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلدىم" دەپ تەرجىمە قىلغان.

تۇگۇمنى ئويدۇردۇم. شۇنداق قىلىپ، شۇ يىلى كۈزدە شەرققە يۈرۈش قىلدىم. تاتارلارنى سوراققا تارتتىم (جازالىدىم). توشقان يىلى (751 - يىلى) بەشىنچى ئايغىچە …… ئەجدىھا يىلى (752 - يىلى)ئوتۇكەن تېغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا سۈگۈز باش-قان① (دېگەن) مۇقەددەس چوققىنىڭ غەربىدە ياباش (ۋە) تۇقۇش② قوشۇلىدىغان جايدا يازلىدىم، ئۇ يەردە ئوردا سالدۇردۇم. ئوردا تېمى ياساتتىم. مەن مىڭ يىللىق تۈمەن كۈنلۈك (مەڭگۈ-لۈك دېگەن مەنىدە — ت) پۈتۈك ۋە بەلگەمنى يېسى تاشقا يازدۇردۇم. مۇستەھكەم تاشقا ئويدۇردۇم. توققۇز ئوغۇز …… بەگ-لىرى كەلدى …… دۈشمەنلىشىپتۇ. ئوگۈنبەگ ۋە قارا بولۇقتا ئول-تۇراقلاشقان قىرغىزلارغا ئادەم ئەۋەتىپ "سىلەر قوشۇن تارتىپ چىقىڭلار، چىكلارنىمۇ چىقىرىڭلار"، دەپتۇ. "دىققەت قىلىڭلار، ئورمانلىقتا ئۇچرىشايلى!" دەپتۇ. ئوتۇكەن …… دەپتۇ. توققۇزىنچى (كۈنى) قوشۇن چىقاردىم …… تۇتۇق بېشى بىلەن چىكلارغا مىڭ ئادەم ئەۋەتتىم. ئۇنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىنىڭ يۇرتىغا ئاز سانىدىكى ئەرلەرنى ئەۋەتتىم. "سىلەر پەخەس بولۇڭلار!" دېدىم. قىرغىز خانى كوگمەن تېغى ئىچىدىكى ئۆيىدە ئىكەن. ئاتلىق پايلاقچىسىنى ئىتتىپاقداشچىلىرىنىڭكىگە ئەۋەتىپتۇ. ئاتلىق پايلاقچىلىرىنى مېنىڭ يىگىتلىرىم يېڭىپ، "تىل" (ئەسىر) قىلىپ تۇتۇپتۇ. ئۇ (تۇتۇلغان "تىل"): خانغا ئىتتىپاقداشچىلىرى (ياردەمگە) كەلدى، لېكىن، قارلۇقلار ياردەمگە كەلمىدى. دەپتۇ. قارلۇق …… كەم (دەرياسى) …… ئېرتىش دەرياسىنىڭ

① سۈگۈز باشقان — يەر ئىسمى.

② ياباش، تۇقۇش — يەر ئىسمى.

ئارقار باشى (دېگەن يېرى) نى مۇز قاپلاپ كەتكەنلىگى ئۈچۈن، ئارقامىشنىڭ تۆۋەن يېنىدىن سال سېلىپ ئۆتتۈم. ئون بىرىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىدە، (ئۇلارغا) ئۇچرىدىم. بولچۇ دەرياسىدا ئۈچ قارلۇقنى تار مار قىلدىم. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم. مېنىڭ مىڭ ئادىمىم چىك خەلقىنى سۈرۈپ كەلدى ...... سىز بېشىدىكى پاسلىم ئىچىدە (ئويۇمدە) يازلىدىم. ئۇ يەردە تەڭرىگە تاۋاپ قىلدىم①. چىك خەلقىگە تۇتۇق ئەۋەتتىم ۋە ئىشبارا ھەم تارقانلارنى ئەۋەتتىم ...... ئەركەلدى، قارلۇق كولدە، ئۇلار تاغدا دۈشمەن ...... دەپ چۇقان سېلىپ كەلدى. ئون بەشىنچى كۈنى ... تايغان كولدە (ئەسكەرلىرىنى) يىغدىم. ئالدىن يۈرەر قىسىملىرىنى ئەۋەتتىم. ئەرلەر كەلدى، قارايوتالىقتىن① ئۆتۈپ، (دۈشمەننى كېلىشكە) مەجبۇر قىلدى. مەن ئالدىدىن يۈرۈش قىلدىم ...... بولدى. (ئۇلار) قارلۇقلارغا ئادەم ئەۋەتىپتۇ ...... ۋە "ئىچكى (قىسمىنى قالايمىقانلاشتۇرايلى، سىرتتىن قاپسايلى" دەپتۇ. باسمىللار (بىز بىلەن) دۈشمەنلىشىپ ئويۇمگە بېسىپ كەلدى. ئۇلارنى بويسۇندۇرالمىدىم. سىرتتىن ئۈچ قارلۇق ئىدۇق، تاتار ...... تۈركەش ...... ئۆتۈكەندە، مەن ...... بېشىدا (ئۇلارغا) زەربە بەردىم. بەشىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئالتىسى سوقۇشتۇم، ئۇ يەردە سانچىدىم. ئىچۈي (دەرياسىدىن) ئۆتۈپ، كۈن چىققاندا سانجىشتىم. ئاندىن كېيىن تۈركەشلەر قارلۇقلارنى ۋە ئۇلارنىڭ

---

① Clauson بۇ جۈملىنى "مەن زېمىنىمىنىڭ چېگرىسىنى بەلگىلەپ چىقتىم" دەپ تەرجىمە قىلغان. بۇنى كىلىياشتۇرۇشمۇ قۇۋۋەتلەيدۇ.

① قارابوتالىق — يەر نامى.

مال - مۈلكىنى بۆلۈۋېلىپ، تۇرار جايلىرىغا قايتىپتۇ، مېنىڭ تۇرار جايىمغىمۇ بېرىپتۇ …… دۈشمەن بولدى …… تۇرۇپ، يېرىگە باردى. ئۇلارنى قوغلاپ …… سەككىزىنچى ئايدا يولغا چىقتىم. مەن ئۆيۈمنى ئەرسەگۈندە يۇلا دىگەن كول بويىغا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئۇ يەردىن قوغلاپ ماڭدىم …… باسمىللارنى قالدۇرۇپ، …… ئاينىڭ يىگىرمە بىرىنچى كۈنى، قارلۇقلارنى……

يوغرا تۆزلەڭلىگىدە ئەسكەرلىرىگە (نەيزە) سانچىدىم. ئۆيى ئون كۈن ئىلگىرى ئۈركۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىن قايتىپ كەلدىم. …… ئون بىرى … سانچىدىم. ئوز …… خەلقىم ئارىسىغا قايتىپ كەلدىم. ئىرلۇن① ۋە تالاقىمىندا② قوغلاپ يېتىشىۋالدىم. بۇرۇن تابغاچىتىكى ئوغۇز ۋە تۈرك خەلقى (ئۇلاردىن ئايرىلىپ) يولغا چىقىپتۇ، ئۇ يەردە قوشۇلدى. ئۇ يەردە بەگلەر …… مېنىڭ قوشۇنۇم ئۈچ … تۈغ … … بەش يۈز كىشىلىك تولۇق قوراللانغان پىيادە ئەسكەر بىر - ئىككى قېتىم شىددەت بىلەن كەلدى. ئۇ چاغدا تەڭرى ۋە يەر - دىدەك - قۇللىرىمنى، خەلقىمنى ساقلىدى، ئۇ يەردە (نەيزە) سانچىدىم ……

ئۇ يەردە، خەلقلەر (ماڭا) بويسۇندى …… قېچىپ قارلۇقلارغا قوشۇلدى. ئۇ يەردىن قايتىپ كېلىپ، ئورخۇن ۋە بالىقلىق دەرياسىنىڭ قوشۇلۇش جايىدا، ئەل ئۆيى (خان ئوردىسى) سالدۇردۇم، ئەل ئۆينى ……

ئون بىرىنچى ئاينىڭ يىگىرمىسى، قارا بۇلاقنىڭ شەرقىدە سوقاق يولى③ دا چىگىل تۇتۇق

① ئىرلۇن ② تالاقىمىن — يەر نامى.

③ سوقاق يولى — مەھمۇت قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» (تۈركچە Ⅱ توم 287 - بەت) دا "سوقاق - ئوغۇزلارنىڭ پارسلارغا بەرگەن نامى" دەپ كورسىتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسلانغاندا، سوقاق يولى ئىرانغا بارىدىغان يولنى كورسەتسە كېرەك.

توغۇرغۇ (دەرياسىدىن؟) ئۆتۈپ ...... (نەيزە) سانچىدىم. قارلۇق،
باسمىل ...... يىغىلىپ ...... چۈشتۈم ...... باسمىلغا ......
... ئاپا ...... تۇسىلىپ قاپتۇ ...... بىلمەس ھەممىسى قېچىپ
پىتىراپ ...... مەن سالدىم. مۇنچە كوپ پۈتۈكلەرنى ......
(مەڭگۈ تاش) پۈتۈكلىرىنى ئويدۇردۇم. كەلدى ... قارلۇق
خەلقى ... شۇنداق قىلىپ، سەككىزىنچى ئاينىڭ ئۈچىدە، يۈرۈش
قىلدىم ...... قارلۇقلارنىڭ تىرىكلىرىنىڭ ھەممىسى تۈركەشلەرگە
كەلدى. قايتىپ كېتىپ، ئونىنچى ئاينىڭ ئىككىسى باردىم ......
دىگىنى ئۈچ ...... زەربە بەردىم ...... (قايتىپ) كەلدىم، شۇندىن
نارتىپ، باسمىل ۋە قارلۇقلار يوقىتىلدى. قوي يىلى (755 - يىلى)
...... يازلىدىم ...... تابغاچ خانى خاقان ...... بىرىپتۇ ...... بىر قە-
زى، سەككىز ئوغلىنى ئەسىرگە ئالدىم ...... يېتىپ كەلدىم ......ئىك-
كى (قىسىم) خەلقنى ئېلىپ ...... ئۆتۈكەن ...... زەربە بەردىم. ئۇ يەردە
ئولتۇراقلىشىپ، مىڭدەك ئەسكەرنى(؟) ئەۋەتتىم. بەخت يارد-
ىدىغان تۇغىنى① ...... ئۇ يەردە ...... خەلقنى ... ئىككىنچى ئاينىڭ
ئالتىسى ئويۇمگە چۈشتۈم. توخۇ يىلى (757 - يىلى) دا
...... بىرىپتۇ ...... يوقىتىپتۇ، شۇنداق قىلىپ، كەلدى. ئىككى
قىزىنى (سوغا قىلىپ) بەردى ... بىرىپتۇ ...... سوزىڭىزنى بىر-
ماي، دىدى. خاتا ئىش قىلماي، دىدى ...... بويسۇنمىدى ......
سوغداق ۋە تابغاچلارغا سېلىنگا دەرياسىدا باي - بالىقنى سال-
دۇردۇم ......

(يېگىرمىسى)؟ ئۇ يەردىن قايتىپ ... ئۈچ تۇغىنى ... بىر-
لەش ...... يىگىرمە بىرى ئوردىسىنى ...... يىگىرمە ئۈچى
ئۇ يەردە (نەيزە) سانچىدىم. يارىش ۋە ئاغۇلىغ ئارد-

① ئەسلى تېكىستتە "قۇت يارتاغ تۇغ" دېيىلگەن.

لىغىدا ...... ئۈچ تۈمەن ...... نەيزىلىگەن يەردە ...... ئۇيى-
لاپتۇ ...... ئىككىنچى ئاينىڭ ئون ئالتىسى، ئۈچ تۇغلۇق تۈرك
خەلقى ...... سەككىز ئوغۇز، توققۇز (تاتار) ...... خوتۇن يىگەنى
ئۆز بىلگە ...... مىڭ يىلقىنى قالدۇرۇپتۇ، بىر تۈمەن قويىنى
قالدۇرۇپتۇ. قوشۇن قوماندانى مەن ...... ئەلتەبەر، مەن مىڭ
يىلقا، بىر تۈمەن قويىنى تۇتتۇم. ...... كەلتۈردۈم.

# II

# قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يادىكارلىقلار

# قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى



# ئوغۇزنامە

## «ئوغۇزنامە» توغرىسىدا قىسقىچە ئىزاھات

«ئوغۇزنامە» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىغا ئاساس سالغان ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئوغۇزخان توغرىسىدىكى قىسسە — قەدىمقى زامانلاردىن تارتىپلا ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي خەلقلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، ئۇزۇن تارىخقا ئىگە قەھرىمانلىق ھەققىدىكى ئېپىك داستان. ئۇ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياننى بېشىدىن كەچۈرگەن، شۇنداقلا ھەرقايسى تارىخىي دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ بېيىغان ۋە بەدىئىي جەھەتتىن پىشقان. ئوغۇزخان ھەققىدىكى قىسسە تارىخىي رىۋايەت سۈپىتىدە بىرمۇنچە تارىخىي كىتابلاردا يېزىپ قالدۇرۇلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر كۆپ تارقالغانلىرى «تارىخىي رەشىدى»، «شەجەرەئى تۈرك» قاتارلىق ئەسەرلەردىكى نۇسخىلىرى بولۇپ، بۇ نۇسخىلار شۇ تارىخىي دەۋرنىڭ ئېھتىياجى ۋە ئاپتورنىڭ خاھىشى بويىچە بىرمۇنچە ئۆزگەرتىلگەن ۋە قايتا ئىشلەنگەن.

«ئوغۇزنامە» داستانىنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئەڭ قەدىمقى ۋە قىممەتلىك قوليازمىسى 13 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تۇرپاندا كۆچۈرۈلگەن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بولۇپ، بۇ نۇسخا پارىژ مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

(بۇ نۇسخا جەمئىي 42 بەت، ھەر بېتىدە 9 قۇردىن جەمئىي 378 قۇر خەت يېزىلغان. ئاخىرقى ئىككى قۇر ئۇچۇپ كەتكەن).

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» — ئۇيغۇر خەلقى تەرىپىدىن ئۇزاق ئۆتمۈشتە يارىتىلغان قەھرىمانلىق ھەققىدىكى داستان بولۇپ، ئۇ ئۇزۇن بىر تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن باش قەھرىمان ئوغۇز خاقان ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى بەگلىرى تارىختىكى پۈتۈن - پۈتۈن قەبىلىلەرنىڭ ياكى قەبىلىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سىمۋوللۇق ئوبرازى. داستان نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلارنى خەلق داستانلىرىغا خاس بەدىئىي ۋاسىتىلەر بىلەن ئۇزلەشتۈرگەن ۋە ئەكس ئەتتۈرگەن.

«ئوغۇزنامە» نەسرىي ئۇسۇل بىلەن يېزىلغان داستان لېكىن بۇنىڭدا ھازىرقى ئۇيغۇر خەلق داستانلىرىدىكىگە ئوخشاش قاپىيىلىك جۈملىلەر ۋە شېئىرىي پارچىلارمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ قىسسە قەدىمقى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ تارىخى، دىنىي ئېتىقادى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئۆرپ - ئادىتى، قائىدە - يوسۇنلىرى، ئېتنوگرافىيىسى، ئەدەبىيات تارىخى، تىل - يېزىقى قاتارلىق بىرمۇنچە مۇھىم مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا ناھايىتى قىممەتلىك يادىكارلىق ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «ئوغۇزنامە» — مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، بەدىئىي ۋاسىتىلىرىنىڭ خىلمۇ - خىللىقى بىلەن خېلى بۇرۇنلا تۈركشۇناسلىق ساھەسىدە ئالاھىدە قىزىقىش قوزغىغان. نېمىس ئالىمى دېتس بىرىنچى قېتىم 1915 - يىلى بۇ ئەسەردىن پارچىلارنى نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئېلان قىلغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بۇ ئەسەرنىڭ تۈرلۈك تىللاردىكى تەرجىمىلىرى ئېلان قىلىندى ۋە ئۇ توغرىسىدا نۇرغۇن تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىلدى.

# «ئوغۇزنامە» نىڭ تېكىستى

..............................

سوڭ سەۋىنچ تاپتىلەر. كەنە كۈنلەردەن بىر كۈن ئاي قاغانىنىڭ كوزۇ يارىپ بودادى. ئەركەك ئوغۇل تۇغۇردى.

ئوشۇل ئوغۇلنىڭ ئوڭلۇگى چىراغى كوك ئەردى. ئاغىزى ئاتاش قىزىل ئەردى. كوزلەرى ئال، ساچلارى، قاشلارى قارا ئەردىلەر ئەردى. ياقشى نەپىسكىلەردەن كورۈكلۈگرەك ئەردى. ئوشۇل ئوغۇل ئاناسىنىڭ كوگۈزۈندۈن ئوغۇزنى ئىچىپ مۇندۇن

ئارتىغراق ئىچمەدى. يىگ ئەت، ئاش، سۇرمە تىلەدى. تىلى كەلە باشلادى. قىرىق كۈندۈن سوڭ بەدۈكلەدى. يۈرۈدى، ئوينادى. ئاداغى ئۇد ئاداغى دەگ، بەللەرى بورى بەللەرى دەگ، ياغرى كىش ياغرىدەگ، كوگۈزۈ ئادۇغ كوگۈزۈدەگ ئەردى. بەدەنىنىڭ قاماغى

تۈگ تولۇكلۇگ ئەردى. يىلقىلار كۈتەيە تۇرۇر ئەردى. ئاتلارغا مىنە تۇرۇر ئەردى. كىيىك ئاۋ ئاۋلايۇ تۇرۇر ئەردى. كۈنلەردەن سوڭ، كەچەلەردەن سوڭ يىگىت بولدى. بۇ چاقتا بۇ يەردە بىر ئۇلۇغ ئورمان بار ئەردى.

كوپ مۇرەنلەر ئوگۈزلەر بار ئەردى. بۇندا كەلگەنلەر كىيىك كوپ كوپ، بۇندا ئۇچقانلار قۇش كوپ كوپ ئەردى. ئوشۇل ئورمان ئىچىندە بەدۈك بىر قىئات (؟) بار ئەردى، يىلقىلارنى، ئەلكۈنلەرنى يەر ئەردى. بەدۈك يامان بىركىك ئەردى. بىركە

ئەسكەرتىش: ياندىكى نومۇرلار ئەسلى تېكىستىنىڭ قۇر سانىنى كورسىتىدۇ.

ئەمكەك بىرلە

ئەلكۈننى باسۇپ ئەردى. ئوغۇز قاغان بىر ئەرنز قاغاز كىشى ئەردى. بۇ قىئاتىنى (؟) ئاۋلاماق تىلەدى. كۈنلەردە بىر كۈن ئاۋغاچىقتى. جىدا بىرلە، يائوق بىرلە، تاقى قىلىچ بىرلە، قالقان بىرلە ئاتلادى. بىر بۇغۇ ئالدى. شۇل بۇغۇنى تالنىڭ چۇبۇغى بىرلە يىغاچقا باغلادى، كەتتى. ئاندان سوڭ ئەرتە بولدى. تاڭ ئەرتە چاقتا كەلدى كوردى كىم، قىئات(؟) بۇغۇنى ئالۇپ تۇرۇر. يەنە بىر ئادۇغ ئالدى، ئالتۇنلۇغ بەلباغى بىرلە يىغاچقا باغلادى، كەتتى. مۇندۇن سوڭ ئەرتە بولدى. تاڭ ئەرتە چاقتا كوردى كىم، قىئات (؟) ئادۇغنى ئالۇپ تۇرۇر. كەنە ئوشۇ ئادۇغ يىغاچنىڭ تۇبىندە تۇردى. قىئات (؟) كەلىپ باشى بىرلە ئوغۇز قالقانىن ئۇردى. ئوغۇز جىدا بىرلە قىئاتنىڭ باشىن ئۇردى، ئانى ئولتۇردى. قىلىچ بىرلە باشىن كەستى، ئالدى، كەتتى. كەنە كەلىپ كوردى كىم، بىر شۇڭقار قىئاتنىڭ ئىچەگۈسىن يەمەكتە تۇرۇر. يابىرلە ئوق بىرلە شۇڭقارنى ئولتۇردى، باشىن كەستى. ئاندان سوڭ دەدى كىم، شۇڭقارنۇڭ ئاڭاغۇسى ئوشبو تۇرۇر. بۇغۇ يەدى، ئادۇق يىدام ئولتۇردى، تەمۇر بولسا، قىئاتنى شۇڭقار يەدى يا ئوقۇم ئولتۇردى يەز بولسا، دەپ دەدى، كەتتى. تاقى قىئاتنىڭ ئانۇغۇسى ئوشبو تۇرۇر. كەنە كۈنلەردە بىركۈن ئوغۇز قاغان بىر يەردە تەڭرىنى يالبارغۇدا ئەردى. قاراڭغۇلۇق كەلدى. كوكتىن بىر كوك يارۇق تۇشتى. كۈندۇن ئايان، ئايدان قۇغۇلغۇلۇغراق ئەردى. ئوغۇزقاغان يۇرۇدى، كوردى كىم، ئوشبۇ يارۇقنۇڭ ئاراسىندا بىر قىز بار ئەردى. يالغۇز ئول-

تۇرۇر ئەردى. ياخشى كورۇكلۇگ بىر قىز ئەردى. ئانۇڭ
باشىندا ئاتاشلۇغ يارۇقلۇغ بىر مەڭى بار ئەردى. ئالتۇن
قازۇق دەگ ئەردى. ئوشۇل قىز ئانداغ
(60) كورۇكلۇگ ئەردى كىم، كۇلسە، كوك تەڭرى كولە تۇرۇر.
يىغلاسا، كوك تەڭرى يىغلايا تۇرۇر. ئوغۇز قاغان ئانى كور-
دۇكتە ئوزى قالمادى، كەتتى، سەۋدى ئالدى، ئانۇڭ بىرلە
ياتتى، تىلەگۇسىن ئالدى. تول بوغاز
(65) بولدى. كۇنلەردەن سوڭ، كەچەلەردەن سوڭ يارۇدى، ئۇچ
ئەركەك ئوغۇلنى توغۇردى. بىرىنچىسىگە كۇن ئات قويدىلار،
ئىكىنچىسىگە ئاي ئات قويدىلار، ئۇچۇنچۇسىگە يۇلدۇز ئات
قويدىلار كەنە بىر كۇن
(70) ئوغۇز قاغان ئاۋغا كەتتى. بىر كول ئاراسىندا ئالىندان
بىر يىغاچ كوردى. بۇ يىغاچنۇڭ قابۇ چاغىندا بىر قىز
بار ئەردى يالغۇز ئولتۇرۇر ئەردى. ياقشى كورۇكلۇگ بىر
قىز ئەردى. ئانۇڭ
(75) كوزۇ كوكتۇن كوكرەك، ئانۇڭ ساچى مورەن ئوسۇغى دەگ،
ئانۇڭ تىشى ئۇنچۇدەگ ئەردى. ئانداغ كورۇكلۇگ ئەردى كىم،
يەرنىڭ ئەلكۇنى ئانى كورسە، ئاي ئاي ئاھ ئاھ ئولەبىز
دەپ، سۇتتەن
(80) قومۇز بولا تۇرۇرلار. ئوغۇز قاغان ئانى كوردۇكتە ئوزى
كەتتى، يۇرەكىگە ئاتاش تۇشتى، ئانى سەۋدى، ئالدى، ئا-
نۇڭ بىرلە ياتتى تىلەگۇسۇن ئالدى. تول بوغاز بولدى.
كۇنلەردەن سوڭ كەچەلەردەن سوڭ
(85) يارۇدى. ئۇچ ئەركەك ئوغۇلنى توغۇردى. بىرىنچىسىگە كوك
ئات قويدىلار، ئىكىنچىسىگە تاغ ئات قويدىلار، ئۇچۇنچۇ-
سۇگە تەڭىز ئات قويدىلار. ئاندان سوڭ ئوغۇز قاغان بەدۇك
(90) توي بەردى. ئەلكۇننى يارلىق يارلاپ كەڭەشتىلەر، كەلدىلەر.

قىرىق شىرە، قىرىق بەندەڭ چاپتۇردى (ياپتۇردى). تۈرلۈگ ئاشلار، تۈرلۈگ سۈرمەلەر، چۈبۈيانلار، قىمىزلار ئاشادىلار، ئىچتىلەر تويىدان سوڭ ئوغۇز قاغان بەگلەرگە ئەلكۈنلەرگە يارلىق بەردى. تاقى دەدى كىم: مەن سەنلەرگە بولدۇم قاغان، ئالالىڭ يا تاقى قالقان؛ تامغا بىزگە بولسۇن بۇيان؛ كوك بورى بولسۇنغىل ئۇران؛ تەمۇر ييدالار بول ئورمان، ئاۋ يەردە يۈرۈسۈن قۇلان؛ تاقى تالۇي تاقى مۈرەن، كۈن توغ بولغىل، كوك قۇرىقان دەپ دەدى. كەنە ئادان سوڭ ئوغۇز قاغان تۆرت سارىغايارلىق يۇمشادى. بىلدۇرگۈلۈك بىتىدى. ئەلچىلەرىگە بەرىپ يىبەردى. ئۇشبۇ بىلدۇرگۈلۈكتە بىتىلمىش ئەردى كىم، مەن ئۇيغۇرنىڭ قاغانى بولامەن. كىم، يەرنىڭ تورت بۇلۇڭىنىڭ قاغانى بولسام كىرەك تۈرۈر. سەنلەردەن باش چالۇڭغۇلۇق تىلەپ مەن تۈرۈر. ئوشۇل كىم مەنىڭ ئاغىزۇمغا باقار تۈرۈر بولسا، تارتىغ تارتىپ دوست تۇتارمەن دەپ دەدى. ئۇشبۇ كىم ئاغىزۇمغا باقماس تۈرۈر بولسا، چامات چاقىپ چەرىگ چەكىپ دۈشمان تۇتارمەن. تاغۇراق باسىپ ئاستۇرۇپ يوق بولسۇنغىل دەپ قىلۇرمەن دەپ دەدى. كەنە بۇ چاقتا ئوڭ ياڭاقتا ئالتۇن قاغان دەگەن بىر قاغان بار ئەردى. ئۇشبۇ ئالتۇن قاغان ئوغۇز قاغانغا ئەلچى يۇمشاپ يىبەردى. كوپ تەلىم ئالتۇن كۈمۈش تارتىپ، كوپ تەلىم قىزىل ياقۇت تاش ئالىپ، كوپ تەلىم ئەردەنىلەر يىبەرىپ يۇمشاپ، ئوغۇز قاغانغا سويۇرقاپ بەردى، ئاغىزىغا باقىندى. ياقشى بەلگۈ بىرلە دوستلۇق قىلدى. ئانۇڭ بىرلە ئامىراق بولدى. چوڭ ياڭاقدا ئۇرۇم دەگەن بىر قاغان بار ئەردى. ئۇشبۇ قاغاننۇڭ چەرىگى كوپ كوپ،

بالىقلارى كوپ كوپ ئەردىلەر ئەردى. ئوشۇل ئۇرۇم قاغان
ئوغۇز قاغاننىڭ يارلىغىنى ساقلاماس ئەردى. قاتاغلاغۇ بار -
ماس ئەردى. مۇنى سوز سوز -
نى تۇتماس مەن تۇرۇرمەن دەپ يارلىقىقا باقمادى. ئوغۇز
قاغان چامات ئاتوپ ئاڭا ئاتلاغۇ تىلەدى. چەرىگ بىرلە
ئاتلاپ تۇغلارنى تۇتۇپ كەتتى. قىرىق كۇندۇن سوڭ مۇزتاغ
دەگەن
تاغنىڭ ئاداغىغا كەلدى. قورىقانىنى تۇشكۇردى. شۇك بولۇپ
ئۇيۇپ تۇردى. تاڭ ئەرتە بولدۇقتا ئوغۇز قاغاننىڭ قورد -
قانىغا كۇن دەگ بىر يارۇق كىردى. ئول يارۇقتۇن كوك
تۇلۇكلۇگ، كوك ياللۇغ بەدۇك بىر ئەركەك بورى چىقتى.
ئوشۇل بورى ئوغۇز قاغانغا سوز بەرىپ تۇرۇر ئەردى. تاقى
دەدى كىم، ئاي ئاي ئوغۇز، ئۇرۇم ئۇستىگە سەن ئاتلار
بولاسەن،
ئاي ئاي ئوغۇز تاپۇغۇڭلارغا مەن يۇرۇر بولامەن دەپ
دەدى. كەنە ئاندان سوڭ ئوغۇز قاغان قورىقانىنى تۇرتۇردى،
كەتتى. كوردى كىم چەرىگنىڭ تاپۇغلارىدا
كوك تۇلۇكلۇگ، كوك ياللۇغ بەدۇك بىر ئەركەك بورى
يۇرۇگۇدە تۇرۇر. ئول بورىنىڭ ئارتلارىنى قاتاغلاپ يۇرۇگۇدە
تۇرۇر ئەردىلەر ئەردى. بىرنەچە كۇنلەردەن سوڭ كوك
تۇلۇكلۇگ كوك ياللۇغ بۇ بەدۇك ئەركەك بورى تۇرۇپ
تۇردى. ئوغۇز تاقى چەرىگ بىرلە تۇرۇپ تۇردى. مۇندا
ئىتىل مۇرەن دەگەن بىر تالاي بار ئەردى. ئىتىل مۇرەن -
نىڭ قىيدۇغىدا بىر قارا تاغ تانىغىدا
ئۇرۇشغۇ تۇتۇلدى. ئوق بىرلە، يىدا بىرلە قىلىچ بىرلە
ئۇرۇشتىلار. چەرىگلەرنىڭ ئارالارىدا كوپ تەلىم بولدى
ئۇرۇشغۇ، ئەلىگۇنلەرنىڭ كوڭۇللەرىدە كوپ تەلىم بولدى
قايغۇ. تۇتۇلۇنچ، ئۇرۇشۇنچ

ئانداغ يامان بولدى كىم، ئىتىل مۆرەننىڭ سۇغى قىسىپ قىزىل سىپىسىڭگىردەگ بولدى. ئوغۇز قاغان باستى، ئۇرۇم قاغان قاچتى. ئوغۇز قاغان ئۇرۇم قاغاننىڭ قانلىغىن ئالدى،

ئەلكۈنىن ئالدى. ئوردۇسىغا كوپ ئۆلۈق ئولۇگ بارغۇ، كوپ تەلىم تىرىگ بارغۇ تۈشۈ بولدى. ئۇرۇم قاغاننىڭ بىر قارۇنداشى بار ئەردى. ئۇرۇس بەگ دەگەن ئەردى. ئول ئورۇس بەگ ئوغۇلۇن تاغ باشىدا

تەرەڭ مۆرەن ئاراسىدا ياقشى بەرىك بالۇقتا يۇمشادى. تاقى دەدى كىم، بالۇقنى قاتاغلاغۇ كەرەك تۇرۇر. سەن تاقى ئۇرۇشغۇلاردان سوك بالۇقنى بەنگە ساقلاپ كەلگىل دەپ دەدى. ئوغۇز

قاغان ئوشۇل بالۇققا ئاتلادى. ئۇرۇس بەگنىڭ ئوغۇلى ئاڭا كوپ ئالتۇن كۆمۈش يىبەردى. تاقى دەدى كىم، ئاي، مەنىڭ قاغانۇم سەن. مەنگە ئاتام بۇ بالۇقنى بەرۈپ تۇرۇر. تاقى دەدى كىم بالۇقنى

قاتاغلاغۇ كەرەك تۇرۇر. سەن تاقى ئۇرۇشغۇلاردان سوك بالۇقنى بەنگە ساقلاپ كەلگىل دەپ دەدى. ئاتام چامات ئاتۇپ ئەرسە مەنۈڭ تاپۇم ئەرۇرمۇ؟ سەندەن يارلۇق باغلۇغ بەللۈگ بولامەن.

بىزنىڭ قۇتى بىز سەنىڭ قۇتۇڭ بولمۇش، بىزنىڭ ئۇرۇغى بىز سەنىڭ يىغاچۇغىنۇڭ ئۇرۇغى بولمۇش بولۇپ تۇرۇر. تەڭرى سەنگە يەر بەرىپ بويۇرمۇش بولۇپ تۇرۇر. مەن سەنگە

باشۇمنى قۇتۇمنى بەرەمەن. بەرگۇ بەرىپ دوستلۇقتان چىقماس تۇرۇمەن دەپ دەدى. ئوغۇز قاغان يىگىتنىڭ سوزۇن ياقشى كوردى، سەۋىندى، كۈلدى تاقى ئايتتى كىم، مەنگە كوپ ئالتۇن يۇمشاپسەن،

بالۇقنى ياقشى ساقلاپسەن دەپ دەدى. ئانۇڭ ئۈچۈن ئاڭا

ساقلاپ ئات قويدى، دوستلۇق قىلدى. ئەنە چەرىگ بىرلە ئوغۇز قاغان ئىتىل دەگەن مۆرەنگە كەلتى. ئىتىل دەگەن بەدۆك بىرمۆرەن تۇرۇر. ئوغۇز قاغان ئانى كوردى - تاقى دەدى كىم، ئىتىلنىڭ سۇغىدان نەچۇك كەچەر بىز دەپ دەدى. چەرىگدە بىر ياقشى بەگ بار ئەردى. ئانىڭ ئاتى ئۇلۇغ ئوردۇ بەگ ئەردى. ئۇزلۇغ (ئۇقغۇلۇغ) بىر ئەر ئەردى. كوردى كىم، قۇدۇغىدا كوپ تەلىم تاللار، كوپ تەلىم يىغاچلار بار ئەردى. ئۇشبۇ بەگ... ئۇشۇل يىغاچلار...... كەستى. يىغاچلاردا ياتتى، كەچتى. ئوغۇز قاغان سەۋىنچ ئاتتى، كۇلدۇ. تاقى ئايىتتى كىم، ئاي ئاي، سەن مۇندا بەگ بولۇڭ، قىپچاق دەگەن سەن بەگ بولۇڭ دەپ دەدى. تاقى ئىلگەرۇ كەتتىلەر. ئاندان سوڭ ئوغۇز قاغان كەنە كوك تۈلۈكلۈگ كوك ياللۇغ ئەركەك بورى كوردى ئۇشبۇ كوك بورى ئوغۇز قاغانغا ئايىتتى كىم، ئەمدى چەرىگ بىرلە مۇندۇن، ئاتلاڭ. ئوغۇز ئاتلاپ ئەلكۇنلەرنى بەگلەرنى كەلدۇرگىل، مەن سەنگە باشلاپ يولنى كورگۇرۇرمەن دەپ دەدى. تاڭ ئەرتە بولدۇقتا ئوغۇز قاغان كوردى كىم، ئەركەك بورى چەرىگنىڭ تاپۇقلارىدا يۇرۇگدە تۇرۇر. سەۋىندى، ئىلگەرۇ كەتتى. ئوغۇز قاغان بىر چوقۇر تان ئايغىر ئاتقا مىنە تۇرۇر ئەردى. ئۇشۇل ئايغىر ئاتنى بەك چوق سەۋەيۇر ئەردى. يولدا ئۇشبو ئايغىر ئات كوزدەن يىتۇ قاچتى، كەتتى. مۇندا ئۇلۇغ بىر تاغ بار ئەردى. ئۇزە ئۇستۇندە توڭ تاقى مۇز بار تۇرۇر. ئانىڭ باشى سوغۇقتان ئاپ ئاق تۇرۇر. ئانىڭ ئۈچۈن ئانىڭ ئاتى مۇز تاغ تۇرۇر. ئوغۇز قاغاننىڭ ئاتى مۇز تاغ ئىچىگە قاچىپ كەتتى. ئوغۇز قاغان مۇندان

(235) كوپ چاغى ئەمگەك چەتۈپ تۆردى. چەرىگدە بىر بەدۆك
قاغىز ئەر بەگ بار ئەردى. چالاك ــ بۆلاڭدان قورقماس
تۆرۆر ئەردى. يۆرۆگۆدە سوغۆرغۆدا ئۆڭا ئەر ئەردى.
ئۆشۆل بەگ تاغلارغا كىردى،
(240) يۆرۆدۆ. توقۆز كۆندۆن سوڭ ئۆغۆز قاغانغا ئايغىر ئاتنى
كەلدۆردى. مۆز تاغلاردا كوپ سوغۆق بولۆپدان ئول بەگ
قاغاردان سارۆنمىش ئەردى. ئاپ ئاق ئەردى. ئۆغۆز قاغان
سەۋىنچ بىرلە كۆلدۆ، ئايىتتى كىم،
(245) ئاي، سەن مۆندا بەگلەرگە بولغىل باشلىغ. مەنگۆلەپ سەنگە
ئات بولسۆن قاغارلىغ دەپ دەدى. كوپ ئەردەنى سويۆر-
قادى، ئىلگەرۆ كەتتى. كەنە يولدا بەدۆك بىرئوي كوردى.
بۆئوينۆڭ تاغامى ئالتۆندان ئەردى، توڭلۆقلارى تاقى
(250) كۆمۆشتۆن، قالىقلارى تەمۆردۆن ئەردىلەر ئەردى. قاپۆغ-
لۆق ئەردى، ئاچقىچ يوق ئەردى. چەرىگدە بىر ياقشى
چەبەر ئەر بار ئەردى. ئانۆڭ ئاتى تومۆردۆ قاغۆل دەگەن
ئەردى. ئاڭا يارلىق قىلدى كىم، سەن مۆندا قال، ئاچ
قالىق.
(255) ئاچغۆڭدۆن سوڭ كەل توردۆغا دەپ دەدى. مۆندان ئاڭا
قالئاچ ئات قويدى. ئىلگەرۆ كەتتى. كەنە بىر كۆن كوك
تۆلۆكلۆگ كوك ياللۆغ ئەركەك بورى يۆرۆمەيىن تۆردى.
ئۆغۆز قاغان تاقى تۆردى. قۆرىقان
(260) تۆشكۆرە تۆرغان تۆردى. تارلاغۆسىز بىر يازى يەر ئەردى.
مۆڭا جۆرجىت دەدۆرۆرلەر ئەردى. بەدۆك بىر يۆرت، ئەلگۆن
ئەردى. يىلقىلارى كوپ، ئۆد-بۆزاغلارى كوپ، ئالتۆن-كۆمۆش-
لەرى كوپ، ئەردەنىلەرى كوپ ئەردىلەر ئەردى. مۆندا جۆرجىت
(265) قاغانى ئەلگۆنى ئۆغۆز قاغانغا قارشۆ كەلدىلەر. ئۆرۆش توقۆش
باشلاندى. ئوقلار بىرلە، قىلىچلار بىرلە، ئۆرۆشتىلار. ئۆغۆز
قاغان باستى. جۆرجىت قاغاننى باستى، ئۆلتۆردى، باشىن

کەستی. جۇرجىت ئەلگۈنىن ئۇز ئاغىزىغا باقىندۇردی. ئۇرۇشقۇدان سوڭ ئوغۇز قاغاننۇڭ چەرىگىگە، نوکەرلەرگە، ئەلگۈنىگە ئانداغ ئۇلۇغ ئولۇگ بارغۇ تۇشتی کىم، يۇکلەمەککە، کەلدۇرمەککە ئات، قاغاتىر، ئۇد ئازلىق بولدی. ئاندا ئوغۇز قاغاننۇڭ چەرىگىدە ئۇزلۇغ باقشی بىر چەبەر کىشی بار ئەردی. ئانىڭ ئاتی بارماقلۇغ يوسۇن بىلىلىگ ئەردی. بۇ چەبەر بىر قانغا ياستی چاپتی. قانغا ئۇستۇنىدە ئولۇگ بارغۇنی قويىدی، قانغا باشىدا تىرىگ بارغۇنی قويدی، تارتتىلار، کەتتىلەر، نوکەرلەر - نوڭ، ئەلكۇننۇڭ قاماغی مۇنی کوردىلەر، شاشتىلار، قانغالار تاقی چاپتىلار. مۇنلار قانغا يۇرمەكتە قانغا سوز بەرە تۇرۇر ئەردىلەر ئەردی. ئانۇڭ ئۇچۇن ئانلارغا قانغا ئات قويدىلار. ئوغۇز قاغان قانغا - لارنی کوردی، کۇلدی. تاقی ئايىتتی کىم، قانغا، قانغا بىرلە ئولۇگنی تىرىگ يۇرگۇرسۇن. قانغالۇغ سەنگە ئات بولغۇلۇغ قانغا بىلگۇرسۇن دەپ دەدی، کەتتی. ئاندان سوڭ کەنە بۇ کوك تولۇکلۇگ، کوك ياللۇغ ئەرکەك بوری بىرلە سىندۇ، تاقی تاكغۇت، تاقی شاغام ياكغاقلارىغا ئاتلاپ کەتتی. کوپ ئۇرۇشقۇدان، کوپ توقۇشغۇدان سوڭ ئانلارنی ئالدی، ئوز يۇرتىغا بىرلەدی، باشاتی، ياستی. کەنە تاشقارۇن قالماسۇن بىلىلۇگ بولسۇن کىم، کۇندۇنكی بولۇكدا بارقان دەگەن بىر يەر بار تۇرۇر. ئۇلۇغ بارغۇلۇغ بىر يۇرت تۇرۇر. کوپ ئىسسىغ بىر يەر تۇرۇر. مۇندا کوپ کىکلەری، کوپ قوشلاری بار تۇرۇر. ئالتۇنی کوپ، کۇمۇشی کوپ، ئەردەنىلەری کوپ تۇرۇر. ئەلگۈنلەرىنىڭ ئوکلۇگی چىراغی قاپ-قارا تۇرۇر. ئوشۇل يەرىنىڭ قاغانی

ماسار دەگەن بىر قاغان ئەردى. ئوغۇز قاغان ئانىڭ ئۈستىگە ئاتلادى. ئانداغ يامان ئۇرۇشقۇ بولدى. ئوغۇز قاغان باش - (ا)تى، ماسار قاغان قاچتى. ئوغۇز ئانى باستى، يۇرتىن ئالدى، كەتتى. ئانىڭ دوستلارى كوپ سەۋىنچلەر تاپتى، ئانىڭ دۇشمانلارى كوپ قايغۇلار تاپتى. ئوغۇز قاغان ئانى باشاتى، ساناغولۇقسىز نەمەلەر، يىلقىلار ئالدى، يۇرتىغا ئويىگە تۇشتى، كەتتى. كەنە تاشقارۇن قالماسۇن كىم، بىللۇگ بولسۇن كىم، ئوغۇز قاغاننىڭ يانىدا ئاق ساقاللۇغ مۇز ساچلۇغ ئۇزۇن ئۇزلۇغ بىر قارت كىشى تۇرۇر بار ئەردى. ئۇقغۇلۇق تۈزۈن بىر ئەر ئەردى. تۇشمەل ئەردى. ئانىڭ ئاتى ئۇلۇغ تۇرۇك ئەردى. كۈنلەردە بىر كۈن ئويقۇدا بىر ئالتۇن يا كوردى. تاقى ئۇچ كۈمۈش ئوق كوردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن توقۇشىدان كۈن باتۇشىغاچا تەگكەن ئەردى. تاقى بۇ ئۇچ كۈمۈش ئوق تۈن ياڭاقا كەتە تۇرۇر ئەردى. ئويقۇدان سوڭ تۇشتە كورگەنىن ئوغۇز قاغانغا بىلدۇردى، تاقى دەدى كىم، ئاي، قاغانۇم، سەنگە ياشاغۇ بولسۇنغىل ئۇزۇن. ئاي قاغانۇم سەنگ تۇرۇلۇك بولسۇنغىل تۈزۈن. بەنگە كوك تەڭرى بەردى تۇشۇمدە، كەلدۇرسۇن تالاي تۇرۇر يەرنى ئۇرۇغۇڭغا بەر - دۇرسۇن دەپ دەدى. ئوغۇز قاغان ئۇلۇغ تۇرۇكنىڭ سوزۇن ياقشى كوردى، ئوگۇدۇن تىلەدى. ئوگۇدۇگە كورە قىلدى. ئانداڭ سوڭ ئەرتە بولۇپدا ئاقالارنى ئىنىلەرنى چارلاپ كەلدۇردى. تاقى ئايتتى كىم، ئاي، مەنىڭكوڭلۇم ئاۋنى تىلەپ تۇرۇر. قارى بولغۇمدان مەنىڭ قاغىزلوغۇم يوق تۇرۇر. كۈن، ئاي، يولدۇز تاڭ سارىغا سەنلەر بارۇڭ. كوك، تاغ، تەڭىز

تۈن سارىغا سەنلەر بارۇڭ دەپ دەدى. ئاندان سوڭ ئۇچەگۇسۇ تاڭ سارىغا باردىلار، تاقى ئۇچەگۇسۇ تۈن سارىغا باردىلار. كۈن، ئاي، يۇلدۇز كوپ كىكلەر، كوپ قۇشلار ئاۋلاغۇلاردىدان سوڭ يولدا بىر ئالتۇن يانى تاپتىلار، ئالدىلار، ئاتاسىغا بەردىلەر. ئوغۇز قاغان سەۋىندى، كۈلدى، تاقى ئانى ئۈچ بۇزغۇلۇق قىلدى. تاقى ئايتتى كىم، ئاي ئاقالار يا بولسۇن سەنلەرنىڭ، يادەگ ئوقلارنى كوككەچە ئاتۇڭ دەپ دەدى. كەنە ئاندان سوڭ كوك، تاغ، تەڭىز كوپ كىكلەر، كوپ قۇشلار ئاۋلاغۇلاردان سوڭ يولدا ئۈچ كۈمۈش ئوقنى تاپتىلار، ئالدىلار، ئاتاسىغا بەردىلەر. ئوغۇز قاغان سەۋىندى، كۈلدى. تاقى ئوقلارنى ئۈچۈگە ئۈلەشتۈردى. تاقى ئايتتى كىم، ئاي ئىنىلەر، ئوقلار بولسۇن سەنلەرنىڭ. ياكاتتى ئوقنى ئوقلاردەگ سەنلەر بولۇڭ دەپ دەدى. كەنە ئاندان سوڭ ئوغۇز قاغان ئۇلۇغ قۇرىلتاي چاقىردى. كەلىپ كەڭەشىپ ئولتۇردىلار. ئوغۇز قاغان بەدۈك ئوردۇدا …… …… ئوڭ ياغىدا قىرىق قۇلاچ يىغاچنى تىكتۇردى. ئانۇڭ باشىدا بىر ئالتۇن تاغۇق قويدى، ئاداغىدا بىر ئاق قويۇن باغلادى. چوڭ ياغىدا قىرىق قۇلاچ يىغاچنى تىكتۇردى، ئانۇڭ باشىدا بىر كۈمۈش تاغۇق قويدى، ئاداغىدا بىر قارا قويۇننى باغلادى. ئوڭ ياقتا بۇزۇقلار ئولتۇردى، چوڭ ياقتا ئۈچ ئوقلار ئولتۇردى. قىرىق كۈن، قىرىق كەچە ئاشادىلار، ئىچتىلەر، سەۋىنچ تاپتىلار. ئاندان سوڭ ئوغۇز قاغان ئوغۇللارىغا يۇرتىن ئۈلەشتۈرۈپ بەردى تافى دەدى كىم،

ئاي ئوغۇللار، كوپ مەن ئاشتۇم، ئۇرۇشقۇلار كوپ مەن
كوردۇم، يىمدا بىلە كوپ ئوق ئاتتۇم، ئايغىر بىرلە كوپ
يۇرۇدۇم. دۇشمانلارنى يىغلاغۇردۇم، دوستلارۇمنى مەن
(375) كۇلدۇردۇم. كوك تەڭرىگە مەن ئوتەدۇم. سىزلەرگە بەرەمەن
يۇرتۇم دەپ دەدى......
............
.................

## تەرجىمىسى

.........

كۇنلەردىن بىر كۇن ئايخاننىڭ كوزى يورۇپ، بوشاندى،
بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇلنىڭ ئوڭ-چىرايى كوك، ئاغزى
چوغدەك قىزىل، كوزلىرى هال، چاچلىرى، قاشلىرى قارا ئىدى.
پەرىلەردىنمۇ چىرايلىقراق ئىدى. بۇ ئوغۇل ئانىسىنىڭ كوكسى-
دىن ئوغۇز سۇتىنىلا ئىمىپ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق سۇت ئەممىدى.
(ئۇ) خام گوش، ئاش-تاماق ۋە شاراپ تەلەپ قىلدى. تىلى
چىقىشقا باشلىدى. قىرىق كۇندىن كىيىن، چوڭ بولدى، ماڭدى،
ئوينىدى. (ئۇنىڭ) ئايىغى ئوكۇز ئايىغىدەك، بېلى بورىنىڭ بې-
لىدەك، يەلكىسى بۇلغۇن يەلكىسىدەك، كوكسى بولسا ئېيىق كوك-
سىدەك ئىدى، بەدىنىنىڭ هەممە يېرى تۇكلۇك ئىدى. (ئۇ) يىل-
قىلارنى باقاتتى، ئاتلارغا مىنەتتى، ئوۋ ئوۋلايتتى. كۇنلەر ئوتۇپ،
تۇنلەر ئوتۇپ ئۇ يىگىت بولدى.
ئۇ چاغدا بۇ يەردە بىر چوڭ ئورمان بولۇپ، (ئۇنىڭدا)
كوپلىگەن دەريا-ئېقىنلار بار ئىدى. بۇ ئورمانغا كوپلىگە هايۋانلار
كېلىپ تۇراتتى، نۇرغۇن قۇشلار ئۇچۇپ يۇرەتتى. ئورماننىڭ ئى-

چىدە يوغان بىر قىئات ① بار ئىدى. (ئۇ) يىلقىلارنى، ئادەم-
لەرنى يەپ كېتەتتى. بۇ، ناھايىتى يامان بىر ھايۋان ئىدى. ئۇ
خەلق بېشىغا ئېغىر قايغۇ-ھەسرەت كەلتۈرەر ئىدى. ئۇغۇز خا-
قان جاسارەتلىك، قورقماس بىر كىشى ئىدى، (شۇڭا ئۇ) بۇ قى-
ئاتنى ئوۋلاشقا بەل باغلىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە (ئۇغۇز خاقان) ئوۋغا چىقتى، نەيزە،
ئوقيا، قىلىچ ۋە قالقان ئېلىپ يولغا ئاتلاندى. (ئۇ) بىر بۇغا
ئوۋلىدى، بۇغىنى تالنىڭ چىۋىقى بىلەن دەرەخكە باغلاپ، قايتىپ
كەتتى. شۇندىن كېيىن، تاڭ ئاتتى. تاڭ ئاتقاندا كەلگىنىدە كور-
دىكى، بۇغىنى قىئات ئېلىپ كېتىپتۇ. (ئۇغۇز خاقان) يەنە بىر
ئېيىقنى ئوۋلاپ ئۇنى ئالتۇن بەلۋىغى بىلەن دەرەخكە باغلاپ،
قايتىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، يەنە تاڭ ئاتتى. تاڭ سەھەردە
يەنە كېلىپ كوردىكى، قىئات ئېيىقنىمۇ ئېلىپ كېتىپتۇ. (ئۇغۇز)
ئەنە شۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ تۇرغىنىدا، قىئات كېلىپ، بې-
شىنى ئۇغۇزنىڭ قالقىنىغا ئۇردى. ئۇغۇز نەيزىسى بىلەن قىئاتنىڭ
بېشىغا ئۇرۇپ، (ئۇنى) ئولتۇردى ۋە قىلىچ بىلەن بېشىنى كېسىپ
ئېلىپ كەتتى. كېيىن ئۇ، بۇ يەرگە كېلىپ كوردىكى، بىر شۇڭقار
قىئاتنىڭ ئىچ-قارنىنى يەۋەتاتتى. (ئۇغۇز) ئوقيا بىلەن شۇڭقارنى
ئولتۇردى ۋە بېشىنى كەستى. ئاندىن كېيىن دىدىكى، "شۇڭقار-
نىڭ قىياپىتى مانا مۇشۇ. قىئات بۇغىنى يىدى، ئېيىقنىمۇ يىدى،
ئۇ گەرچە تومۇردەك قاتتىق بولسىمۇ نەيزەم ئاخىر ئۇنى ئولتۇر-
دى. قىئاتنى شۇڭقار يىدى. ئۇ گەرچە شامالدەك تېز بولسىمۇ،
ئوقيايىم ئاخىر ئۇنى ئولتۇردى" (ئۇ) شۇنداق دىدى-دە، قاي-
تىپ كەتتى. مانا بۇ قىئاتنىڭ قىياپىتى.........

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇغۇز خاقان بىر جايدا تەڭرىگە سېغىن-

---

① قىئات — ئەپسانىۋى ھايۋان بولۇپ، بەزى ماتېرىياللاردا ئۇنى بىر مۈڭگۈزلۈك، تەلەتى قورقۇنچلۇق ۋەھشى ھايۋان دەپ ئىزاھلايدۇ.

لىۋاتاتتى، (ئەتراپ) قاراڭغۇلىشىپ، ئاسماندىن بىر كوك نۇر چۈشتى. (بۇ نۇر) كۈندىن نۇرلۇق، ئايدىن يورۇق ئىدى. ئوغۇزخاقان (ئۇنىڭ قېشىغا) بېرىپ، بۇ نۇرنىڭ ئىچىدە بىر قىز بارلىقىنى كوردى. (ئۇ قىز) تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ ئىنتايىن چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ پېشانىسىدە ئاتەشتەك نۇرلۇق بىر مېڭى بولۇپ، بۇ مېڭى قۇتۇپ يۇلتۇزىغا① ئوخشايتتى. بۇ قىز شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، (ئۇ) كۈلسە، كوك تەڭرىمۇ قوشۇلۇپ كۈلەتتى، ئۇ يىغلىسا، كوك تەڭرىمۇ بىللە يىغلار ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇ قىزنى كوردى-دە، ئەس-هۇشىنى يوقاتتى ۋە ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى. (بۇ قىزنى) ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، ئارمانىغا يەتتى. بۇ قىز هامىلدار بولدى، كۈنلەر ئوتۇپ، تۈنلەر ئوتۇپ، ئۇنىڭ كوزى يورۇدى ۋە ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كۈن دەپ، ئوتتۇرانچىسىغا ئاي ۋە كەنجىسىگە يۇلتۇز دەپ ئات قويدى.

يەنە بىر كۈنى ئوغۇزخاقان ئوۋغا چىقتى. ئۇ ئالدىدىكى كولنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر دەرەخ كوردى. شۇ دەرەخنىڭ كاۋىكىدا بىر قىز تەنها ئولتۇراتتى. ئۇ، بەكمۇ چىرايلىق بىر قىز ئىدى. ئۇنىڭ كوزى ئاسماندىن كوكرەك، چېچى خۇددى دەريا سۇيىدەك، چىشلىرى ئۈنچىدەك ئىدى. ئۇ، شۇنچىلىك گۈزەل ئىدىكى، كىشىلەر ئۇنى كورسە، "هاي-هاي، ئاه-ئۇه، جاننى ئالىدىكەن" دېيىشەتتى. (ئۇنى) كورگەن سۈتمۇ قېمىزغا ئايلىناتتى. ئوغۇزخاقان ئۇنى كوردى-دە، ئەس-هۇشىنى يوقاتتى، يۈرىكىگە ئوت تۇتاشتى، ئۇنى سويۈپ قالدى ۋە ئالدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇپ، تىلىكىگە يەتتى. ئۇ قىز ئىككى قات بولدى. كۈنلەر ئوتۇپ، تۈنلەر ئوتۇپ، ئۇنىڭ كوزى يورۇدى ۋە ئۈچ ئوغۇل تۇغدى. تۇنجىسىغا كوك (ئاسمان) دەپ ئات قويدى، ئوتتۇرانچىسىغا تاغ،

---

① قۇتۇپ يۇلتۇز—ئەسلى تېكىستتە «ئالتۇن قوزۇق» دېيىلگەن.

كەنجىسىگە دېڭىز دەپ ئات قويىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاقان كاتتا توي بەردى. خەلققە يارلىق چۈشۈردى، كىشىلەر مەسلىھەت بويىچە كېلىپ قاتناشتى. قىرىق شىرە، قىرىق بەندىلىك ياساتتى. كۆپچىلىك ھەر خىل تائام - لار، نازى - نېمەتلەرنى يېيىشتى ۋە تۈرلۈك مەي - شاراپلار، قىمىز - لارنى ئىچىشتى. تويدىن كېيىن ئوغۇزخاقان بەگلەرگە، خەلققە يارلىق چۈشۈرۈپ مۇنداق دېدى:

"مەن سىلەرگە بولدۇم خاقان،
ئېلىڭلار قولغا يا ۋە قالقان.
بىزگە تامغا بولسۇن بۇيان①.
ھەم كۆك بورى بولغاي ئۇران،②
تۆمۈر نەيزە بولغىن ئورمان!
دېڭىز - دەريا تۇرسۇن ئېقىپ،
ئوۋ يېرىدە يۈرسۇن قۇلان،
كۈن تۇغ بولغاي، ئاسمان قۇرىقان.③

شۇندىن كېيىن، ئوغۇزخاقان تۆت ئەتراپقا يارلىق چۈشۈر - دى ۋە مەكتۇپ يېزىپ ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. بۇ مەكتۇپتە شۇنداق يېزىلمىش ئىدى:

"مەن ئۇيغۇرلارنىڭ خاقانىمەن، مەن پۈتۈن جاھاننىڭمۇ خاقانى بولۇشۇم كېرەك! مەن سىلەرنىڭ ماڭا بوي سۇنۇشۇڭلارنى سورايمەن. كىمكى بوي سۇنۇپ ئاغزىمغا باقسا، ئۇنىڭغا تارتۇق يوللاپ، ئۇنى دوست تۇتىمەن، كىمكى ماڭا بوي سۇنمىسا، غەزىۋىم تېشىپ، قوشۇن تارتىمەن، ئۇنى ئۆزەمگە دۈشمەن تۇتىمەن،

① بۇيان — بەخت - سائادەت، پاراغەت ساۋاپ.
② ئۇران — ھەربىي بەلگە(؟) جەڭگىۋار شوئار.
③ قۇرىقان — بارگاھ، چېدىر.

دەرھال باستۇرۇپ بېرىپ، (دارغا) ئاستۇرۇپ، ئۇنى يوق قىلىمەن.“

بۇ چاغدا، ئوڭ تەرەپتە ئالتۇن خاقان دېگەن بىر خاقان بار ئىدى، شۇ ئالتۇن خاقان ئوغۇز خاقانغا ئەلچى ئەۋەتتى. كۆپلىگەن ئالتۇن - كۆمۈش، ئىسىل ياقۇت، نۇرغۇن بايلىق ئىنئام قىلىپ، ئوغۇزخاقانغا بېقىندىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇنىڭ ياخشى بەگلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. ئۇنىڭ بىلەن يېقىن ئۆتتى.

سول تەرەپتە ئۇرۇم① دېگەن بىر خاقان بار ئىدى. بۇ خاقاننىڭ قوشۇنى ئىنتايىن كۆپ، شەھەرلىرىمۇ نۇرغۇن ئىدى. مۇشۇ ئۇرۇم خاقان ئوغۇز خاقاننىڭ يارلىقىغا ئېتىۋار قىلماي، بىرلىشىشكە بارمىدى ۋە ”بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلمايمەن“ دەپ يارلىققا بويسۇنمىدى.

ئوغۇز خاقان غەزەپكە كېلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئاتلانماق بولدى. (ئۇ) قوشۇنىنى باشلاپ، تۇغلارنى كۆتۈرۈپ، (يولغا) ئاتلاندى. قىرىق كۈندىن كېيىن مۇزتاغ دېگەن بىر تاغنىڭ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى ۋە چېدىرلارنى چۈشۈرۈپ، جىمجىت ئۇخلاشتى.

تاڭ سۈزۈلگەندە، ئوغۇزخاقاننىڭ چېدىرىغا كۈندەك بىر يورۇق چۈشتى. بۇ نۇر ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك يايلىلىق يوغان بىر ئەركەك بۆرى پەيدا بولدى. بۇ بۆرى ئوغۇز خاقانغا گەپ قىلىپ، مۇنداق دېدى: ”ھاي-ھاي ئوغۇز، سەن ئۇرۇم ئۈستىگە ئاتلانماق بولۇپسەن، ھەي ئوغۇز، ئالدىڭلاردا مەن (يول باشلاپ ماڭىمەن.)

شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاقان چېدىر-بارگاھلارنى يىغدۇرۇپ،

---

① ئۇرۇم (urum) — بۇ نام ھەققىدە ھەر خىل كۆزقاراشلار بار. بەزىلەر ئۇنى قەدىمقى ”رىم“ ياكى ”رۇم“ ئىمپېرىيىسىنى كۆرسىتىدۇ دەپ قارايدۇ.

(ئالغا قاراپ) يۈرۈپ كەتتى. قارىغۇدەك بولسا، قوشۇننىڭ ئالدىدا كوك تۈكلۈك، كوك ياياللىق چوڭ بىر ئەركەك بورى كېتىپ باراتتى. (باشقىلار) بورىنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ بارماقتا ئىدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بۇ كوك تۈكلۈك، كوك ياياللىق يوغان ئەركەك بورى توختاپ قالدى. ئوغۇزمۇ قوشۇنى بىلەن توختىدى. بۇ يەردە ئىتىل① دىگەن چوڭ بىر دەريا بار ئىدى. ئىتىل دەرياسى قىرغىقىدىكى بىر قارا تاغ باغرىدا ئۇرۇش باشلاندى. ئوقيا ۋە نەيزە، قىلىچلار بىلەن جەڭ قىلىشتى.

قوشۇنلار ئارا بولدى ئۇرۇش-جەڭ،
خەلق قەلبىنى باستى قايغۇ-غەم.

ئېلىشىش-چېلىشىش، جەڭ شۇنچىلىك قاتتىق بولدىكى، ئىتىل دەرياسىنىڭ سۈيى قىپ-قىزىل بوياقتەك بولۇپ كەتتى. ئوغۇزخاقان يەڭدى. ئۇرۇم خاقان قاچتى. ئوغۇزخاقان ئۇرۇم خاقاننىڭ خاقانلىقىنى ئالدى ۋە ئادەملىرىنى ئوزىگە قاراتتى. (ئوغۇزنىڭ) ئوردىسىغا كوپلىگەن جانسىز ئولجا، نۇرغۇن جانلىق ئولجا چۈشتى.②

ئۇرۇم خاقاننىڭ بىر قېرىنداشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى ئورۇس بەگ ئىدى. ئورۇس بەگ ئوز ئوغلىنى تاغ بېشىدىكى ئەتراپى چوڭقۇر خەندەك بىلەن ئورالغان مۇستەھكەم (قەلئەلىك) بىر شەھەرگە ئەۋەتتى ۋە ئوغلىغا: "شەھەرنى قوغداش لازىم، ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ شەھەرنى داۋاملىق ساقلىغىن!" دىدى.

ئوغۇزخاقان ئەنە شۇ شەھەرگە قاراپ ئاتلاندى. ئورۇس

---

① ئىتىل (ئىتىل مورەن)—بەزىلەر بۇنى هازىرقى ۋولگا دەرياسىنىڭ نامى دەيدۇ.

② جانسىز ئولجا ۋە جانلىق ئولجا—تېكىستە "ئولۈك بارغۇ" ۋە "تىرىك بارغۇ" بولۇپ، "جانسىز ئولجا"—غەنىمەت ئېلىنغان مال دۇنيانى، "جانلىق ئولجا" — ئەسىرلەرنى كورسىتىدۇ.

بەگنىڭ ئوغلى ئۇنىڭغا كۆپلىگەن ئالتۇن-كۈمۈش ئەۋەتتى. يەنە ئېيتتىكى: "سەن مېنىڭ خاقانىم سەن! ئاتام ماڭا بۇ شەھەرنى بەرگەن ئىدى ۋە شەھەرنى قوغداش كېرەك، سەن شەھەرنى مۇداپىئە قىلىپ، ئۇرۇشتىن كېيىنمۇ ساقلاپ قالغىن دېگەن ئىدى. ئاتام غەزەپلەنسە، مېنىڭ ھالىم قانداق بولۇر؟ سېنىڭ يارلىغىڭنى ئورۇنلاشقا تەييارمەن. بىزنىڭ بەختىمىز سېنىڭ بەختىڭ، بىزنىڭ ئۇرۇغىمىز سېنىڭ شەجەرەڭنىڭ ئۇرۇغى ھېسابلىنىدۇ. تەڭرى ساڭا يەر-زېمىن ئاتا قىلغان ئىكەن، مەن ساڭا بېشىمنى، بەختىمنى بەخش ئېتىمەن. (ساڭا) سېلىق تۆلەپ، دوستلۇقتىن چىقمايمەن" دېدى.

ئوغۇزخاقان بېگنىڭ سۆزلىرىنى ياقتۇردى، سۆيۈنۈپ كۈلدى ۋە "ماڭا كۆپ ئالتۇن ئەۋەتىپسەن، شەھەرنى ئوبدان ساقلاپسەن" دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ساقلاپ① دەپ ئات قويدى، (ئۇنىڭ بىلەن) دوست بولدى.

ئوغۇزخاقان ئەسكەرلىرى بىلەن ئىتىل دەرياسىغا كەلدى. ئىتىل دېگەن چوڭ بىر دەريا ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنى كۆرۈپ، ئىتىلنىڭ سۈيىدىن قانداق ئۆتىمىز؟" دېدى.

قوشۇندا بىر ياخشى بەگ بار ئىدى. ئۇنىڭ ئېتى ئۇلۇس ئوردۇ بەگ ئىدى. ئۇ ماھىر، پاراسەتلىك بىر ئادەم ئىدى. ئۇ، دەريا ياقىسىدا كۆپلىگەن تال ۋە ياغاچلارنىڭ بارلىقىنى كۆردىدە، ئاشۇ دەرەخلەرنى......كەستى، ئاشۇ تال-ياغاچلار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ دەريادىن ئۆتتى. ئوغۇزخاقان بۇنى كۆرۈپ، سۆيۈنۈپ ئېيتتىكى:

① ساقلاپ — قەبىلە نامى سۈپىتىدە بېرىلگەن. بەزى مەنبەلەردە كورسىتىلىشىچە، سلاۋيان قەبىلىلىرى ۋە بۇلغار، فىنلار شۇنام بىلەن ئاتالغان. بۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى — ساقلاش، قوغداش.

"ئاي-هاي! سەن بۇ يەرگە بولغىن بەگ، قىپچاق ① ساڭا بولسۇن ئات". ئۇلار داۋاملىق ئالغا قاراپ كەتتى.........

شۇنىڭدىن كېيىن، ئوغۇزخاقان يەنە ھەملىقى كوك تۇكلۇك، كوك يايلىلىق ئەركەك بورىنى كوردى. ئۇ بورى ئوغۇزخاقانغا: "ئەمدى قوشۇن بىلەن بۇ يەردىن قوزغال، ئوغۇز! ئادەملىرىڭنى، بەگلىرىڭنى باشلاپ ماڭغۇەر، مەن ساڭا يول باشلاپ ماڭىمەن" دىدى. تاڭ ئاتقاندا ئوغۇزخاقان كوردىكى، ئەركەك بورى قوشۇننىڭ ئالدىدا يۇگۇرۇپ كېتىپ باراتتى. (ئوغۇز خاقان) شاتلاندى ھەمدە داۋاملىق ئىلگىرىلەپ ماڭدى.

ئوغۇزخاقان بىر چىپار ئايغىرغا مىنەتتى ۋە بۇ ئايغىرنى بەك ياخشى كورەتتى. يولدا مۇشۇ ئايغىر يوقىلىپ، قېچىپ كەتتى. بۇ يەردە چوڭ بىر تاغ بار ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىدە قار، مۇز بولۇپ، چوققىلىرى سوغاقنىڭ (دەستىدىن) ئاپپاق تۇراتتى. شۇڭا ئۇ مۇز تاغ دەپ ئاتىلاتتى. ئوغۇزخاقاننىڭ ئېتى مۇز تاغ ئىچىگە قېچىپ كىرىپ كەتكەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئوغۇزخاقان ئۇزۇن ۋاقىت قايغۇ چەكتى. قوشۇندا بىر باتۇر بەگ بولۇپ، ئۇ ھېچنىمىدىن قورقمايتتى. ئۇ يول يۇرۇشكە، سوغاققا چىداملىق ئىدى. ئاشۇ بەگ تاغلار ئارىسىغا كىرىپ، توققۇز كۇندىن كېيىن ئوغۇزخاقانغا ئايغىرنى ئەپكېلىپ بەردى. مۇز تاغدا قاتتىق سوغاق بولغانلىقتىن، ئۇ بەگ قارغا كومۇلۇپ ئاپپاق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئوغۇزخاقان خوشاللىق بىلەن كۇلدى ۋە "ئەي، سەن بەگلەرگە بولغىن باشلىق، مەڭگۇلۇك ئىسمىم بولسۇن ساڭا قارلۇق②" — دىدى ھەمدە ئۇنىڭغا كوپلىگەن مال-دۇنيا ھەدىيە قىلىپ، ئالغا يۇرۇپ كەتتى.

يولدا چوڭ بىر ئويىنى كوردى. بۇ ئويىنىڭ تاملىرى ئال-

---

① قىپچاق — قەدىمى تۇرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرى.

② قارلۇق — تۇرك قەبىلىلىرىنىڭ بىرسىنىڭ نامى.

تۈندىن، تۈگلۈكلىرى كۈمۈشتىن، ئىشىكلىرى تۆمۈردىن ئىدى (ئۆي) قۇلۇپلانغىلىق بولۇپ، ئاچقۇچى يوق ئىدى. قوشۇنىدا بىر چىۋەر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى تۆمۈردۇقاغۇل① ئىدى. (ئوغۇزخاقان) ئۇنىڭغا "سەن بۇ يەردە قال، (ئىشىكنى ئاچ، ئاچقاندىن كېيىن، ئوردىغا كەل دەپ يارلىق قىلدى. ئۇنىڭغا قالئاچ② دەپ ئات قويدى ۋە يەنە ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىدى.

بىر كۈنى كوك تۈكلۈك، كوك يايلىلىق ئەركەك بورى يەنە پەيدا بولۇپ توختىدى. ئوغۇزخاقانمۇ يولدىن توختاپ چېدىرلىرىنى تىكتى. بۇ يەر تېرىلمىغان تۈزلەڭلىك ئىدى. بۇ يەرنى چۇرجىت③ دېيىشەتتى. ئۇنىڭ خەلقى كوپ، يەرلىرى كەڭ ئىدى، (بۇلارنىڭ) يىلقىلىرى، كالا-موزايلىرى، ئالتۇن-كۈمۈش، ئۈنچە-مەرۋايىتلىرى ئىنتايىن كوپ ئىدى. بۇ يەردە چۇرجىتنىڭ خاقانى ۋە خەلقى ئوغۇزخاقانغا قارشى چىقتى. ئۇرۇش-جەڭ باشلاندى، ئوقلار ۋە قىلىچلار بىلەن جەڭ قىلىشتى. ئوغۇزخاقان غالىپ كېلىپ، چۇرجىت خاقانىنى باستى، ئولتۇرۇپ بېشىنى كەستى. چۇرجىتنىڭ خەلقىنى ئۆزىگە بېقىندۇردى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ئوغۇزخاقاننىڭ ئەسكەرلىرى، نوكەرلىرى ۋە خەلقى شۇنچىلىك كوپ مال-مۈلۈك ئولجا ئالدىكى، (ئۇلارنى) ئارتىپ ئېلىپ كېتىشكە ئات، خېچىر، كالىلار ئازلىق قىلدى. ئوغۇزخاقاننىڭ قوشۇنىدا بىر چىۋەر، ئىشچان، ئۇستا كىشى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئىسمى يارماقلىغ يوسۇن بىللىگ④ ئىدى. بۇ چىۋەر-

① تومۇردۇ قاغۇل — تومۇردىن قاۋۇل.

② قالئاچ — تۈرك قەبىلىلىرىدىن بىرى.

③ چۇرجىت (جۇرجىت) — تارىختىكى جوجانلار سۇلالىسىنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى. بۇ يەردە جاي ئىسمى بولۇپ كەلگەن. بەزىلەر "جۇرجىت"نى خوتەن بىلەن كەشمىر ئوتتۇرىسىدىكى گىرىت (گىلگىت دەپمۇ ئاتىلىدۇ) قەبىلىلىرىنى كورسەتسە كېرەك دەپ قارايدۇ.

④ يارماقلىغ يوسۇن بىللىگ — يارماقلىقنىڭ ئېپىنى بىلىدىغان.

ۋەر ئادەم بىر ھارۋا ياسىدى، ھارۋا ئۈستىگە مال-مۈلۈكنى قويـ
دى، ئۇنىڭ ئالدىغا تىرىك ئۇلجا—(ئەسىرلەر)نى قاتتى ۋە تار-
تىپ ئېلىپ كەتتى. نوكەرلەر كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بۇنى كۆرۈپ
ھەيران بولۇشتى ۋە ئالدىراش ھارۋا ياساشتى، بۇ ئىگىز ھارۋىلار
ماڭغاندا "قانغا، قانغا" دەپ ئاۋاز چىقىراتتى. شۇڭا ئۇلارغا
"قانغا"، دەپ ئات قويىدى. ئوغۇزخاقان ھارۋىلارنى كۆرۈپ كۈلـ
دى ۋە "قانغا بىلەن ئۆلۈك ئۇلجىلارنى تىرىك ئۇلجىلار يۈرگۈز-
سۇن. سېنىڭ ئېتىڭ قاڭغالۇق① بولۇپ، ھارۋىنى مەڭگۈ ئەسـ
لەتسۇن" — دېدى ۋە ئالغا قاراپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە شۇ كۆك تۈكلۈك، كۆك ياپىلىق
ئەركەك بۆرى بىلەن سىندۇ②، تاڭغۇت ھەم شام تەرەپلەرگە
يۈرۈش قىلىپ باردى. نۇرغۇن ئۇرۇش، جەڭ-تۇقۇنۇشلاردىن
كېيىن ئۇلارنىمۇ ئالدى ۋە ئۆز ئېلىگە بىرلەشتۈردى.

(نەزەردىن) تاشقىرى قالماي مەلۇم بولسۇنكى، جەنۇپ تەـ
رەپتە بارقان③ دېگەن بىر جاي بار ئىدى، ناھايىتى باي بىر
مەملىكەت، ئىنتايىن ئىسسىق يەر ئىدى. بۇ يەردە ھايۋاناتلار،
قۇشلار ناھايىتى كۆپ، ئالتۇن-كۈمۈش، دۈر-مەرۋايىتلىرى نۇر-
غۇن ئىدى. خەلقىنىڭ رەڭگى-رويى قاپقارا ئىدى. بۇ يەرنىڭ

① قاڭغالۇق — يەنە بىر ئاتىلىشى قاڭقىل، تۈرك قەبىلىسىدىن بىرى.

② سىندۇ—ھىندۇ (ھىندىستان)نى كۆرسەتسە كېرەك.

③ "بارقان"—«دىۋان لۇغەتىت تۈرك»نىڭ 1-توم 378-بېـ
تىدە "بارخان" دېگەن ئىسىم بار. مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئىزاھاتىغا
ئاساسلانغاندا، "بارخان" يەنىلا ئەتراپىدىكى ئىسسىق بىر
جاينىڭ نامى ئىكەنلىكى مەلۇم. بۇنىڭدىن قارىغاندا، "بارقان" چىرايى
قارا خەلق ياشايدىغان شىمالىي ھىندىستاننى كۆرسىتىدىغانلىقى ئېھتىـ
مالغا يېقىن.

خاقانىنىڭ ئىسمى ماسار① ئىدى. ئوغۇزخاقان ئۇنىڭغا قارشى ئاتلاندى. ئىنتايىن قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ئوغۇزخاقان يەڭدى. ماسار خاقان قاچتى. ئوغۇزخاقان ئۇنى گۇمران قىلىپ، ئۇنىڭ يۇرتىنى ئالدى ۋە (ئالغا) كەتتى. ئۇنىڭ دوستلىرى خۇرسەن بولدى، دۈشمەنلىرى زار قاقشىدى. ئوغۇز خاقان ئۇنى يېڭىپ، ھېساپسىز بايلىق ۋە مال-چارۋىغا ئىگە بولدى ھەممە ئۇلارنى ئۆز ئىلىگە توشۇپ كەتتى.

يەنە (نەزەردىن) سىرتتا قالماي مەلۇم بولغايكى، ئوغۇزخاقاننىڭ يېنىدا ئاق ساقاللىق، مۇز چاچلىق، قابىلىيەتلىك بىر قېرى كىشى بار ئىدى. ئۇ پاراسەتلىك، بىلەرمەن، چۈشكە تەبىر بەرگۈچى لىللا ۋەزىر ئىدى، ئۇنىڭ ئىسمى ئۇلۇغ تۈرك ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇ چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن ئۈچ كۈمۈش ئوق كوردى. بۇ ئالتۇن يا كۈن چىقىشتىن تا كۈن پېتىشقىچە تارتىلغان، ئۈچ كۈمۈش بولسا، شىمالنى كورستىپ تۇراتتى. (ئۇ) ئويغىنىپ، چۈشىدە كورگەنلىرىنى ئوغۇزخاقانغا ئېيتىپ مۇنداق دىدى:

"ھەي خاقانىم، بولسۇن سىنىڭ ئومرىڭ ئۇزۇن،
ئەي خاقانىم، سىنىڭ ئەل-نىزامىڭغا ئادالەت يار بولسۇن؛
چۈشۈمدە ماڭا بەردى تەڭرى ئىشارەت.
ئىشغال قىلغان يەرلىرىڭنى ئۇرۇغىڭغا يولۇپ بەرسۇن، دەپ
ئوغۇزخاقان ئۇلۇغ تۈركنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ، ياقتۇردى،

---

① ماسار (قاغان)— بۇ نام توغرىسىدىمۇ ھەرخىل قاراشلار بار. بەزىلەر ماسار—مىسىرنى كورسىتىدۇ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر ماسار— قەدىمقى ماساگېت قەبىلىلىرىنى كورسىتىدۇ، ماساگېتلارنى قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "ساقلار" دەپمۇ ئاتايدۇ. ئۇلار قەدىمقى ھىندىستاندا ياشىغان، كېيىنرەك خوتەندە ھاكىمىيەت قۇرغان. قەدىمقى خوتەن تىلىنى "ساق تىلى" دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەۋى ئەنە شۇ يەردە دەپ قارايدۇ.

ھەمدە "ئېيتقىنىڭ كەلسۇن،" دېدى.

ئەتىسى سەھەردە باللىرىنى چاقىرتىپ كەلتۈرۈپ ئۇلارغا ئېيتتىكى: "ئوغۇللىرىم كوڭلۇم ئوۋنى تارتىپ تۇرىدۇ. (بىراق) ياشىنىپ قالغانلىقىمدىن ئوۋغا چىقىشقا چامىم يەتمەيدۇ. (ئوغۇللىرىم)—كۈن، ئاي، يۇلتۇز، سىلەر تاڭ ئاتار تەرەپكە① بېرىڭلار. كوك، تاغ، دېڭىز، سىلەر تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە② بېرىڭلار."

شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇچەيلەن تاڭ ئاتار تەرەپكە، قالغان ئۇچەيلەن تۈن قاراڭغۇسى تەرەپكە كەتتى. كۈن، ئاي، يۇلتۇز، (ئاتلىق ئوغۇللار) نۇرغۇن هايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىدى ھەمدە يولدىن بىر ئالتۇن يانى تېپىۋالدى، ئۇنى ئېلىپ كېلىپ، ئاتىسىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئوغۇزخاقان سۆيۈنۈپ كۈلدى، ئۇنى ئۈچ بولەككە بولدى ۋە ئېيتتىكى:

"ھەي، ئاكىلار، بۇ يا سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن.
ئاتقان ئوقۇڭلار پەلەككە يەتسۇن" دېدى.

كوك، تاغ، دېڭىز (ئاتلىق ئوغۇللىرى) نۇرغۇن هايۋان ۋە قۇشلارنى ئوۋلىغاندىن كېيىن، يولدىن ئۈچ كۈمۈش ئوق تېپىۋالدى ھەمدە ئۇنى ئاتىسىغا ئەپكېلىپ بەردى. ئوغۇزخاقان شاتلاندى ھەمدە ئوقلارنى ئۈچىگە بولۇپ بەردى، ئېيتتىكى: "ھەي ئىنىلار، بۇ ئوق سىلەرگە مەنسۇپ بولسۇن، ئوقنى يا ئاتار، سىلەر ئوققا ئوخشاش ياغا بوي سۇنۇڭلار."

شۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇزخاقان چوڭ قۇرۇلتاي چاقىردى، نوكەرلىرىنى، خەلقنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە كېڭەشتى......

ئوغۇزخاقان چوڭ چېدىردا......ئوڭ تەرەپكە قىرىق غۇلاچ ياغاچ قاداتتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇنى ئاستى،

①، ② تاڭ ئاتار تەرەپ، كۈن قاراڭغۇسى تەرەپ—ئەسلى تېكىستە "تاڭ سارى"، "تۈن سارى" بولۇپ، جەنۇپ ۋە شىمال تەرەپنى كورسىتىدۇ.

تۇۋىگە بىر ئاق قوينى باغلىدى. سول تەرەپكىمۇ قىرىق غۇلاچ-لىق ئۇزۇن بىر ئاق ياغاچ قادىتىپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈ-مۈش توخۇنى ئاستى، تۇۋىگە بىر قارا قوينى باغلىدى. ئوڭ تە-رەپتە بۇزۇق①لار ئولتۇردى. سول تەرەپتە ئۈچ ئوق②لار ئول-تۇردى. (ئۇلار) قىرىق كېچە-كۈندۈز توي بولدى، يەپ-ئىچىش-تى ۋە سۆيۈنۈشتى. شۇندىن كېيىن ئوغۇزخاقان ئوغۇللىرىغا يۇرت-نى بۆلۈپ بەردى ۋە شۇنداق دېدى:

"ئەي ئوغۇللار، مەن كۆپ ياشىدىم،
ئۇرغۇن ئۇرۇشلارنى باشتىن كەچۈردۈم.
يا بىلەن كۆپ ئوق ئاتتىم،
ئايغىر بىلەن كۆپ يوللارنى كەزدىم.

دۈشمەنلەرنى قان يىغلاتتىم،
دوستلارنى شات ئەيلەتتىم،
تەڭرى بۇرچىنى قىلدىم ئادا،
بېرەي سىزلەرگە يۇرتۇم مانا."...
....................................
....................................

①، ② "بۇزۇق" ۋە "ئۈچ ئوق" — ئەسلىدە "ئۈچ + ئوق" ۋە "بۇزماق" سۆزلىرىدىن ياسالغان بولۇپ، بەزى تارىخىي مەنبەلەردە ئېيتىلىشىچە، ئوغۇز قەبىلىسى بۇزۇق ۋە ئۈچ ئوق دېگەن تائىپىگە بۆلۈنىدىكەن. «شەجەرەئى تۈرك» دېگەن ئەسەردىمۇ، ئوغۇزنىڭ ئالتۇن يانى بۇزۇپ (سۇندۇرۇپ) بەرگەن چوڭ ئوغۇللىرى "بۇزۇق" تائىپىسى ئۈچ كۈمۈش ئوقنى تېپىپ كەلگەن كىچىك ئوغۇللىرى "ئۈچ ئوق" تائىپىسى بولىدىغانلىقى سۆزلىنىدۇ.

# «ئالتۇن يارۇق»تىن پارچە

## «ئالتۇن يارۇق» ھەققىدە ئىزاھات

«ئالتۇن يارۇق» بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىگە ئائىت نوم بولۇپ، ھەجمى جەھەتتىن چوڭ ئەسەر ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭدا بۇددا دىنى ھېكايىلىرى، رىۋايەتلىرى ۋە ئەقىدىلىرى سۆزلىنىدۇ. «ئالتۇن يارۇق» گۈزەل ئەدەبىي تەسۋىرلەرگە باي بولغاندىن تاشقىرى، تىل تەتقىقاتى جەھەتتە چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

«ئالتۇن يارۇق»ــقىسقارتىلما نام بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى تولۇق نامى «ئالتۇن ئۆڭلۈگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپتا كۆترۈلمىش نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ» (ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاسى ئاتلىق نوم پۈتۈك.)

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق جۈملىلەر يېزىلغان:

"يەمە قۇتلۇغ ئۆكتۈن ئۇلۇغ تابغاچ ئىلىنتە
تايسىڭ سىۋشىڭ ئالقۇ شاستىرلارىغ
قاماغ نوملارىغ قالىسىز ئۆتكۈرمىش
بودىستىۋ گىتسۇ سامتسو ئاتلىغ ئاچارى
ئەنەتكەك تىلىنتىن تاۋغاچ تىلىنچە ئەۋىرمىش
يانا بۇ بىش چوبىك كەلىيۈك بولغانىيۇق
ياۋىز ئۆتدە قولۇتا كىنكى بوشغۇتلۇغ بىشبالىقلىغ
سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ تاۋغاچ تىلىنتىن تۈرك ــ
ئۇيغۇر تىلىنچە ئىكىلەيۈ ئەۋىرمىش ئالتۇن

ئۇكلۇگ يارۇق يالتىرىقلىغ قوپتا كۆترۈلمىش
نوم ئىلىگى ئاتلىغ نوم بىتىگ تۇكەدى.“

(قۇتلۇق شەرقتىكى ئۇلۇغ تاۋغاچ ئېلىدە ماھىيانا ھىنايانا (مەزھىبىنىڭ) بارلىق شاستىر①لىرىنى، ھەممە نوملىرىنى پۈتۈنلەي پىششىق ئۆزلەشتۈرگەن، بۇدساتۋا گىتسو سامتسو ئاچارى② ئەنەتكەك③ تىلىدىن تاۋغاچ (خەنزۇ) تىلىغا تەرجىمە قىلغان. يەنە بۇ بەش تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق بىلەن بۇلغانغان ياۋۇز زامانىدا، كېيىن ئىلىملىك بولغان بېشبالىقلىق④ سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ خەنزۇ تىلىدىن تۈرك—ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان ئالتۇن رەڭلىك نۇرلۇق يالتىراقلىق ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاسى ئاتلىق نوم پۈتۈك تاماملاندى).

يۇقۇرىدىكى جۈملىلەرگە ئاساسەن «ئالتۇن يارۇق»نى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىغى» دەۋرى (9-ئەسىردىن 13-ئەسىرگىچە)دە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تىلشۇناسى سىڭقۇسەلى⑤

① شاستىر—نومنىڭ ئىزاھى.

② سامتسو ئاچارى—تاڭ دەۋرىدىكى مەشھۇر راھىپ شۈەنجۇاڭنى ھۆرمەتلەپ ئاتىغان نام.

③ ئەنەتكەك تىلى—قەدىمقى ھىندى تىلى.

④ بېشبالىق — بېشبالىق قەدىمقى شەھرى ھازىرقى جىمسار ناھىيىسى تەۋەسىدە بولۇپ، ”ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىغى“نىڭ يازلىق پايتەختى بولغان.

⑤ سىڭقۇسەلى تەرىپىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددادىنىنىڭ مەشھۇر نوملىرى يالغۇز «ئالتۇن يارۇق» قاتارلىقلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئېلىمىزدىكى ۋە چەتئەللەردىكى ئالىملار سىڭقۇسەلىنىڭ يەنە كونا خەنزۇچە، قەدىمقى كۇچا، قەدىمقى قارا شەھەر تىللىرىدىن ئوز ئانا تىلىغا تەرجىمە قىلغان بىرمۇنچە نوم ۋە ئەسەرلىرى بولۇشى مۇمكىن دىگەن ئىلمىي پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى.

قەدىمقى خەنزۇ تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ، ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ.

«ئالتۇن يارۇق»نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەڭ تولۇق نۇسخىسىنى 1909—1911-يىللاردا روسىيىلىك س. ئې. مالوۋ ئېلىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى جيۇچۈەن ناھىيىسى ئەتراپىدىكى سېرىق ئۇيغۇرلاردىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان. بۇ يادىكارلىق ھازىر سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلانماقتا. ئۇنىڭدىن باشقا نۇسخىلىرىنىڭ پارچىلىرىنى غەربىي گېرمانىيىنىڭ «تۇرپان ئارخېولوگىيە ئەترىتى» (1913-1914-يىللار) قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

1913-1917-يىللاردا روسىيىلىك رادلوف بىلەن س. ئې. مالوۋلار «ئالتۇن يارۇق»نىڭ قوغۇشۇن ھەرپلىك باسما نۇسخىسىنى ئېلان قىلغان. بۇلاردىن باشقا گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ف. ۋ. ك. مۈللېر «Uigurica» (ئۇيگۇرىكا — ئۇيغۇرشۇناسلىق)نىڭ I تومىدا ۋە APAW (پىروسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى، بېرلىن 1918-يىل)دا ئۆزىنىڭ «ئالتۇن يارۇق» توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. تۈركىيىلىك ئالىم سائادەت چاغاتايى 1945-يىلى ئەنقەرەدە «ئالتۇن يارۇقتىن ئىككى پارچە» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلغان. گېرمانىيىلىك گابايىن خانىم 1950-يىلى «قەدىمقى تۈركى تىلى گىراممەتىكىسى» دېگەن كىتاۋىنىڭ 270-285-بەتلىرىدە بۇ ئەسەر ھەققىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. س. ئې. مالوۋ 1951-يىلى «قەدىمقى تۈركى تىلى يازما ھۆججەتلىرى» دېگەن كىتاۋىنىڭ 145-199-بەتلىرىدە ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

يۇقۇرىدا كۆرسىتىلگەنلەردىن باشقا، گېرمانىيىلىك نوبېل «ئالتۇن يارۇق»نىڭ ئەنەتكەك (سانسىكرىت) تىلى، خەنزۇ تىلى ۋە تىبەتچە نۇسخىلىرىغا ئاساسەن تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ياپونىيىلىك خويافۇ 60-يىللاردا «شەرقىي ئوكيان ئىلمىي ژورنىلى»

دا «ئالتۇن يارۇق»نى مەخسۇس تونۇشتۇرغان.

«ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىقى» دەۋرىدە، قوچو (تۇرپان) ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەدەنىيىتى ھەر جەھەتتىن گۈللەپ ياشنىدى. جۈملىدىن بۇددا رىۋايەتلىرى ۋە ئەقىدىلىرىنى مەزمۇن قىلغان «ئالتۇن يارۇق»قا ئوخشاش زور بىر تۈركۈم ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇ ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىش بىلەن بىللە بىر ئەدەبىي ئېقىم سۈپىتىدە ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىدى. بۇ خىل ئەسەرلەرنىڭ مەزمۇنى نوقۇل بۇددا دىنى ئەقىدىسىنىلا ئىپادىلەپ قالماستىن، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بىر بەدىئىي تەجرىبە ۋە ئەنئەنە يارىتىپ بېرىشتىمۇ چوڭ رول ئوينىغان. شۇڭا «ئالتۇن يارۇق» گەرچە قەدىمقى خەنزۇچىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بۇددا دىنىنىڭ ئەپسانىسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى بىزنىڭ تارىخىي يازما يادىكارلىقىمىز بولۇش سۈپىتى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىنى ۋە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

تۆۋەندە «ئالتۇن يارۇق»نىڭ ئازغىنا بىر قىسمى (607 - قۇردىن 627 - قۇرغىچە) تونۇشتۇرۇلدى.

# «ئالتۇن يارۇق» (607 — 627 - قۇر-لىرى) نىڭ تېكىستى

........................

(607) ئانتائۇترۇ تەڭرى تەڭرىسى بۇرقان ئىنچاتىپ يارلىقادى:
ئانانتا! ئۆڭرە ئەرتمىش ئۆتدە بۇ چامبۇدۋىپ ئۇلۇستا
ماخارادى ئاتلىغ ئىلىگ قان بار ئەرتى. ئول يىمە
ماخارادى ئىلىگ قان ئەرتىنگۈ ئۇلۇغ باي بارىملىغ
تىساڭلارى ئاغىلىقلارى ئى تارىغ ئەدتاۋار ئۆزە تولۇ،
ئالىپ ئاتىم سۆلۈگ كۆچ-كۈچە تۈكەللىگ، تۆرتتىن سىڭارىير
ئورۇنۇغ ئىيمىش باسمىش، ئوكۇشكە ئاياتمىش ئاغىرلاتمىش،
ئۆرۈك ئۆساتى كونى ذومچە تورۇچە باشلاتاچى، ئىمەرىڭمە
قاماغ بودۇنىن قاراسىن ئاشمىش ئۆكلىتمىش، قوپتىن سىڭار
ياغىسىز ياۋلاقسىز ئەرتى. ئول ئانتاغ ئوشۇقلۇغ چوقلۇغ
يالىنلىق كۆچلۈگ، كۆسۈنلۈگ ئىلىگ قاننىڭ ئۇلۇغى قاتۇ-
نىنتا تۇغمىش كورگەلى
(608) سەۋىگلىگ كورگلۈگ مەڭىزلىگ ئۈچ ئوغلانى ئەرتى. ئاڭ
ئىلكى ئوغلىنىڭ ئاتى ماخا بالى ئەرتى. ئىكىنتىسى ئور-
تۇن ئوغلىنىڭ ئاتى ماخادىۋى ئەرتى. ئۈچۈنچى ئاڭ كى-
چىگى ئوغلىنىڭ ئاتى ماخاستىۋى ئەرتى. بىر ئوغۇرتا ئول
ئىلىگ قان ئۈچ ئوغلانى بىرلە تاشتىن تاغتا ئارىختا
ئىلىنچۈكە بارتى. قاچان ئانتا تەگىپ ئىلىنچۈ مەڭى ئىشىن
ئەرتۈردۈكتە ئوترۇ ئول ئۈچ تىگىتلەر قوۋا چەچەك تۈش

---

ئەسكەرتىش: ياندىكى نومۇرلار ئەسلى تېكىستىنىڭ قۇر سانىنى
كورسىتىدۇ.

يېنىش ئىدىگەلى ئاتالارى ئىلىگ بەگكە ئۇتۇنۇپ ئايىتىپ
قالدىلار. ئاندىن مۇندا ئىنارۇ بەرۇ يورىيۇ، بىر ئۇلۇغ قا-
مىشلىغ بەرك ئارىغقا كىرىپ، ئوترۇ ئاندا تىنغالى ئولۇرتى-
لار. تىنغالى ئولۇرمىشتا، ئاڭ ئۇلۇغى تىگىن ئىكى ئىنىلەرد-
ىگە ئىنچا تىپ تىدى: "ئاي، ئىنىلەرىم، مەنىڭ بۇكۇنكى
كۇن ئەرتىنگۇ قورقۇم بەلگۈلەگۇم كەلىر. ئىنچا بولمازۇن،
قالتى بۇ ئارىغ سەمەك ئىچىندە قادىر ياۋلاق كەيىكلەر بار
بولۇپ، بىز يوقاتغۇلۇق ئەمگەنگۇلۇك بولمالىم،" تىپ. ئىكىن-
تىسى تىگىن ئىنچا تىپ تىدى: "ئەشتۇ يارلىقازۇن، ئىچىمە!
(609) كىم مەنىڭ بۇ ئەت ئۆزۈمىن ئىسىرگەكۇم ئىدى كەلمەز-
تەك بىردىگە نەچۇكىن ئەرسەر، ئامراقلاردىن ئادىرىلغۇلۇق
ئەمگەك بولمازۇن ئەرتى تىپ قورقارمەن." تىپ، بۇ ساۋىغ
ئەشىتىپ، ئۇچۇنچى ماخاساتۋى تىگىن ئىكى ئىچىلەرىگە
ئوترۇ ئىنچا تىپ ئوتۇنتى: "بۇ ئەرسەر، ئارزىلار تۇرغۇلۇق
ئورۇن ئول. مەنىڭ ئىدى قورقىنچىم ئايىنچىم يوق. ئوڭى
ئادىرىلماقلىغ بۇسۇشۇم يمە يوق. ئىنچىپ ئەت ئۆزۈم تولۇ
ئوگرۇنچ سەۋىنچ تۇغار. بولغاي ئەركى بىر يىگ ئادرىق
بۇيانىغ" تىپ تىدى.
ئول ئودۇن بۇ ئۈچ تىگىنلەر ئۆز كوڭۈللەرىنتەكى ساقىنمىش ساۋ-
لارىن سوزلەشىپ، ئوترۇ ئورۇ تۇرۇپ، ئول ئارىغ ئىچىندە تاقى
ئىچىگەرۇ كىرتىلەر. ئانچا يورىيۇ، ياڭى ئەنۇكلەمىش بىرتىشى بارسىغ
كورتىلەر. ئول ئاچ بارس يمە ئەنۇكلەپ، يىتى كۈن ئەرتمىش ئەر-
تى. يىتى ئەنۇكلەرىگە ئەگىرىتىپ، قاۋساتىپ، ئاچماق، سۇۋساماق
ئۆزە سىقىلىپ، تۇرمىش ياۋرىمىش سىنمىش ئەت ئۆزلەرى ئالانگۇ-
رۇپ، كۆچى كۈسۈنى ئۆزۈلۈپ ئوناقىنىنا ئولگەلى ياتۇر ئەرتى. نە
(610) ئانى ئۇلۇغى ماخابالى تىگىن كورۇپ ئىنچا تىپ تىدى:
"ئاي ئىرىنچ تىشى بارس! ئەنۇكلەگەلى يىتى كۈن بولمىش
يىتى ئەنۇكلەرى ئىيىنىپ، مەڭ يۇمشاق تىلەگۇ ئوق تەگىنچ

بولما يۇققا، ئانىن ئاچماق، سوۋساماق ئەمگەك ئۆزەسىقى-
لىپ، يانتۇرۇ يانا ئوز ئەنۇكلەرىن يىگەلى قىلىنۇر. مۇنتا-
داكەز ئىرىنچ تىنلىغ بولغايمۇ؟" تىپ تىدى. بۇساۋىغ
ئەشىدىپ ماخاساتۇى تىگىن ئۇترۇ ئىچىسى تىگىنكە: "بۇ
بارس نەگۇ يىيۇر، ئۆزاتىقى ئاشى نەگۇئول؟" تىپ ئايىتتى.
ئىچىسى تىگىن ئىنچە تىپ كىگىنچ بىرتى: "بارسنىڭ، ئىر-
بىزنىڭ، مانۇنىڭ، ئارسلاننىڭ، بورىنىڭ، تولكۇنىڭ ئاشى
ئەرسەر، يالاڭۇز يىنتەم ئىسىگ ئەت قان ئەرۇر. مۇنتادا
ئادىن تاقى ئۇكى ئاش ئىچگۇ يوق كىم بۇ ئالانگۇرمىش
ئاچ بارسىغ تىرگۇرگۇلۇك،" تىپ تىدى. بۇ سابىغ ئەشد-
تىپ، ئۇترۇ ئىكىنتىسى ماخادىۋى تىگىن ئۇقۇنچ سوزىن
ئىنچاتىپ تىدى: "بۇ مۇنتاغ ئوسۇغلۇق تۇرۇمىش كۇچىس-
رەمىش ئالاڭۇرمىش ئاچ بارس ئاچماق سوۋساماق ئەمگە-
كىن ئەرتىنگۇ
(611) سىقىلىپ، ئوناقىنىا ئولگەلى تۇرۇر. بىز نىتائادىن كىم بول-
غاي مۇڭا ياراغلىغ ئاش ئىچگۇ بەلگۇرتەچى. بۇ ئىرنچ
تىنلىغ ئۆچۈن ئەت ئوزۇگ تىتىپ، مۇنۇڭ ئىسىگ ئوزىن
ئولاغالى ئۇداچى؟" تىپ تىدى. ئۇلۇغى تىگىن بۇ سابىغ
ئەشىتىپ، يانا ئورتۇن ئىنىسىڭا: "ئاي، ئىنىم، ئالىپ تىتى-
گۇلۇك تاۋار ئالىپ ئىش نەڭ ئىنچىپ ئىسىگ ئوزتەئەرتمەز"
تىپ تىدى. بۇ ساۋنىڭ باسا سوڭىنتا ماخاساتۇى تىگىن
ئىنچا تىپ تىدى: "ئاي، ئىچىلەرىما! بىز قاماغۇن ئەتى
ئىسىگ ئوزۇمۇزكە ئەت ئوزۇمۇزكە ئەرتىنگۇ ئىلىنمىش ياپ-
شىنمىش بىز. ئىنچىپ يانا ئادىناغۇقا ئاسىغ تۇسۇ قىلغالى
بىلگە بىلىگلىگ يارۇق كوزۇمۇز يوق بولۇر ئەركى. يىمە
ئانتاغ بىرەر ئۇلۇغ يارلىقانچۇچى كوڭۇللۇگ قۇتلۇغ يالا-
ڭۇقلار ئۇرۇك ئۆزاتى ئوزئەت ئوزلەرىن تىتىپ ئىدالاپ،
تىنلىغلارقا ئاسىغ توسۇقىلۇرلار." تىپ تىدى. بومۇنچا

ساۋىغ ئىچىلەرىڭە سوزلەپ، ئوترۇ كەنتۇ كوڭۇلىنتە ئىنچاتىپ ساقىنتى: "قالتى بۇ مەنىڭ ئەت ئۆزۈم يۈزمىڭ ئازۇنلارتىن بەرۈ يوقسۇز ئاسىغسىز

(612) نەچە نەچە يىرۇدى ئارتادى. نەڭ يمە ئەتلىگسىز بولۇپ، نەئەرسەر، ئاسىغقا تۇسۇقا كىرمەدى. نەچۈكىن بۇكۈنكى كۈنتە مۇنتەگ كەرگەكلىگ ئىشلەتگۈلۈك يوقلاغۇلۇق ئورۇن تاپىسىپ، بۇ مۇنتاغ يىدىسىغ كەرگەكسىز ئەت ئۆزۈمىن سىتىمىش كەمىسمىش يىلىڭ يارتەگ تىتىپ ئىدالاپ، بۇ ئىرىنچ يارلىغ ئاچ بارسقا نەگۈلۈك ئۇمۇغ ئىناغ بولمازمەن؟" تىپ مۇنچۇلايۇ ساقىنىپ، ئىچىلەرى بىرلە سوزلەشكۈلۈك كىزىگىن تىزىگىن ئەرتتۈرۈپ، ئول بارس ئۆزە ئوڭىن ئوكىن يارلىقانچۇچى كوڭۇل تۇرغۇرۇپ، ئىرىنچكەدىلەر تىسۇيۇرقادىلار. ئىنچىپ ئۇلارنىڭ ئاراسىندا ئاغلادى. تاقى ماخاساتۋى تىگىن ئول بارسنىڭ ئاچىن، تورۇقىن، ئەمگەكىن، تولغاقىن تىترۇ كورۇپ، تەگرە تەكزىنىپ، كوزىن ئىدى ئاندىران كىتەرۈ ئۇماتىن، ئۆركىچ تىترۇ كورۇتۇرۇپ، ئوترۇ قودۇپ ئوكى يورىپ بارتىلار. ئوترۇ ئول ئودۇن ماخاساتۋى بودىستۋ يورىيۇ، ئىنچاتىپ ساقىنتى. "چاق ئەمتى ماڭا ئوغرايۇ ئەت ئۆزۈمىن، ئىسىگ ئۆزۈمىن تىتگۈلۈك ئىدالاغۇلۇق ئودقولۇ سوقا كەلتى. نە ئۈچۈن تىپ تىسەر، كىم مەن ئىلىك ــــ

(613) سىزدىن بەرۈ بۇ يىدىغ، سارسىغ، قانلىغ، يىرىنلىگ، سەۋگۈسىز تاپلاغۇسىز، يارسىنچىغ ئەت ئۆزكە ئىنچىپ ئىنانتىم. ئاش ئىچگۈ، تون كەدىم، ئورۇن تۇشەك، ئات ياڭا، قاڭلى كولۈك، ئەردىنى يىنچۈ، ئەدتاۋار ئۆزە تاپىنتىم. ئارتاماق بوزۇلماق تورۇلۇگ ئۈچۈن ئۆرۈك ئۆزاتى ئارتادى بۇزۇلتى. نەڭ يمە بۇ ئەت ئۆزۈگ كويۇكۈزەتۈ ئايايۇ تۇتۇپ، ئارتاتىماغالى ئىدى ئۇمادىم. نەچە كەد ئۆزانىپ

ئىگىتتىم ئەرسەر، يېمە قىلتى ياۋلاق ياغى تورۇسىنچە،
يانتۇرۇ مىنى كەمىشۇ ئىدىپ سەۋىنچسىز ئۇتلىسىز قىلتى
مەنىڭ كۆچۈمىن. ئانىن ئىنچا بىلمىش كەرگەك: ئەت ئۆز
ئەرسەر، بىكىسىز مەڭگۈسىز تىتىر. ئۆزكە يانتۇرۇ ئاسىغ-
سىزى ئۆزە ياۋلاق ياغىتەگ قورقىنچىغ ئەرۇر يارسىنچىغ كىرلىكى
ئۆزە تۇتىسار، ئارىغسىزلىق قىغ يۇكمەك تىتىر. ئانى ئۈچۈن
ئەمتى مەن بۇكۇنكى كۈنتە بۇ ئەت ئۆزمىن يوڭلاپ مۇڭا-
دىنچىغ ئۇلۇغ ئىش كۈتۈگ قىلايىن. سانسارلىغ تالۇي ئوگۈز
ئىچىنتەتار كەمى بولايىن. تۇغماق ئوكمەكلىگ تەگزىنچتىن
تاسقارۇتارتىپ ئونتۇرەيىن." تىپ ساقىنتى. يانا ئوق ئىنچا
(614) تىپ ساقىنتى: "ئابام بىرۇك بۇ ئەت ئۆزمىن تىتسارمەن
ئوترۇ ئۇلگۇسۇز سانسىز مۇن قاراغلارىغ قارتىغ بەزىگ
يىرىنىگ قانىغ ئىگىگ ئاغرىقىغ قورقىنچىغ ئايمانچىغ بار-
چانى تىتمىش ئىدالامىش بولۇرمەن. تاقى يمە بۇ ئەت
ئۆز ئەرسەر، ئالتى قىرق تۇرلۇگ ئارىغسىزلارىن تولۇ، سۇۋ
ئۆزەك كەرگۈتەگ بىكىسىز يارىپسىز قاماغ قورتلارنىڭ قو-
ڭۇزلارىنىڭ تىرگىنى، قانىنىڭ يىرىنىنىڭ ئورناغى، سىڭىرىن
تامىرىن يورگەلمىش سوڭۇكلەر ئۇلاغى ئۆزە تۇتۇشمىش،
ئەزتىنىگۇ يىرىنچىق يارسىنچىق ئەرۇر. ئانى ئۈچۈن تەگىمە-
لىگ ئول ئەمتى ماڭا بۇ ئەت ئۆزۈمىن تىتىپ ئىدالاپ
ئۆزەلىكسىز ئۈستۈنكى يېگ ئابام-ئۇلۇغ مەڭگۈ نىرۋانىغ
تىلەگۈلۈك. بۇسۇش ساقىنچ ئەمگەك تولغاقىغ بىرتەم تار-
قارغۇلۇق، تۇغماق-ئولمەكلىگ تەگزىنچىگ ئەمرىتقۇرغۇلۇق،
نىرۋانلىغ ئىلىشىگ ئۆزگۈلۈگ، دىئان بىلگە بىلىگىگ كۆ-
چۈگ كۆچلەندۇرگۈلۈك، تولۇ تۇگەل بىشرۇنماقلىغ ئەدگۈگ
ئەكسۇكسۇز بۇتۇرگۇلۇك، يۇز بويانلىغ ئىتىگىن ئىتىنگۇلۇك،
تولۇ تۇگەل بىلگە بىلىگىگ تۇپكەرگۈلۈك
(615) ئالقۇ بورقانلار ئۆزە ئوگىتمىش ئىدۇق نوملۇغ ئەت ئو-

زۇڭ تانۇقلاغۇلۇق، قاماغ بىش ئازۇن تىنلىغلار ئوغلانىن
نوم بۇشىلىغ مەڭى ئۈزە مەڭىلەتكۈلۈك" تىپ مۇنچۇلايۇ
ئادىرا ئۇدۇرە ساقىنىپ، ئوترۇ ماخاساتۋى تىگىن يىتى
قىنىغ تولۇكتە تۇرۇپ، ئۇلۇغ بەدۇك كوزۇشكە ئىنىپ، ئۇ-
لۇغ يارلىقانچۇچى كوڭۈل تۇرغۇرۇپ، كوڭۈلىن كوكۈزىن
ياغچىرتىپ، ئول ئىكى ئىچىلەرىن كوڭۈل كەرىپ، نەچۈكىن
ئەرسەر تۇيسار ئوڭارسار، ئوترۇ ئۈركۈپ بەلىڭلەپ تىدىغ
ئادا قىلىپ، كوزەمىش كۈسۈشۈمىن قانتۇرماغاي تىپ بوكۇ-
نۇپ، ئوترۇ ئىكى ئىچىلەرىڭە: "ئازقىا ئوڭرە يورىيۇ تۇر-
زۇنلار، مىن ئۇناباسا يىتىندىم" تىپ ئوتۇنۇپ ئىچىلەرىن
ئىدىپ ماخاساتۋى تىگىن كەنتۇ ئۆزى يانتۇرۇ يانا ئول
ئارىغقا كىرىپ، ئاچ بارس ئۆسكىنتە تەگىپ، تەركىن
تاۋراتى تونىن سۇچۇلۇپ قامىش بۇتىغى ئۈزە ئاسىپ،
ئىنچا تىپ بىلك قاتىغ ساۋ سوزلەتى: "مىن ئەمتى تولپ
سانسارتاقى تىنلىغلار ئۈچۈن ئۆزەلىكسىز ئۈستۈنكى يىگ
بۇرقان قۇتى كوسۇشىن
(616) تەبرىنچسىز ياييلماقسىز ئۇلۇغ يارلىقانچۇچى كوڭۈل تۇر-
غۇرۇپ، بۇ مەنىڭ سەۋەر ئامراق ئەت ئۆزۈمىن تىدەرمەن،
ئىدالايۇرمەن بۇزۇلماقسىز، قولماقسىز بۇرقان قۇتىن تىلە-
يۈرمەن. كىم قاماغ بىلگەلەركە سەۋگۈلۈك تاپلاغۇلۇق
ئۈچ ئوغۇش يىرتىنچۈدەكى ئەمگەكلىگ تالۇيتاقى تىنلىغ-
لارىغ ئورۇ تارتىپ ئوز قۇرۇپ ئىنچ مەڭىلىگ قىلايىن"تىپ تىدى.

ئول ئۇدۇن تىگىن مۇنچا ساۋ سوزلەپ، ئول ئاچ
بارس ئۆسكىنتە سونا ياتتى. كەنتۈنىڭ ئۇلۇغ يارلىقانچۇ-
چى كوڭۈللۈگ چوغى يالىنى ئوغرىنتا، ئول ئاچ بارس يىگەلى
تىدىنمەتى، بودىسىتۋ ئانى كورۇپ، ئوترۇ ئىدىز تاغقا
ئاغدىنىپ، ئەت ئۆزىن قودى كەمىشتى. قاچان يىركە
تەگدۈكتە بودىستۋ يانا ئىنچا تىپ ساقىنتى: "ئىنچىپ بۇ
بارس تورۇغى كۈچسۈز ئوغرىنتا، ئانىن مىنى يىگەلى ئۇماز."

تىپ، ئۇترۇ بودىستىۋ ئورۇ تۇرۇپ، ئىنارۇ بەرۇ كورۇپبى بىچىنۇ
تىلەپ بولماتى. ئۇترۇ قۇرۇمىش قاتىغ قامىش ئالىپ، ئانى
ئۈزە ئۇمگەن تامىرىن سانچىپ قان ئۇندۇرۇپ، ئاقۇرۇ ئاقۇرۇ
بارسقاياقىن بارتى. قاچان بارس ئۈسكىنتە تەگدۈكتە

(617) ئۇترۇئول ئۇدۇن بۇ ئاغىر ئۈلۈغ ياغىز يىر ئالتى تۈرلۈ-
گىن تەبرەتى قابشاتى. ئىنچاقلتى ئۈلۈغ يىل كەلىپ،
كول سۇۋىن توقىپ يايىمىشتەگ يوقارۇ قودى يايىلتى ياي-
قالتى، كوك قالىغ يۇۋزىنتەكى كۈن تەگرى راخۇقا سىگرىت-
مىش تەگ يارۇقسۇز ياشۇقسۇز، ئۇگسۇز ئولەز بولتى، بۇلۇك
يىڭاق بارچا بۇتۇرۇ قاراردى. قارا تومان ئۈزە ئورتۇلدى.
كوك قالىغتىن تەگرىتەم يىدىپار قۇا-چەچەكلەر تۈشتى،
ياغدى. ئول ئارىغ سەمەك ئىچى قۇا-چەچەك ئۈزە تولۇ بولتى.

(618) ... ئول ئۇدۇن ئول ئاچ بارس قاچان بودىستىۋنىڭ ئۇم-
گەنىنتىن قان ئاقمىسىن كورتى. ئۇترۇ ئول قانىغ يالغايۇ
ئەتىن بارچايىپ قودتى. يالاڭۇز قۇرۇغ سوڭۇكلەرى ئوك
تۇرۇقالتى.

ئانچا-قىنچا بودىستىۋ تىگىننىڭ ئۈلۈغى ئىچىسى يىر تەبرە-
مىسىن كورۇپ، ئىنىسگە ئىنچاتىپ تىدى: "ياغىز يىر بۇتۇرۇ تەب-
رەيۇر، ئۆگۈزلەر-تاغلار بىرلە قالسىز بۇلۇك يىڭاق قارارىپ ئولەز
بولتى كۈن تەگرى. كوكتىن تۈسەر تەگرىدەم قۇا-چەچەكلەر
بۇلغاشۇ. ئۇتقۇراق ئەركى ئىنىمىزنىڭ ئەت ئۆزىن تىدمەك بەلگۈ-
سى." تىپ تىدى. بۇ ساۋىغ ئەشىدىپ، كىچىگى ئىنىسى ئىنچا-
تىپ تىدى: "ئەستىنتىم مەن ماخاساتۋ-

(619) نىڭ تىسۇيۇرقايۇ سوزلەمىش چىن ساۋىن. تىمىن كىنيا
كورمىستە تۇرۇغ كۈچسۇز ئاچ بارسىغ ئاچ ئەمگەككە ئە-
گىرتىپ ئەنۇكىن يىگەلى قىلمىسىن. ئانىن سىزنىتىم ئىنىم-
كە، ئەت ئۆزىن تىتتى ئەركى مۇ تىپ." ئول ئۇدۇن ئول
ئىكى تىگىتلەر مۇنچۇلايۇ سوزلەشۇ ئاچىغلارى كەلىپ، يىد-

رىنگۈتىلەر يىغلاددىلار. ئۇترۇ تەركىن يانتۇرۇ يانىپ، يىغلاسۇ
باياقى ئول بارس ياتۇر ئورۇنغا بارتىلار. قاچان ئانتا تەگ-
دۈكتە، ئوترۇ ئىنىلەرى ماخاساتۋى تىگىنىڭ تونى قامىس
بۈتىمى ئۇزە ئاسقىنتۇرۇپ تۇرۇردىن، سىنى-سوڭۇكى ساچى
بىرلە ئارقۇرۇ-تۇرقۇرۇ ياتمىسىن، ئاقمىس قانى تۇپراقتا
تىتىگ يوغرۇلۇپ، يىركە يۇقۇپ تۇرمىسىن كورتىلەر. نەئانى
كورۇپ ئوك، ئەت ئوزلەرىن ئول سوڭۇك ئۇزە كەمىشىپ،
ئوگسىرەپ تىنسىراپ قامىلتىلار. نەچە تەكىن تىمىن ئوگ-
لەنىپ، ئوترۇ ئىلىگلەرىن ئورۇ كوتۇرۇپ، ئۇلۇغ ئۇنىن ئۇ-
لىدىلار سىقتادىلار، ئولىيۇ سىغدايۇ ئىنچاتىپ تىدىلەر:
"كوركلە كوۋسەك توقىلىغ ئىنىمىز ئەرتىڭ كوۋەزئا! ئوگ-
كە قاڭغا

(620) سەۋدىمىش ئەرتىڭ قاداشا! نەچۈكىن يانا بىرگەرۇ بىرلەكىيا
ئۇنۇپ ئوچەگۇ؟ نەگۈلۈك تىتىتىڭ ئوزۇگىن بىزنى بىرلە بارما-
دىن؟ ئوگۈمۈز بىرىدە ئوترۇ كورۇپ ئايىتسار، بىز ئىكەگۇ
نەگۈتىپ ئوتۇنەلىم سوزلەلىم؟ ئول يىگ بولغاي ئۇچەگۇ بىرلەكىيا
ئولسەر بىز. نەڭ بىزىدە كەرگەكسىز بوئەت ئوزۇمۇز تىرىگى." تىپ،
ئول ئىكى تىگىتلەر مۇنچۇلايۇ ياڭىن كەيىرگەنچىگ قىلىنۇ
ئۇلىيۇ سىغتايۇ تالىپ يوگۇپ ئانچاتاكىن تىمىن ئاندىراڭ
ئوڭى يورىپ بارتىلار.

ئول ئودۇن ماخاساتۋى تىگىنىڭ تاپىغچىلارى "تىگىنىمىز-
كەچتى" تىپ، "قاچان بارتى؟ يورىڭلار، قانتائول ئىسدە لىم!"
تىپ تىيىستىلار.

ئانچا قىنچا ئاناسى قاتۇن بالىقتا ئىدىز قالىقتا ياتىپ ئوددى-
يۇر ئەركەن. ئەرتىنگۈ ياۋىز تۇل تۇسەدى: ئەمگى توبۇرە بى-
چىلۇر بولۇر. ئازىغ تىسلارى ئاغزىنتا قوڭرۇلۇپ تۇسەر بولۇر.
ئۇچ كوكۇرچكەن ئاتايى لاچىنقا قاۋدىتۇر ئەركەن. بىرسى تۇتىسۇ-

قۇپ، ئىكەگۈسى قورقىنچلىغ ئوزار بولۇر، تىپ. مۇنچۇلايۇ
تۇسەيۇ ياتار ئەركەن. يىر تەبرە مەكى

(621) ئۇزە بەلگۈلەپ ئۇدۇنۇپ كەلتى. نە ئۇدۇنۇ بىرلە ئوك
ئانتا قورقىنچلىغ بۇسۇشلۇغىن ئىنچاتىپ تىدى: "نەگۇ ئەر-
كى ئەمتى تىلتاغى ياغىزيىر مۇنچۇلايۇ تەبرەيۇر، ئۇگۈزلەر-
كولەر يايىلىپ، ئى ئىغاچلار ئىرغالۇر. كۈن تەڭرىنىڭ يا-
رۇقى ئوكسۇز بولتى ئورتىمىس تەگ. كوزۇم ئەمگىم تەبرە-
يۇر، ئوگرەكىنتە ئوكى شۇك. ئوقىن يۇرەكىكە ئۇرسۇقمىس
تەگ سىقىلۇرمەن. ئەمگەكىن تولىپ ئەت ئوزۇم تىترەيۇر.
ئىنچىم ئىدى بەلگۈرمەز. تۇسەمىس ئول تۇلۇمىنۇك ياۋىز
تۇرۇر بەلگۈسى. ئوتقۇراق بار ئەركى ئەمردىملىگ ئارتاغ
ياۋىز ئادالار."ــتىپ تىدى. ئانىڭ ئارا ئىكى ئەمگى ئە-
ۋىتىپ سۇت ئاقىپ كەلتى. نە ئانى كورۇپ، تاقى ئارتۇق-
راق ئويىر قانتى-يوغۇرقانتى. ئول ئودۇن ئول قاتۇنىنىڭ
بىر تاپىغچى قىزى تاستىن تۇرۇر ئەركەن. قايۇچە ئەرتەر
بولقى كىستىن "تىگىنىگ تىلەپ تاقى بولماز ئەرمىس" تىپ
ساۋ ئەستتى، نەمۇنى ئەستۇ بىرلە ئوك ئۇركىپ بەلگۈلەپ،
ئوترۇ ئوردۇقا كىرىپ، قاتۇنقا ئىنچاتىپ ئوتۇنتى: "قاتۇن
(622) ئوقا يارلىقادىنۇ ئەركى؟ تاستىن بىر ئانتاغ ساۋ تۇرۇر:
تىگىنىگ تىلەپ تاقى بولماز تىپ، بۇ نە ساۋ ئەركى؟ "تىپ
تىدى. ئول ئودۇن قاتۇن بۇ ساۋىغ ئەستىپ، ئۇلۇغ بۇ-
سۇشتا قادغۇتا تۇرۇپ، ئاچىغى كەلىپ كوزىنتە تولۇياشى
بىرلە تەركىن ئىلىگ بەگكە بارىپ: "ئاي ئۇلۇغ ئىلىگ
بەگ! مەن مۇنتاغ ساۋ ئەستتىم، بۇ نە ساۋ ئول؟ ئازۇ
بىزنىڭ ئامراق ئوگۇكۇمۇز ئاڭ كىچىگى ماخاساتۋىغ ئىچقىنى-
مىس ئەرگەيۇ بىز؟"ــتىپ تىدى. بۇ ساۋىغ ئىلىگ بەگ
ئەستىپ، ئۇركە بەلگۈلەيۇ، ئاچىغى ئۇزە تىقىلىپ، ئاغىلايۇ

ئىنچاتىپ سۆزلەيتى: ”ئاي ئەمگەك، ئاي ئەمگەك! بۇكۈنكى كۈنتە ئامراق ئوگۈكىمىن يىمە يىتتۇردىم ئىچقىنتىم ئەركى مۇمەن؟“ تىپ ياسىن يۇتۇنۇ قاتۇنىن ئوتلەيۇ ئىنچاتىپ تىدى: ”تۈزۈنۈمە! سەن نەلۈك بوسما بۇسرۇلما! مەن ئەمتى قاماغۇن ئۈنۈپ، ئامراق ئوگۈكلەرىمىن تىلەيىن، بارىن-يوقىن بىلەيىن.“ تىپ، تەركىن بۇيرۇقلارى ئىنانچىلارى بىرلە يۇمقى بالىقتىن تاسقارۇ ئۈنۈپ ئوكى-ئوكى يادىلىپ ئو-
رۇن-ئورۇن سايۇ تىلەگەلى ئىستەگەلى

(623) باردىلار. ئانىڭ ئاراسىنتا، بۇ ساۋ تاقى كەچمەزكەن، بىر بۇريۇق تەركىن تاۋراتى كەلىپ، ئىلىگ بەگكە ياقىن تەگىپ: ”ئاي ئۇلۇغ ئىلىگ بەگ، بۇسانۇ يارلىقامازۇن! ئىكى تىگىتلەر سۇ ئەسەن تەگىنۇر. ئالۇ كىچىگى ماخاساتۇى تىگىن تاقى تاپىشۇ تەگىنمەز، تىلەيۇ تەگىنۇرلەر.“ تىپ ئوتۇنتى. ئىلىگ بەگ بۇ ساۋىغ ئەسىتىپ، ئۇلۇغ تىنىپ، ئىنچاتىپ تىدى: ”مۇڭ ئاي، مۇڭ ئاي! يىتتۇرمىسمەن ئىسىگ سەۋەر ئامراق ئاتايىمىن! ئوغۇلۇم ياڭى بولمىستا ئوگرۇنچۇم سەۋىنچىم ئاز ئەرتى. كىنىندە ئوغۇلۇغ يىتۇردۇكتە بۇسۇشى ئەمگەكى ئوكۇس تۇرۇر. بىرۈك ئوغۇلۇم بۇ تۇستا تىرىگ ئەسەن قاۋىشسار، ئولسەر مەنىڭ ئەت ئوزۇم ئەمگەنمەگەيمەن ئارتى.“ تىپ تىدى. قاتۇن بۇ ساۋىغ ئەسىتىپ، ئوقىن ئۇرسۇقمىس كىسى تەگ، بۇسۇش قادغۇقا كوڭۈلى كوگۈزى ئەگىرىتىپ، سىگىتلەيۇ ئىنچا تىپ تىدى: ”ئۈچ ئوگۈكلەرىم بىرگەرۇ تاپىقچىلارى بىرلە قاماغۇن يۇمقى باردىلار ئارىتقا ئىلىنچۇ مەڭى قىلغالى. قاماغىتا

(624) كىچىگى سەۋەر ئامراق ئوغۇلۇم يالاڭۇز قالىپ كەلمەسەر، بولمىس بولغاي ئوتقۇراق ئادىرىلىغۇلۇق ئالىپ ئادا.“ تىپ مۇنچۇلايۇ سىغتلەدى. ئانچا قىنچا ساپچا ئىكىنتى

بۆرىيۇقى كەلىپ، ئىلىگ بەگكە تەگدى. ئوترۇ ئىلىگ بەگ ئاغا: "ئاي بۆرىيۇق-ا! ئامراق ئاتايىم ماخاساتۋى قانتا ئەرمىس؟" تىپ ئايىتۇ يارلىقادى. ئول بۆرىيۇقى بويارلىقىغ ئەسىدىپ، كوزىنتە ئىسىگ ياشى توكۇلۇ بۇسۇشلۇغ قادغۇلۇغىن يىغلايۇ ئاغزى قۇرۇپ، تىلى تامغاقى قاتىپ، ساۋ سوزلەيۇ ئۇمادىن، كىگىنچ بىرمەدىن شۇك تۇردى. ئانى كورۇپ، ئىلىگ بەگ قاتۇنى بىرلە ئاسۇقۇپ، ئىنچا تىپ ئايىتتى: "تەركىن سوزلەڭ بۆرىيۇق-ا! كىچىگى ئوغۇلۇم قانتا ئەرمىس؟ ئەت ئۆزۈم بوسانور-بۇسىرقانۇر ئۇتقا ئۇرتەنىپ كويەرتەگ، ئوگۇمىن كوڭۇلۇمىن ئىچقىنىپ، مۇڭقۇل بولۇپ بىلىنمەزمەن. قىلماڭ مەنىڭ كوگۇزۇمىن يارىلغۇلۇق سىنىغۇلۇق." تىپ تىدى. ئول ئودۇن ئىكىنتى بۆرىيۇق ئوترۇ بودىستۋ تىگىن ئەت ئۆزىن بۇشى بەرىپ، نەتەگ قىلمىس ئىشلارىن ئىيىن كەزىگچە تۇرۇ توگەتى ئۇتۇنتى.

(625) بۇساۋىغ ئىلىگ بەگلى قاتۇنلى ئەسىدىپ، ئاچىغلارىن، ئەمگەكلەرىن ئۆزە ئۇمادىن، ئۇلىستىلار سىغتاسىتىلار. ئوغلىنىڭ ئولمىس يىرىن كورۇگسەپ، تەركىن تاۋراتى يوگرۆك ئاتلارىن قوشۇقلۇغ قاگلىتا ئولۇرۇپ، ئول قامىسىغ ئارىغقا تاۋراق بارتىلار. قاچان بودىستۋنىڭ ئەت ئۆزىن بۇشى بىرمىس يىر ئورۇنقا تەگدىلەر ئەرسەر، ئانتا ئوترۇ بودىستۋنىڭ ياس سوڭۇكلەرى ئىنارۇ بەرۇ ئانتا-مۇنتا ساچىلىپ ياتمىسىن كورۇپ، ئەت ئۆزلەرىن بىرگەرۇ يەرگە چالىپ، ئوگسىرەپ-تىنسىراپ، ئىنچا قىلتى ئۇلۇغ ئى ئىغاچ كۆچلۈگ قاتىغ يىلكە توقىتىلىپ قامىلمىس تەگ تۇستىلەر قامىلتىلار. ئوگلەرىن كوڭۇللەرىن ئىچغىنىپ، نە قىلىنمىسىن ئارتى بىلىنمەز بولتىلار. ئوترۇ ئول ئودۇن ئول بۆرىيۇقلار باسىن تەگرەكى بەگلەر ئىنانچلار سوغاق سۇۋ يۇكۇرۇپ، يىلپىگۇ ئۆزە يىلپىيۇ، ئىلىگ بەگىگ قاتۇنۇغ ئانچا تاكىن

·تىمىن ئانچاقىنىيا ئۆگلەنتۈردىلەر. ئۆگلەنۇ بىرلە ئۆك

(626) ئوترۇ ئىلىگلەرىن ئۇرۇ كوتۇرۇپ، ئۇلىيۇ سىغتايۇ ئىنچاتىپ
تاقشۇردىلار: "نەئادا ئەرتى ئاتايىم، كوركلەكيە ئوگۇكۇم؟
ئۇلمەك ئەمگەك نەچۇكىن ئوڭرە كەلىپ ئەرتتۇردى؟ سىنىـ
تىدە ئوڭرە ئۇلمەكىگ بولايىن، ئاي كۈنكيەم! كورمەيىن
ئەرتى مۇنىتەگ ئۇلۇغ ئاچىغ ئەمگەكىگ!" تىپ تىدى.
ئانتا ئوترۇ ئىلىگ بەگ قاتۇنى ئانچاقىيا ئوگسىرە مەڭى
سەرىلىپ ساچى باسى يادىلىپ، ئىكى ئىلىگى ئۈزە كوكۈزىن
توقىيۇ قلتى بالىق سۇۋىنتىن ئادىرىلىپ، ئىسىگ قۇمتا ئاغىنا-
مىس تەگ يىردە ئاغىنايۇ ئىنچاتىپ يىغلادى: "كىم ئەرتى
ئەركى بىچتاچى ئوگۇكيەم ئەت ئۇزىن؟ ئوڭى ساچىلىپ
ياتۇر ئاي، قالمىس سوڭۇك يىرسايۇ ئىچغىنمىس مەن كەنـ
چىمىن سەۋەر ئامراق ئاتايىمىن بۇسۇشقا ئەمگەككە باسىتىپ،
تەبرەنچىسىز بولتۇم ئەرمەزمۇ؟ كىم ئەرتى ئەركى ئۇلۇرتە-
چى ئوگۇكيەم چاق سىنى؟ تەگۇرتەچى مۇنىتەگ بۇسۇش
قادغۇ ئەمگەككە. قاتىغ ۋازىر ئەرمەزمۇ، كىم مەنىڭ بۇ
يۇرەكىم يارىلىپ بوكسىلىپ بارمادىن.

(627) نەچۇكىن تۇرۇر مۇنى تەگ؟ تۇلۇمتە مەن بىلگۇلۇگ
كورتۇم ئەرتى بۇ بەلگۇگ. ئىكى ئەمىگىم بىرگەرۇ تۆبۇرە
بىچىلۇر تۇسەتىم. ئازىغ تىسىم قوڭرۇلۇپ تۇسۇپ كەلىربولتى
ئەرتى. كورۇر ئەرمىس مەن ئۇتىزۇراق بۇ ئەمگەككە تۇس-
غۇقا. ياناتۇسەدىم مۇنتادا ئادىن ئۇچ كوگۇرچكەن ئاتايىن
لاچىن تۇقۇپ، ئۇچەگۈنى بىرسىنى قابىپ ئىلتۇر بولۇر.
ئەمتى يىتتۇردۇم ئاڭ كىچىگى سەۋەر ئامراق ئوگۇكۇمىن
ياۋلاق بەلگۇ ئۇتلىسى ئىدى ئەزۇك بولماتى." تىپ مۇنچۇلايۇ
يىغلادى. ئوترۇ ئول ئودۇن ئىلىگ بەگ ئۇلاتى ئىكى
ئوغلانى بىرلە ئۇلىسۇ سىغتاسۇكتەرمەيۇك يىۋىكلىگ تد-

ژدىگلىگىن قاماغ بەگلەر بىرلە يۈمەتى بودىستۋنىڭ قالمىسى
سوكۈكلۈگ شەرىرىن ئىتىنىدىلەر يىغىدىلەر. ئۇلۇغ تۇرلۇگ
تورۇن-توغۇن ئاغىر ئاياغ تاپىغ ئۇدۇق قىلىنتىلار. قاچان
تاپىغ ئۇدۇق قىلغۇلۇق تورۇسىن ئەرتدۈر دۆكتە ئوترۇ
ئەستۈپ ئىچىنتە بەكلەدىلەر.

## تەرجىمىسى

.......................

(607) ئاندىن كېيىن تەڭرىلەرنىڭ تەڭرىسى بۇرخان
مۇنداق دېدى: ئانانتا! ① بۇرۇن بۇ چامبۇدۋىپ② ئېلىدە
ماخارادى③ ئاتلىق ئېلىك خان بار ئىدى. ئۇ ماخارادى ئېلىك
خان ناھايىتى كاتتا باي بولۇپ، ساغلىرى ئاشلىق، غەزنىلىرى
مال-دۇنيا بىلەن تولغان ئىدى. ئۇ باتۇر، مەرگەن، قۇدرەت-
لىك قوشۇنغا ئىگە بولۇپ، تۆت ئەتراپتىكى يەر-زېمىننى بويى
سۇندۇرغان، ھەممىنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىگە سازاۋەر بولغان ئىدى.
ئۇ دائىم توغرا يوسۇن بويىچە، قانۇن-تۈزۈملەر بويىچە ئەلنى
باشقۇرۇپ، ئەتراپتىكى پۇخرالارنى ئاۋۇتقان. ھەممە ئەتراپنى
دۈشمەنسىز قىلغان ئىدى. مۇشۇنداق ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك، كۈچ-
قۇدرەتلىك ئېلىك خان چوڭ خوتۇنىدىن ئوماق (608) چىرايلىق،
كۆركەم ئۈچ ئوغۇل كۆرگەن ئىدى. تۇنجى ئوغلىنىڭ ئىسمى
ماخابالى④، ئوتتۇرانچى ئوغلىنىڭ ئىسمى ماخادېۋى⑤،

---

① ئانانتا — ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ قابىل شاگىرتى.

② چامبودۋىپ — دۆلەت نامى، سانسكرىتچە [Jmabudvipa]

③ ماخارادى — سانسكرىتچە [Maharatha]

④ ماخابالى — سانسكرىتچە [Mahabala]

⑤ ماخادېۋى — سانسكرىتچە [Mahadeva]

كەنجى ئوغلىنىڭ ئېتى ماخاستۋى ئىدى.
بىر قېتىم ئىلىك خان ئۈچ ئوغلى بىلەن سىرتتىكى تاغ -
ئورمانلىقلارغا سەيلىگە چىقتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ، سەيلىنى
خۇشال - خۇرام تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇ ئۈچ تېگىت① گۈل -
چېچەك ۋە يەل - يېمىشلەرنى يىغىپ كېلىش ئۈچۈن ئاتىسى
ئىلىك بەگدىن ئىجازەت سورىدى.
ئۇلار ئۇيان - بۇيان يۈرۈپ، (ئاخىرى) بىر چوڭ قۇمۇشلۇق
جىلغىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئارام ئالغىلى ئولتۇرۇشتى. دەم
ئېلىپ ئولتۇرغاندا، چوڭ تېگىن ئىككى ئىنىسىگە مۇنداق دېدى:
ھەي ئىنىلىرىم، بۈگۈن مېنىڭ ناھايىتى قورققۇم كېلىۋاتىدۇ،
(مېنى) تەشۋىش بېسىۋاتىدۇ. بۇ ئورمانلىقتا ۋەھشى يىرتقۇچ
ھايۋانلار بار بولۇپ قالسا، بىزنى يەۋەتمەسمۇ، ئازاپتا قال -
مايلى." ئوتتۇرانچى تېگىن مۇنداق دېدى: "سۆزۈمنى ئاڭلاڭ
ئاكا، (609) مەن ئۆزەمنىڭ جېنىمنى پەقەت ئايىمايمەن. لېكىن،
بىز ئامراق (قان - قېرىنداشلاردىن) ئايرىلىپ قالىدىغان ئازاپتا
قالمىساق بولاتتى دەپ قورقىمەن". بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كەنجى
تېگىن ماخاستۋى ئىككى ئاكىسىغا مۇنداق دېدى: "بۇ بولسا،
ئەۋلىيالار تۇرىدىغان جاي. مېنىڭ پەقەت قورقۇنچۇم، ئەنسىرىچى -
لىكىم يوق، ئايرىلىپ كېتەرمىزمۇ دەيدىغان غېمىممۇ يوق. شۇڭا
ۋۇجۇدۇمدا تولۇپ تاشقان شاتلىق پەيدا بولماقتا. ئېھتىمال
بىز ئالاھىدە بەختكە ئېرىشىشىمىز مۇمكىن".
شۇ چاغدا بۇ ئۈچ تېگىن ئۆز كۆڭۈللىرىدىكى ئويلىغان سۆز -
لىرىنى دېيىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئورمانلىق
(جىلغا) ئىچىگە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىشتى. ئانچە ئۇزۇن يۈر -

---

① تېگىت — "تېگىن" نىڭ كوپلۇك شەكلى بولۇپ، تېگىنلەر
(شاھزادىلەر) دېگەن مەنىدە. تېگىن ئەسلىدە قۇل مەنىسىدە بولۇپ،
كېيىن "شاھزادە" دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولغان.

مەستىن (تېخى) يېڭى ئەنۈكلىگەن بىر چىشى يولۋاسنى كورۈشتى.
ئۇ ئاچ يولۋاس ئەنۈكلىگىلى يەتتە كۈن بولغان ئىدى. (ئۇ)
يەتتە ئەنۈكىنى① ئۆزىگە ئۈلاشتۇرۇپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق
دەستىدىن قىينىلىپ ئورۇقلاپ ئاجىزلىغان بولۇپ، ھالسىزلىقتىن
بەدەنلىرى ئاجىزلىشىپ، كۈچ-ماغدۇرىدىن كېتىپ ئۆلەر ھالدا
ياتقان ئىدى. (610) ئۇنى چوڭ تىگىن ماخابالى كورۇپ مۇن-
داق دېدى: ھەي بىچارە چىشى يولۋاس! ئەنۈكلىگىلى يەتتە كۈن
بولغان بولسىمۇ، يەتتە ئەنۈگى ئەگىشىپ ئوزۇقلۇق تېپىشقا مۇم-
كىن بولمىغانلىقتىن، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازاۋىدا قىينىلىپ قاي-
تىدىن يەنە ئۆز ئەنۈكلىرىنى يېيىشكە مەجبۇر بولۇپ تۇرۇپتۇ.
بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بىچارە جانلىق بولغايمۇ؟" بۇ سوزنى ئاڭلاپ
ماخاستۋى تىگىن ئاكىسىدىن: "بۇ يولۋاس نىمە يەيدۇ؟ ئۇنىڭ
دائىملىق تامىقى نىمە؟" دەپ سورىدى. ئاكىسى تىگىن مۇنداق
جاۋاپ بەردى: "يولۋاسنىڭ، يىلپىزنىڭ، چىلبورىنىڭ، ئارسلاننىڭ،
بورىنىڭ، تۈلكىنىڭ ئوزۇغى — پەقەت ئىسسىق گوش بىلەن قان-
دۇر. بۇ ئاجىزلىغان ئاچ يولۋاسنى قۇتۇلدۇرالايدىغان ئۇنىڭدىن
باشقا ئاش-ئوزۇق يوق". بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئوتتۇرانچى تىگىن
ماخادىۋى ئويلىماستىنلا مۇنداق دېدى: "بۇ ئورۇقلىغان، ھالسىرى-
غان، ئاجىزلاشقان ئاچ يولۋاس ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئازاۋىدا
ئىنتايىن (611) قىينىلىپ ئولۇش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بىزدىن باشقا
كىممۇ ئۇنىڭغا كېرەكلىك ئوزۇق بولالىسۇن. بۇ بىچارە جانىۋار
ئۈچۈن جاندىن كېچىپ، بۇنىڭ ھاياتىنى ئۇزارتىش مۇمكىنمۇ؟"
چوڭ تىگىن بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئوتتۇرانچى ئىنىسىگە: "ھەي
ئىنىم، دۇنيادا ئەڭ قىيىن ئىش — ئادەمنىڭ ئۆز جېنىدىن ۋاز
كېچىشىدۇر" دېدى. بۇ سوزنىڭ كەينىدىنلا ماخاستۋى تىگىن

① ئەنۈك — قەدىمقى تۈرك — ئۇيغۇر تىلىدا يولۋاس بالىسىنى
شۇنداق ئاتايدۇ.

مۇنداق دىدى: ”ھەي ئاكىلىرىمەي! بىز ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ جېنىمىز ۋە تېنىمىزغا ئېسىلىۋالىمىز، يېپىشىۋالىمىز. شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ باشقىلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان ئەقىل-پاراسەتلىك كوزىمىز يوقاپ كەتكەنمۇ؟ پەقەت ئۇلۇغ مېھرىۋان كوڭۇللۇك بەختلىك ئىنسانلارلا ھەر دائىم ئۆز تېنىدىن ۋاز كېچىپ، جانلىقلارغا پايدا - مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ“.

بۇ سوزلەرنى ئاكىلىرىغا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز كوڭلىدە مۇنداق دەپ ئويلىدى: ”مېنىڭ بۇ تېنىم يۈزمىڭ ئازۇندىن① بۇيان كېرەكسىز - پايدىسىز بولۇپ، (612) كوپ قېتىم بۇزۇلدى، پايدىسىز بولۇپ ھېچقانداق پايدا - مەنپەئەت كەلتۈرمىدى. نېمە ئۈچۈن بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇنداق كېرەكلىك ئىشلىتىدىغان ئورۇن تېپىپ، بۇنداق سېسىق، كېرەكسىز تېنىمنى خۇددى يېرىكلىق يارىنى سىققاندەك تىتىپ تاشلاپ، بۇ بىچارە ئاچ يولۋاسقا ياردەم قىلمايمەن.“ (ئۇ) مۇشۇنچىۋالا ئويلاپ، ئۆز نوۋىتىدە ئاكىلىرى بىلەن سوزلىشىدىغان (سوزلىرىنى) ئېيتىپ بولۇپ، ئۇ يولۋاسقا ئاجايىپ مېھرىۋان كوڭۈل تۇرغۇزۇپ، ئىچىنى ئاغرىتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ ئارىلىغىدا يىغىلدى، ماخاستىۋى تىگىن ئۇ يولۋاسنىڭ ئاچلىغىنى، ئاجىزلىغىنى ۋە ئازاۋىنى كورۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، كوزىنى ئۇنىڭدىن زادى ئۈزمەستىن ئۇزاق ۋاقىت تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، ئاخىر ئىلگىرى يۈرۈپ كەتتى. شۇندىن كېيىن ماخاستىۋى بودىستىۋ كېتىۋېتىپ مۇنداق ئويلىدى: ”دەل ئەمدى ئۆز تېنىمدىن - جېنىمدىن كېچىدىغان پەيت كەلدى. نېمە ئۈچۈن دېگەندە مەن ئەزەلدىن (613) سېسىق، قان - يىرىڭلىق، خوشاللىغى يوق، قەدىرسىز، يىرگىنىشلىك تېنىمگە ئىشەندىم. يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك، ئورۇن - تو -

① ئازۇن — سوغدى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سوز بولۇپ، دۇنيا، ئالەم، ئومۇر دىگەن مەنىلەرگە ئىگە.

شەك، ئات، پۇل، هارۋا - ئۇلاق، ئۈنچە - مەرۋايىت، مال - دۇنيادىن بەھرىمەن بولدۇم. (لېكىن) خاراپ بولماق، بۇزۇلماق قانۇنىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن ھەممىسى داۋاملىق بۇزۇلىدى، خاراپ بولدى. (شۇنداقتىمۇ) مەن يەنىلا بۇ تېنىمنى ئاسراپ، ئاياپ خاراپ قىلغىلى زادىلا ئۇنىمىدىم. ھەرقانچە ياخشى كۈتكەن بولسامۇ، ياۋۇز دۈشمەننىڭ قانۇنى بويىچە مېنى قايتىدىن تاشلىۋېتىپ، خوشاللىقسىز، نەتىجىسىز قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىش كېرەككى، تەن — مەڭگۈلۈك مۇستەھكەم نەرسە ئەمەس. ئۆزىگە نىسبەتەن ئۇ پايدىسىز ھەم يامان دۈشمەندەك قورقۇنچلۇقتۇر. (كىشىنى) سەسكەندۈرىدىغان مەينەتلىكى بىلەن تۇتسا، (ئۇنىڭ) مەينەتلىكى قىغ دوۋىسىدەكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى مەن بۇ تېنىمنى ئىشلىتىپ، ھەيران قالارلىق ئۇلۇغ ئىش قىلاي، سانسارلىق① دېڭىزى ئىچىدە سال - كېمە بولاي. تۇغۇلماق - ئۆلمەكنىڭ ئازاپلىق قايىنىمىدىن تاشقىرىغا تارتىپ چىقىراي"، يەنە مۇنداق (614) دەپ ئويلىدى: "ئەگەر مەن بۇ تېنىمدىن ۋاز كەچسەم، سان - ساناقسىز گۈنالارنى، يارنى، بەزنى، قان - يىرىڭنى، كېسەل - ئاغرىقلارنى، قورقۇنچ - ئەيمىنىشلەرنى پۈتۈنلەي تاشلاپ پاكىزلىغان بولىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ تەن بولسا، ئوتتۇز ئالتە تۈرلۈك پاسكىنىچىلىق بىلەن تولغان بولۇپ، گويا سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك مۇستەھكەم ئەمەس. (ئۇنىڭدا) بارلىق قۇرۇت - قوڭغۇزلارنىڭ تۈپى، قان - يىرىڭنىڭ ئورنى، سىڭىر، تومۇرلار بىلەن يۆگەلگەن ۋە سۆڭەكلەرنىڭ ئۇگىلىرى بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئىنتايىن يىرگىنىشلىك (ھەم) سەسكەندۈرەرلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەمدى مەن بۇ تېنىمدىن ۋاز كېچىپ (ۋە ئۇنى) تازىلاپ، چەكسىز ئۈس-

① سانسار — بۇددا دىنىدا بۇ دۇنيانى ھايات - ماماتلىقنىڭ قايناملىق ئازاپ دېڭىزى دەپ قارايدۇ. سانسار — قەدىمقى ھىندى تىلىدا ئايلىنىش، قاينام دېگەن مەنىدە.

تۈزۈلۈكتىكى مەڭگۈلۈك نىرۋاننى① ئىزلىشىم لازىم. غەم - قايغۇ، جاپا - مۇشەققەتنى بىراقلا تارقىتىۋېتىشىم؛ تۇغۇلماق - ئۆلمەكنىڭ ئايلىنىشىنى توختىتىشىم؛ نىزۋانلىق② مۇناسىۋەتنى ئۈزۈۋشۇم؛ دىيانا ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى كۈچلەندۈرۈشۈم؛ تولۇق مۇكەممەل تەربىيىلىنىشنى ياخشى كەم - كۈتەمسىز پۈتتۈرۈشۈم؛ يۈز (تۈرلۈك) سائادەتلىك زىننەتلىرى بىلەن بېزىنىشىم؛ تولۇق - مۇكەممەل ئەقىل - پاراسەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈشۈم؛ (615) بارلىق بۇرخانلار تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن مۇقەددەس نوملۇق تەننى تونۇشۇم؛ بەش ئازۇندىكى جانلىقلار پەرزەنتلىرىنى نوم سەدىقىسى خوشال- لىقى بىلەن شاتلاندۇرۇشۇم لازىم." ماخاستۋى تىگىن شۇنچىۋالا تەپسىلى ئېنىق ئويلانغاندىن كېيىن يۈكسەك جاسارەتتە تۇرۇپ، ئۇلۇغ ئۈمىتلەرگە چۈمۈپ، ئۇلۇغ مېھرىۋان كۆڭۈل تۇرغۇزۇپ، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، ئىككى ئاكىسى تۆۋۈپ قالسا، چوچۇپ - قورقۇپ (مېنى) تەگلىكتە قويۇپ، ئارزۇ قىلغان ئارمى- نىمغا يەتكۈزمەيدۇ دەپ ئويلاپ، ئىككى ئاكىسىغا: "(سىلەر) ئاۋال مېڭىپ تۇرۇڭلار، مەن دەرھال كەينىڭلاردىن يېتىمەن" دەپ، ئاكىلىرىنى ماڭغۇزۇۋەتتى. (شۇندىن كېيىن) ماخاستۋى تىگىن يالغۇز ئۆزى قايتىدىن يەنە شۇ ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ، ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىغا كېلىپ، كىيىملىرىنى دەرھال يېشىپ قومۇشنىڭ پۇتىغىغا ئېسىپ قويۇپ، ناھايىتى قاتتىق ئاۋاز بىلەن: "مەن ئەمدى سانساردىكى پۈتۈن جانلىقلار ئۈچۈن يۈكسەك ئۈستۈنلۈك- تىكى بۇرخان ئالدىلىرىنىڭ ئۈمىتى بىلەن (616) تەۋرەنمەس،

① نىرۋان — بۇددا دىنىدا ھايات - ماماتتىن خالى بولغان ھالەتكە ئېنتىلىش توغرىسىدىكى خىيال.

② نىزۋان — سوغدى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن سوز بولۇپ، دىلخەستىلىك، ئازاپلانماق دىگەن مەنىلەرگە ئىگە.

چېچىلماس ئۇلۇغ مېھرىۋان كۆكۈل تۇرغۇزۇپ، ئۇزەمنىڭ ياخشى كورىدىغان ئامراق تېنىمنى تىنىپ تاشلايمەن. بۇزۇلمايدىغان - يېمىرىلمەيدىغان بۇرخان بەختىنى تىلەيمەن. بارلىق دانىشمەنلەر ياخشى كورىدىغان، ياقتۇرىدىغان ئۈچ (خىل) دۇنيادىكى ئازاپ دېڭىزىدىن جانلىقلارنى يۇقۇرىغا تارتىپ چىقىرىپ، خاتىرجەم خوشال قىلاي" دىدى.

بۇ چاغدا تىگىن مۇشۇنچىۋالا سوزلەپ، ئاچ يولۋاسنىڭ ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتتى. ئۇنىڭ ئۇلۇغ مېھرىۋانلىقى ۋە ھەيۋەتلىكلىگى تۇپەيلىدىن ئۇ ئاچ يولۋاس (ئۇنى) يېيىشكە پېتىنالمىدى. بۇدىستۋ ئۇنى كورۇپ، ئىگىز دوڭگە چىقىپ ئوزىنى تۆۋەنگە تاشلىدى، يەرگە چۈشكەندە بودساتۋا يەنە مۇنداق ئويلىدى: "بۇ يولۋاس ئورۇقلۇق، ھالسىزلىق تۇپەيلىدىن مېنى يېيەلمىدى." ئاندىن كېيىن بودساتۋا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇياق - بۇياقتا قاراپ پىچاق ئىزلەپ تاپالمىدى. ئاخىرى قۇرۇپ قالغان قاتتىق قومۇشنى ئېلىپ، ئۇنى بويۇن تومۇرىغا سانچىپ قان چىقاردى. قان ئاستا - ئاستا ئېقىپ يولۋاسقا يېقىن باردى. (قان ئېقىپ) يولۋاسنىڭ ئالدىغا يېقىن بېرىشى ھامان، (617) بۇ غايەت زور قوڭۇر يەر ھەر تۈرلۈك تەۋرەپ كەتتى. خۇددى قاتتىق بوران چىقىپ كول سۈيىنى چايقىغاندەك سۇلار يۇقۇرى - تۆۋەن داۋالغۇپ چايقالدى؛ ئاسماندىكى كۈن (گويا) تەگرى تورى چىرمىۋالغاندەك قاراڭغۇلىشىپ، نۇرسىزلىنىپ غۇۋالاشتى، توت ئەتراپنىڭ ھەممىسى قاراڭغۇ زۇلمەتكە ئايلاندى، قارا تۇمان بىلەن قاپلاندى. كوك ئاسماندىن تەڭرىنىڭ ئېپاردەك خۇشبۇي گۈل - چېچەكلىرى ياغدى. ئورمانلىقنىڭ ئىچى گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولۇپ كەتتى.

بۇ چاغدا ئۇ ئاچ يولۋاس بودساتۋانىڭ بويىنىدىن قان ئېقىۋاتقانلىقىنى كوردى. ئاندىن ئۇ، قاننى يالاپ گوشلىرىنىڭ ھەممىسىنى يەۋەتتى. (بودساتۋانىڭ) پەقەت قۇرۇق سوڭەكلىرىلا قالدى.

(دەل) مۇشۇ چاغدا بودساتۋا تىگىنىنىڭ چوڭ ئاكىسى يەر
تەۋرىگەنلىكىنى كورۇپ، ئىنىسىگە: "قوڭۇر يەر ناھايىتى قاتتىق
تەۋرەۋاتىدۇ. تاغلار (سىلكىنىپ)، دەريالار (تېشىپ)، ئالەمنى
قاراڭغۇلۇق قاپلاپ، كۈن غۇۋالىشىپ كەتتى. ئاسماندىن گۈل-
چېچەكلەر يېغىۋاتىدۇ. بۇ چوقۇم ئىنىمىزنىڭ تېنىنى (تىتىپ)
تاشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى" دېدى. بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، كىچىك
ئىنىسى مۇنداق دېدى: "مەن ماخاساتۋانىڭ (يولۋاسقا) (619)
ئىچ ئاغرىتىپ ئېيتقان چىن سوزىنى ئاڭلىدىم. ئۇ (ھىلىقى)
ئورۇق، ئاجىز، ئاچ يولۋاسنىڭ ئاچلىق ئازاۋىدىن ئوز يېنىغا
ئولاشقان ئەنۇكلىرىنى يېگىلى تەمشىلىۋاتقانلىقىنى كورگەن. ئىنىم
ئوز جېنىدىن كەچكەنمىدۇ-يا؟ شۇنىڭدىن گۇمان قىلىۋاتىمەن."
شۇ چاغدا ئىككى تىگىن مۇشۇنداق سوزلىشىپ، ھەسرەت چېكىپ
قايغۇرۇپ يىغلاشتى. ئاندىن كېيىن دەرھال كەينىگە يېنىپ،
ھىلىقى يولۋاس ياتقان جايغا بېرىشتى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغان-
دىن كېيىن، ئىنىسى ماخاساتۋا تىگىنىنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ
قومۇش پۇتىقىدا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، سوڭەك ۋە چاچلىرىنىڭ
ئۇيەر-بۇيەردە چېچىلىپ ياتقانلىقىنى، ئاققان قانلىرىنىڭ توپا
بىلەن يۇغۇرۇلۇپ لاي بىلەن تۇرغانلىقىنى كوردى. بۇنى كورۇش
بىلەنلا، ئۇزلىرىنى سوڭەك ئۈستىگە تاشلاپ، ئاھ ئۇرۇپ ھوشىدىن
كېتىشتى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن ھوشلىرىغا كېلىپ، قوللىرىنى
ئېگىز كوتىرىپ، ئۇن سېلىپ يىغلاپ قايغۇردى، ئازاپلاندى.
(ئۇلار) يىغا-زارە قىلىشىۋېتىپ مۇنداق دېيىشتى: "ئەدەپ-قائى-
دىلىك، پەخىرلىنىشكە ئەرزىيدىغان چىرايلىق ئىنىمىز ئىدىڭ! ئاھ،
غورۇرىمىز! ئاتا-ئانىمىزنىڭ (620) ئارزۇلۇق بالىسى ئىدىڭغۇ
قېرىنداش! نېمىشقىمۇ ئۇچىمىز بىللە يۇرمىگەن بولغىدۇق؟! نېمە
ئۇچۇن جېنىڭدىن كەچتىڭ، بىز بىلەن بىللە ماڭمىدىڭ؟! ئانىمىز
بىزنى كورۇپ (سېنى) سورىسا، ئىككىمىز نېمە دەپ جاۋاپ بېرى-
مىز؟ ئۇنىڭدىن كورە ئۇچىلىمىز بىللىلا ئولگەن بولساق خوپ

بولماسمىدى؟! ئەمدى بىزگە بۇ جېنىمىزنىڭ نىمە كېرىكى بار!"
ئۇ ئىككى تىگىن مۇشۇنچىۋالا پۇشايمان يەپ، يىغا - زارە قىلىشىپ يەنە ھوشىدىن كېتىشتى. خېلى ئۇزۇندىن كېيىن (ھوشىغا كېلىپ) ئۇ يەردىن ئايرىلىپ مېڭىشتى.

بۇ چاغدا ماخاساتۋى تىگىننىڭ خىزمەتچىلىرى: "تىگىنىمىز كېچىكتى، قەيەرگە كەتكەندۇ؟ يۈرۈڭلار، نەدە بولسىمۇ ئىزلەپ تاپايلى!" دېيىشتى.

دەل شۇ چاغدا، (تىگىنلەرنىڭ) ئانىسى خانىش شەھەردىكى ئىگىز راۋاقتا يېتىپ، ئۇيقۇدا ناھايىتى يامان چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە، ئەمچىكى پۈتۈنلەي پىچىلىپ كېتىپتۇمىش، ئېزىق چىشلىرى قومۇرۇلۇپ چۈشۈپ كەتكەنمىش. ئۈچ كەپتەر باچكىسىنى لاچىن قوغلاپ، بىرسىنى تۇتۇپ كېتىپتۇمىش. (قالغان) ئىككىسى قورقۇپ قېچىپ كېتىپتۇمىش. مۇشۇنداق چۈش كۆرۈپ ياتقان ئىكەن، يەر تەۋرىشى (621) بىلەنلا چوچۇپ ئويغىنىپ، غەم-ئەندىشە بىلەن (ئۆز - ئۆزىگە): "نىمە سەۋەپتىن يەر مۇنچىۋالا قاتتىق تەۋرەيدىغاندۇ؟ دەريا - كۆللەر تېشىپ، دەل - دەرەخلەر ئىغاڭلاپ، قۇياش خۇددى (بىر نەرسە يۈزىنى) توسۇۋالغاندەك نۇرسىزلاندى. كۆزۈم، كۆكسۈم تەۋرەپ باشقىچە بولۇۋاتىدۇ، يۈرىكىمگە ئوق ئاتقاندەك سىقىلىۋاتىمەن. ئازاپلىنىۋاتىمەن. پۈتۈن بەدىنىمنى تىترەك بېسىپ (كۆڭلۈم) زادىلا تىنجىمايۋاتىدۇ. كۆرگەن چۈشۈمنىڭ يامانلىقىغا قارىغاندا، جەزمەن ئىنتايىن يامان بىر بالايى - ئاپەت يۈز بەرگەن ئوخشايدۇ" دىدى. شۇ ئارىدا ئىككى ئەمچىكى ئىششىپ سۈتى ئېقىپ كەتتى. ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ بىئارام بولدى، ئەنسىرىدى. بۇ چاغدا بۇ خانىشنىڭ دىدەك قىزى سىرتتا تۇرغان ئىكەن، (ئۇ قىز) كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ: "تىگىننى تېخىچە ئىزلەپ تاپالماپتۇ" دىگىنىنى ئاڭلاپتۇ. دىدەك قىز بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قورقۇپ ھودۇقۇپ، ئوردىغا كىرىپ خانىشقا: "خېنىم (622)

ئۇقتىلمىكىن، سىرتتا مۇنداق بىر سوزنى ئاڭلىدىم، تىگىننى تېخىچە ئىزلەپ تاپالماپتۇ. بۇ قانداق گەپتۇ؟" دەپتۇ. خانىش بۇ سوزنى ئاڭلاپ قاتتىق غەم - ئەندىشىگە چوكۇپ، ئاچچىغى كېلىپ كوزىگە لىق ياش ئالغان هالدا ئىلىك بەگنىڭ قېشىغا بېرىپ: "ئەي ئۇلۇغ ئىلىك بەگ، مەن مۇنداق بىر گەپ ئاڭلا - دىم، بۇ نىمە دىگەن گەپ؟...ياكى بىز ئوزىمىزنىڭ ئەڭ ئامراق بالىمىز كەنجى تىگىن ماخاساتۇدىن ئايرىلىپ قالدۇقمۇ نىمە؟ دىدى. بۇ سوزنى ئىلىك بەگ ئاڭلاپ، ناهايىتى چوچۇپ - قور- قۇپ، كوڭلى بۇزۇلۇپ پاراكەندە بولۇپ يىغلاپ: "ۋاي ئازاۋەي، ئاھ دەردىمەي! ئەمدى كېلىپ سويۇملۇك پەرزەنتىمنىمۇ يوقاتتىممۇ نىمە؟" دەپ، (هەمدە) يېشىنى يۇتۇپ، خوتۇنىغا تەسەللى بېرىپ: "هەي ئانىسى، سەن قايغۇرما. مەن ئەمدى بارلىق ئادەملەر بىلەن بېرىپ، ئامراق ئوغۇللىرىمنى ئىزلەي، (ئۇلارنىڭ) بار - يوقلۇغىنى بىلەي" دەپ، دەرهال بۇيرۇقلىرى①، ئىنانچىلىرى② بىلەن شەهەر سىرتىغا چىقىپ، تەرەپ - تەرەپكە تارقىلىپ، هەر - قايسى يەرلەرنى ئىزلىگىلى (623) مىڭىشتى. شۇ ئارىدا بۇ سوز تېخى تۇگىمەستىنلا بىر بۇيرۇق ئۇچقاندەك يېتىپ كېلىپ، ئىلىك بەككە يېقىن تۇرۇپ؛ "ئەي، ئۇلۇغ بەگ، قايغۇرمىسىلا. ئىككى تىگىن ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدى. (لېكىن) ئەڭ كىچىك ماخا- ساتۇى تىگىننى تېخى تاپالمىدۇق (يانا) ئىزلەۋاتىدۇ" دىدى. ئىلىك بەگ بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ئۇلۇغ بىر تىنىپ مۇنداق دىدى: "هەي پىشكەللىك، هەي پىشكەللىك! جاندىن ئەزىز ئامراق تاي- چىغىمدىن ئايرىلغان ئوخشايمەن. تايچىغىم يېڭى تۇغۇلغاندا، ئاز - چە كويمەيتتىم، ئەمدى ئوغلۇمدىن ئايرىلغاندىن كېيىن قايغۇ - هەسرىتىم هەسسىلەپ ئاشتى. ئەگەر مۇشۇ تاپتا تىرىك - ئېسەن

---

① بۇيرۇق — ئەمەل نامى.

② ئىنانچى — ئىشەنچلىك ئەمەلدار، مەسلىهەتچى.

يۈزىنى كۆرسەم، ئۆلسەممۇ ھاياتىمدا ئارمىنىم قالمىغان بولاتتى.“
خوتۇنى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئوق تەككەن ئادەمدەك (دەلدەڭشىپ)
كۆڭلى - كۆكسى قايغۇ - ھەسرەتكە چۆمۈشۈپ، يىغلامسىراپ: ”ئۈچ
بالام كۈتكۈچىلىرى بىلەن بىللە ئورمانلىقتا سەيلى قىلغىلى كەت-
كەن ئىدى. (624) ھەممىدىن كىچىك سۆيۈملۈك، ئامراق ئوغلۇم
يالغۇز قېلىپ كەلمىدى. جەزمەن (ئۇنىڭدىن) جۇدا بولىدىغان
بەختسىزلىك بولغان ئوخشايدۇ“ دەپ، كۆپ نالە - زارە قىلدى. ئۇ-
زۇن ئۆتمەي، رېتى بويىچە ئىككىنچى بۇيرۇغى ئىلىك بەگنىڭ
قېشىغا كەلدى. ئاندىن كېيىن ئىلىك بەگ ئۇنىڭدىن: ”ھەي بۇي-
رۇغۇم، ئامراق تايچىغىم ماخاساتۋى قەيەردە ئىكەن؟“ دەپ سو-
رىدى. بۇيرۇق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، كۆزىدىن ئىسسىق ياش تۆكۈپ،
قاتتىق قايغۇ - ھەسرەت بىلەن يىغلاپ، ئاغزى قۇرۇپ، تىل - تا-
ماقلىرى قېتىپ گەپ قىلالماستىن، جاۋاپ بېرەلمەي شۈك تۇردى.
بۇنى كۆرۈپ، ئىلىك بەگ خوتۇنى بىلەن ئالدىراپ مۇنداق دەپ
سورىدى: ”تېز سۆزلەڭ بۇيرۇقۇم! كىچىك ئوغلۇم (زادى) نەدى-
كەن؟ خۇددى ئوتتا ئۆرتىنىپ كۆيۈۋاتقاندەك بەدىنىم قىزىپ،
ئەقلى - ھۇشۇمنى يوقىتىپ، (كۆڭلۈم) پاراكەندە بولۇپ، (ئۆزەمنى)
بىلەلمەيۋاتىمەن. يۈرىكىمنى پارە - پارە قىلىپ سۇندۇرماڭ!“
دېدى. بۇ چاغدا ئىككىنچى بۇيرۇقچى بودساتۋا تېگىنىنىڭ ئۆز
تېنىنى سەدىقە قىلىپ، قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقىنى سۆزلەپ
بەردى. (625) بۇ سۆزلەرنى ئىلىك بەگنىڭ خوتۇنى ئاڭلاپ،
ئاچچىق ھەسرەت ئازاۋىنى باسالماي ھۆكرەپ يىغا - زارە قىلىشتى.
ئوغلىنىڭ ئۆلگەن يېرىنى كۆرگىسى كېلىپ، دەرھال بۇگۈرۈك ئات-
لار قوشۇلغان ھارۋىغا ئولتۇرۇپ، ھېلىقى قومۇشاۋۇق جىلغىغا
تېزدىن يېتىپ باردى. بودساتۋا ئۆز تېنىنى سەدىقە قىلغان يەرگە
بارغاندىن كېيىن، بودساتۋانىڭ ياش سۆڭەكلىرىنىڭ چېچىلىپ
ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنى بىراقلا يەرگە ئېتىپ، ھۇشسىزلى-
نىپ، خۇددى بىر زور دەرەخ قاتتىق بورانغا سوقۇلۇپ ئۆرۈلگەن-

دەك يىغلىشتى. ئەس - ھوشىشلىرىنى يوقىتىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەل-
مىدى. ئاندىن كېيىن، بۇيرۇقچى بەگلەر بېگى بىلەن ئەتراپىدىكى
بەگلەر ئىنانچىلار سوغاق سۇ پۈركۈپ، يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپ،
ئىلىك بەگ بىلەن خوتۇنىنى خېلى ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاران
ھوشىغا كەلتۈرۈشتى. (ئۇلار) ھوشىغا كېلىشى بىلەنلا (626)
قوللىرىنى ئېگىز كۆتىرىپ، ھۆكرەپ يىغلاپ مۇنداق قوشاق تو-
قۇشتى:

نە بالا بولدى تاپىچىغىم،
ئوماقىنا قوزام.
نە ئۈچۈن ئۆلۈمنىڭ زۇلمى،
ئالدى بىلەن ساڭا كەلدى.

سەندىن بۇرۇن ئۆلۈشكە،
رازى ئىدىم، ئەي، مېنىڭ قاياشىم!
مۇنداق قاتتىق ئازاپنى،
ئەمدى مەن زادى كۆرمەي.

ئاندىن ئىلىك بەگنىڭ خوتۇنى بىر ئاز ھوشىغا كەلدى. (ئۇ)
چاچلىرى چۇۋۇلغان ھالدا ئىككى قولى بىلەن كۆكسىگە ئۇرۇپ
خۇددى بىلىق سۇدىن ئايرىلىپ قىزىق قۇمدا ئېغىنىغاندەك يەردە
ئېغىناپ، مۇنداق دەپ يىغلىدى: "كىمدۇ ئۇ، قوزامنىڭ تېنىنى
پىچقان؟ (ئۇنىڭ) قالغان سۆڭەكلىرى ھەر يەردە چېچىلىپ ياتىدۇ.
مەن كەنجەمنى سويۇملۇك ئامراق تاپىچىغىمنى يوقىتىپ، چەكسىز
قايغۇ - ھەسرەت (مېنى) بېسىۋېلىپ تەۋرىيەلمەي قالدىمغۇ؟! كىم
ئۆلتۈردى مېنىڭ ئامراق قوزامنى؟ كىم ماڭا سالدى مۇنداق قات-
تىق قايغۇ - ئازاپنى؟! مېنىڭ يۈرىكىم قاتتىق ئالماس ئەمەس، (ئۇ)
قانداقمۇ يېرىلماي، پارە - پارە بولماي (627) بۇنداق تۇرالى-
سۇن؟! چۈشۈمدە مەن بۇ ئالامەتنى كۆرگەن ئىدىم. چۈشۈمدە
ئىككى ئەمچىكىم پۈتۈنلەي پىچىلىپ، ئېزىق چىشلىرىم قومۇرۇلۇپ

چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. چوقۇم مۇشۇ قايغۇ ـ ئەلەمنى كۆرگەن ئىكەنمەن. يەنە بۇنىڭدىن باشقا ئۈچ كەپتەر باچكىسىنى لاچىن قوغلاپ، بىرىنى تۇتۇپ كەتكەن ئىدى. ئەمدى كېلىپ ئەڭ كىچىك ئارزۇلۇق، ئامراق پەرزەنتىمنى يوقاتتىم. (چۈشۈمدىكى) شۇملۇق بەلگىسى يالغان بولمىدى."

شۇندىن كېيىن، ئىلىك بەگ ئىككى ئوغلى بىلەن يىغا ـ زارە قىلىشىپ، زىننەتلەنگەن، ئېسىل (كىيىم ـ كېچەكلىرىنىمۇ) يىغىشتۇرماستىن بارلىق بەگلەر بىلەن بىرلىكتە بودىساتۋانىڭ قالغان سۆڭەك شەرىرىنى يىغىشتى.

(ئۇلار) ناھايىتى كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، (بودىساتۋاغا) ناھايىتى زور ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈردى. ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرۈش مۇراسىمى ئاياقلاشقاندىن كېيىن مۇنار① ئىچىگە دەپنە قىلىندى.

---

① مۇنار ــ تېكىستتە "ئەستۇپ" دېيىلگەن. بۇ سۆز سانسكرىتچە [stüpa] دىن كەلگەن بولۇپ، بۇددانىڭ جەسەت كۈلى (شەرىر) قويۇلىدىغان ئورۇن (مۇنار) نى كۆرسىتىدۇ.

# ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى

## «ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» ھەققىدە ئىزاھات

بۇ ھېكايىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسىنى فرانسىيىلىك پېللىيوت (P.Pelliot) 1907 – 1908 - يىللىرى ئاردىلىغىدا ئېلىمىز دۇڭخۇاڭدىكى مىڭ ئۆيلەردىن ئېلىپ كەتكەن. بۇ كىچىك كىتابچە شەكىللىك قوليازما بولۇپ، بەت سانى 80، ھەر بىر بەتكە 7 – 8 قۇر خەت يېزىلغان. بۇ يادىكارلىق ھازىر پارىژدىكى دۆلەت مىللىي كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا.

1) 1914 - يىلى كل. خۇئارت (Huart .Cl) «ئاسىيا ئىلمىي ژورنىلى» (JA) نىڭ 5 – 57 - بەتلىرىدە ئۇز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

2) پېللىيوت TP (مەلۇمات) نىڭ 225 – 272 - بەتلىرىدە 1914 - يىلى ئۇز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

3) 1940 - يىلى ھۈسەيىن نامىق ئورخۇنى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

4) 1971 - يىلى فرانسىيىلىك خامىلتون (J.Hamilton) بۇ ھېكايە توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

## «ئىككى تىگىننىڭ ھېكايىسى» نىڭ تېكىستى

(1) تاشغارۇ ئىلىنچۇكە ئاتلانتۇردى ئەرتى...بالىق تاشتىن تارىغچىلاراغ كورۇر ئەرتى (٠) قۇرۇغ يەرىگ سۇۋايۇ ئول يەرىگ (٥)

تارىيۇ...قۇش قۇزغۇن سۇقار يورىيۇر (۰) سانسىز تۇمەن ئۇز-
لۇگ ئولۇرۇر (۰) تارىخ تارىيۇ ئامارى تىنلىغ-لارىغ...قۇش-
چى كەيىكچى بالىقچى ئاۋچى تور-چى تۇزاقچى

(2) بولۇپ ئايىغ قىلىنچ قىلۇر (۰) تىنلىغ-لاراغ ئولۇرۇر (۰)
ئامارى تىنلىغلار چىغارى ئەنگرەر يۇلۇك ئەنگرەر كەنتىر ئەنگرەر
بوز پاتاتۇ قارىش تۇقىيۇر (۰) تاقى يەمە ئادرۇق ئۇز-رلا
كەنتۇ كەنتۇ ئۇز ئىشىن ئىشلەيۇر (۰) ئادرۇق ئادرۇق ئەم-
گەك ئەمگەنۇر (۰) تاقى يىمە كوردى ئامارى تىنلىغ-لار...

(3) يۇنت ئۇد چوقار قوي لاغزىن ئۇلاتى تىنلىغ-لارىغ ئولۇرۇر
تەرسىن سويار قان ئوگۈز ئاقىتار ئەتىن قانىن ساتار ئانىن ئوز
ئىگىدۇر (۰) يىمە بودىساۋات تىگىن بۇ ئۇلۇش بودۇن ئايىغ
قىلىنچلار قىلمىشىن كورۇپ ئەرتۇنگۇ بۇسۇشلۇغ قادغۇ-لۇغ

(4) بولۇپ ئىغلايۇ بالىقا كىردى...ئول ئودۇن ماخارىت ئىلىگ
ئەدگۇ ئوگلى تەگىنىگ بوسۇش-لۇغ كورۇپ ئىنچەتىپ يارلىقادى.
ئامراق ئوغلۇم (،) نە ئۇچۇن بوسۇش-لۇغ كەلتىگىز (۰) تىگىن
قاڭى قانقا ئىنچەتىپ ئوتۇنتى ئىغلايۇ (۰) بۇ نە ئەمگەك-
لىگ يىر ئەرمىش (۰) نە گۇلۇك

(5) تۇغدۇم مەن (۰) قاڭى قان ئىنچە تىپ ئايىتتى (:) نەگە
ئىغلايۇ بوسۇشلۇغ كەلتىڭ (۰) تىگىن ئىنچە تىپ ئوتۇنتى
(:) تاشتىن ئىلىنچۇكە ئۇنمىش ئەردىم (۰) ئۇكۇش يوق
چىغاي ئەمگەكلىگ تىنلىغلاراغ كورۇپ ئىغلادىم (۰) قاڭى
قان ئىنچە تىپ يارلىغ-قادى (:) ئامراق ئوگۇكۇم (،) يىر
تەڭرى تورۇمىشتە

(6) بەرۇ باي يىمە بار، يوق چىغاي يىمە بار (۰) قايۇسىڭا ئەم-
گەكتە ئوزغۇرغايىسىن (۰) تىگىن ئىنچە تىپ ئوتۇنتى (:)
قاڭىم قۇتى (،) مىنى سەۋەرسۇسىز (۰) قاڭى ئىلىگ ئىنچە
تىپ يارلىغ-قادى (:) ئامراق ئوگۇكۇم، سىنى ئىنچە سە-

ۋەرمەن ئاياداقى يىنچۇ مونچۇق تەك كوز - دەكى

....................................

(7) كوكۈلچە بىردى ئول (٠) ئەدگۈكۈ ئات تورت بولۇڭ - دا
يادىلتى (،) كۈنىنگە قولغۇچە - لار ئۈزۈلمەدى (٠) تاقى
ئادىن ئاغلىق قولتى (٠) يىمە بىر - دى (٠) كۈنىنگە ئايىغا
مۇنچۇلايۇ بىرىپ ئاغلىقتاقى باغى باردىم ئاز - قىنا قالتى..
ئول ئودۇن ئاغىچى ئۇلۇغى قانىقا ئىنچە ئوتۇنتى (:) تەگـ
ردىم (،) ئاغىلىق قۇرۇغ بوش (؟) قالىر (٠) ئاغى باردىم
ئالقىنى - سار

(8) ياز - ۇقا تۇشە تەگدىمەگەي ئەرتىمىز تەگردىم...يىمە قاڭى
قان ئىنچە تىپ يارلىغادى (:) قاڭ قازغانسار ئوغلى ئۇچۇن
تىمەزمۇ (٠) كوڭۇل (ل) ۇگ بىرز - ۇن كوڭلىن بەرتىمەگلەر
(٠) ئوترۇ كۈنىنگە تىدىغسىز بىردى...ئول ئودۇن ئىنانچلارى
بۇيرۇق - لارى ئىشدىپ قانىقا ئىنچەتىپ

(9) ئوتۇنتى - لەر (:) تەگىردىم (،) ئىلىگ تورۇگ ئاغى باردىم
تۇتار (٠) ئاغى باردىم ئالقىنسار ئىل تورۇ نەچۇك تۇتار بىز
تەگىردىم...ئول ئودۇن قاڭى قان ئىنچە يارلىغ - قادى (:)
ئامراق ئوگۈكۈم كوڭلىن نەچۇك بەر تەيىن مەن (٠) ئاغىـ
چە - لار بىرەر ئودۇن ئوكى

(10) بارز - ۇن (٠) كەنتۇ بىلىنگەي ئەرىنچ تىپ يارلىغقادى (٠)
ئانتا ئوترۇ كىيە قولتغۇچىلار كەلسەر ئاغىچلارىن بولمادى (٠)
بىرگۇ بولماتىن قولتغۇچىلار يىغلايۇ بارسار (،) تىگىن يىمە
ئىغلايۇ قالىر ئەرتى (٠) ئوترۇ تىگىن ئىنچە تىپ ساقىنتى
(:) ئاغىچى ئەرسەر

(11) مەنىڭ ئول (:) قاڭىم قان بودۇن تىلىنگە قورقۇپ ئىنچە
يارلىغ - قادى ئەرىنچ (٠) كوزۇنۇر ئەت بۇرخان ئوگ قاڭ
تىتىر (٠) قايۇ كىشى ئوگ قان كوڭلىن بەرتىسەر ئول
تىنلىغ تامۇلۇغ بولۇر (٠) ئوغۇل قىز - قا سانماز (٠) مەن

ئەمتى ئوگ قاڭ كوڭلىن

(12) بەرتمەيىن (۰) قاڭىم ئىللىگ تىلكە كىرمەز ـ ۈن ئۆزقاز ـ
غانچىم ئۆزە ئەدگۈ قىلىنچ قىلايىن تىپ ساقىنتى (۰) ئانتا
ئۆترۈ ئاتلىغ يۈزلۈگ ـ كە ئىنچە تىپ ئايىتتى (:) نەچۈكىن
ئاغىى بارىم قاز ـ غانسار ئۆكۈش بولۇر (۰) ئاتلىغ ـ لار
ئىنچە تىپ ئۆتۈنى

(13) تى (۰) ئوڭى ئوڭى قازغانىچ قىلماق ئايۇ بىردىلەر (۰)
بىرى ئايۇر (:) قازغانىچ نەڭ تارىغ تارىماقدا ئەدگۈ يوق
كىم بىر تارسار مىڭ تۈمەن بولۇر (۰) بىرى ئايۇر (:) قوي
يىلقى ئىگىدسەر يىلىڭا ئاشلۇر (۰) باي بولۇر (۰) بىرى
ئايۇر ئوڭتىن كىدىن ساتىغقا

(14) يۈلۈغقا بارسار باي بولۇر (۰) يىمە بىر بىلگەنوم بىلىرئەر
ئىنچە تىپ تىدى (:) تاۋار قاز ـ غانماق نەڭ تالۈي ئوگۈز
كە كىرىپ كوڭۈل ـ تەكى كۈس ـ ۈشىن قانتۇرغالى ساقىنسار
بولۇنچسۇز چە (ن) تەمەنى ئەردىنى بولسار قاماغ يەر
تۈنچۈدەكى

(15) تىنلىغ ـ لارنىڭ كۈسۈشىن قانتۇرۇر (۰) ئىنچىپ تىگىن
ئالقۇنى تاپلامادى (۰) تەك تالۈي ئوگۈز ـ كە كىرمىشىڭ
تاپلادى (۰) ئۆتتۈرۈ قاڭى ئىلىگكە ئۆتۈگ بىردى تالۈي ئو ـ
گۈز ـ كە كىرەيىن تىپ (۰) ئول ئودۇن قاڭى قان بۇ ئۆتۈگ
ساۋ ئىشدىپ نەڭ كىگىنچ بىرۈ ئۇمادى (۰) ئەرتىنگۈ

(16) بۈسۈشلۈغ بولتى (۰) ئۆترۈ ئوغلى تەگىن ـ كە ئىنچە تىپ
يارلىغ ـ قادى (:) ئامراق ئوگۈكۈم (۰) مەنىڭ ئىلتە قازغان ـ
چىم سىز ـ دىڭ ئەرمەز ـ مۇ (۰) ئەمتى كوڭۈلچە ئالىڭ (۰)
بارچە بۇشى بىرىڭ (۰) نە ئۈچۈن ئولۇم يەركە بارىرسىز؟
بىش تۈرلۈگ

(17) ئادا بار (۰) بىر ئادا ئول ئەرۈر (:) تالىم بالىق ئودۇغ
ئەركەن ساقلانمادىن تۈشار ئالقۇنى كەمى بىرلە سىڭۇرۇر (۰)

ئېگىننى سۇۋدا سۇۋ ئۆتلۈگ تاغلار بار (٠) كەمى سۇسۇپ
سىنۇر (،) كىشى ئالىقۇ ئولۇر (٠) ئۈچۈنچ سۇۋدا يەكلەر
ئۇرۇپ (~ئۇنۇپ) كەمى سۇۋقا چومۇرۇر (٠) تورتۇنچ
ئۇلۇغ تەڭز - دىنچ -

(18) كەكىگۇرۇر (،) سۇۋ ئىگىرىكىشەلۇرەيۇر سوقۇشۇر (٠) بىشىنچ
تەڭرى توپىنار قورقىنچىغ يىل تۇرۇر (٠) كەمى ئاقتارىلۇر
ئولۇر.. بۇ مۇنچە قورقىنچىغ ئاداقا كىرىپ ئولگەي سىز (٠)
بىزنى ئېرىنىچ قىلغاي سىز.. تىپ تىدى (٠) ئول ئودۇن
بودساۋات تىگىن قاڭى قانتا بۇ يارلىغ ئىشىدىپ (،) .

(19) يارلىغ بولىز - ۇن تىدماز - ۇن بارايىن تىپ ئۆتۈنتى (٠)
ئۆترۇ قاڭى قان يارلىغ - قامادى (٠) بارماغاي سەن تىپ
تىدى (٠) ئۆترۇ تىگىن باشىن تۈنگىتىپ ئىغلايۇ يەردە
ياتىپ يوقارۇ تۇرغالى ئاش ئاشلاغالى ئۇنامادى (٠) ئىنچا -
تىپ تىدى (٠) يارلىغ بولماز ئەرسەر (،) بۇ يەردە يۇقارۇ
تۇرماز - مەن (،) ئاش ئاشانمازمەن (،) ئولگەي

(20) مەن تىپ تىدى (٠) قالتى ئالتى كۈن ئەرتىپ باردى (٠)
ئوگى قاڭى..ئاتلىغى يۈز - لۈگى ئىغلايۇ.. بۇسانۇ تۇرغۇ -
رۇپ نەڭ ئۇنامادى...ئول ئودۇن ئوگى قاڭى ئىنچەتىپ
تىدى.. بىز كەنتۇ - كە ئەدگۈكە ئوتلەيۇر بىز (٠) ئۇناماسار

........................................................

(21) ئاسىغى تۇز - ۇسى نە بار (٠) تىگىن ئىنچە تىپ ئۆتۈنتى
(:) لۈۋ قانلارىنتا چىنتەمەنى ئەردىنى بار (٠) كىم ئۇلۇگ -
لۈگ قۇتلۇغ كىشى ئول ئەردىنى بۇلسار قاماغ تد (ﮦ) لىغ -
لارقا ئاسىغ تۇسۇ قىلۇر (٠) ئانى ئۈچۈن تالۇيقا كىرىگسە -
يۇرمەن تىپ ئۆتۈنتى (٠) ئول ئودۇن قاڭى قان يارلىغ
يارلىغقا -

(22) دى (:) كىم تالۇي - قا بارايىن تىسەر كىزىڭلار (!) ئوغلۇم
تىگىنكە ئەش بولۇڭلار (!) نە كەرگەكىن بارچا بەرگەي

بىز (٠) كىم يىرچى سۈۋچى كەمىسچى بار ئەرسەر يىمە
كەلىز-ۈن (!) تەگىنىڭ ئەسەن تۈگەل كەلۈر ز-ۈن-لەر..
ئوترۇ بۇ يارلىغ ئەشىدىپ بىش يۈز

(23) ساتىغچى ئەرەن-لەر تىرىلىپ ئىچگەرۈ ئوتۈگ بىردى-لەر
(:) قاماغى بارىر بىز (،) ئولسەر بىرلە ئولۈر بىز (،) كەل-
سەر بىرلە كەلىر بىز، تىپ ئوتۈگ بىردى-لەر (٠) ئول ئو-
دۈن باراناس ئۈلۈشتا بىر ئەدگۈ ئەلىپ يىرچى سۈۋچى بار
ئەرتى (٠) قاچ

(24) قاتا تالۈي-قا كىرىپ بىشەر يۈز ئەرىن بارىپ ئەسەن
تۈگەل كەلمىش ئەرتى (٠) ئىنچىپ سەكىز ئون ياشايۈر
قارى ئەرتى (،) يەنە ئىككى كوز-ى كورمەز ئەرتى (٠)
ئول بىش يۈز ئەر قامۇغۇن ئول كورمەز يىرچىكە ئوتۈنتى-
لەر..ئول ئودۈن

(25) تىگىن ئوز-ى بارىپ قولىن يىتىپ ئىچگەرۈ قاڭى قان
تاپا كىگۈردى (٠) قاڭى قان ئىنچە تىپ يارلىغ-قادى (:)
بىر كىيە ئامراق ئوغلۇمىن سىز-ىنگە تۇتۇز-ۇر مەن (٠)
ئەسەن تۈگەل كەلۈرۈك تىپ يارلىقادى (٠) ئوترۇ ئول
ئاۋىچقا ئىغلايۇ قان-قا ئىنچە تىپ تەگىرىم، نەمۈك تاق
بولتى كىم ئانتاغ تەگىرتەك ئوتۈن-

(26) تى (:) ئەردىنى تەك ئوگۈكۈگۈزنى ئولۇم يىرىنگە ئىدۇر-
سىز ئول تالۈي سۈۋى ئەرتىنگۈ قورقىنچىغ ئادالىغ ئول
(٠) ئۈكۈش تىنلىغلار بارىپ ئولۈگلى بار (٠) بارسار يارا-
غايمۇ تىپ ئوتۈنتى..

(27) ئۈلۈش بارچا تىگىن ئۈچۈن بۇسانۇر (٠) يىمە قان ئىنچە
تىپ يارلىغ-قادى (:) تىدۇ ئۇمادىم (،) ئەركىم تۈكەمەدى
ئەركسىز ئىدۇرمەن (٠) ئەمتى سىز قاتاغلا-نىك (،) بىرلە
بارىك يىرچى بولۇك تىپ يارلىغقادى (٠) ئاۋىچقا قاماغ
تاپالامىش ئۈچۈن يىرچى

(28) بولتى (.) ئول ئودۇن قاڭى قان تىگىنكە سەپتى (.) بىش
يۈز ئەرەنىنىڭ ئاشى سۈۋى كولۈكى تاقى نە كەرگەكىن
ئالقۇ تۈكەتى بىرىپ ئۈزاتىپ ئۈنتۈردى (.) ئول ئودۇن
ئايىغ ئوگلى تىگىن ئىنىسى ئىنچەتىپ ساقىنتى (:) ئوگۇم
قاڭىم ئىچىم تىگىن - كە
(29) سەۋەر مەنى ئاقلايۇر ئەرتى (.) ئەمتى ئىچىم تالۇي - قا
بارىپ ئەردىنى كەلۈرسەر (،) تاقى ئاغىرلىغ بولغاي (،)
مەن تاقى ئۈچۈز بولغايمەن تىپ ساقىنتى (.) ئەمتى
بىرلە بارايىن (.) ئوترۇ قاڭى قان - قا ئىنچە تىپ ئوتۈنتى
(:) ئىچىم تىگىن ئولۇم يىركە باردى ئول (،)
(30) نەگۈلۈك قالىرمەن (.) تەڭرىم (،) مەن يمە بارايىن (،)
ئەدگۇ ياۋلاق بولسار بىرلە بولالىم تىپ (.) يمە قاڭى
ئوغۇل قىلىنچى ياۋلاق ئۈچۈن سەۋمەز ئەردى (.) ئوترۇ
بارسار بارغىل تىپ يارلىغقادى..ئول ئودۇن قاڭى قان ئۈلۈش
بودۇن ئىغلايۇ سىقت
(31) تايۇ ئەدگۇ ئوگلى تىگىننىڭ ئۈزاتى ئۈنتۈرۈپ تالۇي - قا
ئىدتىلار (.) قالتى تالۇي ئوگۈز - كە تەگىپ يىتتى كۈن
تۈرۈپ كەمى ياراتتى (.) يىتتى تەمىر سۇئا كەمى سولاپ
تۈرغۇردى (.) يىتىنچ كۈن تاڭ تاڭلايۇر ئەركەن (،) ئەد-
گۇ ئوگلى تىگىن ئۈلۈغ كوۋ-
(32) رۈگ توقىتىپ ئىنچە تىپ يارلىغقادى (:) تالۇي ئوگۈز - كە
كىرۈر سىز - لەر (،) كىم ئولۇم - ئاداقا قورقسار (،) ئاشنۇ-
راق يورۈڭلار (!) مەن سىز - لەرنى كۈچەپ ئىلتمەزمەن
(.) ئوترۇ يارلىغىن ئىشدىپ كىم نەڭ ئۈنمەدى - لەر (.) كۈنىنگە
(33) مۈنچۈلايۇ كوۋرۈگ توقىپ يارلىغ يارلىغتاپ كىم نەڭ ئۈنى-
(تە) - مەسەر (،) يىتىنچ كۈن تەمىر سۇئا ئاچتى تەمىر
ئىسىغ يورىدى..تىگىن قۇتى ئۈلۈگى ئۈچۈن ئاداسىز تۇدا-
سىز قاچ كۈن ئىچىننتە ئەردىنى - لىگ ئوترۇق - قا تەگدىلەر

(٠) يىتى كۈن ئاننا

(34) تىنتىلار (٠) يەتتىنچ كۈن تاڭ ئادىنچىغ ئەردىنى يىنچۇ
كەمد ـ كە تۆكەگۈچە ئۈرۈپ..تىگىن...ئىنچە تىپ يارلىغقادى
(؛) ئەمتى مەن بۇ ئەردىنى بىرلە بارسارمەن (٠) قاماغ
تىنلىغلارقا ئارتۇق ئاسىغ تۇسۇ قىلۇ ئۇماغاي مەن (٠)
سىز ـ لەر بارىڭلار (٠) مەن بۇ مۇنتۇ ـ

(35) دا يىگرەك چىنتەمەنى ئەردىنى ئاالغالى بارايىن كىم قايۇ
تىنلىغلارقا تۈزۈ تۆكەتى ئاسىغ تۇسۇ قىلۇ ئۇسارمەن ..ئوترۇ
قاداشى ئايىغ ئوگلى تىگىننىگ ئوتلەپ كەمى تۇتۇزۇپ يانـ
تۇرۇ ئىدتى..تىگىن يىرچى ئاۋىچقا بىرلە

(36) ئىكەگۇ قالتى ـ لار....ئول ئودۇن ئەدگۇ ئوگلى تىگىن يىرچى
ئاۋىچقا قولىن يىتىپ يىتى كۈن بىلـچە بوغۇزچـا سۇۋدا
يورىپ كۈمۈشـلۈگ ئوتـرۇق ـ قا تاغقا تەگىدى..يىرى قۇمى
ئالتۇ كۈمۈش (٠) ئوترۇ تىنتۇرغالى ساقىنتى..ئىنچىپ

(37) ئاۋىنچقا ئارۇقى يەتتى (٠) كۈچى ئالگۈدى (٠) تەبىرەيۇ
يوريۇ ئۇمادى (٠) ئوترۇ تىگىنكە ئىنچە تىپ ئوتۇنتى (٠)
ئوغلۇم (٠) مۇنتادا ئىنارۇ ئوگتۇن يىگاق..ئالتۇن تاغ بار
(٠) كوز ـ ۇنۇرمۇ (٠) كورۇك تد (ىپ) تىدى..ئاۋىچقا ئىنچە
تىپ تىدى...ئول ئالتۇن

(38) تاغ ـ قاتەگسەرسىز (٠) كوك لەنخۇا كورگەي سىز (٠) ئول
لەنخۇا سايۇ بىرەر ئاغۇلۇغ يىلان بار (٠) ئاغۇ تىنى ئىراقـ
تىن ئانچۇلايۇ كوز ـ ۇنۇر..قالتى لەنخۇا سايۇ تۇتۇن تۇتەرـ
چە ئول ئەرسەر ئەرتىنگۇ ئەاپ ئادا تىتىر..

(39) ئول لەنخۇا يولۇغ يوغۇرۇ ئۇسارسىز (٠) ئوترۇ لۇۇ قانى
ئەردىنلىگ بالىق ـ قا ئوردۇقا ـ تەگگەي سىز.. ئول بالىق تەگـ
رە يىمە يىتى قات قارام ئىچىنتە ئالتۇ ئاغۇ ـ لۇغ لۇۇ ـ لار
يىلانلار ياتۇر (٠) ئانى يوغۇرۇ ئۇسارسىز (٠) ئىچگەرۈ
بالىققا كىرگەي سىز (٠) لۇۇ

(40) قانىڭا كوز - ۋنگەي سىز (٠) ئەردىنى بولغايسىز..مەن ئەمنى
ئولۇرمەن (٠) سىز يالغۇس - قىيا قالىرسىز (٠) تەڭىردىم (،)
قورقىماك بۇسانىماك (!) ئەسەن تۇگەل تەگگەي سىز..
ئىنچىپ قايۇكۇن بۇرخان قۇتىن بۇلسار..مىنى تىتماك (!)
ئەدگۇ كۇنى يولچى يىرچى بولۇپ

.......................................

.......................................

.......................................

(41) -ىڭا (~ىنىگە) تەگدى قاپاغدا ئىكى ئارىغ قىز - لار
تۇرۇر (٠) ئىلگى ئەردىنىلىگ يىپ ئەنگىرەر.. ئوترۇتىگىن
كىم سىزلەر..تىپ ئايىتتى (٠) ئول قىزلار قاپاغچى بىز تىپ
تىدى..ئوترۇتىگىن بالىق ئىچىنگە كىردى (٠) ئوڭتۇن
(42) قاپاغقا تەگدى..ئوترۇ تورت كوركلە قىرقىن يورۇك كۇمۇش
يىپ ئەنگىرەر (٠) بۇ قاپاغ كۇزەدۇ تۇرۇر - لار..تىگىن ئايىت-
سار (،) قاپاقچى قىرقىن بىز تىدى - لەر.. ئوترۇ تاقى ئىچ-
گەرۇ كىردى (٠) ئوردۇ قاپاغ - قا تەگدى (٠) ئول قاپاغدا
سەكىز كوركلە
(43) تاك ئارىغ قىز - لار سارىغ ئالتۇن يىپ ئەنگىرەر - لەر (٠)
تىگىن كوركلەرىن تاڭلاپ سىز - لەر لۇۇلارقانى قۇنچۇيى مۇ
سىز - لەر ئايىتسار (،) بىز ئوردۇ قاپاغ كۇزەتچى بىز تىپ
تىدى - لەر (٠) ئوترۇ تىگىن ئىچگەرۇ ئىنچە ئوتۇگ
(44) بىردى (:) بۇ چىمبۇدىۋىپ يىرسۇۋ - داقى باراناس ئۇلۇش-
تاقى قان ئوغلى ئەدگۇ ئوگلى تىگىن كەلىپ قاپاغ - دا
تۇرۇر ئىچگەرۇ كوز - ۋنگەلى تىپ (٠) ئول ئودۇن ئول
قاپاغ - چى قىرقىن - لار ئىچگەرۇ كىرىپ ئوتۇنتى - لەر (٠)
(45) لۇۇ قانى ئىنچە تىپ ساقىنچ ساقىنتى (:) ئۇلۇغ كۇچلۇگ
قۇتلۇغ بودساۋات - لار ئەرمەسەر (،) بۇ يىركە نەك تەگمە-

گەي ئەرتى.. ئول بودساۋات ئەرىنچ (٠) كىرز ـ ۋن تىپ
يارلىغقادى (٠) ئول ئودۋن تىگىن ئىچگەرۋ كىردى (٠)
لۋۋقانى..

(46) ئۇترۇ ئۇنتى (٠) ئەلگىن تۇتا كىگۈرۈپ ئەردىنى ـ لىگ ئو-
رۇنلۇق ئۇزە ئولغۇرتى (٠) لۋۋ قانىڭا تاتىغلىغ سوغانچىغ
نوم نوملادى (٠) ئۇلۇغ ئوگرۇنچۇلۇگ كوڭلىن بۇشى بىر-
مەك ئاسىغ (ن) نوملادى (٠) ئول لۋۋ قانى ئەرتىنگۈ

(47) سەۋىنتى سۆزۈلتى (٠) ئىنچە تىپ تىدى (:) نە كەرگەك
بولتى كىم ئانچە ئەمگەنىپ بۇ يىركە كەلتىڭىز (٠) بودسا ـ
ۋات تىگىن ئىنچە تىپ ئوتۇنتى (:) بۇ يەرتىنچۈدە قاماغ
تىنلىغلار ئۇچۇن بۇرخان قۇتىن

(48) تىلەيۇ يوق چىغاي ئىرىنچ يارلىغ ـ تىنلىغلارغا ئاساغ تۇسۇ
قىلغالى چىنتەمەنى ئەردىنى قولۇ بۇشى ـ قا كەلتىم تىپ
ئوتۇنتى..لۋۋ قانى ئىنچە تىپ يارلىغقادى..ياراغاي (،) ئوڭرە
يىمە بودساۋاتلار مۇنچۇلايۇ

(49) ئەردىنى بۇشىقا كەلمىشى بار ئەرتى (٠) ئالقۇقا بىرىپ
ئىدتىمىز (٠) سىز ـ ىنگە يىمە بىرگەي بىز..يىتى كۈن مۇن-
تائىنىڭ (!) بىز ـ ىنگە نوم نوملاڭ (!) تاپىنالىم ئۇدۇنالىم
(٠) بىز ـ ىنگە ئاساغ تۇسۇ

(50) قىلىڭ (!) يىتىنچ كۈن ئەردىنى ئالىپ بارىڭ تىپ تىدى..
ئول ئودۋن ئەدگۈ ئوگلى تىگىن يىتى كۈن لۋۋلار قانى ناراتا
ئاتلىغ لۋۋقانى قۇلغاقىنتاقى چىنتەمەنى ئەردىنى ئالىپ سوكۇپ

(51) تىگىنكە بىردى.. ئىنچە تىپ قۇت قولتى (:) مەن ئۇلۇغ
كۇسۇشىن بۇ چىنتەمەنى..ئەردىنى ئالىپ سىز ـ ىنگە بۇشى
بىرۇر مەن (٠) سىز قاچان بۇرخان قۇتىن بۇلسار (،) سىز
مىنى تىتمەڭ قۇتغارىڭ (٠) سىز ـ ىنگە قۇتۇگۈز ـ تا بۇ سۇيۇ-
لۇغ ئەت ئوز ـ

(52) دە ئوزالىم (!) قۇرتۇلماق يول ـ قا تەگىنەلىم..ئوترۇ لۋۋ

قانلار قالتى ئىتى (٠) تالۇي ئۇگۇز ـ كە قىدىغىڭا تەگۇر ـ
دى.. قالتى ئانىتا تەگدۇكتە ئىنىسى بىرلە قاۋىشتى..ئىكى
قاداش ئەسەن تۇگەل قاۋشىپ ئۇپىشتى قۇچۇشتى

(53) ئىغلاشتى (٠) ئوترۇ سىقتاشتىلار يەنە ئۇگۇردىلەر سەۋىنىد ـ
لەر.... ئو (ت) رۇ تىگىن ئىنىچەتىپ ئايىتتى (:) ئامراق
قاداشىم (،) ئەشىڭ تۇشۇك بىز ـ ىڭ بىش يۇز ئەرەن
قانچا باردى..ئەسەن تەگدى مۇ (٠) ئىنىسى ئايىغ ئۇگلى
تىگىن ئىنىچەتىپ تىدى (:) تالۇي ئىچىنتە

(54) يوقادتى (٠) قۇتسۇز قوۋىلار ئۇچۇن ئالقۇ يوقادتى ئالقۇ
ئۇلتىد ـ لەر.. ئوترۇ تىگىن ئەرتىنگۇ بۇسانتى ئىغلادى (٠)
سەن نەچۇك ئۇز ـ تۇك تىپ تىسەر..بىر كەمى سىيۇقىن
تۇتۇ ئونتۇم تىپ تىدى (٠) ئوترۇ ئىچسى تىگىنكە ئىنىچە
تىپ ئايىتتى (:) ئەردىنى

(55) بۇلتۇگۇز مۇ تىپ تىدى (٠) تىگىن كونى ساۋلىغ ئۇچۇن
بۇلتۇم ئۇگۇكۇم تىپ تىدى..ئوترۇ ئىنىسى ئىنىچە تىپ تىدى
(:) سىز ئارۇق سىز (٠) ئاز ئۇدىك (٠) ئەردىنى ماڭا بى ـ
رىك مەن تۇتايىن (٠) ئوترۇ ئەدگۇ ئۇگلى تىگىن باشىنتا ـ
قى ئەردىنىگ ئالىپ ئىنىسىنگە

(56) بىردى (٠) بەكىرۇ كىز ـ لەپ تۇت (،) ئوغىرۇ ئالماز ـ ۇن
تىپ تىدى.. ئوترۇ ئۇدىدى ئۇل (٠) ئۇل ئۇدۇن ئاياغ
ئۇگلى تىگىن كوڭلىنگە يەك ساقىنچى كىردى (٠) ئىنىچەتىپ
تىدى ساقىنچ ساقىنتى (:) ئۇگۇم قاڭىم سوندە بەرۇ مەنى
سەۋمەز ئەرتى (٠) ئىچىم تىگىنكە سەۋەر

(57) ئەرتى.. ئەمتى بۇ ئەردىنى بىرلە تەگدۇكتە (،) ئىچىم كوك
تەڭرىكە يوقلاغاي.. مەن ئوزۇم ئىتتا سانسىز يىر كورۇ
يورىمىش كەرگەك (٠) ئەمتى مۇنى ئىكى كوز تەگلەرىپ
سانچايىن (٠) بۇ قانچا بارغاي (؟) كەنتۇ ئۇلگەي تىپ
ساقىنتى (٠) ئوترۇ تۇرۇپ ئىكى قامىش سىش قىيىپ

(58) ئىكى كۆز ـ ىنگە سانچىپ تەزتى (.)......ئول ئۆدۆن ئەدگۈ
ئۆگلى تىگىن ئىنىسىن ئوقىيۇ ماڭرادى (:) ئىنىم قانتا سەن
(؟) ئوغرى كەلىپ ئىكى كۆزۈمىن تەگـلەرۈ سانـچتى تىپ
ئىغلادى..سىقتادى بالىقچا ئاغنايۇ..

(59) ئۆتـرۈ ئول يىر سۇۋ ئىزسى تەڭـرى بار ئەرتى... تىگىن
ئەمـگەكىن كورۈ ئۇماتىن تىگىنكە ئىنـچە تىپ تىـدى (:)
ئوغرى تىپ تىدۇكۇڭـۇز نەگۇ بۇل (؟) ئوز ئىنىڭىز ئەر-
تـى... سىـزنى ئۆلز ـ ۈن تىپ ئىنـچە قىلـتى (،) تەزىپ
باردى (.)

(60) ئەمـتى ئىغـلاماڭ تۆرۈك (.) مەن يىرچىـلەپ ئىلـتگەي
مەن (.) سىزنى بودۇنقا تەگۇرگەي مەن تىپ تىدى..
ئۆترۈ ئەدگۈ ئۆگـلى تىـگىن يىـوقارۇ تـۇردى.. تەڭـرىسى
ئۆنتەيۇ يول ئايۇ بىردى (.) بودۇنقا تەگدى......

......................

......................

......................

(61) تىرىگ ئوز ـ تۇم كەلتۇكۇم بۇ تىپ ئۆتۇنتى.. ئول ئۆدۆن
قاڭى قان بۇ ساۋ ئىشدىپ كوك تەڭرى تا ـ پا ئۇلىدى
سىقتادى (،) يۇكسەك ئىدىز ئورۇنلۇقىن قودى ئوز كەمىش ـ
تى (،) ئوگسىرەدى تالتى (،) ئولۇگ تەك قامىلۇ تۇشتى (.)

(62) ئۇركىچ تىمىن ئوگلەنـتى.... ئۆتـرۈ ئول ئۆدۆن باراناس
ئۇلۇش بودۇنى ئالـقۇ بۇسانـتى ئىغـلادىـلار.... ئول
ئۆدۆن قاڭى قان ئايىغ قىلىنچلىغ ئاق ئوغلىن ئىنچەتىپ
سىز ـ ىنتى (:) ئامراق ئوغلۇم ئولتى ئەرسەر (،)

(63) مۇنۇڭ يۇزىن يىمە كورمەيىن (.) ئوغلۇم ساۋى ئەدگۈ ياۋلاق
بەلگۇرگىنچە قىلىنقـتا ياتىـز ـ ۇن تىـپ يارلىغ بولـتى (.)
ئەلگىن ئاداقىن بەكلەپ قىلىنقتا ئۇردىلار (.) ئول ئۆدۆن

ئەدگۈ ئۆگلى تىگىن

(64) كەنتۈ-نىڭ قۇتى ئۇلۇگى ئۈچۈن قۇتى ۋاخشىكى ئۇدۇزۇپ
ئۆز قادىنى يېرىنگە تەگدى كىم قاڭى قان ئول ئىلىگ
قان قىزىن ئەدگۈ ئۆگلى تىگىن-كە قولمىش ئەرتى (۰)
تۈنگۈر بۇشۇك بولمىش ئەرتى (۰) قالتى بالىق قاپاغدا

(65) ئۇلۇرۇر ئەركەن (،) قان ئۇدچىسى بەش يۈز ئۇد سۈرە
ئۈنتى.. بۇقاسى ئاشنۇ ئۈنۈپ تىگىنىڭ يۇمبۇرۇ ياتغۇرۇپ
تورت ئاداقىن ئىگلەيۇ كولىتدى تۇردى (۰) سۈرۈگ ئۇد
قاماغ ئۈنتۈكتە تىلىن يالغاپ ئىكى كوز-ىنتەكى سىشىن
ئالىپ

(66) قودتى (۰) ئوترۇ قاپىغچى ئەر تۇرغۇرۇپ يولتا ئوڭى
ئولغۇرتى (۰) ئۇدچى ئەر كورۈپ ئىنچە تىپ ئايىتدى (:)
سىز كىشىدە ئادرۇق بەگرەك ئەر كور-ۇنۇرسىز (۰) سىز
نەگۈلۈك ئىنچە ئىرىنچ يارلىغ بولتۇڭۇز.. تىگىن ئىنچە تىپ
ساقىنچ ساقىـ

(67) ىنتى (:) توزۇمىن ئوغۇشۇمىن بەلگۈرتى سوزلە سەر (،)
ئىنىم ئولگەي.. ئوترۇ تىگىن توغا يوق چىغاي بۇشچى
مەن تىپ تىدى.. ئول ئودۇن ئۇدچى ئەر ئۆز ئەۋىنگە
ئىلىتتى ئاچىنتى (۰) ئەۋىنتەكى ئۇلۇغ كىچىگكە تۈتۈزدى (۰)
ئارتۇق

(68) ئەدگۈ ئاچىنىڭلار تىپ بىر ئاي ئارتۇق ئاچىنتى (۰) ئانتا
كىن يەمە ئاغرۇق بولتى (۰) كەڭرەنۈ ئاش بىرۈر بولتىـلار..
قالتى تىگىن ئۈقتى كوڭلى يىرىنتى.. ئوترۇ ئۇدچى ئەركە
بارايىن تىپ تىدى.. ئۇدچى ئەر نەگۈلۈك بارىغسادىڭىز (،)
كوڭلۈڭۈزنى

(69) كىم بەرتدى (،) بارماڭ تىپ تىدى.. تىگىن ئىنچە تىپ
تىدى (:) كۈدەن ئۈر تۇرسار.. ياراماز (۰) سىز ماڭا قاداش

بولـتۇڭۇز (.) ماڭا ئەدگۈ ساقىنچىڭىز بار ئەرسەر (،) ماڭا
ئەمتى بىر قۇڭقاۋ تىلەپ كەلۇرۇڭ (.)

(70) ئەلگىم ئەتىز ـ ۇ ئاغىز ـ ىم يېرلايۇ ئۇز ئىگىدەيىن (.) ئانتا
ئۇدچى ئەر بىر قۇڭقاۋ تىلەپ كەلۇردى بىردى (.) ئانتا
ئۇدۇزۇپ بالىق ئورتۇسىنتا بەلتىردە قالىن قۇۋراغ ئارا
ئولغۇرتى (.) تىگىن قوپۇز ـ قا ئەرتىنگۇ ئۇز ئەرتى..

(71) ئەلگى قوپۇز ئەتىز ـ ۇ ئاغىز ـ ى يېرلايۇ ئولۇردى (.) ئۇلۇش
بودۇن ئالقۇ قۇۋرادى يېرىغ تاڭلايۇ ئىسىركەيۇ ئىغلايۇ
تەگىرە تولى تۇرۇرلار ئەرتى (.) كۇنىنگە تالڭ ئادىنىچىغ
تاتاغلىغ ئاش ئىچكۇ كەلۇرۇپ تاپىنۇر ـ لار ئەرتى(.) تاقى
ئول ئۇلۇشتا نەچە ئىرىنچ يارلىغ قولتىنۇچە ـ لار بار

(72) ئەرسەر (،) ئالقۇ ئانتا قۇۋرادى (.) بىش يۇز قولتىغۇچى
تىگىن ئانتا ئىگىدتى (.) ئالقۇ مەڭە ـ لىگ بولتى ـ لار....
ئول ئودۇن قادىنى قان بورلۇقچىسى تىگىنىنگ كورۇپ ئىنچە
تىپ ساقىنتى (:) ئىچگەرۇلۇگ ئەدگۇ يەمىشىنگ قۇش ـ لار
ئارتا ـ

(73) تىر ئۇچۇن تۇرقارۇ قىنقا تەگىنۇرمەن (.) ئەمتى بۇ ئەرىگ
ئىلتەيىن بورلۇ قۇمىن كۇزەدز ـ ۇن ئانتا ئاچىنايىن تىپ (.)
ئوترۇ تىگىنىنگ ئىلتگەلى سوزلەدى تىگىنىنگ قىدىغىنتاقى

..............................

..............................

(74) تەگىر ئۇچۇن بۇسانىپ بالىق ئۇلۇشتا بىلگەلەركە ئايىتىپ
كىم يىمە ئوتكۇرۇ ئۇمادى ـ لار.. ئۇكۇش بىلگە كىشى ـ لەر
ئىنچە تىدى ـ لەر (:) ئول كوزسۇز كىشى ئايىغ بىلگە تىتىر
(.) ئاڭا ئايىتىلڭ (.) ئول بورلۇقچى ئەر كوزسۇز كىشى ـ

..............................

..............................

(75) ـگىنا ئىلىتىك ئانتا ئال چەۋىش ئايۇ بەرگە (ي) مەن..
يەمىشگىن قۇش قوزغۇن ئارتاتماغاي (.) ئوترۇ يەمىشلىكچى
ئەر ئىلتەيىن تىپ تىدى (.) ئوتـرۇ تىگىن ئول بىش يۇز
قولتغۇچىـلاراغ ئاشىن سۇۋدىن

(76) تونى ئەتۇكى قوپى تۇكەتى قىلتى بارچاـقا خۇمارۇ ساۋ
قودتى ئىكىلەيۇ سىلەرـنى كورۇشـمەگەي مەن (.) قاچان
بۇرخان قۇتىـن بولـسار مەن (،) سـىلەرنى بارچا ئانـتا
قۇتارغا (ي) مەن تىپ تىدى....

(77) ئول ئودۇن ئول بىش يۇز قولتغۇچىلار بۇ ساۋاغ ئىشىدىپ
ئولىدىـلار سىقـتادىـلار قالتى بۇزاغۇـسـىن يىتـۇرمىس
ئىنگەك تەك ئۇلىيۇ ئىنچە تىپ ئوتۇنتىلەر (:) ئوگىسۇز ئوگى
قاڭسىز قاڭى سىز بولتۇڭۇز (.) ئەمتى بىزـنى ئىرنىچ

(78) يارلىغ قىلىپ قانچا بارىرسىز.... ئول ئودۇن تىگىن ئىنچە
تىپ يارلىغقادى (:) بۇ يىرتىنچۇ تورۇسى ئانـتاغ ئول (.)
ئامراق. يـمە ئادرىلـۇر (،) سەۋىگ يىمە سەشىلۇر (؟) تىپ
تىدى.. ئوترۇ تەگىن ئول بورلـ

(79) ۇقچى ئەر بىرلە باردى (.) بورلۇقتا تەگمىشـتە بورلۇقـچى
ئەركە ئىنچە تىپ تىدى (.) قاچ كەرەكلىگ يەمىش سۇگۇت
ئۇزە بىرەر چىڭراتغۇ ئاسـىڭ (،) بىر سوگۇت ئۇزە بىرەر.
چىڭراتغۇ ئاسىڭ (،)

(80) ئىسـىغ باڭ (.) قاماغ ئىشىغ باشـىن بىرگەرۇ باپ مەنىڭ
ئەلىگـدە ئۇرۇڭ (.) قۇش قـوزغۇن قونسار (،) ئىسىغـاغ
تارتغاي مەن (.) سوگەت تەبرەگەي قۇشلار قونـماغاي (.)
يەمىشگەز ئارتاماغاي تىپ تىدى......

## تەرجىمىسى

(1) (ئاق نىيەت تىگىننى شەھەر) سىرتىغا سەيلىگە چىقارغان
ئىدى. (ئۇ) شەھەر سىرتىدا تىرىقچىلارنى كوردى. (ئىزلار)

قۇرۇق پەرلەرنى سۇغىرىپ، نەم يەرلەرنى (ئۇسا بولغان يەرلەرنى) تېرىۋاتاتتى. قۇش - قۇزغۇنلار (قۇرۇت - قوڭغۇز - لارنى تېرىپ) يەپ تۈمەنلىگەن جانلىقلارنى ئۆلتۈرۈۋاتاتتى. تېرىقچىلىق قىلىپ نۇرغۇن جانلىقلارنى...... قۇشچى، كېيىكچى، بېلىقچى، ئوۋچى، تورچى، تۇزاقچى

(2) ھەممىسى يامان ئىشلارنى قىلىپ جانلىقلارنى ئۆلتۈرەتتى، نۇرغۇنلىغان كىشىلەر چاق بىلەن يۈك، كەندىر ئىگىرىپ بوز قارس① توقۇۋاتاتتى، يەنە ھەرخىل (ھۈنەر) ئۇستى- لىرى ئۆز ھۈنەر ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتاتتى. (كىشىلەر) خىلمۇ - خىل جاپالار تارتىۋاتاتتى. (ئۇ) يەنە نۇرغۇنلىغان كىشىلەر...

(3) ئات، كالا، چوقار②(؟)، قوي، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈپ قانلىرىنى دەريا (سۇيىدەك) ئېقىۋاتقانلىغىنى، (ئۇلارنىڭ) تېرىسىنى سويۇپ، گوش، قانلىرىنى سېتىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى بېقىۋاتقانلىغىنى كوردى. بودساتۋا تىگىن بۇ ئەل - خەلقنىڭ يامان قىلمىشلار قىلىۋاتقانلىغىنى كورۈپ ئىنتايىن غەم - قايغۇلۇق

(4) بولۇپ، يىغلىغىنىچە شەھەرگە قايتىپ كىردى. شۇ چاغدا ماھارىت ئىلىگ ئاق نىيەت تىگىننىڭ قايغۇلۇق (قىياپىتىنى) كورۈپ مۇنداق دىدى: "ئامراق ئوغلۇم، نىمە ئۇچۇن ھەسرەت چىكىپ قايتىپ كەلدىڭىز؟" تىگىن ئاتىسى خانغا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دىدى: "بۇ نىمە دىگەن ئازاپلىق دۇنيا! (مەن) نىمىشقىمۇ

(5) تۇغۇلۇپ قالغاندىمەن!؟" ئاتىسى خان مۇنداق دەپ سو- رىدى: "نىمىشقا يىغلاپ، ھەسرەت چىكىپ قايتىپ كەل-

---

① قارس — بىر خىل رەخت.

② چوقار — بىر خىل ھايۋان نامى بولسا كېرەك.

مدىلىڭ؟“ تىگىن مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى: ”تاشقىرىغا
سەيلىگە چىققان ئىدىم، نۇرغۇنلىغان نامرات، جاپاكەش
جانلىقلارنى كورۇپ يىغلىدىم.“ ئاتىسى خان مۇنداق
دىدى: ”ئامراق قوزام، يەر - جاھان تورەلگەندىن
(6) بىرى بايمۇ بار، گادايمۇ بار. سەن (ئۇلارنىڭ) قايسى
بىرىنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرسەن؟“ تىگىن مۇنداق دىدى:
”ئاتام جاناپلىرى، مىنى سويەمسىز؟“ ئاتىسى ئىلىگ
مۇنداق دىدى: ”ئامراق قوزام، سىنى شۇنداق سويىمەنكى،
خۇددى ئالقىنىمدىكى ئۇنچە - مەرۋايىتتەك، كوزۇمنىڭ......“
(7) كوڭلىدىكىچە بەردى. (ئاق نىيەت تىگىننىڭ) ياخشى نام -
شوھرىتى ھەممە تەرەپكە تارقالدى. ھەر كۈنى تىلەمچىلەر -
نىڭ (ئايىغى) ئۈزۈلمىدى. (ئۇ ئاتىسى خانىدىن) يەنە باشقا
غەزنىنى تەلەپ قىلىپ ئالدى. (تىلەمچىلەرگە) يەنە
(تارقىتىپ) بەردى. كۈنگە، ئېيىغا مۇشۇنىچىلا بىرىۋېرىپ
غەزنىدىكى مال - دۇنيا ئازغىنا قالدى. شۇ چاغدا غەز -
نىچىلەر باشلىغى خانغا مۇنداق دەپ ئوتۇندى: ”تەڭرىم،
غەزنە قۇرۇپ قالغىلى تۇرىدۇ. مال - دۇنيا تۈگەپ كەتسە،
(8) بىز گۇناغا پېتىپ قالمايلى.“ ئاتىسى خان مۇنداق يارلىق
قىلدى: ”ئاتا (مال - دۇنيا) يىغسا، ئوغلى ئۇچۇن دىمەمدۇ؟
(تىگىننىڭ) خالىغىنىچە بىرىڭلار، كوڭلىنى ئاغرىتماڭلار.“
شۇندىن كىيىن كۈنگە توختاتماي بىرىۋەردى. شۇ چاغدا
(خانىڭ) ئىنانچىلىرى، بۇيرۇقلىرى (بۇ ئەھۋالنى) ئاڭلاپ
خانغا مۇنداق دەپ
(9) ئوتۇندى: ”تەڭرىم، دولەتنى، قانۇننى مال - دۇنيا تۇتۇپ
تۇرىدۇ. مال - دۇنيا تۈگەپ كەتسە، دولەتنى، قانۇننى
قانداقمۇ تۇتۇپ تۇرالايمىز؟“ شۇ چاغدا ئاتىسى خان
مۇنداق يارلىق قىلدى: ”ئامراق قوزامنىڭ كوڭلىنى نىمىشقا
ئاغرىتىمەن. غەزنىچىلەر بىر مەزگىل باشقا (ياققا)

(10) كېتىپ تۇرسۇن. (ئوغلۇم) ئۆزى (ئەھۋالنى) چۈشىنىۋېلىشى
مۇمكىن.“ شۇندىن كېيىن تىلەمچىلەر كېلىپ غەزنىچىلەرنى
تاپالمىدى. تىلەمچىلەر سەدىقە ئالالماي يىغلىشىپ قايتىشسا،
تىگىنىمۇ يىغلىغىنىچە قالاتتى. شۇندىن كېيىن تىگىن
مۇنداق ئويلىدى: ”غەزنىچىلەر بولسا،

(11) مېنىڭكى. ئاتام خان خەلق تىلىدىن قورقۇپ شۇنداق
يارلىق قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ئاتا - ئانا كورۇنەر تەنلىك
بۇرخان دېيىلىدۇ①. قايسى كىشى ئاتا - ئانىسىنىڭ كوڭلىنى
ئاغرىتسا، دوزاققا چۈشىدۇ، (ئاتا - ئانىسىنىڭ) پەرزەنتى
ھېساپلانمايدۇ. مەن ئەمدى ئاتا - ئانامنىڭ كوڭلىنى

(12) ئاغرىتماي. ئاتام ئىلىگەۋ (خەلقنىڭ) تىلىغا قالمىسۇن. ئوز
تىرىشچانلىغىم بىلەن ياخشى ئىشلارنى قىلاي.“ شۇندىن
كېيىن (ئۇ) يۈزلۈك - ئابرويلۇق (كىشىلەردىن): ”قانداق
قىلغاندا كوپ مال - دۇنيا يىغقىلى بولىدۇ؟“ دەپ سورىدى.
ئابرويلۇقلار (مال - دۇنيا)

(13) تېپىشنىڭ خىلمۇ - خىل (ئۇسۇللىرىنى) ئېيتىپ بەردى. بىرى:
(مال - دۇنيا) تېپىشتا تىرىشچانلىق قىلىشتىن ياخشىسى يوق؛
كىمكى بىر قېتىم زىرائەت تېرىسا، مىڭلاپ - تۈمەنلەپ
(ھوسۇل) ئالىدۇ“ دېدى. بىرى: ”قوي، يىلقا باقسا، يىلىغا
كوپىيىپ باي بولغىلى بولىدۇ“ دېدى. بىرى ”شەرق (ۋە)
غەرپ (ئەللىرى) ئوتتۇرىسىدا قاتناپ سودىگەرچىلىك

(14) قىلسا، باي بولغىلى بولىدۇ“ دېدى. يەنە بىر دانىشمەن (ۋە)
نۇم بىلىدىغان ئادەم مۇنداق دېدى: ”(كىمكى) مال -
دۇنيا تېپىش ئۈچۈن دېڭىزغا كىرىپ كوڭلىدىكى ئارزۇ -

---

① بۇ جۈملىنىڭ مەنىسى ”ئاتا - ئانا يېرىم خۇدا“ دېگەنگە توغرا كېلىدۇ. ئاتا - ئانا سوزى ئەسلى تېكىستتە ”ئوگ قاڭ“ (ئانا- ئاتا) دەپ يېزىلغان.

سىنى قاندۇرۇشنى ئويلىسا (ۋە) بىباھا چىنتەمەنى ئەڭگۈش-
تىرىنى تاپسا، يەر يۈزىدىكى
(15) بارلىق جانلىقلارنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرالايدۇ". شۇنداق
قىلىپ، تېگىن باشقا ھەممە چارىلەرنى ماقۇل كورمەي،
پەقەت دېڭىزغا كىرىدىغان (چارىنى) لايىق كوردى. شۇندىن
كېيىن ئاتىسى ئىلىگكە "دېڭىزغا كىرەي" دەپ ئىلتىماس
قىلدى. ئاتىسى خان (ئۇنىڭ) ئىلتىماسىنى ئاڭلىغان ۋاق-
تىدا نىمە دەپ جاۋاپ بېرىشنى بىلەلمىدى، ئىنتايىن
(16) قايغۇردى. كېيىن ئوغلى تېگىنگە مۇنداق دېدى: "ئامراق
قوزام، ئەلدە قازانغانلىرىمنىڭ (ھەممىسى) سىزنىڭ ئەمەس-
مۇ؟ ئەمدى سىز خالىغىنىڭىزچە ئېلىڭ، ھەممىنى سەدىقە
قىلىپ بېرىڭ. نىمە ئۈچۈن ئولىدىغان يەرگە بارماقچى
بولىسىز؟ دېڭىزغا كىرسىڭىز بەش تۇرلۇك
(17) خەۋپ بار: بىر خەۋپ شۇكى، يىرتقۇچ بېلىقلار سەگەك
بولۇپ، ئېھتىيات قىلماي (دېڭىزغا) چۈشكەن ھەممىنى كېمە
بىلەن يۇتۇۋېتىدۇ. ئىككىنچى، سۇدا سۇ تۈگۈلۈك تاغلار بار
(بولۇپ)، كېمە سوقۇلۇپ غەرق بولىدۇ، ھەممە كىشى
ئولىدۇ. ئۈچىنچى، سۇدىن جىنلار چىقىپ كېمىنى ئۇرۇپ
سۇغا چوكتۇرۇۋېتىدۇ. تۆتىنچى، زور قاينامىغا
(18) كىرگۈزۈۋېتىدۇ. سۇ دولقۇنلاپ (دولقۇنلار) سوقۇۋېتىدۇ.
بەشىنچى، بۇ يېل خۇددى ئاسمان يىرىلىپ كېتىدىغاندەك
قورقۇنچلۇق يەل تۇرىدۇ. كېمە ئاغدۇرۇلۇپ (ھەممە)
ئولىدۇ. سىز مۇشۇنداق قورقۇنچلۇق خەۋپ ئىچىدە
ئولۇپ كېتىسىز، بىزنى بىچارە قىلىپ قويىسىز". بۇدساتۋا
تېگىن ئاتىسى خاندىن بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ:
(19) "ماڭا ئىجازەت بېرىڭ، (مېنى) توسماڭ، (مەن دېڭىزغا)
باراي" دەپ ئوتۇندى. ئاتىسى خان ئۇنىمىدى، "بارمايسەن"
دېدى. شۇندىن كېيىن تېگىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ يىغلاپ،

يەردە يېتىۋېلىپ، ئورنىدىن تۇرغىلى، تاماق يېگىلى ئۇنىـ
مىدى، "مېنى ئەۋەت" دىدى. "ئەگەر ماڭا رۇخسەت
قىلمىساڭ، بۇ يەردىن تۇرمايمەن، تاماقمۇ يېمەيمەن،
ئۆلۈۋالىمەن"
(20) دىدى. شۇنداق قىلىپ ئالتە كۈن ئۆتتى. ئاتا ـ ئانىسى،
(ئوردىنىڭ) يۇزلۇكلىرى، ئابرويلۇقلىرى يىغلاشتى ـ قاقـ
شاشتى، (لېكىن ئۇ ئورنىدىن) تۇرغىلى زادى ئۇنىمىدى.
شۇ چاغدا ئاتا ـ ئانىسى مۇنداق دىدى: "بىز ئۆزىگە ياخشى
بولسۇن دەپ نەسىھەت قىلىۋاتىمىز. (ئۆزى) ئۇنىمىسا،
(21) نىمە پايدىسى بار". تىگىن مۇنداق دەپ ئۆتۈندى: "ئەجـ
دىھالار خانىدا چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرى بار. قايسى بەختـ
تەلەيلىك كىشى شۇ ئەڭگۈشتەرنى تاپسا، بارلىق جانلىقلارغا
پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ. (مەن) شۇنىڭ ئۈچۈن
دېڭىزغا كىرمەكچى بولۇۋاتىمەن." شۇ چاغدا ئاتىسى خان:
(22) "دېڭىزغا بارىمىز دىگۈچىلەر (ئوردىغا) كىرگەنلەر، ئوغلۇمغا
ھەمرا بولۇڭلار، نىمە كېرەك بولسا، ھەممىسىنى بېرىمىز،
يەرچى①، سۇچى②، كېمىچى بولسا كەلسۇن. تىگىننى
(دېڭىزغا ئاپىرىپ) ئامان ـ ئېسەن قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلـ
سۇن" دەپ يارلىق چۈشۈردى. بۇ يارلىقنى ئاڭلىغانلىدىن
كېيىن بەشيۈز
(23) سودىگەر يىغىلىپ (ئوردا) ئىچىگە: "ھەممىمىز (تىگىن بىلەن
بىللە) بارىمىز. ئۆلسەك بىللە ئۆلىمىز، كەلسەك بىللە
كېلىمىز" دەپ ئىلتىماس سۇندى. شۇ چاغلاردا باراناس③

① يەرچى — يول بىلگۈچى، يول باشلىغۇچى مەنىسىدە.
② سۇچى — دېڭىزچى، سۇ يولىنى بىلگۈچى.
③ باراناس — ئۆز زامانىسىدا، ھىندى يېرىم ئارىلىدىكى بىر
دۆلەتنىڭ نامى.

دولىتىدە ياخشى (ۋە) باتۇر يەرچى - سۇچى بار ئىدى. ئۇ
نەچچە
(24) قېتىم بەشيۈز كىشى بىلەن دېڭىزغا كىرىپ، ئامان - ئېسەن
قايتىپ كەلگەن ئىدى. (ئۇ) سەكسەن ياشلىق بوۋاي بولۇپ،
ئىككى كۆزى كۆرمەيتتى. ئۇ بەشيۈز ئەرنىڭ ھەممىسى ئۇ
قارىغۇ بوۋايغا ئوتتۇندى. بۇ چاغدا
(25) تىگىن ئۆزى (بوۋاينىڭ) يېنىغا بېرىپ، قولىدىن يېتىلەپ
ئاتىسى خان ئالدىغا ئېلىپ كىردى. ئاتىسى خان (بوۋايغا)
مۇنداق يارلىق قىلدى: "بىردىن - بىر ئامراق ئوغلۇمنى
سىزگە تاپشۇردۇم. ئامان - ئېسەن قايتۇرۇپ ئېلىپ
كېلىڭ." ئۇ بوۋاي يىغلاپ تۇرۇپ خانغا مۇنداق دېدى:
(26) "تەڭرىم، نېمە ئۈچۈن تەڭرىدەك، گۆھەردەك ئوغلىڭىزنى
ئۆلۈم يېرىگە ئەۋەتىسىز؟ ئۇ دېڭىزنىڭ سۈيى ئىنتايىن
قورقۇنچلۇق (ۋە) خەتەرلىك. نۇرغۇن جانلىقلار بېرىپ
ئۆلگەن. (تىگىن) بارسا مۇۋاپىق بولارمۇ؟
(27) خەلقلەرنىڭ ھەممىسى تىگىن ئۈچۈن قايغۇرۇۋاتىدۇ". ئاتىسى
خان يەنە مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى: (تىگىننى) توسـ-
ۋالالمىدىم، كۆچۈم يەتمىدى، ئامالسىزلىقتىن ئەۋەتىۋاتىمەن.
ئەندى سىز غەيرەت قىلىڭ، يول باشلاپ بىللە بېرىڭ."
بوۋاي ھەممە ھورمەتلىگەنلىگى ئۈچۈن يەرچى
(28) بولدى. ئاتىسى خان تىگىننىڭ تەييارلىقىنى قىلدى.
بەشيۈز كىشىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى، ئات - ئۇلىغى ۋە كېرەك-
لىك نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بېرىپ ئۇزىتىپ
قويدى. شۇ چاغدا (ئاق نىيەت تىگىننىڭ) ئىنىسى قارا
نىيەت تىگىن مۇنداق ئويلىدى: "ئاتا - ئانام ئاكام تىگىنگە
(29) ئامراق، مېنى ئۆچ كۆرىدۇ. ئەمدى ئاكام دېڭىزغا بېرىپ
ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ كەلسە، تېخىمۇ قەدىرلىك بولۇپ
كېتىدۇ، مەن تېخىمۇ قەدىرسىز بولۇپ قالىمەن. ئەمدى

(ئاكام) بىلەن بىللە باراي.“ شۇندىن كېيىن (ئۇ) ئاتىسى خانغا مۇنداق دەپ ئوتۇندى: ”ئاكام تىگىن ئولۇم يېرىگە كېتىۋاتىدۇ.

(30) مەن نىمە دەپ قېپ قالىمەن؟ تەڭرىم، مەنمۇ باراي. ياخشى ـ يامان (ئەھۋاللار بولۇپ قالسا ئاكام بىلەن بىللە بولاي“. ئاتىسى (بۇ) ئوغلىنىڭ قىلمىشى يامان بولغانلىغى ئۇچۇن (ئۇنى) سويمەيتتى. شۇڭا ”بارساڭ بارغىن“ دىدى. (شۇنداق قىلىپ) ئاتىسى خان (ۋە) خەلق يىغلىشىپ

(31) ئاق نىيەت تىگىننى دېڭىزغا ئۇزىتىپ قويىدى. (ئۇلار) دېڭىزغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، (دېڭىز بويىدا) يەتتە كۈن تۇرۇپ كېمە ياسىدى. يەتتە تومۇر قۇلۇپ بىلەن كېمىلەرنى قۇلۇپلاپ قويىدى. يەتتىنچى كۈنى تاڭ ئاتقاندا ئاق نىيەت تىگىن چوڭ

(32) دۇمباق چالغۇزۇپ، مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى: ”(ئەمدى) دېڭىزغا كىرىسىزلەر. كىم ئولۇم خەۋپىدىن قورقسا، ئوز يولىغا كېتىۋەرسۇن. مەن سىلەرنى مەجبۇرلىمايمەن.“ تىگىننىڭ يارلىـ غىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھېچكىم ئايرىلىپ چىقمىدى. كۈنىگە

(33) مۇشۇنداق دۇمباق چېلىپ يارلىق قىلىپ، ھېچكىم ئۇندىـ مىگەندىن كېيىن يەتتىنچى كۈنى تومۇر قۇلۇپنى ئاچتى، تومۇر ئاغامچىلارنى يەشتى. تىگىن بەخت ـ تەلەيلىك (بولغىنى) ئۇچۇن بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا مەرۋايىتلىق ئارالغا خېيىم ـ خەتەرسىز يېتىپ باردى. يەتتە كۈن ئۇ يەردە

(34) دەم ئالدى. يەتتىنچى كۈنى ئاجايىپ (ئىسىل) گوھەر، مەرۋايىتلارنى كېمىگە توشقىچە قاچىلاپ، تىگىن مۇنداق دەپ يارلىق قىلدى: ”ئەمدى مەن بۇ گوھەرلەر بىلەن قايتىسام، بارلىق جانلىقلارغا كوپ پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈ ـ

زەلەيمەن. سلەر قايتڭلار، مەن بۇنىڭدىنمۇ

(35) ياخشىراق بولغان چىننەمەنى ئەڭگۈشتەرىنى ئالغىلى باراي.
جانلىقلارغا تەلتوكۇس پايىدا - مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان
بولاي". شۇندىن كېيىن قېرىندىشى قارا نىيەت تىگىنگە
نەسھەت قىلىپ (ۋە) ئۇنىڭغا كېمىلەرنى تاپشۇرۇپ قايىـ
تۇردى. تىگىن بىلەن يەرچى بوۋاي

(36) ئىككىسىلا قالدى. شۇ چاغدا ئاق نىيەت تىگىن يەرچى
بوۋاينىڭ قولىدىن يېتىلەپ بەلگىچە، بوغۇزغىچە (كېلىدىـ
غان) سۇدا يەتتە كۈن مېڭىپ، كۈمۈشلۈك ئارال - تاقىقا
يېتىپ كەلدى. (ئۇ ئارالنىڭ) يېرى، قۇمى ھەممىسى
كۈمۈش (ئىدى). شۇندىن كېيىن ئۇلار دەم ئالماقچى
بولدى. شۇنداق قىلىپ،

(37) بوۋايغا ھاردۇق يەتتى، ماغدۇرى كەتتى، قىمىرلاشقىمۇ
ھالى يەتمىدى. شۇندىن كېيىن تىگىنگە مۇنداق دىدى:
"ئوغلۇم، بۇندىن نېرىدا شەرق تەرەپتە ئالتۇن تاغ
(ئارال) بار. كورۇنۇۋاتامدۇ، قاراپ بېقىڭ." بوۋاي (يەنە)
مۇنداق دىدى: "ئۇ ئالتۇن

(38) تاقىقا بارسىڭىز، كوك نىلۇپەر گۈلىنى كورىسىز. ھەربىر
نىلۇپەر گۈلىدە بىردىن زەھەرلىك ئىلان بار (ئۇلارنىڭ)
زەھەرلىك نەپسى يىراقتىنلا كورۇنۇپ تۇرىدۇ. ئەگەر ھەرـ
بىر نىلۇپەر گۈلىدىن تۇتۇن چىقسا (ئۇ) ئىنتايىن يامان
خەۋپ دىيىلىدۇ.

(39) ئۇ نىلۇپەرلىك يولنى بېسىپ ئوتەلىسىڭىز، ئەجدىھا خانـ
نىڭ گوھەرلىك ئوردىسىغا يېتىپ بارىسىز. ئۇ ئوردا ئەتـ
راپىدىكى يەتتە قات خەندەك ئىچىدە زەھەرلىك ئەجدىھالار،
ئىلانلار ياتىدۇ. ئۇنى بوسۇپ ئوتەلىسىڭىز، ئوردا ئىچىگە
كىرەلەيسىز، ئەجدىھا

(40) خانىغا كورىنىسىز، ئەڭگۈشتەرگە ئىگە بولىسىز. مەن ئەمدى

ئۆلىمەن. سىز يالغۇزغىنا قالىدىغان بولىدىگىز. تەگۈردم، قورقماڭ، غەم قىلماڭ، ئامان - ئېسەن يېتىپ بارىسىز. ئەگەر سىز قايسى كۈنى بۇرخان بەختىنى تاپسىڭىز مېنى تاشلىۋەتمەڭ (ئۇنتۇپ قالماڭ)". بوۋاي ياخشى، پىشقەدەم يولچى - يەرچى بولۇپ..............

(41) - غا (- گە) يېتىپ باردى. دەرۋازىدا ئىككى پاكىز قىز تۇراتتى. (ئۇلار) قوللىرى (بىلەن) گوھەرلىك يىپ ئىگىرىۋاتاتتى. تىگىن (ئۇلاردىن): "سىلەر كىم (بولىسىلەر)؟" دەپ سورىدى. قىزلار: "دەرۋازىۋەنمىز" دىدى. شۇندىن كېيىن تىگىن شەھەر ئىچىگە كىردى (ۋە) شەرقى

(42) دەرۋازىغا باردى. (ئۇ يەردە) تۆت چىرايلىق دىدەك ئاق كۈمۈش يىپ ئىگىرىۋاتاتتى ۋە بۇ دەرۋازىنى كۈزىتىپ تۇراتتى. تىگىن سورىسا، (ئۇلار): "بىز دەرۋازىۋەن دىدەكلەرمىز" دېيىشتى. شۇندىن كېيىن تىگىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئۇردا دەرۋازىسىغا يېتىپ باردى. ئۇ دەرۋازىدا سەككىز چىرايلىق

(43) (ۋە كىشى) ھەيران قالىغىدەك پاكىز قىز سېرىق ئالتۇن يىپ ئىگىرىۋاتاتتى. تىگىن ئۇلارنىڭ گۈزەللىكىگە ھەيران قېلىپ: "سىلەر ئەجدىھالار خانىنىڭ مەلىكىلىرىمۇ؟" دەپ سورىسا، ئۇلار: "بىز ئوردا دەرۋازىسى كۈزەتچىلىرىمىز" دېيىشتى. شۇندىن كېيىن تىگىن (ئوردا) ئىچىگە مۇنداق ئىلتىماس

(44) سۇندى: "بۇ چامبۇدىۋىپ يېرىدىكى باراناس دۆلىتى خانىنىڭ ئوغلى ئاق نىيەت تىگىن دەرۋازا ئالدىدا ئىچكىرىگە كورۇنگىلى (خانىنىڭ قوبۇل قىلىشىنى) كۈتۈپ تۇرىدۇ." دەرۋازىۋەن دىدەكلەر ئوردا ئىچىگە كىرىپ (تىگىننىڭ) ئىلتىماسىنى (خانغا) مەلۇم قىلدى.

(45) ئەجدىھالار خانى مۇنداق ئويلىدى: "ئۇلۇغ، قۇدرەتلىك
(ۋە) بەختلىك بودساتۋالاردىن بولمىسا، بۇ يەرگە ھەرگىز
كېلەلمىگەن بولاتتى. ئۇ (جەزمەن) بودساتۋا بولۇشى
مۇمكىن." ۋە "كىرسۇن" دەپ يارلىق قىلدى. شۇ چاغدا
تىگىن (ئوردا) ئىچىگە كىردى. ئەجدىھالار خانى
(46) (ئۇنىڭ) ئالدىغا چىقتى (ۋە) قولىنى تۇتقىنىچە (ئوردىغا)
ئېلىپ كىرىپ، ئەگگۈشتەرلىك تەخت ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى.
تىگىن ئەجدىھالار خانىغا لەززەتلىك، ئىسسىق نوم تەپسىر
قىلىپ بەردى. ئۇلۇغ شادمان كوڭۇل بىلەن سەدىقە بەر-
مەكنىڭ پايدىسىنى سۆزلىدى. ئۇ ئەجدىھالار خانى ئىنتايىن
(47) سۆيۈندى، (كوڭلى) سوزۇلدى (ئېچىلدى). (ئۇ) مۇنداق
دېدى: سىزگە نېمە كېرەك بولۇپ قالدى؟ نېمە ئۈچۈن
بۇنچىۋالا جاپا چېكىپ بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟" بودساتۋا
تىگىن مۇنداق دېدى: "بۇ جاھاندىكى بارلىق جانلىقلار
ئۈچۈن بۇرخان بەختىنى
(48) تىلەپ، نامرات-بىچارە جانلىقلارغا پايدا-مەنپەئەت يەت-
كۈزۈش ئۈچۈن چىنتەمەنى ئەگگۈشتىرىنى تىلەپ سەدىقە
ئېلىشقا كەلدىم." ئەجدىھالار خانى مۇنداق دېدى: "(سىز-
لەردىكىز) يارايدۇ. بۇرۇنمۇ سىزگە ئوخشاش بودساتۋالار
(49) ئەگگۈشتەر تىلەپ سەدىقە ئېلىشقا كەلگەن ئىدى. ھەممى-
سىگە بېرىپ يولغا سالغان ئىدۇق. سىزگىمۇ بېرىمىز. بۇ
يەردە يەتتە كۈن تۇرۇڭ، بىزگە نوم تەپسىر قىلىپ بېرىڭ.
بىز سىزگە ئىخلاس قىلايلى، سىزنى ھۆرمەتلەيلى. بىزگە
پايدا-مەنپەئەت
(50) يەتكۈزۈڭ. يەتتىنچى كۈنى ئەگگۈشتەرنى ئېلىپ قايتىڭ."
شۇنىڭ بىلەن ئاق نىيەت تىگىن يەتتە كۈن ئەجدىھالار
خانىنىڭ ھۆرمەتلەپ-قەدىرلەپ كۈتۈشىدىن بەھرىمەن

بولدى. يەتتىنچى كۈنى ئەجدىھالار خانى نارانا ئاتلىق
ئەجدىھالار خانىنىڭ قۇلىغىدىكى چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرنى
ئېلىپ سۇندۇرۇپ

(51) تىگىنگە بەردى (ۋە) مۇنداق دەپ بەخت تىلىدى: "مەن
ئۇلۇغ ئارزۇ بىلەن بۇ چىنتەمەنى ئەڭگۈشتىرنى ئېلىپ
سىزگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋاتىمەن. سىز قاچان بۇرخان
بەختىنى تاپسىڭىز، مېنى تاشلىۋەتمەي قۇتقۇزۇۋېلىڭ.
سىزنىڭ شاراپىتىڭىز بىلەن بۇ گۇنالىق جىنىمدىن

(52) قۇتۇلاي، قۇتۇلۇش يولىغا ئېرىشەي". شۇندىن كېيىن
ئەجدىھالار خانى (تىگىننى) كۆتىرىپ دېڭىز قىرغىقىغا
چىقىرىپ قويدى. تىگىن قىرغاققا چىققاندىن كېيىن ئىنىسى
بىلەن ئۇچراشتى. ئىككى قېرىنداش ئامان-ئېسەن كۆرۈ-
شۈپ سۆيۈشتى، قۇچاقلاشتى،

(53) يىغلاشتى، ھەسرەت چېكىشتى يەنە خۇشاللىققا چۆمۈشتى،
سۆيۈنۈشتى. شۇندىن كېيىن (ئاق نىيەت) تىگىن مۇنداق
سورىدى: "ئامراق قېرىندىشىم، سېنىڭ بەشيۈز ھەمراھىڭ
نەگە كەتتى؟ (ئۇلار) ئامان-ئېسەن يېتىپ باردىمۇ؟"
ئىنىسى قارا نىيەت تىگىن مۇنداق دېدى: "دېڭىز ئىچىدە

(54) (ھەممىسى) ھالاك بولدى، (ئۇلار بەخت-تەلەيسىز بول-
غىنى ئۈچۈن ھالاك بولدى، ھەممىسى ئۆلدى." (ئاق
نىيەت) تىگىن (ئىنىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن) كېيىن
قاتتىق قايغۇرۇپ يىغلىدى. (ئىنىسىدىن): "سەن قانداق
قىلىپ قۇتۇلۇپ قالدىڭ؟" دەپ سورىسا (ئىنىسى): "بىر
پارچە كېمە سۇنۇغىغا ئېسىلىپ قۇتۇلۇپ چىقتىم" دېدى.
شۇندىن كېيىن ئۇ ئاكىسى تىگىندىن مۇنداق دەپ سورىدى:
"ئەڭگۈشتەرنى

(55) تاپتىڭىزمۇ؟" تىگىن راست سۆزلۈك بولغىنى ئۈچۈن تاپ-

تىم قەدىرلىگىم" دىدى. شۇندىن كېيىن ئىنىسى مۇنداق
دىدى: "سىز چارچاپ كەتتىڭىز، بىر ئاز ئۇخلىۋېلىڭ.
ئەڭگۈشتەرنى ماڭا بېرىڭ، مەن ساقلاي". ئاق نىيەت
تىگىن بېشىدىكى ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ ئىنىسىگە

(56) بەردى (ۋە): "ياخشى ساقلىغىن، ئوغرى ئېلىۋالمىسۇن"
دەپ تاپىلىدى. (ئاكىسى) ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، قارا
نىيەت تىگىننىڭ كۆڭلىگە جىن كىردى. (ئۇ) مۇنداق
ئويلىدى: "ئاتا-ئانام ئەزەلدىنلا مېنى سۆيمەي ئاكام
تىگىننى سۆيەت-

(57) تى. ئەمدى ئاكام بۇ ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ بارسا، (قەدرى)
كۆككە يېتىدۇ، مەن خارلىنىپ يەردىن بېشىمنى كۆتۈرەل-
مەي قالىمەن. ئەمدى بۇنىڭ ئىككى كۆزىنى ئويۇۋېتەي،
(شۇندىن كېيىن نەگە بارالايدۇ، ئۆزى ئۆلىدۇ". شۇندىن
كېيىن ئۇ (ئورنىدىن) تۇرۇپ ئىككى تال قومۇش تىكەن
قىيىپ

(58) (ئاكىسىنىڭ) ئىككى كۆزىگە سانچىۋېتىپ قېچىپ كەتتى. شۇ
چاغدا ئاق نىيەت تىگىن ئىنىسىنى چاقىرىپ: "ئىنىم،
نەدىسەن؟ ئوغرى كېلىپ ئىككى كۆزۈمنى ئويۇۋەتتى" دەپ
ۋاقىراپ، (يەردە) بېلىقتەك ئېغىناپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى.

(59) ئۇ يەردە بىر پەرىشتە بار ئىدى. (ئۇ) تىگىننىڭ ئاۋازىنى
كۆرۈپ چىدىيالماستىن، تىگىنگە مۇنداق دىدى: "ئوغرى
دىگىنىڭىز نىمە دىگىنىڭىز؟ (ئۇ) ئۆز ئىنىڭىز، (ئۇ) سىزنى
ئۆلسۇن دەپ شۇنداق قىلىپ قېچىپ كەتتى.

(60) ئەمدى يىغلىماي ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. مەن سىزگە يول
باشلايمەن، سىزنى خەلققە يەتكۈزىمەن". شۇندىن كېيىن
تىگىن ئورنىدىن تۇردى. پەرىشتە ئۇنىڭغا يولنى ئېيتىپ
بەردى. تىگىن خەلق (ئارىسىغا) يېتىپ باردى

(61) (قارا نىيەت تىگىن ئاتىسى خانغا): "مەن مۇشۇنداق قىلىپ

تېرىك قۇتۇلۇپ كەلدىم" دېدى. شۇ چاغدا ئاتىسى خان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆككە قاراپ ھۆكۈرەپ يىغلاپ، ناھايىتى ئېگىز تەختتىن ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. ھۇش-سىزلاندى-تالدى، ئۆلۈكتەك غۇلاپ چۈشتى.

(62) (خان) ئۇزۇن ۋاقىتتىن كېيىن ھوشىغا كەلدى. شۇ چاغدا باراناس دۆلىتىنىڭ ھەممە خەلقى ھەسرەت چېكىپ يىغ-لاشتى. شۇ چاغدا ئاتىسى خان يامان قىلمىشلىق ئوغلىدىن مۇنداق گۇمانلاندى: "ئامراق ئوغلۇم ئۆلگەن بولسا،

(63) بۇنىڭمۇ يۈزىنى كۆرمەي" (ۋە) "ئوغلۇمنىڭ ياخشى-يامان خەۋىرى كەلگىچە، بۇ (قارا نىيەت تېگىن) زىنداندا ياتسۇن" دەپ يارلىق قىلدى. (قارا نىيەت تېگىننىڭ) پۇت-قولىنى چىڭ باغلاپ زىندانغا تاشلىدى. شۇ چاغدا ئاق نىيەت تېگىن

(64) ئۆزىنىڭ بەختى-تەلىيى بولغىنى ئۈچۈن ھەزرىتى ۋاخ-شىكىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئۆزىنىڭ قېيناتىسىنىڭ يېرىگە يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئاتىسى خان (بۇ يەرنىڭ) ئېلىگ خانىنىڭ قىزىنى ئاق نىيەت تېگىنگە سورىغان (ۋە ئۇلار) بوشۇگىدىلا قۇدا چۈشۈشكەن ئىدى. (ئاق نىيەت تېگىن) شەھەر دەرۋازىسىدا

(65) ئولتۇرغان چېغىدا، خاننىڭ پادىچىسى بەشيۈز كالىنى ھەي-دەپ چىقىپ كەلدى. بۇقىسى ئالدىدا چىقىپ، تېگىننى يۇمۇلۇتۇپ ياتقۇزۇپ، تۆت پۇتىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ تۇردى. (بۇ بىر) توپ كالا چىققانىدا (ھەممىسى) تىلى بىلەن يالاپ (تېگىننىڭ) ئىككى كۆزىدىكى تىكەننى ئېلىپ

(66) تاشلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دەرۋازىۋەن (ئۇنى) تۇرغۇزۇپ يولنىڭ چېتىگە ئولتۇرغۇزدى. پادىچى (تېگىننى) كۆرۈپ مۇنداق سورىدى: "سىز (ئاددى) كىشىلەردىن باشقىچە

بىر ئېسىل زادىدەك كورۇنىسىز. سىز نېمىشقا مۇشۇنداق
ئېچىنارلىق ھالغا چۈشۈپ قالدىڭىز؟" تېگىن مۇنداق
ئويلىدى:

(67) "نەسلىمنى، ئۇرۇغۇمنى (قەۋمىمنى) ئېيتىپ بەرسەم ئېنىم
ئولىدۇ". شۇنىدىن كېيىن تېگىن: تۇغۇلغىنىمدىن بېرى
(ھېچنىمەم) يوق نامرات سەدىقىچىمەن (تىلەمچىمەن)"
دېدى. شۇندىن كېيىن پادىچىنىڭ ئىچى ئاغرىپ (ئۇنى)
ئۆيىگە ئېلىپ باردى (ۋە) ئۆيىدىكى چوك-كىچىكلەرگە:
"(ئۇنىڭغا) ناھايىتى

(68) ياخشى قاراڭلار" دەپ تاپشۇردى. (ئۇلار تېگىننى) بىر
ئايدىن ئارتۇق باقتى. شۇندىن كېيىن (تېگىن) يەنە ئاغ-
رىپ قالدى. (پادىچىنىڭ ئۆيىدىكىلەر ئۇنىڭغا) دوق قىلىپ
تاماق بېرىدىغان بولدى. تېگىن (ئۇلارنىڭ دوق قىلىۋاتى-
قانلىقىنى) ئۇقۇپ، كوڭلى بۇزۇلدى. شۇندىن كېيىن
پادىچىغا: "مەن كېتەي" دېدى. پادىچى: "نېمىشقا كەت-
مەكچى بولدىڭىز؟ كوڭلىڭىزنى

(69) كىم ئاغرىتتى؟ كەتمەڭ" دېدى. تېگىن مۇنداق دېدى:
"مېھمان ئۇزۇن تۇرسا قاملاشمايدۇ. سىز ماڭا قاياش
بولدىڭىز. ئەگەر ماڭا قارىتا ياخشى ئويىڭىز بولسا، ماڭا
بىر كۇڭخۇ تېپىپ ئەكىلىپ بېرىڭ.

(70) (مەن ئۇنى) قولۇم بىلەن چېلىپ، ئاغزىمدا ناخشا ئېيتىپ
ئۇزەمنى (ئۆزەم) باقاي". ئۇ پادىچى بىر كۇڭخۇ ئەكىلىپ
بەردى (ۋە) تېگىننى شەھەر ئوتتۇرىسىدىكى تۇت كوچىغا
ئاپىرىپ نۇرغۇن جامائەت ئوتتۇرىسىدا ئولتۇرغۇزدى.
تېگىن قومۇزغا ئىنتايىن ئۇستا ئىدى.

(71) (تېگىن) قومۇزنى چېلىپ ناخشا ئېيتتى. بارلىق خەلق ۋە
جامائەت (ئۇنىڭ) ناخشىسىنى ئاڭلاپ ئىچى سىيرىلىپ

يىغلاپ كەتتى. (ئۈنىڭ) ئەتراپىغا ئادەم تولۇپ كەتتى.
كىشىلەر ھەر كۈنى لەززەتلىك تائاملار كەلتۈرۈپ ئۇنى
باقتى. شۇ شەھەردە قانچە بىچارە

(72) تىلەمچى بولسا، ھەممىسى ئۇ يەرگە يىغىلدى. تىگىن شۇ
يەردە بەشيۈز تىلەمچىنى باقتى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئاش-
تاماققا ئېرىشتى. شۇ چاغدا (تىگىننىڭ) قېيناتىسى
خاننىڭ باغۋەنى تىگىننى كۆرۈپ مۇنداق ئويلىدى: "خان
بېغىنىڭ ئىسسىل مېۋىلىرىنى قۇشلار چوقۇۋەتكەنلىكى

(73) ئۈچۈن دائىم جازاغا ئۇچراۋاتىمەن. ئەمدى بۇ يىگىتنى
ئېلىپ كېتەي، ئۇ بېغىمنى كۈزەتسۇن. (مەن ئۇنىڭغا) شۇ
يەردە غەمخورلۇق قىلاي". شۇندىن كېيىن باغۋەن تىگىننى
ئېلىپ كەتمەكچى بولغىنىنى ئېيتتى. تىگىننىڭ يېنىدىكى......

(74) (جازاغا) ئۇچرايدىغانلىقى ئۈچۈن غەم قىلىپ، شەھەردىكى
دانىشمەنلەردىن سورىسا، ھېچكىم كەسكىن جاۋاپ بېرەل-
مىدى. تۇرغۇنلىغان دانا كىشىلەر مۇنداق دېيىشتى: "ھىلىقى
قارغۇ كىشى ناھايىتى ئەقىللىق كۆرۈنىدۇ. شۇنىڭدىن سوراپ
بېقىڭ". ئۇ باغۋەن قارغۇ كىشى......................

(75) -غا ئاپىرىڭ. شۇ يەردە ئامال-چارە ئېيتىپ بېرىمەن.
مېۋىلىرىڭىزنى قۇش-قۇزغۇنلار چوقۇۋەتمەيدۇ". باغۋەن
"سىزنى ئاپىراي" دېدى. شۇندىن كېيىن تىگىن بەشيۈز
تىلەمچىنىڭ ئاش-سۇيىنى (يىمەك-ئىچمىگىنى)

(76) تون ئۇتۇگىنى (كىيىم-كېچىگىنى) تولۇق قىلىپ بېرىپ،
ھەممىسىگە مۇنداق نەسىھەت قىلدى: "(مەن بۇندىن كېيىن)
ئىككىنچىلەپ سىلەر بىلەن كۆرۈشەلمەيمەن. قاچان بۇرخان
بەختىنى تاپسام، ئاندىن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارنى قۇتقۇزد-
مەن".

(77) شۇ چاغدا بۇ بەشيۈز تىلەمچى (تىگىننىڭ) بۇ سۆزىنى

ئاڭلاپ، خۇددى موزدېيىنى يۇتتۇرۇپ قويغان ئىنەكتەك
ھوكۇرەپ يىغلاپ مۇنداق دېيىشتى: "(سىز) ئانىسىزغا
ئانا، ئاتىسىزغا ئاتا بولغان ئىدىڭىز، ئەمدى بىزنى بىچارە
دەرتمەن قىلىپ نەگە كېتىسىز؟" تىگىن مۇنداق دېدى: (78)
"بۇجاھاننىڭ قانۇنى شۇنداق. ئامراقلار بەربىر يەنىلا ئايرى-
لىدۇ. سۆيگۈ يىپى (رىشتىسى) يەنىلا يېشىلىدۇ (ئۈزۈلىدۇ)".
شۇندىن كېيىن تىگىن ئۇ
باغۋەن بىلەن بىللە كەتتى. باققا يېتىپ بارغاندىن كېيىن (79)
باغۋەنگە مۇنداق دېدى: "كېرەكلىك مىۋە دەرەختىن
قانچىسى بولسا، ھەر بىرسىگە بىردىن قوڭغۇراق ئېسىڭ.
بىر دەرەخكە بىردىن قوڭغۇراق ئېسىڭ (ۋە)
ئاغامچا باغلاڭ. بارلىق ئاغامچىنىڭ ئۇچىنى يىغىپ مېنىڭ (80)
قولۇمغا تۇتقۇزۇڭ. قۇش-قۇزغۇنلار قونسا، ئاغامچىنى تار-
تىمەن، دەرەخلەر لىڭشىيدۇ، قۇشلار قونالمايدۇ. مىۋىلىرى-
ڭىزنى چوقۇيالمايدۇ".

# چاستانى ئىلىگ بەگ ھىكايىسى

## «چاستانى ئىلىگ بەگ ھىكايىسى» ھەققىدە ئىزاھات

«چاستانى ئىلىگ بەگ ھىكايىسى»نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى پارچىلىرىنى گېرمانىيىنىڭ 3 ـ قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيىسى ئەترىتى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

1931 ـ يىلى گېرمانىيىلىك مۇللېر (Müllür· K· W· F) «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما ھۆججەتلىرىنىڭ تەتقىقاتى» (Uigurica) نىڭ 4 ـ تومىنىڭ 680 — 699 ـ بەتلىرىدە بۇ ھىكايە توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

بۇ ھىكايە قەدىمقى كۇچا تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ھىكايىنىڭ خەنزۇچىسى ياپونىيىدە نەشر قىلىنغان «دازاڭجىڭ» (بۇددا نوملىرى توپلىمى)نىڭ 26 ـ جىلدىدا بار.

بۇ يادىكارلىقنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىل يېزىقىدىكى نۇسخىسى «ئىدىقۇت ئۇيغۇر پادىشالىقى» دەۋرى (9 ـ ئەسىردىن 13 ـ ئەسىرگىچە)دە تەرجىمە قىلىنغانلىقى مەلۇم، لېكىن بۇ مەشھۇر ھىكايىنىڭ زادى قايسى دەۋردە يارىتىلغانلىقى ھەققىدە ھازىرچە تېخى ئېنىق مەلۇمات يوق.

# «چاستانى ئىلىگ بەگ ھىكايىسى» نىڭ تېكىستى

ئارسلانلارنىڭ يورىغىن يورىپ ئۇچايان بالىقنىڭ كىدىنىنتە تۇرۇپ ئىنارۇ بەرۇ يورىدى. ئوترۇ ئىلىگ بەگ تورت بەلتىر يولتا يورىيۇ ئانىڭ ئاراسىنتا سانسىز ئۇكۇش يەكلەرىغ كوردى. ئول يىمە يەكلەر يالڭۇقلار-نىڭ ئەتىن يىيۇ قانىن ئىچىپ باغارسۇقلارىن ئەت ئۇزلەرىگە يورگەيۈرلەر ئەردى. قورقىقۇ-تەگ كورك مەڭىز تۇتۇپ-پ ياۋلاق قاتىغ ئۇنىن قىقىرشۇ درز-ۇل بۇدرۇق ئىلىگلەرىنتە تۇتۇپ قاپقارا ئۇلۇغ-بەدۇك تاغ-تەك ئەت ئۇزىن ئۇنەيۇ ئوت ئوڭلۇگ ئىشىن ساچلارىن ئەڭنلەرىنتە تۇشۇرۇپ ئاغۇلۇغ يىلانىن ئەتئۇزلەرىن ئىتىنىپ ياراتىنىپ قاي بەلتىرسايو يورىيۇر-لار ئەردى. ئانى كورۇپ چستانى ئىلاڭگ بەگ يۇرەكىن قاترۇنۇپ توڭالار بەگمتەك كىشا ترىك بەگلەرمەڭىز قورقىنچسىز ئايىنچسىز كوڭۇلىن ئول يەكلەر ئاراسىنتا كىرىپ باردى. ئوترۇ ئول يەكلەر چستانى① ئىلىگىگ كورۇپ سىڭىركەلىر ئۇسۇغلۇغ قىلىنىپ تەگىرمىلەيۇ ئاۋلاپ ئىنچە تىپ تىدىلەر. ئاي كىم سن نەگۇلۇگ كىنتۇ ئۇزۇڭ ئوك بىز-نىڭ ئۇستۇن ئالتىن تاغ تىشىمىز كە يوقى بولغالى كەلتىڭ. بۇساۋاغ ئەشدىپ چستانى

① Qstani — بەزى قۇرلاردا ”چ“ ئاخىرىدىكى ”ا“ سوزۇق تاۋۇشى چۈشۈپ قالغان.

ئىلىگ بەگ يۈرەكىن قاتىرۇنۇپ ئانچا-قد-ا يمە قورقما- دىن ئول يەكلەركە ئىنچە تىپ تىدى. ئاي يەكلەر تركىن ماڭا سوزلەڭلەر. مەنىڭ بالىقىمتاقى بودۇنۇغ بوقۇنۇغ نەگۈلۈگ ئولۇرۇر- سىز-لەر سىز-لەركە بۇ بالىق-قا كىرگۈلۈگ كۈچ كۈسۈن كىم بىردى. بۇمەنىڭ يىتى قىلىچىمىن كورۇڭلەر. ئەت ئوز-ۇڭ- ۇز-لەرنى بىچىپ ئوڭى ئوڭى كەمشەيىن بالىقىم-نىڭ ئولۇشۇم-نۇڭ بۇمۇنتاغ تود ئۇچۇز ساۋلارىن كورۇپ سەرگۈم تەگ ئەرمەز. ئوترۇ-ۇ ئول يەكلەر چىستانى ئىلىگ بەگ-نىڭ مۇنچۇلايۇ كۈچلۈگ ياۋلاق ساۋىن ئەشدىپ ئوۋكەلەرىنتە ئوتكۈرۈ ئارتۇقراق بۇلغانىپ ئانتا ئوق يەكلەر ئوتىن (؟) ئونەيۇ كۈدەيۇ يىرلايۇ ئايالارىن ياپىنىپ سىچغا ناق-لارىن تۇتۇنۇپ ئوئوت ئوڭلۈگ قىپ قىزىل ساچلارىن ئارتىلارىنتا ئىنتىدىپ ئورت يالىن تەك درز-ۇل بادرۇق ۋز-ىرلىغ توقىماق ئەلىگلەرىنتە تۇتا چىستانى ئىلىگ بەگ سانچغالى ئۈرغالى قىلىنىپ بىر ئىكىنتىسكە ئىنچە تىپ تىشتىلەر تاقى نەگۇ كۈدەر-سىز-لەر. تەركىن مۇنى سانچىڭلار بىچىڭلار. ئىسىگ ئوز-ىن ئۈز-ۈپ ئادىن ئاز-ۇنقا ئىدىڭلار. ئانتا ئوترۇ چىستانى ئىلىگ بەگ باركۈچىن ئۈنتۈرۈپ تولۇكىن سىكرىيۇ بارىپ ئۈرۈمكى ئاتلىغ يەك-نىڭ توپۇسىنتەكى ساچىن تارتا تۇتۇپ قىلى- چىن (30) ئورۇ كوتۇرۇپ باشىن بىچغالى ئوغرادى. ئانتا ئوق ئول يەك-لەر چىستانى ئىلىگ-نىڭ كۈچىن كوسۇنىن چوغىن يالىنىن قۇتىن قىۋىن كورۇپ

ئارتۇقراق قورقىتىلار. ئۇنلەر ـ دىن ئوسۇرۇپ ئىلىگ
ϴ
بەگ ـ كە ئىنچە تىپ تىدىلەر. يالڭۇق ـ لارنىڭ ئارسلانى ئىلىگلەر
بەگلەر ـ نىڭ قۇت تڭرىسـ ـ ە يرلىقانچۇچى كوڭۇل ئوردىتىپ
ϴ
كوڭۇلۇڭىن سۇز ـ گىل. بىروك بىز ـ نى ئولۇرسەرسىن يمە نەڭ سەنىڭ بالىقتاقى ئىگ توغا كىتگۇسى يوق. ئەمتى بىز ـ ىڭ ئوزۇمۇز ـ كە ئەدگۇ كوڭۇل تۇرغۇر ـ
ۇپ ئۇمۇغ ئىناغ بولغىل. ئىلىگ بەگ ئىنچە تىپ تىدى. ئاي يەكلەر تركىن سوز ـ لەڭلەر. نەچۇكلەدى مەنىڭ بالىقىمتاقى ئۇلۇشۇمتاقى ئىگ توغا كىتمەز. يەكلەر ئىنچە تىپ تىدىلەر. ئۇلۇغ ئىلىگ بۇ ئوق سەنىڭ بالىقڭ ـ تا
كۇنتىن يىڭاق بىرئۇلۇغ بەدۇك سوگۇت بار. ئانتا ياڭلاق ساقىنچلىغ راكشاس بولۇر. ئۇچ بەدۇك كوز ـ لەرى (بار) ئوئوت ئوڭلۇگ ساچى ئارقاسىنتا يادىلىۇ تۇرۇپ تامتۇرمىش يۇلايالىنى تەك كوز ـ ى قاراقى يالىنايۇ تەگز ـ ىنۇ
تۇرۇر. (ئۇزۇن تۇرقارۇ يرلىقانچسىز كوڭۇلىن سانسىز ئوكۇش تىنلىغ ـ لارىغ ئاز ـ ىلارى ئوزە تانچقالايۇ ئولۇرۇپ تودۇنچسۇز قاسىنچسىز
....................................
ئەرسەر قورقۇنچى ئايىنچى..............
قاتىغ بولسار توڭالار بەگى تەك.................
يـا تارتىپ ئالقۇ ياغىـلار.........
ـمىش كىمبولسار، ئانى نەچۇك ئۇتغالى يىگەدگەلى

ئۇغاي ـ سىز ـ لەر ئەرتىنگۇ قاتىغلانماق ـ لىغ بىلگە بىلىگكە تۇگەللىگ ياغىزيىر ئەركلىگى چىستانى ئىلىگ بەگ مىن ئەرۇر ـ مىن.

قاتىغ كوڭۇل ئور ـ تىپ قورقۇنچسۇز ئايىنچسىز كوڭۇلىن سىز ـ لەرنى بىرلە سوڭۇشگەلى كەلىۋك ـ مىن. ئاي يەكلەر ـ ئە، چىن كىرتۇ ئالپ قاتىغ ئەرسەر سىز ـ لەر، مىنى بىرلە سوڭۇشگەلى ئانۇق تۇرۇڭ ـ لار. ئەمتى بىرئىكىنتە ـ

كە سىناشالىم قايۇسى كۇچلۇگ ئەرمىش بىز ئانچا سوز ـ لەپ ئورت يالىن تەك يىتى قىلىچىن ئىلىگىنتە تۇتا يەكلەر تاپا ياقىن سىكرىپ ئىچگەرۇ كىردى ئاڭ ئۇلۇغى كالاشوتارى ئاتلىغ يەك ـ نىڭ توپۇسىنتەكى ساچىن تۇتۇپ قىلىچىن

بىچغالى سانچغالى قىلىنى ـ..................

يەكلەر توپۇن ي ـ...............

ئىلىگ بەگ............ يىرسۇۋ ئەركلىگى

ئوز ـ ۇموز ......ئىس ـ

ىگ ئوز............ تىدىلەر ..............................

.........................................................................

..................قۇتىن قىۋىن چوغىن

يالىنىن......ماتىن ئاغار ئاياغىن......تەگىپ

ئايالارىن قاۋشۇرۇپ ئىلىگ بەگكە ئىنچە تىپ تىدىلەر ئىلىگلەر ئىلىگ ـ ە، نە يىرلىغىڭ ئەرسەر ئول يىرلىغ ـ گىن بۇتۇرگەلى ئانۇق تۇرۇر ـ بىز. ئىل ـ

ىگ بەگ ئىنچە تىپ تىدى. بالىقىمىداقى ئۇلۇشۇم ـ داقى ئاداسىن كورۇپ بۇ مەنىڭ قىلىچىم سىز ـ لەرنىڭ قانىڭىز لارنى ئىچگەلى تاپىم ئول. يەكلەر ئىنچە تىپ تىدد ـ لەر ئۇلۇغ ئىلىگ مۇنتا ئىنارۇ

ئىككى ئەرتىنىڭۇ ياۋلاق راكشاس-لار بار بىر ئۇرۇ ئاتلىغ. ئىكىنتى ئاگىنىكىشى ئاتلىغ. بىر ئۇچەگۇ ئۇلارقا سانىلىغ ئەرۇر بىر ئۇلارنى ئۇتغالى يىگەدگەلى ئۇسار-سىن كوڭۇلۇڭتەكى نە كۇسۇشۇك ئەرسەر كوڭۇل ئىيىن قانغاي. ئوترۇ چىستانى ئىلىگ بەگ ئوز كوڭۇلىنگە ئىنچە..............

يىتىنچىسىز يىتىز ياغىز.................... راكشاسلار بولسار،

...............تۇرۇپ قورقغۇم..........-ماز-من. قاچان

..........سوز-لەپ............كىردى.

...............بەگىگ...............قور-.......................

.........................................راكشاس بار.

ئول راكشاس بارىپ ئەدگۇ يۇمساق ساۋلار سوز-لەپ ئەرۇش ئوكۇش تىنلىغلارىغ ئولۇرۇر. ئانىن ئەمتى يالڭۇق-لار ئىلىگ-ە، مەنىڭ ئىسىگ ئوز-ۇمىن ساڭا ئۇرۇنچاق ئۇرۇر-من. من ئول راكشاس-قا

سانلىغ-من ئول يىمە راكشاس ئەدگۇ ساۋلار سوزلەپ-تەڭ تەڭ ئوڭى ئوڭى كورگەلى كورتلە كورك مەڭىز بەلگۇرتۇپ بىلتىز-مەتىن ئوكۇش تىنلىغلارىغ ئولۇرۇر. ئۇلۇغ ئىلىگ ئانى ئۇت-غالى يىگەدگەلى

قاتىغلان. تىمىن ئوك كىرسۇشۇك ساقىنچلىك بۇتگەي.

ئوترۇ ئىلىگ بەگ تركىن ئوك ئول راكشاسىغ تىلەگەلى باردى. ئول يىمە دۇشتا ئاتلىغ راكشاس ئىلىگ بەگىگ ئىراقتىن كورۇپ ئوك، ئوز كوركىن تەگشۇرۇپ چىستانى ئىلىگ-

نىڭ يىگ ئۇستۇنكى ئامراق قاتۇند-نىڭ كوركىن بلگۇرتۇپ ئىلىگ بەگ-كە ئىنچە تىپ تىدى. ئامراق بەگىم، مىنى ئورۇند-تا ياتغۇرۇ قودۇپ قانچا بارغالى ساقنۇر-

سىز. ئاز-ۇ يىمە ئادىن سەۋەر ئامراقىڭىز بار ئەركى.

ئانى ئۇچۇن منى قودۇپ بارىر-سىز. تركن ماڭا سوز-
لەك ئامراق بەگىم-ە بىروك سوز-لەمەسەر-سىز مۇنا
ئىسگ ئوز-ۇم ئۇز-ۇلگەلى تۇرۇر. بۇساۋاغ ئەشدىپ
چىستانى ئىلىگ بەگ......
(150) ئىرغاقىن...ئوترۇ دۇشتا ئاتلغ راكشاس ئەرتىنگۇ قورقۇپ
ئوز راكشاس كوركىن ئوك ئىلىگ بەگ-نەك ئاداقىن-
تا باغىرىن سۇنا ياتىپ ئىنچە تىپ تىدى. ئۇلۇغ ئىلىگ
ئەمتى من ساڭا سانلغ
(155) ئەرۇر-من. نەتەگ يىرلىقاسار ئانى بۇتۇرگەلى ئانۇق
تۇرۇرمەن. مۇنتا ئىنارۇ ئاي-ى ئىراق ئەرمەز تارىچانتا
ئاتلغ ياۋلاق راكشاس بار. سەنىڭ ئۇل-ۇشۇڭداقى
ئىگ ئەمگە ك-نىڭ توز-ى يىلتىز-ى ئول
(160) ئەرۇر. ئانىڭ يرلىقىڭا ئەركىسىز-ىن من بۇ مۇنتاغ
ياۋلاق ئادا قىلۇر-من. ئانتا ئوترۇ چىستانى ئىلىگ بەگ
ئالپ قاتىغ يۇرەكىن ئول راكشاسىغ تىلەگەلى باردى.
ئانچا يوريىۇ ئىراق-تىن قوڭقىۇ ئۇنى يىر ئۇنى ئىش-
دىلتى. ئانتا
(165) ئوق ئىلىگ بەگ قاپقارا تۇنلە تاۋش تىڭ-ىايۇ بىر ئو-
دۇنكىە تۇردى. ئول يىرئۇنى ئىشدمىشتە ئوك بودىستىۋ-
لار-نىڭ بىلگە بىلگىن ئوتغۇراق بىلتى. يەك-لەر-نەك
ئالىن ئالتاغىن تەۋىن كۇرىن بلگۇرتمىش يىر ئويۇن
(170) ئۇنى ئول تىپ ئانچا تۇرۇپ تەركىن ئول تارىچانتا
ئاتلغ راكشاس-قا ياقىن كەلىپ ئىنچە تىپ تىدى.
بىلتىم سەنىڭ ئۇتۇن راكشاس-ا تەۋىن كۇرىن بلگۇرتمى-
ش قىلىنچىڭىن.............قا نەك مىن
(175) ..........................................كوڭۇلىن
............يوق................................

.................................................................................................

(ئوئوت) يالىن تەك كوز-ى قاراقى يالىنايۇ تەگز-ىنتۇرۇپ ئولۇرماز-مۇ. ۋرۇنى تڭرى ئىنچە تىپ

تىدى. ئارۋشچى-لار بەگىتۇز-ۇن كامراككى-تىا، ئەمتى چىستانى ئىلىگ بەگ كوز-ۇنمەز بولۇپ باردى. قالىن يەكلەر تەگىرمىلەيۇ ئاۋلاپ ئىلتى-لەر ئەرگەي. ئانچا سوز-لەيۇ تۇرۇر ئەركەن ئانىڭ ئاراسىنتا چىستانى ئىلىگ كە

ياقى-ن بەلىگ-تەگ ياۋلاق ئۇن ياڭ-ق-ۇ تەك ئەشىتىل-دى يەكلەر ترز-ۇل بادرۇق چكىر بىنتىپالتا ئۇلاتى بى بى-چغۇ-لارى بىر ئىكىنتى-كە سالمىش توقمىش ئۇنىنگە مىڭ ئارتۇق كوۋرۇكلەر ئۇنىنتە ئوس-

تۈنرەك ياۋلاق ئۇن تۇردى. ئانتا ئوق قورمۇز-تا تڭرىنىڭ چىتراۋىرى ئاتلغ ئوغۇلى تڭرىدەم تونىن بىلىنگە يورگەيۇ ئالىپ ئىنترادانۇ ياسىن ئىلىگ-ىنتە تۇتۇپ چىستانى ئىلىگنىڭ تەگرەسىنتە كەزە يورد-

دى. ئانتا ئوترۇ يىرتىنچۇ يىرسۇۋ تەبرە-مىش-ىن كورۇپ مائىترى بودىستۋ ياشو مائىترى بودىستۋ بىرلە كوك قالىغ يولىنچا يورىيۇ كىلتى-لەر. ئوترۇ مائىترى بودىستۋ ئىنچە تىپ تىدى. تۇز-ۇن ياشومائىترد-ا، بۇ چاستانى

ئىلىگ بەگ سز-ىكىسز بۇتۇن ئوك ئالقۇ يەكلەرىگ بارچە بۇلۇڭ يىڭاق ساچغاي. بۇتەگرىلەر يوقسۇز ئەمگەنۇر-لەر بىرۇك ياغىز يىر ئارقاسىنتاقى توپراق-ىنىڭ پرمانۇ قۇغ قىچماق سانى نەچە ئەرسەر، يانا يمە

ئالقۇ تىنلىغلار-ىنىڭ سانى ساقىشى نەچە تەڭلىگ بولسار، نەچە تەڭلىگ قالىن كۇچلۇگ يەك ئىچكەك بولسار-لار بودىستۋ ئوغۇشلۇغ ئىلىگ بەگ-نىڭ ئاڭ-مىنتىن ئەت ئوزىن تەكى بىر ئەۋىن تۇسىنگە يمە ئادا تۇدا تەگۇر-

(260) گەلى ئۇغۇلۇغ ئەرمەز-لەر نەئۇچۇن تىپ تىسەر ئۇگىل
سا-قىنغىل تۇز-ۇنۇم-ە، بۇئىلىگ بەگ-نىڭ ئۇگرەكى
ساۋلارىن بۇ بىتراكلا پىداقى بش يۇز بودىستۋلار بارچا
مۇنتادا ئۇگرە بۇرخان قۇتىن بۇلۇپ سانسارىدىن ئوز
غۇچى-لار ئەردى.
(265) كەنتۇ ئوزىنىڭ قاتىغلانىماقىغا كوڭۇلىن يۇرەكىن ۋژ-
ىرتەك قىلىپ ئالقۇ بىر-نى بارچا ئۇتۇپ يىگەدىپ
بىر-نى-دە ئۇگرە بۇرخان قۇتىن بۇلتاچى بولتى قىنىغ
كوڭۇللۇگ ئاۋىشىن سىت ساتان قىلىپ كوڭۇلىن يۇرەكىن
(270) بۇيان ئەدگۇ قىلىنچ-قا ئوكلىتدى-ى ئاستى. بۇرخان
قۇتىلىغ كۇسۇشىنتە ئانچا قد-ا يمە تىنىمادىن قىلغۇ-
لۇغ ئىشىنگە ئارۇقىسۇز كوڭۇلىن ئارتى ئارمادى. ئوز
ئىسىگ ئوز-ىن ئىدالايۇ ياراش ياراپ
(275) ئادىن-لار-نىڭ ئەمگەكىن كوتۇرۇ كنتۇ ئوزىنىڭ ئەمگەكىنچە
ئەمگەنىپ ئۇزۇن تۇرقارۇ ئادىن تىنلىغ-لارىغ ئەدگۇگەرۇ
ئىلتگەلى قاتىغلانتى تاۋرانتى بۇقۇتلۇغ تىنلىغ نىرۋان
قاپاغىگا ياغۇقىد-ا تۇرۇر. كچمەدىن ئارا بۇ
(280) يىرتىنچۇ يىرسۇۋدا بۇرخان-لىغ كۇن تىگرى ئورلەيۇ
تۇغاكەلگەي، ئۇستۇن تگرى ئال-تىن يالڭۇق ئاز-يەك
ئىچكەك كىم ئەرسەر ئانىڭ ئۇترۇ تۇرداچى يوق. توڭا-
لار بەگىتەك قۇرقىنچسىز ئايانچسىز كوڭۇلىن تەبرەنچسىز
(285) تۇرۇپ قالىن يەكلەر-نىڭ ياۋلاقىن ئومەتىن مۇنا ئەمتى
بارچانى ئۇتار يىگەدۇر. ياشومائىترى بودىستۋ ئىنچە تىپ
تىدى. ئاياغ-قا تەگىم-لىگ تۇز-ۇن مائىترد-ا، ئەمتى
بىر يمە ئول ئەدگۇلۇگ چىستانى ئىلىگ-گەرۇ ياقىن بارىپ
(290) ئول قۇتلۇغ تىنلىغسىغ كورمەكىن كوز-ۇمۇز-نى
قۇتلۇغ قىۋلىغ قىلالىم. مائىترى بودىستۋ ئىنچە قىلالىم تىپ
سوز-لەيۇ ئىكىسى بارچا چىستانى ئىلىگ تاپا باردىلار.

ئانىا ئۇترۇ بەلىگنەگ چىستانى ئىلىگ تەگرەسىنىتە كولتى
سانىنچا يەكلەر قانىغ ئۇنىن قىقرىشتىلار ئالاقىرىشتى-لار.
ئاغز-لارىنتىن كوز-لەرىنتىن بۇرۇنلارىنتىن بارچا قورقغۇ
تەك ئۇرت يالىن ئۇنىتۇرۇپ تىشلەرىن ئاز-ىغلارىن
چىقرا-تىپ سىچغاناقلارىن ئۇرۇنۇ يالارىن ياپىنتى......
ساتاگىرى، خايىماۋادى، پانچىكى-تا ئۇلاتتى يەكلەر ئۇرۇ-
نگۈت-لارى ئەردىنى-لىگ يارىغلارىن كەدىپ بۇسۇشلۇغ
ساقىنچلۇغ كوڭۇلىن كەلىپ...لىغتا ئىنارۇ بەرۇ يورىدى-
لار. ئۇترۇ چىستانى ئىلىگ بەگ قورقىنچىسىز كوڭۇل-
ىن راكشاس-قا
ياقىن كەلىپ ...-دى كوز-ۇنۇر-تە راكشاسلار
......ئۇلۇم مادار ئۇسۇغ-لۇغ ...................... چىستانى
..............................................................................
...................................................................... چىستانى
ئىلىگ بەگ .................................................
............................................... بالىقىداقى تىنلىغ-لارىغ...........
........................ سن ئەمتى بىر ئىكىنتىكە.............سىناشۇ
كورەلىم ..............................................................
بالىقداقى ياۋىز ئىرۇ بەلگۇ-
لەر بارچا قالىسىز يىتلىنىپ بارىپ
يەكلەر-نىڭ قورقغۇ تەك ياۋلاق ئۇن-لەرى يىمە ئەشىدى-
لمەدى. ئۇترۇ چىستانى ئىلىگ بەگ ئىگ توغا ئاداسىن
تارىقمىشىن كىتمىشن كورۇپ ..............................

## تەرجىمىسى

(1) (ئۇ) ئارسلانلارنىڭ مىڭىشى بىلەن ئۇ چايان (دىگەن)
شەھەرنىڭ غەربىدە ئۇياق-بۇياققا ماڭدى. كىيىن ئىلىگ بەگ

تۇت كوچا دوقمۇشىغا يېتىپ كېلىپ، سانسىزلىغان جىنلارنى
كوردى. ئۇ جىنلار ئادەملەرنىڭ گوشىنى يەپ، قېنىنى ئىچىپ،
ئۈچەيلىرىنى بەدەنلىرىگە يوگىۋالغان ئىدى. ئۇلار چىرايلىرىنى
(ئادەم) قورقىدەك كوپ - كوك قىلىپ، يامان (ۋە) قاتتىق
ئۈن بىلەن چىقىرىشاتتى. قوللىرىدا ئۈچ ئاچىلىق نەيزىلىرىنى،
بايراقلىرىنى كوتىرىشىپ، قاپ - قارا (ۋە) ناهايىتى زور تاغدەك
ئىگىز گەۋدىلىرىنى چىقىرىپ، ئوت رەڭلىك چاچلىرىنى مۈرىسىگە
چۇشۇرۇپ، زەهەرلىك ئىلانلار بىلەن گەۋدىلىرىنى بېزەپ، هەر -
بىر كوچىدا يۈرىشەتتى. بۇنى كورۇپ چاستانى① ئىلىگ
بەگ يۈرىگىنى توختىتىپ، باتۇرلار بېگىدەك قورقمايدىغان، ئەيى -
مەنمەيدىغان كوڭۇل بىلەن جىنلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى.
جىنلار چاستانى ئىلىگ بەگنى كورۇپ، خۇددى يۇتۇۋېتىدى -
غاندەك قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋېلىپ، مۇنداق
دېيىشتى: "هەي، كىمسەن؟! نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭ يالغۇز بىزنىڭ
ئۇستۇنكى - ئاستىنقى چىشلىرىمىز ئارىسىدا يوقالغىلى كەلدىڭ؟"
بۇ سوزلەرنى ئاڭلاپ، چاستانى ئىلىگ بەگ يۈرىگىنى توختىتىپ،
قىلچىمۇ قورقماستىن، جىنلارغا مۇنداق دېدى: "هەي جىنلار،
ماڭا تېز جاۋاپ بېرىڭلار، مېنىڭ شەهرىمىدىكى خەلقىمنى
نېمىشقا ئولتۇرسىلەر؟ بۇ شەهەرگە كىرىدىغان كۈچ - قۇۋۋەتنى
سىلەرگە كىم بەردى؟ مېنىڭ بۇ ئوتكۈر قىلىچىمنى كورۇڭلار،
تېنىڭلارنى چېپىپ پارچە - پارچە قىلىپ تاشلايمەن. شەهرىمنىڭ،
ئېلىمنىڭ مۇشۇنداق بەختسىز ئەهۋالىنى كورۇپ چىدىغۇچىلىكىم
قالمىدى." ئۇ جىنلار چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ مۇشۇنچىۋالا
كۈچلۈك (ۋە) يامان سوزىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ بەكرەك ئاچ -
چىقلىرى كېلىشىپ، غەزەپ بىلەن ۋاقىراپ - جاقىراپ، مۇشتلىرىنى
تۈگۈپ، مۇسكۇللىرىنى چىقىرىپ، ئوت رەڭلىك قىسىپ - قىزىل

① چاستانى ـــ سانسكرىتچە ئىسمى [catsana] دېن كەلگەن.

چاچلىرىنى ئارقىلىرىغا تاشلاپ، ئوت يالقۇنىدەك ئۈچ ئاچىماق نەيزىلىرىنى، بايراقلىرىنى، توقماقلىرىنى قوللىرىدا تۇتۇپ، چاستانى ئىلىگ بەگنى (نەيزىلىرى بىلەن) سانجىماقچى، (توقماقلىرى بىلەن) ئۇرماقچى بولۇشۇپ، بىر - بىرسىگە مۇنداق دېيىشتى: "يەنە نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ بۇنى دەرھال سانجىڭلار، چېپىڭلار، جېنىنى ئېلىپ، ئۇ دۇنياغا ئەۋەتىڭلار". شۇنىڭدىن كېيىن، چاستانى ئىلىگ بەگ بارلىق كۈچىنى يىغىپ، كۈچ بىلەن سەكرەپ بېرىپ ئۈرۈمكى ① ئاتلىق جىننىڭ كۆكۈلىسىنى تۇتۇپ تارتىپ، قىلىچىنى ئىگىز كۆتىرىپ، (ئۇنىڭ) بېشىنى چېپىشقا تەمشەلدى. دەل شۇ چاغدا بۇ جىنلار چاستانى ئىلىگ بەگنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتىنى، سۈرلۈكلۈگىنى، بەخت - تەلىيىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ قورقۇشۇپ كەتتى. (ئۇلار) ئۈنلىرىنى پەـ سەيتىپ، ئىلىگبەگكە مۇنداق دېيىشتى: "ھەي، ئىنسانلارنىڭ ئارسلانى، پادىشالار ۋە بەگلەرنىڭ بەخت تەگرىسى، (بىزگە) مېھرىۋانلىق قىلىپ، نىيىتىڭدىن يانغىن، چۈنكى سەن بىزنى ئۆلتۈرسەڭ، سېنىڭ شەھرىڭدىكى كېسەللىك ئاپىتى يەنىلا تۈگىمەيدۇ. شۇڭا بىزنىڭ جېنىمىزغا رەھىم قىلىپ، (بىزگە) ياردەم قىلغىن!" ئىلىگ بەگ جىنلارغا مۇنداق دىدى: "ھەي جىنلار، (ماڭا) تېز جاۋاپ بېرىڭلار! نېمە ئۈچۈن مېنىڭ شەھرىمدىكى، ئېلىمدىكى كېسەللىك ئاپىتى يوقالمايدۇ؟" جىنلار مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىشتى: "ئۇلۇغ ئىلىگ بەگ، مۇشۇ تاپىتا سېنىڭ شەھرىڭنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى بىر تۈپ يوغان سۆگەتتە ياۋۇز نىيەتلىك ئالۋاستى بار. ئۇنىڭ ئۈچ يوغان كۆزى بار، ئوت رەڭلىك چاچلىرى ئارقىسىدا چۇۋۇلۇپ تۇرىدۇ. كۆزىنىڭ قارىچۇغى ياندۇرۇلغان چىراقتەك يالقۇنجاپ، ئايلىنىپ تۇرىدۇ. (ئۇ) ئۇزۇندىن بېرى رەھىمسىزلىك

① سانسكرىتچە ئىسمى [Urumkha] دىن كەلگەن.

بىلەن سانسىزلىغان جانلىقلارنى ئىزىقلىرىدا چاينىشىپ ئۆلتۈرۈپ، (يەنە) تويىماي، قانماي ......"

"...... ئىنتايىن جاسارەتلىك، ئەقىل - پاراسەتكە تولغان قوڭۇريەر ئىگىسى چاستانى ئىلىگ بەگ مەن بولىمەن. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، قورقماستىن - ئەيمەنمەستىن سىلەر بىلەن جەڭ قىلىشقىلى كەلدىم. ھەي جىنلار ھەقىقىي قۇدرەتلىك باتۇر بولساڭلار مەن بىلەن جەڭ قىلىشقا تەييارلىنىڭلار. (قېنى) قايسىمىز كۈچلۈك ئىكەنمىز، ئەمدى بىر - بىرسىمىز بىلەن سىنىشىپ باقايلى". (چاستانى ئىلىگ بەگ) شۇنداق سوزلەرنى (قىلىپ) ئوت يالقۇنىدەك ئوتكۈر قىلىچىنى قولىدا كوتەرگىنىچە جىنلار تەرەپكە ئېتىلىپ بېرىپ، (ئۇلارنىڭ) ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. جىنلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان كالاشوتارى① ئاتلىق جىننىڭ كۆكۈلىسىدىن تۇتۇپ، قىلىچى بىلەن چاپقىلى، سانجىغىلى تەمشەلگەن (دە) ........................................

...............................................................................

...............................................................................

...... ئالقانلىرىنى جۈپلەپ، ئىلىگ بەگكە مۇنداق دېيىشتى: "ھەي پادىشالارنىڭ پادىشاسى، ھەرقانداق يارلىغىڭ بولسا، ئۇ يارلىغىڭنى ئورۇنداشقا تەييارمىز". ئىلىگ بەگ مۇنداق دېدى: "شەھەردىكى - دولەتمەندىكى (خەلقىمنىڭ) خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كورۇپ، مېنىڭ بۇ قىلىچىم سىلەرنىڭ قېنىڭلارنى ئىچمەكچى". جىنلار مۇنداق دېيىشتى: "ئۇلۇغ ئىلىگ، بۇ يەردىن نېرىدا ناھايىتى ياۋۇز ئىككى ئالۋاستى بار: بىرىنىڭ ئېتى ئۇرۇ②، يەنە بىرىسىنىڭ ئېتى ئاگنىكىشى③ بىز ئۇلارغا قاراشلىقمىز. (ئەگەر سەن ئۇلارنى يېڭەلىسەڭ، كوڭلۇڭدىكى ھەرقانداق ئارزۇيۇڭ

---

① كالاشوتارى — سانسكرىتچە [Kalasodara] دىن كەلگەن.

② ئۇرۇ — سانسكرىتچە [Uru] دىن كەلگەن.

③ ئاگنىكىشى — سانسكرىتچە [agnikesa] دىن كەلگەن.

..................................................................

...... ئالۋاستى بار. ئۇ (ئىنتايىن) يۇمشاق سوزلەر بىلەن (ئالداپ) ناھايىتى كوپ جانلىقلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ھەي ئىنسان - لارنىڭ پادىشاسى ئەمدى مەن جېنىمنى ساڭا گورەگە قويىمەن. مەن ئۇ پادىشاسى قاراشلىقمەن. ئۇ ئالۋاستى ياخشى سوزلەرنى قىلىپ، خىلمۇ - خىل چىرايلىق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، تۈيىدۇر - ماستىن نۇرغۇن جانلىقلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ئۇلۇغ ئىلىگ ئۇنى يېڭىشكە تىرىشقىن. شۇ چاغدىلا ئارزۇيۇڭ، ئويۇڭ ئەمەلگە ئاشىدۇ". شۇندىن كېيىن ئىلىگ بەگ دەرھاللا ئۇ ئالۋاستىنى ئىزلەشكە ئاتلاندى. دۇشتا① ئاتلىق ئۇ ئالۋاستى ئىلىگ بەگنى يىراقتىن كورۇپلا، ئوز قىياپىتىنى ئوزگەرتىپ، چاستانى ئىلىگنىڭ ھەممىدىن ياخشى كورىدىغان ئامراق خوتۇنىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، ئىلىگ بەگنىڭ كەينىدىن مېڭىپ، نازۇك ئۈن بىلەن ئىلىگ بەگكە مۇنداق دىدى: "ۋاي ئامراق بېگىمەي، مېنى ئورۇندا ياتقۇزۇپ قويۇپ قەيەرگە بارماقچى بولۇۋاتىسىز؟ مېنىڭدىن باشقا يەنە سويىدىغان ئامرىغىڭىز بارمۇ - يە؟ (سىز) شۇنىڭ ئۈچۈن مېنى تاشلاپ كېتىۋاتقان ئوخشايسىز. ئامراق بېگىم، دەرھال ماڭا جاۋاپ بەرسىڭىزچۇ؟ ئەگەر ماڭا سوزلىمىسىڭىز، جېنىمدىن جۇدا بولىمەن". بۇ سوزنى ئاڭلاپ چاستانى ئىلىگ بەگ ......

ئىلمەك بىلەن ... ئۇندىن كېيىن دۇشتا ئاتلىق ئالۋاستى ئىنتايىن قورقۇپ، ئوزىنىڭ ئالۋاستىلىق (ئەسلى) قىياپىتى بىلەن ئىلىگ بەگنىڭ ئايىغىدا سوزۇلۇپ، دۈم يېتىپ تۇرۇپ، مۇنداق دىدى: "ئۇلۇغ ئىلىگ، ئەمدى مەن ساڭا قاراشلىقمەن. قانداق يارلىق قىلساڭ، ئۇنى ئورۇنلاشقا تەييارمەن. بۇ يەردىن ئانچە يىراق

① دۇشتا — سانسكرىتچە [dustā] دىن كەلگەن.

بولمىغان جايدا تارىچانتا① ئاتلىق ياۋۇز ئالۋاستى بار. ئۇ سىنىڭ دولىتىڭدىكى كېسەللىك ئازاۋىنىڭ يىلتىزى. ئۇنىڭ بۇيرۇغى بىلەن مەن ئامالسىزلىقتىن مۇشۇنداق يامان خەۋپ سالىمەن". شۇنىڭدىن كېيىن چاستانى ئىلىگ بەگ قەتئىي نىيەت بىلەن ئۇ ئالۋاستىنى ئىزلەشكە ئاتلاندى (ۋە) كېتىۋاتقىنىدا، يىراقتىن كۈڭخۇ (غۇڭقۇ) ئۇنى ۋە ناخشا ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ هامان ئىلىگ بەگ قاپ - قاراڭغۇ تۈندە تاۋۇش تىڭشاپ بىر ئاز ۋاقىت تۇردى. ناخشا ئاۋازىنى ئاڭلىغىنىدا، بودساتۋا - لارنىڭ ئەقىل - پاراستى بىلەن (ئۇ ناخشا ئاۋازىنىڭ) جىنلار سۇيىقەستىنى، جادىگەرلىكنى بىلدۈرىدىغان ناخشا نەيرىڭى ئاۋازى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلدى. بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ تارىچانتا ئاتلىق ئالۋاستىغا يېقىن كېلىپ مۇنداق دېدى: "هەي نومۇسسىز ئالۋاستى، سىنىڭ جادىگەرلىكىڭنى كورسىتىدىغان قىلمىشىڭنى بىلدىم ......"

......... ۋورۇنى② (ئاتلىق) تەڭرى مۇنداق دېدى: "ئەي سىپەر- گەرلەرنىڭ بېگى هورمەتلىك كامراككتى③، هازىر چاستانى ئىلىگ بەگ كورۈنمەيۋاتىدۇ. قىلىن جىنلار (توپى) ئەتراپىدىن قورشىۋالغان ئوخشايدۇ." ئۇ شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا، (جىنلار توپى) ئارىسىدىكى چاستانى ئىلىگكە يېقىن (جايدىن) قورقۇنچ- لۇق قاتتىق ئۈن ئەكس ساداسى ئاڭلاندى. جىنلار ئۈچ ئاچماق نەيزىلىرىنى، بايراقلىرىنى، چاقلىرىنى (ۋە) خەنجەر- قىلىچلىرىنى بىر بىرىگە سىلىشىپ (ئوز ئارا) ئۇرۇشۇۋاتقان ئاۋازلار مىڭلىغان داقا - دۇمباقلارنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ چۈشەتتى.

---

① تارىچانتا سانسكرىتچە [Trijatā ?] دىن كەلگەن.

② ۋورۇنى — سانسكرىتچە [Varuna] دىن كەلگەن.

③ كامراككتى — سانسكرىتچە [Kāmarakta] دىن كەلگەن.

شۇ چاغدا خورمۇزتا تەڭرىنىڭ چىتراۋىرى① ئاتلىق ئوغلى تەڭرىلىك تونىنى بېلىگە يوگىۋېلىپ، ئىنترادانۇ② ياسىنى قولىدا تۇتقان ھالدا چاستانى ئېلىگنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈردى. شۇندىن كېيىن، يەر - جاھاننىڭ تەۋرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مائىترى بودساتۋا ياشومائىترى③ بودساتۋا بىلەن ئاسمان يولىدىن مېڭىپ كېلىشتى. مائىترى بودساتۋا مۇنداق دېدى: "ئەي ھۆرمەتلىك ياشومائىترى، بۇ چاستانى ئېلىگبەگ شۇبھىسىزكى، بۇ كېچە بارلىق جىنلارنى تېرە - پېرەك قىلىۋېتىدۇ. بۇ تەڭرىلەر بىكاردىن جاپا چېكىۋاتىدۇ. چۈنكى، يەردىكى تۇپراق زەررىچىلىرىنىڭ سانى (ۋە) بارلىق جانلىقلار ساندىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بولغان كۈچلۈك، ياۋۇز جىن - ئالۋاستىلارمۇ بودساتۋا نەسلىدىن بولغان ئېلىگ بەگنىڭ تېنىدىكى بىر تال تۈكىگە زىيان - زەخمەت يەتكۈزەلمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن دېسەڭ، ئۆزەڭ ياخشى ئويلىنىپ باققىن، بۇ ئېلىگ بەگنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرى بىلەن بۇ بتراكلاپتىكى④ بەشيۈز بودساتۋانىڭ ھەممىسى بۇندىن ئىلگىرى بۇرخان بەختىگە ئېرىشىپ، سانسار⑤ -

---

① چىتراۋىرى — سانسكرىتچە [Citravirya] دىن كەلگەن.

② ئىنترادانۇ — سانسكرىتچە [indriya] دىن كەلگەن.

③ ياشو مائىترى — سانسكرىتچە [yasō mitra] دىن كەلگەن.

④ بتراكلاپ — سانسكرىتچە [bhadra kalpa] دىن كەلگەن سۆز بولسا كېرەك. مەنىسى "دانالارنىڭ كالپاسى" بولۇپ، "kalapa" چوڭ بىر دەۋر بولۇنۇشىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، چوڭ كالپا (1.344.000.000 يىل)، ئوتتۇرا كالپا (336.000.000 يىل)، كىچىك كالپا (16.800.000 يىل)، دەپ ئۈچكە بولۇنىدۇ. دېمەك، "بتراكلاپ" مۇ دانالار مەيدانغا چىقىدىغان چوڭ بىر دەۋر بولۇنۇشىنى كۆرسەتسە كېرەك.

⑤ سانسار — [sansara] سانسكرىتچە سۆز بولۇپ "ھايات-مامات دېڭىزى" دېگەن مەنىدە.

دىن قۇتۇلغان ئىدى. (چاستانى ئىلىگ بەگ) تىرىشقانلىقى، كۆڭلى (ۋە) يۈرىگىنى ئالماستەك (قاتتىق) قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر ھەممىمىزنى يېڭىپ، بىردىن ئىلىگىرى بۇرخان بەختىگە ئېرىشىدىغان بولدى. ئازراقمۇ تىنماستىن (تىنىم تاپماستىن) بوشاشمايدىغان ئىرادە بىلەن قىلىدىغان ئىشىنى ئورۇنلىدى (ۋە) ھېرىپ - چارچاپ توختاپ قالمىدى. ئۆز جېنىدىن كېچىشكە رازى بولۇپ، باشقىلارنىڭ جاپاسىنى كوتىرىپ، باشقىلار ئۈچۈن ئازاپ چېكىپ، دائىم باشقا جانلىقلارنى ياخشىلىققا باشلاشقا تىرىشتى (ۋە) ھەركەت قىلدى. بۇ بەختلىك ئىنسان نىرۋان قاپقىسىغا يېقىن تۇرىدۇ. ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەر - جاھاندا بۇر - خانلىق كۈن تەڭرى ئورلەپ چىقىدۇ. يۇقۇرىدا تەڭرى (مەدەت بەرگەنلىگى ئۈچۈن) توۋەندىكى ئىنسان (ۋە) جىن - ئالۋاستى - لارنىڭ ھىچقايسىسى ئۇنىڭغا تەڭ كېلەلمەيدۇ. باتۇرلار بېگىدەك قورقمايدىغان - ئەيمەنمەيدىغان جاسارەت بىلەن ئىككىلەنمەستىن، ھىساپسىز كوپ جىنلارنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىغا پىسەن قىلماستىن، ئەمدى ھەممىسىنى يېڭىدۇ.“ ياشومائىتىرى بودستۋا مۇنداق دىدى: ”ھورمەتكە سازاۋەر جانابى مائىتىرى، ئەمدى بىر ئۇ ئىسىلزادە چاستانى ئىلىگنىڭ يېنىغا بىرىپ، ئۇ بەختلىك جانلىقنى كورۇش بىلەن كۆزىمىزنى بەخت - سائادەتلىك قىلايلى“. ئىككىسى شۇنداق دىيىشىپ، چاستانى ئىلىگ تەرەپكە مېڭىشتى. شۇندىن كېيىن ھەيۋەتلىك سۈرلۈك چاستانى ئىلىگ ئەتراپىدا يۈز مىڭلىغان جىنلار قاتتىق ئاۋاز بىلەن ۋاقىرىشىپ، ئېغىزلىرىدىن، كوزلىرىدىن، بۇرۇنلىرىدىن ھەممە قورقىنىدەك ئوت يالقۇنى چىقىرىپ، چىشلىرىنى - ئىزىقلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ...... (جىنلارنىڭ) ساتا گىرى①، خايماۋادى②، پانچىكى ③ قاتارلىق

① ساتاگىرى — سانسكرىتچە [satagiri] دىن كەلگەن.
② خايماۋادى — سانسكرىتچە [haimavata] دىن كەلگەن.
③ پانچىكى — [Pañcika] دىن كەلگەن.

سەركەردىلىرى. مەرۋايىتلىق ساۋۇت - دۇبۇلغۇلىرىنى كىيىشىپ كوڭۇللىرى غەم - ئەندىشىگە تولغان قايغۇلۇق قىياپەتتە ...... لىقتا ئۇياق - بۇياققا مېڭىشتى. ئاندىن كېيىن چاستانى ئىلىگ بەگ يۇرەكلىك هالدا جىنلارغا يېقىن كېلىپ، ........ جىنلارنىڭ قورقۇنچلۇق يامان ئۇنلىرى يەنە قايتىدىن ئاڭ- لانمىدى. ئاندىن كېيىن چاستانى ئىلىگ بەگ كېسەللىك ئاپىتىنىڭ تارقىلىپ كەتكەنلىگىنى كورۇپ، ......................

..............................................................

# «مائىترى سىمىت» تىن پارچە

## «مائىترى سىمىت» ھەققىدە ئىزاھات

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مائىترى سىمىت» (مائىترىدىنىڭ ئۇچرىشىشى) 1959 - يىلى 4 - ئايدا قۇمۇلدىكى تىيانشان گۆڭشىپىسىنىڭ تومۇرتى دىگەن جايىدىكى بۇددا دىنى ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن تېپىلغان. ھازىر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇكىتاپ جەمئى 293 ياپراق (ۋاراق) بولۇپ، ھەربىر ياپرىقىنىڭ چوڭلۇقى 47·5×21·7cm كېلىدۇ.

بۇ ئەسەر قەدىمقى قارا شەھەر تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئا. ۋ. لېكوك باشچىلىقىدىكى گېرمانىيە ئارخېئولوگىيە ئەترىدى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق ۋە سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق جايلىرىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مائىترى سىمىت» نىڭ پارچىلىرىنى تاپقان. گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ئا. فون. گابائىن 1957 ۋە 1961 - يىللىرى ئەسەرنىڭ تۇرپان نۇسخىسىنىڭ مائىنز پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى پارچە ياپراقلىرىنىڭ فوتو سۈرىتىنى ئېلان قىلغان. ئېلىمىزدە پروفېسسور فېڭ جىياشىڭ ئەسەرنىڭ قۇمۇل نۇسخىسىنىڭ كىملەر تەرىپىدىن ۋە قايسى تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغانلىقى ۋە بۇ ئەسەرنىڭ 2 - بۆلۈمىنىڭ 6 - ۋارىقى (2 بەت) توغرىسىدا «مەدەنىي يادىكارلىقلار»

ژورنىلىنىڭ 1962 - يىللىق 7 - 8 - بىرلەشمە سانىدا ئۇز
تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى. دوتسېنت گېڭ شىمىن «تارىخ
تەتقىقاتى» ژورنىلىنىڭ 1979 - يىللىق 2 - سانىدا بۇ ئە-
سەرنىڭ كىرىش قىسمىنىڭ 12 - ۋارىقىنىڭ كەينى بېتىنى
ئېلان قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق موزېيدىكى ئىسرائىل يۇسۇپ
بىلەن دولقۇن قەمبىرى بۇ ئەسەرنىڭ 3 - بۆلۈمىنىڭ ئال-
دىنقى 5 ۋارىقى (10 بەت) نى «شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي
ژورنىلى» نىڭ 1981 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلدى.

بۇ ئەسەر ئالدى بىلەن سانسكرىت تىلىدىن توخرى تىلىغا،
ئاندىن توخرى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىن-
غان. ئەسەرنىڭ توخرى (قەدىمقى قارا شەھەر) تىلىدىكى نۇس-
خىسىدا ئۇنىڭ نامى «مائىترىسىيا سامىتىناتاكا» (ناتاكا - دىراما
مەنىسىدە) دەپ يېزىلغان ۋە ھەربىر پەردىنىڭ بېشىدا ۋە-
قەلىكنىڭ ئورنى، سەھنىگە چىققۇچى قەھرىمانلار، ئورۇنلىنىدىغان
كۈيلەر خاتىرىلەنگەن. شۇڭا ئاساسەن ياۋروپا ئالىملىرى
ئەسەرنى 27 پەردىلىك دىراما ئەسىرى دەپ ھېساپلايدۇ.
دېمەك، ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسىنىڭ دىراما ئەسىرى
بولۇشى شۈبھىسىز. لېكىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسخىسىدا،
سەھنىگە چىققۇچى قەھرىمانلار ۋە ئورۇنلىنىدىغان كۈيلەر
خاتىرىلەنمەي، پەقەت ۋەقەلىكنىڭ ئورنىلا يېزىلغان. شۇنداق
بولسىمۇ، بىز بۇ ئەسەرنى ئۇقۇغىنىمىزدا ئۇنىڭ ئىجادى
يوسۇندا تەرجىمە قىلىنغانلىقىنى ۋە قويۇق دىراما تۈسىگە
ئىگە ئىكەنلىكىنى كورۈۋالالايمىز.

# «مائىترى سىمىت» نىڭ تېكىستى

## «مائىترى سىمىت»تىن ئورنەك




(1) مەن يىمە
تڭرى تڭرىسى
بۇرخان ئۇترۇ
(2) بارايىن. بۇ
مۇنچا ساۋ
سوزلەسىپ
ئۇلار ئۇچ-
(3) ەگو ئوكى-
ئوكى ئۇ-
نۇپ باردى-
لار. ئانتائوترۇ
(4) بىس يۇز
ساكى توز-
لۇگ قاتۇن-
لار بىرلە
(5) تەگرىكلەپ
ئول ئالتۇن
ئوڭلۇگ بوز
ئىلگىنتە
(6) تۇتا ماھاپر
چاپا-تى گا-
ئوتامى قاتۇن
(7) ياسودارا-قا
ئىنچە تىپ
تىدى:

No18 —: (1) ۋائىباشىكى ئارياچاترى بودسىۋت كىشى ئاچارى
(2) (ئەنە) تكەك تىلىنتىن توخرى تىلىنچە
(3) (ياراتمىش) پرتانراكشىت ...... توخرى
(4) تىلىنتىن تۈرك تىلىنچە ئەۋىرمىش
(5) مائىترى سىمىت نوم بىتىگدە مائىترى
(6) بودسىۋت ......

ۋائىباشىكى (Vaibhāsika) مەزھىبىدىكى ھەزرەت ئارياچاترى بودساتىۋا ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلىدىن توخرى تىلى (قەدىمقى قاراشەھەر تىلىنى كورسىتىدۇ)غا تەرجىمە قىلغان، پرتانراكشىت ...... توخرى تىلىدىن تۈرك تىلى (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى) غا تەرجىمە قىلغان مائىترى سىمىت نوم پۈتۈكتىكى مائىترى بودساتىۋا ......

No·80 —:

(1) ئالقۇ شاساتار - لارىغ ئۇتكۇرمىش تۈپكەرمىش
(2) ۋائىباش شاستر بوشغۇنمىش ئارياچىنترى بودسىۋت
(3) كىشى ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن توخرى تىلىنچە
(4) ياراتمىش پرتاراكشىت ...... مە - مك توخرى
(5) تىلىنتىن تۈرك تىلىنچە ئەۋىرمىش مائىترى سى-
(6) مىت نوم بىتىگدە ئانىرۇتى ئارخانتىنىڭ
(7) ئاۋدانى ئاتلىغ ئۇچۇنچ (ئۇلۇش) تۈكەدى
(8) نامو بوت (نامو درم نامو ساڭ)

بارلىق شاستىرلارنى چوڭقۇر بىلىدىغان ۋە چوڭقۇر تەتقىق قىلغان، ۋائىباش شاستىرنى ئۆگەنگەن ئارياچىنترى بودساتىۋا ھەزرەت ئەنەتكەك تىلىدىن توخرى تىلى (قەدىمقى قاراشەھەر تىلىنى كورسىتىدۇ) غا تەرجىمە قىلغان، پرتاراكشىت ...... توخرى تىلىدىن تۈرك تىلى (قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى) غا تەرجىمە قىلغان مائىترى سىمىت نوم پۈتۈكتىكى ئانىرۇتى ئارخاتىنىڭ

ئاۋدانى ئاتلىق ئۇچىنچى بولۇم توگىدى. نامىو بۇت، نامىو درم، نامىو ساك

No.50—:

(1) تەشگرە تۇتۇق كۇشۇسگا

(2) بىتدىمىز.

بىز تەشگرە تۇتۇق ۋە كۇشۇسگا يازدۇق (يەنە مۇنداق تەرجىمە قىلىشمۇ مۇمكىن: بىز تەشگرە تۇتۇقنىڭ ئارزۇسى بويىچە يازدۇق).

ئىكىنتى ئۇلۇش ئالتى پتر (A)

(1) ياشرۇ كوڭلىن ئىنچە تىپ سىزىك ئايىتدىلار

(2) بىزىڭ باخشىمىز بادارى باراماں نە ئوسۇغلۇغ

(3) توزلۇگ ئەركى نەچە ياشلاغ سىشلاغ ئەركى

(4) تىتسلەرىنگە قايۇ قايۇ شاساتار- لار بوسغ-

(5) ۇرۇر ئەركى (٠) تاقى يمە ئىنچە تىپ سىزىك-

(6) مىگ ئايىتىڭلار توپۇ نەگۇ بولۇر ئەركى

(7) توپۇدىن تايماق نەگۇ بولۇر ئەركى

(8) بۇ مۇنتاغ تۇرلۇگ ئايىتا-

(9) مىش سىزىكلەرىڭىزنى ئادارتلايۇ

(10) يېرلىقاسار ئوترۇ سىزلەر ئىنچە ئۇقۇڭلار

(11) سىزىكسىز تۇكەل بىلگە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان

(12) ئەرمىش. نە ئۇچۇن تىپ تىسەر، كىم قايۇ

(13) قۇتلۇغ تىنلاغلارنىڭ ئىكى قىرق قۇت بۇياز-

(14) لاغ ئىرۇ بىلگۇسى تۇكەل بار ئەرسەر ئول تىنلاغ

(15) تۇكەل بىلگە بىلىگلىگ بۇرخان ئاتانۇر

(16) سىزلەرنىڭ ئارا قايۇسى ئۇلۇغ ئەرسەر سىز-

(17) لەر ئول ئوڭرەكى سىزىكىگ ئايىتزۇن

ئەسكەرتىش: (A) ئالدى بەتنى، (B) كەينى بەتنى كورسىتىدۇ.

(18) ئانتادا باسا كەزىكچە كەنتۈ كەنتۈ

(19) بوشغۇنمىش يىت ئۆپرىت ئىنىنگەن لوكا ــ

(20) ئىنتا ئۆلاتى شاساتارلار ئىچىنتەكى تەرىڭ

(21) تەرىڭ يۈرۈگلەر سىزىك ئايىتىڭلار تاقى

(22) يىمە يۈلتۈز كورۈم ئىچىنتەكى ئەلپ ئەلپ سىز -

(23) دك ئايىتىڭلار ئۆل ئايىتمىش سىزىكلەرىڭىز -

(24) لەرنى تىدىغسىز تۈتۈغسۇز كىگىنچ بىرۈ ئۇسار

(25) تىمىن ئۆك ئانىڭ تىتىسىسى بولۇڭلار

(26) ئەلپ بولغۇلۇق بۇرخان قۇتۇلىغ ئەردنىلىگ

(27) ئۆترۈقتا كىرىپ قۇترۇلماقلاغ يىلۇغ ئەدگۈ -

(28) لۈك ئەردنىلەر كوڭۈلچە ئىدىڭلەر قاچان

(29) سىزلەر مەنگۈلۈگ مەڭىگ تەگسەر سىزلەر

(30) مەنگە يىمە ئەدگۈلۈك ئۆلۈش يانتۇرۇ ئىدىڭ -

(1) لەر ياشقا سىشقا تەگمىش خارى قاڭىڭىز -

(2) لارنى قانمادۇغ كۈسۈشلۈگ قىلماڭلار

(3) ئانتا ئۆترۈ تۈزۈن مائىترى قانداسى

(4) ئاچىتىدا ئۆلاتى بىش يىگرمى ئۇرىلار بىرلە

(5) بادارى براماننىڭ ئىناغ ساۋىن تەگىنۈپ

(6) ياشلارى سەۋلىرۇ (ساۋرىلۇ) ئىغلايۇ بادارى براماننقا

(7) كەسەنتى قىلىپ بىش يۈز برامان

(8) ئۈزىلارىڭا تەگۈرتۈ (٠) بادارى

(9) برامان بالىقىنتىن ئۈنۈپ بارىلار

(10) ئانتا ئۆترۈ دگسانپىت ئىلتەكى

(11) قالىن قارا بودۇن ئىنچە ئىشىدتىلەر

(12) تۈزۈن مائىترى باخشىسى بادارى برامان‌اغ

(13) قودۇپ ماتىئادىس ئۆلۈسقا بارىمىش① قالتى

---

① بارىمىش ــ ئەسلى تېكىستە "بارمىش" دەپ يېزىلغان.

(14) ئامراق ئۈگدىنتىن قاڭىنتىن ئادرالمىش
(15) ئوسۇغلۇغ بولۇپ (٠) مىڭ مىڭ تۈمەن
(16) تومەن ئەرەن ئىشلەر ئۇلۇغ كىچىگ ئوغلان -
(17) قا تەگى بۇلۇڭتىن يىڭاقتىن تويىن
(18) تويىن يىغىلىپ ئىغلايۇ سىغتايۇ تۇزۇن
(19) مائىتىرىقا ياقىن كەلىپ ئاغار ئاياماقىن
(20) ئىنچە تىپ تىدىلەر ئەدگۈلۈك قۇت تەگىرد -
(21) سى بارامانلار ئارىغى ئازۇن① تىگرى قوپ
(22) ئۇمۇغسۇز ئىناغسىز تىنلىغلارنىڭ ئۇمۇغى
(23) ئىناغى ئالقۇ دگسانىپت ئىلىنىڭ ئاتلىغى
(24) ئالقۇقا تۇز يىرلىقانچۇچى بىلىگلىگ ئەردىنىز
(25) بىزنى ئىلزەكى② (ئۇزەكى) ئامرانماق بىلىگىنىز قانچا
(26) باردى بىزنى قودۇپ قانچا بارغالى ساقىنۇر -
(27) سىز بۇ مۇنتاغ تۇرلۇگ ئامراقتىن ئادرالماق
(28) ئاچىغ ئەمگەك قانتاران بەلگۈردى ئەركى - ى
(29) بۇ مۇنتاغ ئىرىنچ يىرلىغ ئاغاز يارلىغ
(30) كوز ياشلىغ ئەچۈكىن قودۇپ بارىرسىز

## تەرجىمىسى (A)

### ئىككىنچى بولۇم ئالتىنچى ياپراق

(1) سىلەر يوشۇرۇن كوڭۇل بىلەن مۇنداق دەپ گۇمانىڭلارنى

---

① ئازۇن — ئەسلى تېكىستە ئەزرۇئا دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنىپ قالغان.

② ئىلزەكى — ئەسلى تېكىستە ئۇزەكى دەپ يېزىلغان. بۇ يەردە خاتا ترانسكرىپسىيە قىلىنغان.

سوراڭلار:

(2) "بىزنىڭ ئۇستازىمىز باداري① براھمان قانداق قىيا-
پەتلىك؟

(3) قانچە ياشقا كىردى؟

(4) شاگىرتلىرىغا قايسى شاستىرلارنى ئۆگەتتى؟"

(5) سىلەر يەنە مۇنداق دەپ گۇمانىڭلارنى

(6) سوراڭلار: "چوققا قانداق بولىدۇ؟"

(7) چوققىدىن تېيىلماق قانداق بولىدۇ؟

(8) ئۇ سىلەرنىڭ سورىغان مۇشۇنداق تۈرلۈك

(9) گۇمانىڭلارنى ئايرىپ بەرسە (ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بەرسە)،

(10) ئاندىن سىلەر شۇنداق ئوقۇڭلاركى (ھېساپلاڭلاركى)،

(11) ئۇ ھەممىگە قادىر تەڭرىسى بۇرخان

(12) ئىكەن. نېمە ئۈچۈن دېسەڭلەر، قايسى

(13) بەختلىك جانلىقنىڭ ئوتتۇز ئىككى (تۈرلۈك) بەخت-تە-
لىيىنىڭ

(14) باخشىلىق ئالامىتى تۈگەل بار بولسا، ئۇ جانلىق

(15) ھەممىگە قادىر بۇرخان ئاتىلىدۇ.

(16) سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا كىم چوڭ بولسا،

(17) شۇ ئاۋال گۇمانىنى سورىسۇن.

(18) ئاندىن كېيىن رەت بويىچە، ھەرقايسىڭلار

(19) ئۆزەڭلار ئۆگەنگەن يىت ئۆپرىت ئىنىنگەن②، لوكا-

(20) ئىنتا③ قاتارلىق شاستىرلار ئىچىدىكى ئىنتايىن چوڭقۇر

---

① باداري — مائىترىنىڭ ئۇستازى، 120 ياش. ئۇ ناھايىتى ئەقىل-پاراسەتلىك بولۇپ، 500 شاگىرتى بولغان.

② يىت ئۆپرىت ئىنىنگەن — مەنىسى ئېنىق ئەمەس. ئۇنى "ۋىت ئۆپرىت ئىنىنگەن" دەپ ئوقۇشمۇ مۇمكىن. بۇ ئېھتىمال توخرى يېزىقىدىكى شاستىرنىڭ نامى بولسا كېرەك.

③ لوكائىنتا — لوكا سانسكرىتچە سۆز بولۇپ "دۇنيا، جاھان، ئالەم" دېگەن مەنىدە.

(21) مەنلەر (توغرىسىدىكى) گۇمانىڭلارنى سوراڭلار.

(22) يەنە مۇنەججىملىكتىكى ئەڭ قىيىن (مەسىلىلەر توغرىسىدىكى) گۇمانىڭلارنى

(23) سوراڭلار. ئۇسلەر سورىغان گۇمانلىق (مەسىلىلەرگە)

(24) توختاتماي (كەسكىن)، ئېنىق جاۋاپ بېرەلىسە،

(25) سىلەر ئۇنىڭ شاگىرتى بولۇڭلار.

(26) قىيىنى شۇكى، سىلەر كوڭلۇڭلەردە (ياكى ئىختىيارىڭلار بىلەن)

(27) بۇرخان بەختىنىڭ گوھەرلىك ئارىلىدىن كىرىپ، قۇتۇلۇپ چىقىدىغان يولنى

(28) خەيىرلىك گوھەر دەپ ھىساپلاڭلار①.

(29) سىلەر قاچان مەڭگۈلۈك شاتلىقنى يېتىشسەڭلار،

(30) ماڭمۇ خەيىرلىك ئۇلۇشتىن (نېسىۋىدىن) قايتۇرۇڭلار.

(1) ياشانغان - قېرى ئاتىڭىز -

(2) لارنى قانمىغان ئارزۇلۇق قىلماڭلار.

(3) ئاندىن كېيىن ئالىجاناپ مائىترىنىڭ توققىنى

(4) ئاچىتى② قاتارلىق ئونبەش ئەر

(5) بادارى براھمانىنىڭ ھاۋالە سوزىنى ئاڭلاپ

(6) ياشلىرىنى ئېقىتىپ يىغلاپ، بادارى براھمانغا

(7) توۋە قىلىپ بەشيۈز براھمان

(8) ئەر ئارىسىغا يېتىپ باردى. بادارى

---

① (26)، (27)، (28) قۇرلارنى بىزنىڭ چۈشىنىشىمىز مۇنداق: "(26) سىلەر تەستە تاپقىلى بولىدىغان بۇرخان بەختلىك گوھەرلىك (27) ئارالىغا كىرىپ، قۇتۇلۇش يولىنى (28) خەيىرلىك گوھەرلەر بىلەن كوڭۈلدىكىدەك ياساڭلار".

② ئاچىتى — سانسكرىتچە [Ajita] ئادەم ئىسمى.

(9) براھمان ئوز شەھرىدىن چىقىپ كەتتى①.
(10) ئاندىن كېيىن دىگسانىپت ئېلىدىكى
(11) قېلىن (نۇرغۇن) قارا خەلق مۇنداق ئىشىتتى:
(12) "ئالىجاناپ مائىترى ئۇستازى بادارى براھماننى
(13) تاشلاپ ماتىئادىس② دولىتىگە بارىمىش"، ئۇلار خۇددى
(14) سويۇملۇك ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلغاندەك
(15) بولۇپ، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن
(16) ئەر - ئاياللاردىن تارتىپ چوڭ - كىچىك باللار -
(17) غىنچە (ھەممىسى) تەرەپ - تەرەپتىن توپ -
(18) توپ بولۇپ يىغىلىپ، يىغلىشىپ - قاقشىشىپ ئالىجاناپ
(19) مائىترىغا يېقىن كېلىپ زور ھورمەت بىلەن
(20) مۇنداق دىيىشتى: "سىز خەيرلىك بەخت تەڭرىسى،
(21) براھمانلارنىڭ تازىسى (ۋە) ئەزرۇئا تەڭرى (سى)، بارلىق
(22) ئۇمىدسىز جانلىقلارنىڭ ئۇمىت —
(23) ئارزۇسى، پۈتكۈل دىگسانىپت ئېلىنىڭ چەۋەندازى③
(24) ھەممىگە بىردەك مېھرىۋانلىق قىلغۇچى دانىشمەن ئىدىڭىز.

---

① ئەسلى تېكىستكە ئاساسەن، (7)، (8)، (9) قۇرلارنى بىزنىڭ چۈشىنىشىمىز مۇنداق: "تووۋا قىلىپ بەشيۈز براھمان ئەرگە (ھاۋالە سوزنى) يەتكۈزۈش (ئۈچۈن) بادارى براھماننىڭ شەھرىدىن چىقىپ كەتتى".

② ماتىئادىس — سانسكرىتچە [madhyadesa] بولۇپ، ئوتتۇرا ھىندىستاننى كورسىتىدۇ.

③ فېڭ جياشىڭ ئەپەندى ئەسلى تېكىستتىكى "ئاتلىغ" سوزىنى "چەۋەنداز" دەپ تەرجىمە قىلغان. بىزچە بۇ يەردىكى "ئاتلىغ" نىڭ مەنىسى "داڭلىق، مەشھۇر، شوھرەتلىك" بولۇپ، "...... دىگسانىپت ئېلىنىڭ شوھرىتى" دەپ تەرجىمە قىلسا، مۇۋاپىق بولىدۇ دەپ قارايمىز.

(25) (ئەمدى سىزنىڭ) بىرگە بولغان كۆيۈمچانلىق پاراستىڭىز قەيەرگە

(26) كەتتى؟ (سىز) بىزنى تاشلاپ قەيەرگە كەتمەكچى بولۇ - ۋاتىسىز؟

(27) مۇشۇنداق تۇرلۇك (پەزىلەتلىك) ئامراق (كىشىدىن) ئاير - رىلىدىغان

(28) ئاچچىق ئازاپ قانداق پەيدا بولدى؟

(29) مۇشۇنداق شۇم تەلەيلىك، بەختسىز

(30) كوزى ياشلىق (كىشىلەرنى) نېمىشقا تاشلاپ كېتىسىز؟

## مائىترى سىمىت 3 - بولۇم 1 - 5 - ۋاراقلىرىنىڭ تېكىستى

### (تىرانسكرىپسىيە)

### ئۈچۈنچ ئۈلۈس بىر يىتر (ئا)

1. نامو بۇت.. (نامو درم).. ناموساڭ..
2. ئەمتى بۇ (نوملۇغ ساۋاغ) كاپىلاۋاستۇ
3. بالىقتاقى نىكۇدارام ئاتلىغ ساڭرامتا
4. ئۈقمىس كرگەك.. ئانتا ئوترۇ ماخاپراچاپا—
5. تىگائۈتامى قاتۇن - نۇڭ پىتىنى ئاتلىغ
6. يۇمۇسچى قىز تڭرى تڭرىسى بۇرخان - نىڭ
7. سىراۋست كەنتتىن كاپىلاۋاستۇ بالىق - قاكەلگۈسىن
8. ئايىتغالى بالىقتىن ئۈنۈپ نىكۇدارام
9. ساڭرام - گەباردى.. ساڭرام قاپىغىڭا
10. تەگىپ (ماخانامى) ئۇراكۇغ ئۈنتەبۇ
11. ئايىتۇ تۇردى.. (ئانتا) ئوترۇ تەلىم ئۈكۈس - س

(ü) (ɵ)

12. ساڭرامگە... قۇنچۇلار ئارا بىر ئۇپاسانچ
13. ئىسلەر ئۈنە كەلىپ ئول پاتىنى قىز كورۇپ
14. (ئىنچە) تىپ ئايىتدى.. قانتا ئەردىڭ نە ئىسكە
15. كەلتىڭ.. (ئوڭ)رۇ (پاتىنى) قىز ئىنچە تىپ تىدى..
16. تۇگەل (بىلگە تڭرى تڭ)رىسى بۇرخان - نىڭ كاپىلا -

17. ۋاستۇ (بالىق-قا كەلگۇ)سىن ماخاناھى ئۇراكۇ
18. بەگ-كە (ئايىتغالى) كەلتىم ئەردى.. ئوترۇ ئول
19. ئۇپاسانچ ئىنچە تىپ تىدى... تڭرى تڭرىسى بۇرخان-
20. نىڭ كەلمەگى ساڭا نە كرگەك ئەرۇر... پتىنى
21. قىز ئىنچە تىپ تىدى.. ساكى-لار-نىڭ قاتۇنى ماخا-
22. پارجاپا-تى گائۇتامى (كىنتۇ) ئىلىگىن ئۇلۇغ ئەمگەكىن
23. ئىسلەپ تڭرىدەم كاس ئاتلاغ ئاغى-قا ئۇلەسى بوز
24. توقۇپ ئاراغ يۇپ ئانۇق قىلمىس ئەرۇر.. ئانىن باسا
25. (باسا) مەنى (تڭرى) تڭرىسى بۇرخاناغ ئايىتغالى ئىدۇر
26. بۇ ساۋاغ (ئىسىدىپ ئول) ئۇپاسانچ ئىسلەر مۇڭادىپ
27. ئادىنىپ ئىنچە تىپ تىدى.. قوپ قۇنچۇلاردا قۇتاد-
28. مىس ئوغلاغۇن ئۇلغادمىس گائۇتامى قاتۇن (ئەرۇر..)
29. ئىنچىپ يمە قاماغ ئۇزانماقتا قودىقى ياۋاز
30. يىرتىمس بوز توقىماق ئەرۇر.. يانا گائۇتامى قاتۇن
31. ئىدۇق ئىلىگىن بوز نەچۇك توقىيۇ يرلىقادى

(ب)

1. ئەركى.. ئانى ئىسىدىپ پتىنى قىز ئىنچە تىپ تىدى..
2. يالۇڭۇز بوز توقىدى ئەرسەر نە ئەمگەك ئەردى-ى
3. ئوترۇ ئول ئۇپاسانچ ئىسلەر ئىنچە تىپ تىدى
4. ئانتادا ئادان تاقى نەگۇ قىلتى ئەركى.. ئوترۇ
5. پتىنى قىز ئىنچە تىپ تىدى.. كەپەز تارىساغۇق
6. ئودتە گائۇتامى قاتۇن كەنتۇ ئىلىگىن ئۇرۇغ
7. ساچتى.. ئوتاغۇ ئودتە كىنتۇ ئىلىگىن ئۇتادى
8. سۇۋاغۇ ئوغۇرداسۇۋتىن سۇۋاپ
9. ئاچىنتى.. ئوز ئىلىگىن ئىدىدى.. كىنتۇ

---

ئەسكەرتىش:

(ئا) ھەر بىر ۋاراقنىڭ ئالدى بېتىنى، (ب) كەينى

بېتىنى كۆرسىتىدۇ.

.10 ئوز-ى ئارىتىپ قانلاپ ئوز ئىلگىن تىدىپ
.11 ئوز-ى ئەگىرىپ ئوز-ى بوز توقىدى.. ئوترۇ ئول
.12 ئۇپاسانچ ئىنچە تىپ تىدى.. من يوكەرۈ تڭرى
.13 تڭرىسى بۇرخان ئاغز-ىنتا ئانتاغ ئىسىدمىسىم
.14 بار.. ماخاپرچاپاتى گائۇتامى قاتۇن... ئودۇن
.15 ۋىپاسى تڭرى تڭرىسى بۇرخاناغ تاتاغلاغ سۇچىگلىگ
.16 ئاسن ئىچگۇن يىدلاغ يىپارلاغ تۇتسۇكىن
.17 تاپانمىس ئۇدۇنمىس ئەرۈر.. ... ئەدگۇ قىلىنچ
.18 كۇچىنتە ئالقۇ ساكى-لار... ...
.19 -لۇگ قۇنچۇي قاتۇن بولۇپ تڭرى تڭرىسى-ى
.20 بۇرخان-نىڭ ئىگىدمىس ئاناسى بولمىس ئالتى-ى
.21 يگرمى ياسلاغ قىز-لار-نىڭ تەڭ ئەتى يىنى كوركى
.22 مەنگۇ-ۋ ئەرۈر.. يانا يمە ئۇلگۇسۇز سانساز تاپاغ-
.23 چىلارى تەگرە تولى تاپىنۇ ئۇدۇنۇ تۇرۇر.. نە
.24 ساۋ ئەركى.. نە ئۇچۇن ئوز ئىلىگىن كەپەز-ز
.25 تارىپ تود تولىي كىسى ئوسۇغلۇغ بوز توقىدى-ى
.26 ئەركى.. ئانتا ئوترۇ پتىنى قىز (ئىنچە) تىپ تىدى
.27 ئۇلۇغ كىرتگۇنچ كوڭۇلىن ئاغار ئىناغىن
.28 (بۇ مۇنتاغ) تۇرلۇگ ئىس ئىسلەدى.. مۇنتا تود
.29 (تولىيلاغ) نە ساۋ ئول.. تاقى يمە بەرۇ ئىسىد-
.30 لڭ بوز توقىماقىنىڭ تىلتاغى نەگۇ ئەردى تىپ
31 تىسەر.. ئانى سز-دىنگە ئايۇ بىرەيىن.. قايۇ

ئۇچۇنچ ئۇلۇس ئىكى پتر (ئا)

.1 ئودۇن تۇگەل (بىلگە) تڭرى تڭرىسى بۇرخان
.2 بۇرخان قۇتىن بۇلتى.. تۇز-ۇن مائىترى بودىسۋت-
.3 اغ ئەۋدىن بارقىن ئۇنتۇرۇپ تويىن قىلتى-ى
.4 ئانتادا كىن مىڭ توغىرلارىن يۇلمىس

5. ياڭى تويىنلار بىرله قاڭى سانتۇدان ئىلىگ
6. بەگىنگ ئوگى ماخاپرجاپاتى گائۇتامى قاتۇنۇغ تاقى
7. ئادان ساكى توز-لۇگ بەگ ئىسى بودۇن
8. بوقۇنۇغ ئوگۇرتۇرگەلى سەۋىنتۇرگەلى
9. ئۇچۇن (كاپىلاۋا-) ستۇ بالىق-قا كەلى
10. يىرلىقادى ئول ئوغۇردا ساكى تۇز-لۇگ
11. بەگلەر ئانتاغ بىر (بە)دۇك تورۇ تۇر غۇردى-لار قاچان
12. تڭرى تڭرىسى بۇرخان ئىركەك ئەرەنگە نوم
13. نوملايۇ يىرلىقاسار.. ئانتا ئىسلەر قۇنچۇي بەگ-
14. لەر ئارتى... ... كىرگەك.. ئانتا ئوترۇ
15. تڭرى تڭرىسى بۇرخان ئاڭ ئىلكى بىر قۇرلا
16. نوم نوملايۇ يىرلىقامىشدا سەكىز تۇمەن ساكى-لار
17. قۇتقا تەگدى ئىكىنتى ئوغۇرلۇغ نوم نوملايۇ
18. يىرلىقامىشتا ئالتى تۇمەن ساكىلار قۇت
19. بۇلۇ تەگىنتىلەر ئۇچۇنچ قاتا نوم نوملايۇ
20. يىرلىقامىشتا تورت تۇمەن ساكىلار قۇت
21. بۇلتى-لار.. قاماغ بىرلە سەكىز يىگرمى تۇمەن
22. ئىركەك ئەرەن ساكىلار تىز-ۋانى باسىنچتىن
23. ئۇز-تىلار.. بىر يىمە ئىنچىپ ساكى توز-لۇگ ئىسلەر
24. قۇت بۇلمادى ئەرۇر.. ئول ساۋىغ كورۇپ ساكى توز-لۇگ
25. قۇنچۇيلار ئاڭسىز بۇسۇسلۇغ ساقىنچلىگ كوڭۇللەرى
26. يىرىنچلىگ بولۇپ بىر ئىكىنتىسكە يىغلايۇ
27. كەڭرەنۇ ئىنچە تىپ تىستىلەر.. نە تىلتاغىن
28. نە ئۇچۇن تڭرى تڭرىسى بۇرخان ئەرەنگە
29. نوم نوملاپ بىز-ىنگە ئىسلەر-كە نەگۇلۇك
30. نوملايۇ يىرلىقاماز ئەركى.. مۇنچۇلايۇ سوز-لەسىپ
31. قاماغىن يىغلىپ ماخاپرچاپاتى گائۇتامى قاتۇن-

(ب)

1· قا ئىنچە تىپ ئۆتۈنتىلەر ئۇدۇمبار چەچەك-
2· كە يولەسى بوگۇ بىلىگلىگ بۇرخانلار ئالىپ-
3· ىن ئەمگەكىن يىر سۇۋدا بەلگۈرۈر ئەرمىسلەر
4· ئانتاغ ئالىپ بۇلغۇلۇق قۇتلۇغ تىنلىغ بىرلە
5· تۇسىمىس ئەرۈر بىز.. ئەمتى يانا بىز-ىنگە ئارتى
6· نوملۇغ يىرلىغ يىرلىقاماز.. كورۇ قانىنچسىز كوركىن
7· يمە كورگەلى بولماز بىز ئەمتى سىز ئىنچە
8· قاتىغلانىڭ كىم بىز يمە سىز-
9· ىڭ قۇتۇڭۇز-تا نوم ئىسىدگەلى تىڭ-
10· رى تىڭرىسى بۇرخانىغ كورگەلى بۇلالىم-م
11· ئانتا ئۇترۇ ئۇل ساكى تۇز-لۇگ گائۇتامى-ى
12· قاتۇن ئۇل ئىسىلەر ئۇتۇنمىس ساۋلارىغ ساكى-لار
13· بەگى ساتۇدان ئىلىگ خانقا تۇتۇز-ۇ ئۇتۇنتى
14· ئىلىگ خان يمە بوسۇغ يىرلىغ يىرلىقادى.. بۇگۇن-
15· تە ئىنارۇ قۇنچۇيلار نوم (تىڭلاز-ۇن).. بۇ بوسۇغ
16· يىرلىغ ئىسىدىپ ... ... ... ئىسىلەر
17· يىغىلىپ تويلاپ كاپىلاۋاستۇ بالىقتان ئۇنۇپ
18· نىكۇدارام ساڭرامگە باردى-لار ئەردى ئانىڭ
19· ئارا كىم قۇت بۇلمىس ساكى ئەرەنى ئۇترۇ
20· كەلىسەر-لەر قۇنچۇيلار-قا نەڭ تىمەدىن ئامال-
21· ىن ئارتۇ بارىر-لار ئەردى.. كىم يمە قۇت
22· بۇلمادۇق باغراغۇ ساكى ئۇرد-لار ئۇترۇ
23· كەلىسەر-لەر قۇنچۇيلار-قا ئىنچە تىپ تىيۇر-لەر ئەردى.
24· سىز-لەر قۇنچۇيلار قانچا بارىرسىز-لار ..سىزلەر
25· گە نىكۇدارام ساڭرامگە بارىپ نوم تىڭلاغالى
26· يىرلىغ يوق.. نە ئۇچۇن تىسەر بىز-ىڭ
27· قاداشىمىز سىدارتى.. سىز-لەر-نىڭ يۇز يۇز تۇرلۇگ
28· مۇن قاداغىڭىز-لارنى سوز-لەيۇر.. ئۇترۇ ئۇل

29. قۇنچۇيلار ئىنچە تىپ ئايىتدىلار.. ئانچا قودى
30. نە مۇنۇمۇز ئەرمىس.. ئانتا ئۇترۇ ساكىد-لار
31. ئىنچە تىپ تىدى-لەر.. بىز-ىنگە سۇدۇر نوم نوە-

ئۈچۈنچ ئۈلۈس ئۈچ پىتر (ئا)

1. لار ئەركەن (ئانتاغ) نوملۇغ ساۋ ئۆنتى.. بىس
2. تۆرلۈگ مۇنى قاداغى ئەرۈر.. قارا ئاغۇلۇغ
3. يىلان-نىڭ قايۇ ئەركى بىس تۆرلۈگ تىپ تىسەر
4. ئاڭ ئىلكى يارسىنچىغ يىدىغ ساساغ بولۇر..
5. ئىكىنتى كورگەلى قورقىنچىغ بولۇر.. ئۈچۈنچ
6. ئۈدىق(ق)ان.. تورتۈنچ ئىكى تىللىگ.. بىشىنچ
7. يىتى ئاغۇلۇق.. ئانچۇلايۇ يىمە مۇنتا بىرەر
8. قۇنچۇيلار-نىڭ بىس تۆرلۈگ
9. مۇن قاداغى بولۇر.. ئاڭ ئىلكى ئۆۋكەچى
10. ئەمىنچى بولۇر-لار.. ئىكىنتى كۈنىچى ئۈچ-
11. ۈنچ ئۈرۈنچاقسىز تورتۈنچ سەۋىنچسىز ئۈتلىسىز
12. بولۇر-لار.. بىشىنچ ئامرانماق كوڭۈللەرى كۈچلۈگ
13. بولۇر-لار.. يىگ ئەرۈر چىخساپىتلىغ كىسى قىزارتمىس
14. ئىسىگ قاز-غۇقىن كىنتۈ كوز-ىن سانچار كىم

(ü)

15. ئامرانمىس كوڭۈلىن ئىسلەر تاپا تىترۈ
16. كوز-ىن كورمەز.. قۇنچۇي-لار ئەرسەر ئاراغ
17. چىخساپىتلاغ تورۇ...-لى ئەرۈر.. قايۇ نومتا

(ө)

18. ئۆزۈن تونلىغ... لار ئەۋدىن بارقىتىن
19. ئۈنۈپ دىنتار تورۇسىن تۈتسار-لار ئول نوم ئالقد-

(ө)

20. ىنچۇقا تەگى ئارىغىن تۇرۇقىن تۇرماز.. مۇنتادا
21. ئۆلاتى ئۆكۈس تۆرلۈگ مۇن قاداغىمىز-لار ئەرمىس
22. ئول ساۋاغ ئىسىدىپ.. ئامارى ئىسلەر ئىنچە تىپ تىدى-
23. لەر.. توقۇز ئاي ئون كۈن سىدارتىغ قارىنتا

24. كوتۇرگۈچى (ئىسلەر) ئەردى تولغاپ توغۇرداچى يمە
25. ئىسلەر ئوك (ئەردى) ئالپىن ئەمگەكىن ئىگىدتەچى
26. بەلترۈدەچى يمە ئىسلەر ئەردى.. ئەمتى يانا ئىسد-
27. لەرىگ ئانچا كوركسۈز ئىرا يرلىقار ئەركى
28. ئانتا ئوترۈ بىردسى ئىسلەر.. ئىنچە تىپ تىدى
29. ئاۋانت تىلتاغ كورۈپ بۇرخانلار بىرەر تىنلىغ-لارىغ
30. يىرا-موينايۇ يرلىقار-لار.. يانا ئوغرى ئوسۇغى
31. بولتۇقتا ئول ئوق تىنلىغ-لارىغ ئوگە ئىيىن
(ب)
1. يرلىقارلار.. ئانىن ئەمتى... سوۋىق باغرا-
2. غۇساك-لارنىڭ ساۋىڭا نوم ئىسدمەتىن
3. يانتۇرۇ ئىرىلمەلىم.. نەئۈچۈن تىپ تىسەر..
4. ئادىنچىغ مۇڭادىنچىغ ئالپ بۇلغۇلۇق ئالتى تۇرلۇگ
5. ئەدلەر بىرلە توسمىس ئەرۈر بىز.. سەكىز تۇرلۇگ
6. تەگىنچسىز ئوئوقسۇز يىر ئورۇنلار-دىن ئۇنمىس
7. قۇترۇلمىس ئەرۈر بىز.. تۇگەل بىلگە تڭرى تڭرد-
8. سى بۇرخان بىرلە سوقۇسمىس بىز ئانتاغ
9. ئوغۇرى تاڭى-ى بولغاي.. بىز-ىنگە
10. يمە نوم نوملايۇ يرلىقاغاي.. ئانىن
11 كونى بارالىم نوم ئىسدەلىم.. ئانتا ئوترۈ
(ɵ)
12. ماخاپرجاپاتى گائۇتامى قاتۇن باسلاپ سەكىز تۇمەن
13. ساك-لار ئىسلەرى تۇگەل بىلگە تڭرى تڭرىسى
14. بۇرخان تاپا باردى-لار.. ئانتا ئوترۈ تۇگ-
15. ەل بىلگە تڭرى تڭرىسى بۇرخان ئول ئىسلەر-
16. نىڭ كوڭۇلىنتەكى ساقىنچلارىن ئۇقۇپ ئانىن
17. تويىنلارىن ئوقىپ ئىنچە تىپ يرلىقادى بىس
18. تۇرلۇگ بۇ تويىنلار ئىسلەر-نىڭ ئەدگۇلەرى تىنىر

19. ئاڭ ئىلكى ئەۋىگ بارقىغ ئۇردۇغ قارسىغ قۇرۇغ
20. قودماز-لار.. ئىكىنتى قاز-غانمىس قازغاغىغ يىغا
21. تىرا تۇتار-لار.. ئۇچۇنچ ئىگ ئاغرىغ ئوغرىنتا
22. ئىيىگ ياقاغ تاپاغ ئۇدۇغ قىلىۇر-لار.. تورتۇنچ
23. ئەرەن بىرلە مەڭىلەگۇلۇگ ئوگرۇنچلەگۇلۇگ
24. بولۇرلار.. بىشىنچ بۇرخانلار پىردىكابت-لار
25. ئارخانت-لار.. قۇتلۇغ تىنلىغلار ئالقۇ قۇنچۇلار-
26. دىن توغار بىلگۇرەر-لەر.. بۇ يىرلىغ ئىشىدىپ ئاڭساز
27. ئوگرۇنچلۇگ سەۋىنچلىگ بولۇپ ئۇل ئىشلەر ئىنچە
28. تىپ تىشتە-لەر.. يىرتىمىس بولز-ۇن ئۇل باغراغۇ ساكى-
29. لار سوز-لەمس ساۋ-لار.. كىم بىز-دىنگە ئىنچە تىپ
30. تىدد-لەر.. سىز-لەرنى سىدارتى ئاڭسىز يىرار ئەمتى
31. يانا تڭرى تڭرىسى بۇرخان ئانچا يىر سۇۋداقى

ئۇچۇنچ ئۇلۇس تورت پتر (ئا)

1. ئەدگۇ ئوگگۇلۇگ(لەر) ئەردى ئەرسەر.. ئۇل ئوگمەكىن
2. ئالقۇ بىز-نى يىرلىقادى.. ئەمتى ئايمانچسىز قور-
3. قۇنچسىز كوڭۇلىن نوم تىڭلالىم.. ئانتا ئوترۇ
4. تڭرى تڭرىسى بۇرخان ساكىلار ئىشلەرىنگە ئانتاغ
5. تۇرلۇگ تىترۇم تەرىڭ نوم نوملايۇ يىرلىقادى-ى

(ü)

6. كىم ئۇل نومۇغ ئىشىدىپ سەكىز تۇمەن قۇنچۇي-لار..
7. قۇتغا تەگدد-لەر ئىكتىنى ئوغۇرلۇغ نوم نوملايۇ
8. يىرلىقادى ئالتى تۇمەن قۇنچۇي-لار
9. قۇت بۇلۇ تەگىنتە-لەر.. ئۇچۇنچ ئوغۇر-

(u)

10. لۇغ نوم نوملامىستا تورت تۇمەن
11. ئىشلەر قۇت بۇلتىلار.. ئوترۇ ئۇل پاتىنى قىز
12. باياقى موكتىكا ئۇپاسانچقا ئىنچە تىپ

13. تىدى.. كورۈك تۈز-ۈنۈم.. ئۇل ئوغۇردا بۇ مۇنتاغ

14. تۇرلۇگ ئۇلۇغ ئاساغلاغ تۇسۇغلۇغ بولتىلار ساكى-

15. لار (ئىسىلەرى) كىم ئۈچ قۇرلا نوم يىرلىغ ئىسىدىپ

16. سەكىز يىگىرمى تۇمەن (ساكىلار) قۇت بۇلۇ تەگىنتى-

17. لەر.. ئوترۇ ئۇل (ئۇپاسانچ) ئىسىلەر ئىنچە تىپ

18. تىدى ئانتادا كىن گائۇتامى قاتۇن نە قىلدۇ

19. يىرلىقادى ئوترۇ پىتىنى قىز ئىنچە تىپ تىدى-ى

20. ئانتادا باسا گائۇتامى قاتۇنىنۇك ئىنچە

21. ساقىنچى بولتى.. تۇگەل بىلگە تىگرى تىگرىسى بۇرخان-

22. تىن ئەرتىنگۇ ئۇلۇغ سۇز(ۇ)ك تاپاغ ئاساغ تۇسۇ-

23. قا تەگىنتىم كىم ئانچا ئۇكۇس ساكى-لار ئىسى-

24. لەرى بىرلە سورتاپان قۇتىغا تەگدىم ئەمتى

25. بۇ مەن يىمە نە ئەرسەر ئەد تاۋار ئۇزە سەۋىنچ

26. ئۇتلى تورۇسىنچە تاپاغ ئۇدۇغ قىلايىن ئەردى-ى

27. ئوترۇ ئۇل ئۇپاسانچ ئىسىلەر ئىنچە تىپ تىدى-ى

28. ئانتاغ ئەدگۇ ساقىنچ ساقىنىپ ئانتاداكىن نەگۇ

29. قىلتى.. ئوترۇ پىتىنى قىز ئىنچە تىپ تىدى.. ئانتادا

30. كىن تارىغچى تودۇكلارىغ ئوقۇپ ئىنچە تىپ

31. يىرلىقادى.. قايۇ كەپەز-كە يارىغى سەكىز تۇرلۇگ

(ب)

1. ئادرۇقيا تۇگەللىگ يىر ئەرسەر ئانى سىز-لەر سۇۋاپ

2. سۇۋپ ساپانلاپ ئانۇق ئۇرۇكلار كىم مىن تىگرى

3. تىگرىسى بۇرخان ئۇچۇن كەپەز تارىيۇرمەن

4. ئوترۇ بۇ ساۋاغ ئىسىدىپ ئۇل ئۇپاسانچ ئىسى-لەر

5. كۇلچىرە يۇز-ىن پىتىنى قىز-قا ئىنچە

6. تىپ تىدى.. كىم سەن تىمىن گائۇتامى قاتۇن

7. ئۇز ئىلىگىن يىپ ئىگىرىپ بوز توقىدى تىپ تىدى-

8. لىك.. بۇ كەپەز ئۇزەكى مۇ بوز-

·9 ۇگ ئەۋۋر-سە ئوترۇ پىتىنى قىز

·10 ئىنچە تىپ تىدى.. بۇ ئوز-ى تارىمىس

·11 كەپەز-ى ئۈزە يىپ ئىگرىپ بوز توقىمىس ئەرۇر.. نە

·12 ئۈچۈن تىپ تىسەر.. نەڭ يمە يوق چىغاي ئۈچ-

·13 ۇن نەڭ يمە تاپاغچى قىرقىنلارى ئەكسۇگ

·14 كىرگەك ئۈچۈن ئوز-ى ئىگرمىس ئەرۇر ئىنچىپ يمە

·15 ئاغىنچسىز سۈز-ۇگ كوڭۇلىن تڭرى تڭرىسى

·16 بۇرخان-قا ئامرانماقىن ئوغلۇمقا تون

·17 ئىتىپ كەدۇرەيىن تىپ ئەۋۋرمىس ئەرۇر.. قايۇ ئودۇن

(ɵ)

·18 ئول بوز توقىيۇ تۇگەتىپ...-مىتا بەلگۇ

·19 بىلتەچى بىلگەلەر ئىنچە تىپ تىمىسلەر كىم بۇ

·20 تونۇغ ئالىپ تڭرى تڭرىسى بۇرخان-قا كەدۇرگە-

·21 لى بۇسى بىرسەر.. ئول تىنلغ ئاز-ۇنتا ئوتغۇراتى

·22 ئالتۇن ئوڭلۇگ ئەتى قىرتىسى بۇلۇر.. بۇرخ-

·23 ان قۇتىڭا تىگىن ئوگە بولغۇلۇق

·24 ئابىسىك ئات بولۇر.. تاقى يمە ئىنچە

·25 تىپ تىيۇر-لەر.. تۇز-ۇن مائىتريدا ئادان

(ü)

·26 بۇرخان قۇتىڭا ئوغۇل ئىل(مگ) ئورنىڭا

·27 ئولۇرغۇلۇق ئادان تىنلغ يوق.. ئول بوز تۇز-

·28 ۇن مائىترى ئىلىگىنتە تەگىپ تڭرى تڭرىسى

·29 بۇرخان-قا بۇسى بىرۇر ئەرمىس.. ئول ئوغۇرقا

·30 ئالتۇن ئوڭلۇگ ئوك قىرتىس بۇلغۇلۇق

·31 بۇيان... تەك قاز-غانىپ بۇرخان قوتىڭا

ئۈچۈنچ ئۇلۇس بىس پتر (ئا)

·1 ئوغۇل ئىلىگ بولغۇلۇق ئورۇنقا تەگىر

·2 ئەرمىس.. ئانىن ئول ئوغۇرقا گائۇتامى قاتۇن

3. تڭرى تڭرىسى بۇرخان ـ نىڭ كاپىلاۋاستۇ بالىق ـ
4. قا كەلگۈسىن ئايىتغالى ئىدۇر.. ئوترۇ
5. چىتىكا ئاتلىغ قىرقىن ئىراقتان ئۈلۈغ
6. ئۈنىن ئۈنتەيۈ ئىنچە تىپ تىدى.. ماجانامى ـ ى
7. ئۈراكۇ تڭرى تڭرىسى بۇرخان ـ نىڭ كەلگۈسىن
8. ماڭا ئايىتدى بۈگۈن، كەلى ـ ى
9. يىرلىقار ئەرمىس ئانى ئىسىدىپ پتىنى
10. قىز ئىنچە تىپ ئايىتدى.. نە ئوغۇر ـ
11. قا نە ئىسكە بارىدىڭ ئەردى ئوترۇ چىتىكا
12. قىز قىن ئىنچە تىپ تىدى.. ياسو دارا قاتۇن ـ
13. ىڭۈك بوز ـ ى بۈتمىس ئوغىرىڭا باسا باسا
14. تڭرى تڭرىسى بۇرخان بىرلە راخۇل ـ نىڭ
15. كەلگۈسىن ئايىتغالى ئىدۇر.. ئانتا ئوترۇ ئول
16. ئۈ پاسانچ (ئىسى ـ)لەر (ئىنچە) تىپ ئايىتدى.. ئانچا
17. ئۈكۈس بو(ز).. ... دى.. ئوترۇ پتىنى قىز
18. ئىنچە تىپ تىدى (ماخاپىر جاپاتى) گائۈتامى قاتۇن تڭرى
19. تڭرىسى بۇرخان (ئەۋىن)تە بوز ئانۇتمىس ئەرسەر
20. ئانچۇلايۇ يمە بىس يۈز ساكىلار ـ نىڭ ئىنەل تويىن ـ
21. لار ئۈچۈن بوز ئانۇتمىس ئەرۈر ـ لەر.. ئوترۇ ئول
22. ئۈپاسانچ ئىسلەر تاقى ئىنچە ئايىتدى.. ئەمتى
23. بۇ ساكىلار بەگلەرى ئۈلۈغ: چوغىن چامىن كاپىلا ـ
24. ۋاستۇ بالىقتىن ئۈنۈپ قايان بارىر ـ لار.. ئوترۇ
(ü)
25. چىتىكا قىرقىن ئىنچە تىپ تىدى.. تڭرى تڭرى ـ
26. سى بۇرخان ئۈترۈ بارىر ـ لار.. ئوترۇ پتىنى
(u)
27. قىز ئىنچە تىپ تىدى.. ئەمتى مىن يمە بارايىن
28. بۇ ساۋلارىغ گائۈتامى قاتۇن ـ قا تۇتۇز ـ ۇ ئوتۇنەيىن

29. ئانتا ئوتروُ چىتىكا قىرقىن ئىنچه (تىپ تىدى)
30. من يمه بارىپ ياز-وتارا قاتوُن-قا ئاي-
31. ايىن.. كىم تكْرى تكْرىسى (بوُرخان)

(ب)

1. ئانانت (بىرله) كەلىر ئەرمىس.. ئانتا ئوترُوُ
2. ئول ئوُپاسانچ ئىسىلەر ئىنچه تىپ تىدى.. ئانتاغ
3. ئەرسەر من يمه تكْرى تكْرىسى بوُرخان-(قا) ئوُتروُ
4. بارايىن.. بوُموُنچا ساوْ سوز-لەسىپ ئوُلار ئوُچ-
5. ەگوُ ئوكْى ئوُنوُپ بارىدى-لار.. ئانتا ئوتروُ

(ü) (θ)

6. بىس يوُز ساكْى توز-لوُگ قاتوُن-لار بىرله
7. تەگرىكلەپ ئول ئالتوُن ئوكْلوُگ بوز ئىلىگىنتە
8. توُتا ماخاپرچاپا- تى گائوُتامى قاتوُن
9. ياسو دارا-قا ئىنچه تىپ تىدى..
10. ئول ئانتاغ ئود قولوُ قاچان بولغاي

(θ)

11. ئەركى.. كىم من بوُ تون... بوُرخان
12. چكرىرت ئىلىگ خان-نىڭ كەدمىسىن كورەيىن
13. ئەردى.. ئوتروُ ياسودارا ئىنچه تىپ تىدى..
14. ئەمتى بوُرخان چكرىرت ئىلىگ خان نىكوُدارام-م
15. ساكْرامىلىق قارسى ئىچىنته... كوُ(چىن)
16. كوُچەدوُ ئاسايىن ئوگروُنچوُن يىرلىقار.. تاڭ ئادىنچىغ
17. ئىراق ئەرمەز.. ئانتا ئوتروُ... ... قاتوُن
18. نىكوُدارام ساكْرامىگ كوروُپ (ئىنچه) تىپ
19. تىدى.. بوُئوق نىكوُد سوگوُتلوُگ ئارىغ ئەردى
20. كىم بىز-نىڭ بەگىمىز سىدارتى خورموُز-تا تكْرى-
21. گه ئوخساتى ئالتى توُمەن قوُنچوُي-قاتوُنلارىغ
22. ئامرانماق بىلىگىن ئوگىرتوُروُ سەوْىنتوُروُ تكْرى-ى

23. مەڭىسىن مەڭىلەر ئەردى.. ئەمتى يانا بۇ ئوق
24. ئارىغ ئەرۇر.. نىز-ۋانلاغ كەيىكلەرىگ قورقىتىداچى
25. كىسار (ئارس)لان ئوسۇغلۇغ تۇگەل بىلگە تگرى
26. تگرىسى بۇرخان ئامرانماق نىز-ۋانى ئامارتۇرغۇلۇق
27. ئەم يۇرۇنتەك يرلىقار.. ئانتا ئوترۇ ماخا-
28. پرچاپاتى گائۇتامى قاتۇن نىكۇدارام ساڭرامگە
29. ... (ئىنچە) تىپ تىدى.. ئەمتى ئول قوپ ساكىلارنىڭ
30. ... (بىر)لىگلىگ بۇرخان چىنتەمەنى ئەردنى
31. ... ... ... ... يىر تاپا

## «مائىترى سىمىت» ئۈچىنچى بولۇم
## 1 — 5 - ياپراقلىرىنىڭ تەرجىمىسى

ئۈچىنچى بولۇم بىرىنچى ۋاراق (ئا)

1. نامو① بۇت، نامو درم②، نامو ساڭ③
2. ئەمدى بۇ نوملۇق④ سوزنى كاپىلاۋاستۇ⑤
3. شەھىرىدىكى نىكۇدارام⑥ ئاتلىق ساڭرامدىن⑦
4. ئۇقۇش كېرەك. ئاندىن كېيىن ماھاپراچاپا-
5. تى گائۇتامى⑧ خاتۇننىڭ پاتىنى ئاتلىق
6. خىزمەتچى قىزى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ⑨
7. سىراۋست⑩ كەنتتىن كاپىلاۋاستۇ شەھىرىگە (قاچان) كېلىدى-
غانلىقىنى
8. سوراش ئۈچۈن شەھەردىن چىقىپ نىكۇدارام
9. ساڭرامغا باردى. (ئۇ) ساڭرام قاپقىسىغا
10. كېلىپ ماھانامى ئۇراكۇنى⑪ چاقىرىپ
11. (ئۇنىڭدىن) سورىدى. ئاندىن كېيىن ساڭرامغا(كەلگەن)
12. نۇرغۇنلىغان مەلىكىلەر ئارىسىدىن بىر ئۇپاسانچ⑫

13. ئايال چىقىپ، پاتىنى قىزنى كورۇپ
14. مۇنداق دەپ سورىدى: "سەن قەيەردىن ئىدىڭ، نىمە ئىشقا
15. كەلدىڭ؟" كېيىن پاتىنى قىز مۇنداق دېدى:
16. ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كاپىلا-
17. ۋاستۇ شەھرىگە (قاچان) كېلىدىغانلىغىنى ماھانامى ئۇراكۇ
18. بەگدىن سورىغىلى كەلگەن ئىدىم." كېيىن ھىلىقى
19. ئۇپاسانچ مۇنداق دېدى: "تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان-
20. نىڭ كەلمىگى ساڭا نىمىگە كېرەك؟" پېتىنى (*)
21. قىز مۇنداق دېدى: "ساكىلارنىڭ ⑬ خاتۇنى ماھا
22. پارچاپاتى گائۇتامى ئۇز قولى بىلەن ئىنتايىن جاپالىق
23. ئىشلەپ، تەڭرىلىك كاس ⑭ ئاتلىق، تاۋارغا ئوخشاش بوز
24. توقۇپ پاكىز يۇيۇپ تەييارلاپ قويغان ئىدى. شۇندىن
كېيىن
25. مېنى تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ (قاچان كېلىدىغانلىغىنى)
سورىغىلى ئەۋەتتى."
26. بۇ سوزنى ئاڭلاپ، ھىلىقى ئۇپاسانچ ئايال ھەيران بولۇپ
27. مۇنداق دېدى: "بارلىق مەلىكىلەرگە خىت كەلتۇرگەن،
28. ئۇلارنىڭ نازاكىتىنى كۇچەيتكەن گائۇتامى خاتۇندۇر.
29. شۇنداق تۇرۇپ، بارلىق جىۋەرلىكتىن تۇۋەندىكى
30. ناچارلىقىنى رەت قىلىدىغان بوز توقۇپتۇ. گائۇتامى خاتۇن
يەنە
31. نىمىشقا مۇقەددەس قولى بىلەن بوز توقۇيدىكەن؟"

(ب)

1. ئۇ (سوزلەرنى) ئاڭلاپ پېتىنى قىز مۇنداق دېدى:
2. "يالغۇز بوزلا توقۇغان بولسا نىمە جاپا بولاتتى"،

---

(*) ماھاپرچاپاتى خاتۇنىنىڭ دېدىگىنىنىڭ ئىسمى ئەسلى تېكىستە پاتىنى ۋە پېتىنى قىلىپ ئىككى خىل يېزىلغان. شۇڭا تەرجىمىدىمۇ ئىككى خىل ئېلىندى.

3. كېيىن ھىلىقى ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق دېدى:
4. "ئۇندىن باشقا يەنە نېمىلەرنى قىلدى؟" كېيىن
5. پىتنى قىز مۇنداق دېدى: "كۆزۈم تىپرىدىغان
6. مەزگىلدە گائۇتامى خاتۇن ئۆز قولى بىلەن ئۇرۇق
7. چاچتى. ئوتاش مەزگىلىدە ئۆز قولى بىلەن (ئوت) ئوتىدى.
8. سۇغىرىش مەزگىلىدە سۇ بىلەن سۇغىرىپ
9. پەرۋىش قىلدى. (پاختىنى) ئۆز قولى بىلەن تەردى، ئۆزى
10. تازىلاپ، ئۆز قولى بىلەن تىتىپ،
11. ئۆزى (يىپ) ئىگىرىپ ئۆزى بوز توقۇدى،" كېيىن ھىلىقى
12. ئۇپاسانچ مۇنداق دېدى: "مېنىڭ ئىلگىرى تەڭرى
13. تەڭرىسى بۇرخان ئاغزىدىن مۇنداق ئىشىتكىنىم بار (ئىدى):
14. ماھاپرچاپاتى گائۇتامى خاتۇن ... چاغدا
15. ۋىپاسى ⑮ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننى لەززەتلىك
16. ئاش - تائاملار، ئىپار ۋە خۇشپۇراقلار بىلەن
17. كۈتۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ئىكەن، ... ياخشى قىلمىشلار
18. ئارقىلىق بارلىق ساكلار...
19. لىك مەلىكە خاتۇن بولۇپ، تەڭرى تەڭرىسى
20. بۇرخاننىڭ ئىنىگئانىسى بولغان ئىكەن؛ ئۇنىڭ بەدەن - چىرايى
21. ئۇن ئالتە ياشلىق قىزلارنىڭكىدەك
22. مەڭگۈ (ياش) تۇرىدىكەن؛ يەنە سان - ساناقسىز
23. خىزمەتكارلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپ ھۆرمەت كۆرسى-
تىپ تۇرىدىكەن".
24. بۇ قانداق گەپ؟ ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن كۆزۈم
25. تىپرىدىپ خارلانغان كىشىگە ئوخشاش بوز توقۇيدۇ؟"
26. ئاندىن كېيىن پىتنى قىز مۇنداق دېدى:
27. "(ئۇ) ئۇلۇغ ساداقەتمەن كۆڭۈل، قاتتىق ئىخلاس بىلەن
28. مۇشۇنداق تۆرلۈك ئىشلارنى ئىشلىدى. بۇ خارلانغان

29. دىگەن قانداق گەپ؟ ئەمدى يەنە ئاڭلاڭ.
30. بوز توقۇشنىڭ سەۋەبى نىمە دىسڭىز،
31. ئۇنى سىزگە ئېيتىپ بېرەي:

## ئۇچىنچى بولۇم ئىككىنچى ياپراق (ئا)

1. ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان
2. بەختىنى تاپقان چاغدا ئالجاناپ مائىترى ⑯ بودسۋتنى⑰
3. ئوي - ۋاقىدىن چىقىرىپ راھىپ قىلدى.
4. ئاندىن كېيىن تاجلىرىنى ئېلىۋەتكەن مىڭ (نەپەر)
5. يېڭى راھىپ بىلەن ئاتىسى سانتۇدان ⑱ ئىلىگ
6. بەگنى، ئانىسى ماھاپرچاپاتى گائۇتامى خاتۇننى يەنە
7. ئۇندىن باشقا ساكى ئۇرۇغىدىكى بەگلەر، بەگ ئايالىلىرى (ۋە) خەلقلەرنى
8. شاتلاندۇرۇش - سۆيۈندۇرۇش
9. ئۇچۇن كاپىلاۋاستۇ شەھرىگە كەلدى.
10. شۇ مەزگىلدە ساكى ئۇرۇغىدىكى
11. بەگلەر شۇنداق بىر كاتتا مۇراسىم ئوتكۇزدى.
12. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەرلەرگە نوم
13. تەپسىر قىلغاندا ئۇ يەردىكى ئاياللار مەلىكە بەگلىرى
14. ...... كېرەك. ئاندىن كېيىن
15. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەڭ ئالدىدا بىر قۇرلا
16. نوم تەپسىر قىلغاندا سەككىز تۇمەن ساكى
17. بەختكە ئېرىشتى. ئىككىنچى قېتىملىق نوم تەپسىر
18. قىلغاندا ئالتە تۇمەن ساكى بەختكە
19. ئېرىشتى. ئۇچىنچى قېتىم نوم تەپسىر
20. قىلغاندا توت تۇمەن ساكى بەختكە

21. ئېرىشتى. ھەممىسى بولۇپ ئۇن سەككىز تۇمەن
22. ساكى (ئەر) نىزۋانى ⑲ زۇلۇمدىن
23. قۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ، ساكى ئۇرۇغىدىكى ئاياللار
24. بەختكە ئېرىشەلمىدى. بۇ ئەھۋالنى كورۇپ ساكى ئۇرۇ-
غىدىكى
25. مەلىكىلەر ئىنىڭ يىن قاتتىق غەم - قايغۇغا چومۇپ، كوڭۇللىرى
26. بۇزۇلۇپ بىر - بىرسىگە يىغلىشىپ،
27. ھال ئېيتىشىپ مۇنداق دېيىشتى: "نىمە سەۋەپتىن
28. نىمە ئۇچۇن تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئەرلەرگە
29. نوم تەپسىر قىلىپ بېرىدۇ - يۇ، بىز ئاياللارغا نىمىشقا
30. تەپسىر قىلىپ بەرمەيدۇ؟" ئۇلار مۇشۇنچىۋالا سوزلىشىپ،
31. ھەممىسى يىغلىشىپ ماخاپرچاپاتى گائۇتامى خاتۇن -

(ب)

1. غا مۇنداق دەپ ئوتۇندى: "ئۇدۇمبار ⑳ گۇلىگە
2. ئوخشاش دانىشمەن تالانتلىق بۇرخانلار مۇشكۇل
3. جاپالار بىلەن دۇنيادا مەيدانغا چىقىدۇ.
4. بىز ئەنە شۇنداق تەستە تاپقىلى بولىدىغان بەختلىك جاز -
لىق بىلەن
5. ئۇچراشقانمىز. ئەمدى يەنە بىزگە زادى
6. نوملۇق يارلىق بەرمىدى. كورۇپ قانغىلى بولمايدىغان جاما-
لىنى
7. يەنە كورۇشكە ئېرىشەلمىدۇق. ئەمدى سىز شۇنداق
8. غەيرەت قىلىڭكى، بىز يەنە سىز -
9. نىڭ شاراپىتىڭىز بىلەن نوم ئاڭلاشقا تەڭ -
10. رى تەڭرىسى بۇرخاننى كورۇشكە مۇيەسسەر بولايلى."
11. ئاندىن كېيىن ساكى نەسىللىك گائۇتامى
12. خاتۇن ئۇ ئاياللارنىڭ ئوتۇنگەن سوزلىرىنى ساكىلار
13. بېگى سانتۇدان ئىلىگ خانغا يەتكۇزدى.
14. ئىلىگ خان كەڭچىلىك يارلىغى چۇشۇردى: "بۇگۇن -

15. دىن باشلاپ مەلىكىلەر نوم ئاڭلىسۇن.“ بۇ كەڭچىلىك
16. يارلىغىنى ئاڭلاپ ... ...ئاياللار
17. يىغىلىپ - توپلىنىپ كاپىلاۋاستۇ شەھرىدىن چىقىپ
18. نىكۇدارام ساڭرامغا مېڭىشتى. شۇ
19. ئاردا بەختكە ئېرىشكەن ساكى ئەرلىرى مەلىكىلەرنىڭ
ئۇدۇلغا
20. كەلگەندە (ئۇلارغا) ھىچنىمە دىمەستىن خاتىرجەم
21. ھالدا كېتىۋەردى. بەختكە
22. ئېرىشەلمىگەن جىدەلخور ساكى ئوغۇللىرى مەلىكىلەرنىڭ
ئۇدۇلغا
23. كەلگەندە (ئۇلارغا) مۇنداق دىيىشتى:
24. ”مەلىكىلەر، سىلەر قەيەرگە كېتىۋاتىسىلەر؟ سىلەرگە
25. نىكۇدارام ساڭرامغا بېرىپ نوم ئاڭلاشقا
26. يارلىق يوق. نىمىشقا دىسەڭلار، بىزنىڭ
27. قېرىندىشىمىز سىدارتى㉑ سىزلەرنىڭ يۈز تۈرلۈك
28. ئەيىۋىڭىزلەرنى سوزلەۋاتىدۇ.“ ئاندىن ئۇ
29. مەلىكىلەر مۇنداق دەپ سوراشتى: ”زادى
30. قانداق ئەيىۋىمىز بار ئىكەن؟“ ئاندىن كېيىن ساكى
(ئوغۇللىرى)
31. مۇنداق دىيىشتى: ”بىزگە سۇدۇر㉒ نوم تەپسىر

## ئۈچىنچى بولۇم ئۈچىنچى ياپراق (ئا)

1. قىلىۋاتقاندا مۇنداق سوز چىقتى: بەش
2. تۈرلۈك ئەيىپ ئىكەن. قارا زەھەرلىك
3. يىلاننىڭ بەش تۈرلۈك ئەيىۋى قايسى دىسە،
4. بىرىنچى: يىرگىنىشلىك، سېسىق بولىدۇ.

5. ئىككىنچى كورسە قورقۇنچلۇق بولدۇ. ئۈچىنچى: ئۈيىقۇچان
(بولۇدۇ).
6. تۆتىنچى ئىككى (ئاچا) تىللىق (بولدۇ). بەشىنچى:
7. زەھىرى ئۆتكۈر (بولدۇ). شۈنىڭدەك يەنە بىرەر (ھەر بىر)
8. مەلىكنىڭمۇ بەش تۈرلۈك
9. ئەيىۋى بولدۇ. بىرىنچى: جىلخور (ۋە)
10. تومۇرچى كېلىدۇ. ئىككىنچى كۈنچى (كېلىدۇ). ئۈ-
11. چىنچى: قەدىرسىز (؟)(كېلىدۇ). تۆتىنچى: سۆيۈنچىسىز، شەپقەتسىز
12. كېلىدۇ. بەشىنچى: ياخشى كورۈنۈش نىيىتى كۈچلۈك
13. بولىدۇ. ياخشى (ۋە) نەپسىنى يىغىۋالغان كىشى قىزارتىلغان
14. قىزىق قوزۇقنى ئوز كوزىگە سانچىيدۇكى، (ھەرگىز)
15. شەھۋانى كوڭۈل بىلەن ئاياللارغا تىكىلىپ
16. قارىمايدۇ ... مەلىكلەر بولسا ساپ
17. پەرھىز ساقلاش نىزامـ ... بولىدۇ. قايسى نومدا
18. خوتۈن - قىزلار ... ئوي - ۋاقىدىن (ئايرىلىپ)
19. چىقىپ دىنتار[23] نىزامىنى تۈتسا، ئۇ نوم يوقـ -
20. لىشقا يۈز تۈتۈپ، ساپ - تازا تۇرالمايدۇ. مۇشۇنىڭغا
21. ئوخشاش ھەر تۈرلۈك ئەيىۋىگىزلار (بار) ئىكەن.
22. بۇ سوزنى ئاڭلاپ بارلىق ئايالار مۇنداق دىيىشتى:
23. "توققۇز ئاي ئون كۈن سىقىلغۇچى قوساقتا (بالا)
24. كوتەرگۈچى ئايالار ئىدى، تولغاق يەپ تۇققۇچى يەنە
25. ئايالار ئىدى، مۇشكۇل جاپالار بىلەن باققۇچى -
26. تەربىيىلىگۈچى يەنە ئايالار ئىدى. ئەمدى ئايال -
27. لارنى ئاشۇنداق يامان كورۇپ سەسكىنەمدۇ؟"
28. شۇندىن كېيىن بىر ئايال مۇنداق دىدى: "(مۇشۇنداق)
29. ۋەج - سەۋەپنى كورۇپ بۇرخانلار بىرەر جانلىقلارنى
30. چەتكە قاقىدۇ. يەنە ۋاقتى - پەيتى
31. كەلگەندە ئۇ جانلىقلارنى دانىشمەنلەر ئىزىدىن

(ب)

1. ماڭغۇزىدۇ. شۇڭا بىر ئەمدى ... سوغاق، جىدەلخور
2. ساكى ئوغۇللىرىنىڭ سوزى بىلەن نوم ئاڭلىماستىن
3. قايتىدىن پاراكەندە بولمايلى. نىمە ئۇچۇن دىسەڭلەر،
4. بىر ئاجايىپ ھەيران قالارلىق (ۋە) تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان ئالتە تۇرلۇك
5. كوركەملىك بىلەن تولغانىمىز. سەككىز تۇرلۇك
6. مۇھتاجلىق ئورۇن - جايىدىن قۇتۇلۇپ
7. چىققانىمىز. ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى
8. بۇرخان بىلەن ئۇچراشقانىمىز. شۇنداق
9. ۋاقىت - تاڭ بولغاي، بىزگە
10. يەنە نوم تەپسىر قىلىپ بەرگەي. شۇڭا
11. توغرا بارايلى، نوم ئاڭلايلى. ئاندىن كېيىن
12. ماھاپرجاپاتى گائۇتامى خاتۇن باشچىلىغىدا سەككىز تۇمەن
13. ساكى ئايالى ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى
14. بۇرخان تەرەپكە باردى. ئاندىن كېيىن ھەممىگە
15. قادىر تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ئۇ ئاياللار -
16. نىڭ كوڭلىدىكى ئويلىرىنى ئۇقۇپ، شۇنىڭ بىلەن
17. راھىپلارنى چاقىرىپ مۇنداق يارلىق قىلدى:
18. "بۇ راھىپ ئاياللارنىڭ بەش تۇرلۇك ياخشى (تەرىپى) بار.
19. بىرىنچى: ئوي - ۋاقنى، ئوردا - سارايىنى قورۇق
20. قويمايدۇ. ئىككىنچى: تاپقان نەرسىلەرنى يىغىپ -
21. تېرىپ تۇتىدۇ. ئۇچىنچى: ئاغرىق - سىلاق بولغاندا
22. ئاغرىق (ئادەمنى) كۇتىدۇ. توتىنچى:
23. ئەرلەر بىلەن ھوزۇرلىنىدۇ - شاتلىنىدۇ.
24. بەشىنچى: بۇرخانلار، پىردىكابۇتلار ㉔
25. ئارخانتلار ㉕ (ۋە) بارلىق بەختلىك جانلىقلارنىڭ ھەممىسى مەلىكىلەر -

26. دىن تۇغۇلىدۇ، دۇنيىاغا كېلىدۇ.“ بۇ يارلىقنى ئاڭلاپ
ئېنتايىن شاتلىنىپ - سۆيۈنۈپ، ئۇ ئايالىلار مۇنداق
28. دېيىشتى: ”قۇرۇپ كەتسۇن ھىلىقى جىدەلخور ساكى
(ئوغۇللىرى)
29. دىگەن سوزلەر. ئۇلار بىرگە: سىزلەرنى سىدارتى چۆشىنىپ
30. بولماس دەرىجىدە چەتكە قاقتى — دىگەن ئىدى. ئەمدى
31. يەنە تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان يەر - جاھاندا

ئۈچىنچى بولۇم تونىنچى ياپراق (ئا)

1. قانداق ياخشى مەدھىيە بولسا، شۇنىڭ بىلەن
2. ھەممىمىزنى مەدھىيىلىدى. ئەمدى ئەيىەنمەس، قورق -
3. ماس كوڭۇل بىلەن نوم ئاڭلايلى.“ ئاندىن كېيىن
4. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان ساكى ئاياللىرىغا شۇنداق
5. تەسىرلىك چوڭقۇر نوم تەپسىر قىلىپ بەردى
6. بۇ نومنى ئاڭلاپ سەككىز تۇمەن مەلىكە
7. بەختكە ئېرىشتى. ئىككىنچى قېتىملىق نوم تەپسىر
8. قىلغاندا ئالتە تۇمەن مەلىكە
9. بەخت تاپتى. ئۈچىنچى قېتىم -
10. لىق نوم تەپسىر قىلغاندا تۆت تۇمەن
11. ئايال بەختكە ئېرىشتى. ئاندىن كېيىن پاتىنى قىز
12. بايىقى موكتىكا㉖ (دىگەن) ئۇپاسانچقا مۇنداق دىدى:
13. ”قاراڭ قەدىرلىكىم، ئۇ چاغدا ئەنە شۇنداق
14. زور پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشتى. ساكى
15. ئاياللىرى ئۈچ قورلا نوم ئاڭلاپ،
16. ئون سەككىز تۇمەن ساكى ئايالى بەختكە ئېرىشتى.
17. ئاندىن كېيىن ھىلىقى ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق

18. دىدى: "ئاندىن كېيىن گائۇتامى خاتۇن نىمە قىلدى؟"
19. ئاندىن كېيىن پاتىنى قىز مۇنداق دىدى:
20. "ئاندىن كېيىن گائۇتامى خاتۇن مۇنداق
21. ئويلىدى: 'مەن ھەممىگە قادىر تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان -
22. دىن ئىنتايىن، زور چىنار دەرىخى (دەك) پايدا - مەنپەئەت -
23. كە ئېرىشتىم. شۇنچە نۇرغۇن ساكى ئايال -
24. لىرى بىلەن بىرلىكتە سورتاپان㉗ بەختىگە يېتىشتىم ئەمدى.
25. مەن يەنە نىمىلا بولسا، مال - دۇنيا بىلەن خوشاللىقىا
26. جاۋاپ قايتۇرۇش يۈسۈنى بويىچە (بۇرخانغا) تاۋاپ قىلاي"
27. ئاندىن كېيىن ھىلىقى ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق دىدى:
28. "شۇنداق ياخشى ئوي ئويلىغاندىن كېيىن نىمە
29. قىلدى؟" پاتىنى قىز مۇنداق دىدى: "ئاندىن
30. كېيىن تېرىقچىلار باشلىغىنى چاقىرىپ مۇنداق دەپ
31. يارلىق قىلدى: قەيەردە كېۋەز تېرىشقا مۇۋاپىق سەككىز
تۇرلۇك

(ب)

1. ھەممە نىمىسى تولۇق يەر بولسا، ئۇنى سىزلەر سۈغىرىپ،
2. ساپانلاپ تەييار قىلىڭلار. مەن تەڭرى
3. تەڭرىسى بۇرخان ئۇچۇن كېۋەز تېرىيمەن."
4. بۇ سوزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھىلىقى ئۇپاسانچ ئايال
5. خۇشچىراي بىلەن پىتىنى قىزغا مۇنداق
6. دىدى: "سەن ھىلى گائۇتامى خاتۇن
7. ئوز قولى بىلەن يىپ ئىگىرىپ بوز توقۇدى دىدىڭ،
8. پاختا بىلەن بوزلا
9. توقۇدىمۇ؟" ئاندىن كېيىن پاتىنى قىز
10. مۇنداق دىدى: "ئوزى تېرىغان
11. پاختا بىلەن يىپ ئىگىرىپ بوز توقۇدى. نىمە
12. ئۇچۇن دىسە، ھەرگىز يوقسۇل - نامرات (بولغانلىغى)

13. ئۇچۇن، خىزمەتچى دىدەكلىرى كەمچىل (بولغانلىقى)
14. ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى
15. ئاغمايدىغان سۇزۇك كوڭۇل بىلەن تەڭرى تەڭرىسى
16. بۇرخانغا ــ ياخشى كورىدىغان ئوغلۇمغا تون
17. تىكىپ كىيدۇرەي دەپ توقۇدى.
18. ئۇ بوزنى توقۇپ پۇتتۇرگەن چاغدا بەلگە
19. بىلىدىغان دانىشمەنلەر مۇنداق دېيىشتى: "كىم بۇ
20. توننى ئېلىپ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخانغا كەيدۇرۇش
21. ئۇچۇن سەدىقە قىلسا، ئۇ جانلىق دۇنيادا جەزمەن
22. ئالتۇن رەڭلىك تەن - چىرايغا ئىگە بولۇدۇ. بۇر -
23. خان ئالدىرىغا شاھزادە دانىشمەن بولالايدىغان
24. ئابىسك㉘ (دىگەن) نامغا ئىگە بولىدۇ" يەنە مۇنداق
25. دېيىشتى: "ئالىجاناپ مائىترىدىن باشقا
26. بۇرخان ئالدىرىغا (ئوغۇل بولۇپ)، ئوغۇل ئىلىگ ئورنىغا
27. ئولتۇرالايدىغان جانلىق يوق. ئۇ بوز ئالد -
28. جاناپ مائىترى قولىغا تېگىش بىلەن تەڭرى تەڭرىسى
29. بۇرخانغا سەدىقە قىلىپ بېرىدۇ (ۋە) شۇ چاغدا
30. ئالتۇن رەڭلىك ئوڭ - چىرايغا ئىگە بولىدىغان
31. ساۋاپ ... قازىنىپ بۇرخان ئالدىرىغا

## ئۇچىنچى بولۇم بەشىنچى ياپراق (ئا)

1. ئوغۇل ئىلىگ بولىدىغان ئورۇنغا يېتىشىدۇ.
2. شۇڭا شۇ چاغدا گائۇتامى خاتۇن
3. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كاپىلاۋاستۇ شەھىرد -
4. گە (قاچان) كېلىدىغانلىقىنى سوراشقا (مېنى) ئەۋەتتى". ئاندىن
5. كېيىن چىتىكا (*) ئاتلىق دىدەك يىراقتىن قاتتىق

(*) چىتىكا ياسودارا خاتۇننىڭ دىدىگىنىڭ ئىسمى.

6. ئاۋاز بىلەن ۋاقىراپ مۇنداق دىدى: "ماھانامى
7. ئۇراكۇ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخاننىڭ كېلىدىغانلىغىنى
8. ماڭا ئېيتتى. بۇگۈن كېلە -
9. دىكەن." ئۇنى ئاڭلاپ پىتىنى
10. قىز مۇنداق دەپ سورىدى: "قايسى ۋاقىتتا
11. نىمە ئىشقا بارغان ئىدىڭ؟" دىدەك
12. چىتىكا مۇنداق دىدى: "ياسو دارا ㉙ خاتۇن -
13. نىڭ بوزى پۈتكەندىن كېيىن
14. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان بىلەن راھۇلنىڭ ㉚ (قاچان)
15. كېلىدىغانلىغىنى سوراشقا ئەۋەتكەن ئىدى." ئاندىن كېيىن
16. ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق دەپ سورىدى: "نىمىشقا
17. شۇنچە كوپ بوز (توقۇلدى)؟" پىتىنى قىز
18. مۇنداق دىدى: "گائۇتامى خاتۇن تەڭرى
19. تەڭرىسى بۇرخان(غا) ئويىدە بوز تەييارلىسا،
20. شۇنداق قىلىپ يەنە بەشيۈز ساكى (ئايالىرى) ئىنەل ㉛
راھىپ -
21. لار ئۈچۈن بوز تەييارلىدى." ئاندىن كېيىن ھىلىقى
22. راھىبە ئايال يەنە مۇنداق سورىدى: "ئەمدى
23. بۇ ساكى بەگلىرى زور داغدۇغا بىلەن كاپىلا -
24. ۋاستۇ شەھرىدىن چىقىپ قەيەرگە كېتىۋاتىدۇ؟" ئاندىن كېيىن
25. دىدەك چىتىكا مۇنداق دىدى: "تەڭرى تەڭرىسى
26. بۇرخان ئالدىغا كېتىۋاتىدۇ." شۇندىن كېيىن پىتىنى
27. قىز مۇنداق دىدى: "ئەمدى مەن ماڭاي،
28. بۇ ئەھۋاللارنى گائۇتامى خاتۇنغا يەتكۈزەي."
29. ئاندىن كېيىن دىدەك چىتىكا مۇنداق دىدى:
30. "مەنمۇ بىرىپ ياسودارا خاتۇنغا

31. تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان

(ب)

1. ئانانت ㉜ بىلەن بىللە كېلىدىكەن دەپ ئېيتاي.“ ئاندىن كېيىن
2. ھىلىقى ئۇپاسانچ ئايال مۇنداق دېدى: ”ئۇنداق
3. بولسا مەنمۇ تەڭرى تەڭرىسى بۇرخان (ئالدىغا) ئۇدۇل
4. باراي.“ مۇشۇنچە سوزلەرنى قىلىشىپ ئۇ ئۇچى
5. ئايرىم - ئايرىم چىقىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن
6. بەش يۇز ساكى قەۋمىلىك خوتۇنلارنى
7. ئەتراپىغا ئېلىپ، ھىلىقى ئالتۇن رەڭلىك بوزنى قولىغا
8. تۇتقان ھالدا ماھاپرچاپاتى گائۇتامى خاتۇن
9. ياسودارا‌غا مۇنداق دېدى:
10. ”شۇنداق ۋاقىت - سائەت قاچانمۇ كېلەر؟
11. مەن بۇ تونىنى ... بۇرخان
12. چىكرىرت ㉝ ئىلىگ خانىنىڭ كېيگەنلىكىنى كورسەم
13. ئىدىم.“ ئاندىن كېيىن ياسودارا مۇنداق دېدى: ”مانا
14. ئەمدى بۇرخان چىكرىرت ئىلىگ خان نىكۇدارام
15. ساڭرامىلىق ساراي ئىچىدە... كۇچ - قۇۋۋەتكە
16. تولغان ھالدا (ۋە) شاتلىقى ئاشقان ھالدا يارلىق قىلىدۇ،
ئاجايىپ
17. (ئىشلارنىڭ بولۇشى) يىراق (گەپ) ئەمەس. ئاندىن كېيىن
گائۇتامى خاتۇن
18. نىكۇدارام ساڭرامىنى كورۇپ مۇنداق
19. دېدى: ”بۇ دەل نىكۇد ㉞ (دېگەن) سوگەتلىك ئورمانلىق
ئىدى.
20. بىزنىڭ بېگىمىز سىدارتى خورمۇز ㉟ تەڭرى -
21. گە ئوخشاش ئالتە تۇمەن مەلىكە - خوتۇننى
22. مۇھەببەت بىلىمى بىلەن شاتلاندۇرۇپ - سۇيۇندۇرۇپ، تەڭرى

23. لەززىتىدىن ھوزۇرلىناتتى. ئەمدى يەنە بۇ دەل
24. شۇ ئورمانلىق ئىكەن. نىزۋانلىق كىيىكلەرنى (*) قورقىتىدىغان (ۋە)
25. پارە - پارە قىلىدىغان ئارسلانغا ئوخشاش ھەممىسىگە قادىر تەڭرى
26. تەڭرىسى بۇرخان مۇھەببەت ئازاۋىنى داۋالىغۇچى
27. دورا - دەرمەكتەك يارلىق قىلدۇ.“ ئاندىن كېيىن ماھا -
28. پرجاپاتى گائۇتامى خاتۇن نىكۇدارام ساڭرامغا
29. ... ... دىدى: ”ئەمدى بارلىق ساكىلارنىڭ
30. ... ... بۇرخان چىنتەمەنى ⑳ ئەڭگۈشتىرى
31. ... ... يەر تەرەپكە

## ئىزاھلار:

① نامو. سانسكرىت تىلى NAMAH نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، ”بوي سۇنماق، ئېتىقات قىلماق“ دىگەن مەنىدە.

بۇ سوز ئەسلىدە بۇددىزىمنىڭ دىنغا كىرىش مۇراسىمىنى كورسىتەتتى. كېيىن پۈتۈن نىيەت، پۈتۈن ۋۇجۇت بىلەن بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلىشنى كورسىتىدىغان بولدى.

② درم. سانسكرىتچە DHARMA سوزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، ”بۇددىزىم قانۇنى، قانۇن، قائىدە“ دىگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

③ ساڭ، خەنزۇچە ”僧“ دەپ يېزىلىدۇ. بۇ سوز سانسكرىتچە sangha سوزدىن كەلگەن بولۇپ، ”راھىپ“ دىگەن مەنىدە.

---

(*) كىيىك بۇ يەردە يىرتقۇچ ھايۋانلارنى كورسىتىدۇ.

ئەسكەرتىش: تەرجىمىدە جۈملىلەرنىڭ راۋانراق بولۇشى ئۈچۈن بەزى قۇرلاردىكى سوزلەرنىڭ ئورنى ئالماشتۇرۇلدى.

ھەرقانداق بۇددا نومى "ناموبوت، نامودرم، نامو ساڭ" (بۇتقا ئىبىتىقات قىلايلى، (بۇددا) قانۇنىغا بوي سۇنايلى، راھىپلارغا ئىخلاس قىلايلى) دىگەن سوزلەر بىلەن باشلىنىدۇ.

④ نوم. (1) قانۇن، (بۇددا) قانۇنلار توپلىمى، (2) كىتاپ، بۇددىزىم كىتاۋى دىگەن مەنىلەرگە ئىگە.

⑤ كاپىلاۋاستۇ (KAPILAVASTU). قەدىمقى دەۋردىكى شەھەر بولۇپ، بۇددا دىنىنىڭ ئىجاتچىسى.

ساكيامۇنى مۇشۇ شەھەردە تۇغۇلغان. بۇ شەھەرنىڭ ئورنى ھازىرقى نىپال تەۋەسىگە توغرا كىلىدۇ.

⑥ نىكۇدارام. سانسكرىت تىلى بولۇپ، بۇددا ئىبادەتخانىسىنىڭ نامىنى كورسىتىدۇ.

⑦ ساڭرام. سانسكرىت تىلى [Sangharama] دىن كەلگەن بولۇپ، "ئىبادەتخانا" دىگەن مەنىدە.

⑧ گائۇتامى (GAUTAMI) سانسكرىت تىلى بولۇپ، "نۇرلۇق ئايال"، "تالانتلىق ئايال" دىگەن مەنىدە.

گائۇتامى ماھاپرجاپاتى (MAHAPRDJAPATI) خاتۇننىڭ ھورمەت نامىنى كورسىتىدۇ.

ماھاپرجاپاتى خاتۇن ساكيامۇنىنىڭ ھامىسى ۋە ئىنىگئانىسى. ئۇ بارلىق ئاياللارنىڭ باشلىغى، تۇنجى ئاياللار مۇناستىرىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى باشلىغى.

⑨ بۇرخان. بۇددىزىم ئىلاھى بۇددانىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاتىلىشى.

⑩ سراۋست (سانسكرىتچە (SRAVASTI) "ئەۋلىيالار تۇرىدىغان ئورۇن" دىگەن مەنىدە. سراۋست قەدىمقى دەۋردىكى بىر پادىشالىق ۋە قەدىمقى شەھەر بولۇپ، كاپىلاۋاستۇ شەھىرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى 500 يول كىلىدىغان جايدا. بۇ شەھەر مىلادى 600 - يىلى خارابىگە ئايلانغان.

⑪ ماھانامى ئۇراكۇ. ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى بەش شاگىرتىنىڭ بىرى بولغان (MAHANAMAN) نى كورسەتسە كېرەك.

⑫ ئۇپاسانچ — سوغدى تىلى ['wp's'nch] بولۇپ، راھىبە بولۇشقا تەييارلىنىۋاتقان ئاياللارنى كورسىتىدۇ.

⑬ ساكى - سانسكرىت تىلى [sakya] دىن كەلگەن بولۇپ، ساكيامۇنى چىققان قەبىلىنىڭ نامى.

⑭ كاس — سانسكرىتچە [kasi] دىن كەلگەن بولۇپ، "چىد-رايلىق پاختا توقۇلما" نى كورسىتىدۇ. بۇ خىل kasi قەدىم-قى ھىندىستاندىكى باراناس شەھرىدە توقۇلىدىكەن.

⑮ ۋىپاسى — سانسكرىتچە [VIPASYI]، ئەڭ دەسلەپكى يەتتە بۇددانىڭ بىرى.

⑯ مائىترى — [سانسكرىتچە MAITREYA]، مائىترى كىشى-لەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى كەلگۈسىدە دۇنياغا كېلىدىغان بۇددا بولۇپ، ئادەتتە Aditja دەپمۇ ئاتىلىدۇ. گەرچە ئۇ تارىختىكى مەشھۇر شاگىرتلاردىن بولمىسىمۇ، ساكيامۇنى-نىڭ ھەمراھلىرى ئىچىدىكى مۇھىم شەخس ھىساپلىنىدۇ. ساكيامۇنى ئۇنى توچىتا دىگەن جايدا كورۇپ، 5000 يىلدىن كېيىن ئوزىنىڭ ۋارىسى قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن-مىش. مائىترى بارلىق بۇددىزىم مۇرىتلىرى تەلمۈرىدىغان قۇتقۇزغۇچى خۇدا ھىساپلىنىدۇ.

⑰ بودسۋت سانسكرىتچە BODHIŚATTVA سوزىنىڭ ئوز-گەرگەن شەكلى بولۇپ: "ھەر بىر ئادەمنىڭ ھىس - تۇيغۇ-سىنى بىلىدىغان" دىگەن مەنىنى بىلدۇرىدۇ. ئۇ ساكيامۇ-نىنىڭ دەرۋىشلىك قىلىپ يۇرگەن، تېخى بۇددا ئايلانمىغان ۋاقتىدىكى نامى ئىدى. كېيىن ماھايانا ئىدىيىسىنىڭ ئەمىلىلەشتۈرگۈچىلىرى مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان.

⑱ سانتۇدان — سانسكرىتچە [suddhodana]. سانتۇدان ساكيانلارنىڭ پادىشاسى ۋە ساكيامۇنىنىڭ ئۇمۇم تەربىيىدىن ئېتىراپ قىلىنغان ئاتىسى.

⑲ نىزۋانى — [nyzβ'ny] سوغدى تىلى بولۇپ، "(1) زوق، ھەۋەس، (2) دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق، (3) دىلخەستىلىك، ئازاپ" دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە.

⑳ ئۇدۇمبار (سانسكرىتچە ئۇدۇمبار — Udumbara) بۇ بىر خىل خاس نامنى بىلدۈرىدۇ.

㉑ سىدارتى. سانسكرىتچە Siddhartha دىن كەلگەن. ئۇ ساكيامۇنىنىڭ ئۆي-ۋاقىدىن ئايرىلىشتىن بۇرۇنقى ئەسلى ئىسمى.

㉒ سۇدۇر، سانسكرىتچە سۇترا — SUTRA سۆزىنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى بولۇپ، "نوم"، "ھۆججەت" دېگەن مەنىدە.

㉓ دىنتار [δyndr'] سوغدى تىلى بولۇپ "تاللانغان"، "مانى دىنى مۇرىتى" دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

㉔ پرىدىكابت (سانسكرىتچە Pratyeka Buddha) نىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى. بۇ بۇددا خۇددى بىر ئاتقا ئوخشاش ئازاپ دېڭىزىدىن ئۈزۈپ ئۆتۈپ، شاتلىق دۇنياسىغا يېتىپ بارارمىش. ئۇ Nidana Buddha دەپمۇ ئاتىلىدىكەن.

㉕ ئارخانت. بۇ سۆز ARHAN ياكى ARHAT دەپ يېزىلىدۇ. خەلق ئىچىدە تارقىلىپ يۈرگەن بىر خىل رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، ئارخانت ساكيامۇنىنىڭ ئەڭ ئىسىل شاگىرتى (ئەڭ قابىل ياردەمچىسى)، بارلىق شاگىرتلىرىنىڭ ئالدى ھېساپلىنىدىكەن. ئارخات ھىنايانا بۇددىزمى غايىسىدىكى ئەڭ يۇقۇرى ئورۇن ھېساپلىنىدۇ.

㉖ موكتىكا. سانسكرىتچە ئىسىم بولۇپ، راھىبە ئايالنىڭ نامى.

㉗ سورتاپان (سانسكرىتچە SROTAPANNA). سۆز مەنىسى

"سەككىز ئىقىن" بولۇپ، بۇددا دىندا مۇقەددەس
تۇرمۇشقا ئوتۇشنىڭ يولى ھېساپلىنىدۇ. بۇددىزىم مۇرىتلىرى
بۇ يولغا كىرىپ تەدرىجى يۇقۇرى ئورلەپ زېمىن ـ ئاسمان
ئارىلىقىدا يەتتە قېتىم ئايلىنىپ نىرۋانغا ئېرىشەرمىش.

(28) ئابىسېك [سانسكرىتچە abhiseka] بۇ سوز 1) تەختكە
ئولتۇرىدىغان پادىشانىڭ پېشانىسىگە ئىبادەتخانىدا "مۇقەد ـ
دەس ياغ" سۇرۇش مۇراسىمىنى كورسىتىدۇ. 2) تونۇشتۇرۇش،
بىلدۇرۇش، خەۋەردار قىلىش، بېغىشلاش، نام بېرىش
دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرگە ئىگە.

(29) ياسودارا (سانسكرىتچە YAŚODHARA) ياسودارا راھو ـ
لىنىڭ ئانىسى. ئۇنىڭ يەنە بىر ئىسمى گوپا [GOPA]. ئۇ ساك ـ
يامۇنىنىڭ قانۇنىي خوتۇنى بولۇپ، راھولىنى تۇغقاندىن كېيىن
راھىبەلىك تۇرمۇشىغا كوچكەن،

(30) راھۇلى [سانسكرىتچە RAHULA]. ئۇ ياسودارانىڭ
چوڭ ئوغلى، ساكيامۇنىنىڭ شاگىرتى.

(31) ئىنەل. بۇ تۇركى تىلى بولۇپ، ھورمەت نامىنى بىلدۇرىدۇ.

(32) ئانانت (سانسكرىتچە ANANDA) مەنىسى "خوشاللىق"
چۇنكى ئانانىدا دەل ساكيامۇنى بۇدداغا ئايلانغان كۇنى
تۇغۇلغان. ئۇ ئوزىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ۋە تەج ـ
رىبىلىكلىكى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر بولغان. ئېيتىشلارغا
قارىغاندا ئەڭ بۇرۇنقى بۇددا نومى (سۇترا) نى ئۇ تەھ ـ
رىرلىگەن ئىكەن.

(33) چكرىرت ـ سانسكرىتچە [cakra vartti] نىڭ ئوزگەرگەن
شەكلى بولۇپ، قەدىمقى ھىندى ئەپسانىسىدىكى بىر خاننىڭ
نامىنى كورسىتىدۇ.

(34) نىكۇد ـ سانسكرىتچە [Nyagrodha] نىڭ ئوزگەرگەن
شەكلى بولۇپ، "پۇتاقسىز دەرەخ" دېگەن مەنىدە. ئۇ
ھىندىستاندىكى فىكۇس دەرىخىنى كورسىتىدۇ.

(35) خورمۇزتا [Xwrmzt] سوغدى تىلى بولۇپ، "خۇدا،

ئىلاھ، تەڭرى“ دىگەن مەنىدە. خورمۇزتا ئەسلى مانى دىنى ئىلاھى بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى ئىلاھى ئىندرا [Indra] نى خورمۇزتا نامى بىلەن ئاتىغان.
(36) چىنتامانى (سانسكرىتچە cintamani). چىنتامانى ئەردىنى سانسكرىتچە [cintamani ratna] دىن كەلگەن سۆز بولۇپ ”مەرۋايىت، دۇر، غەزنە، بايلىق، گوھەر، ئەڭگۈشتەر“ دىگەن مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ.
تۆۋەندە ئەسلى تېكىستنى تەرجىمە قىلغاندا ئۆز پېتى ئالماي تەرجىمىسىنى بەرگەن سۆزلەرنى تونۇشتۇرىمىز.
1. ptr بۇ سانسكرىتچە [پاتتارا — Pattara] دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، ”ۋاراق، ياپراق“ دىگەن مەنىلەرنى بىلدۇرىدۇ.
2. قۇنچۇي بۇ سۆز خەنزۇچە 公主 سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ”مەلىكە“ دىگەن مەنىدە.
3. تويىن. خەنزۇچە 道人 سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ”راھىپ“ دىگەن مەنىدە.
4. چاخسا پاتلىق. چاخساپات [siksapada] سانسكرىت تىلى بولۇپ، ”نەپسىنى يىغىش“، ”پەرھىز تۇتۇش“، ”دىن بۇيرۇغى“ دىگەن مەنىلەرگە ئىگە.
5. ئامارى. ئوتتۇرا قەدىمى ئىران تىلى [abarig] دىن كەلگەن سۆز بولۇپ ”نۇرغۇن، كوپ، بىر قانچە“دىگەن مەنىدە.
6. ئاۋانت. [ʼnβʼnt] سوغدى تىلى بولۇپ ”سەۋەپ، ۋەج“ دىگەن مەنىدە.
7. بۇسى. خەنزۇچە 布施 سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ ”سەدىقە“مەنىسىدە
8. ئازۇن. [”zwn] سوغدى تىلى بولۇپ ”دۇنيا، ئالەم، جاھان“ دىگەن مەنىدە.
9. تۇدۇڭ. خەنزۇچە 都统 سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئەمەل نامىنى بىلدۇرىدۇ.

# قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» 7 - جىلدى ھەققىدە تەتقىقات

## قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» ھەققىدە ئىزاھات

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» 1930 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان. كىتابنىڭ چوڭلۇقى 44×18cm كېلىدۇ. بۇ كىتاب پارچىلىرىنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقىنى جەمئىي 378 ۋاراق (756 بەت) بولۇپ بۇنىڭ 248 ۋارىقى بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدا بولۇپ، قالغان ۋاراق- لىرى فرانسىيىنىڭ گۇئىمېت (Guimet) موزېيىدا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ لېنىنگرادتىكى تارمىقىدا ساقلانماقتا.

بۇ ئەسەر خەنزۇچىدىن قەدىمى ئۇيغۇرچىغا ئەينى زاماندىكى ئۇيغۇر تىل ئالىمى سىڭقۇ سەلى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان.

گېرمانىيىلىك تۈركولوگ ئا. فون. گابائىن 1935 - يىلى بۇ ئەسەرنىڭ 5 - جىلدىنىڭ 6 ياپرىقى (ۋارىقى)نى تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلدى. 1938 - يىلى بۇ ئەسەرنىڭ 7 - جىلدىدىكى 3 پار- چە خەتنى (ياپراق بولۇپ جەمئى 397 قور خەت يېزىلغان) ئېلان قىلدى.

ئېلىمىزدە قىلىك جياشىڭ ئەپەندى 1953 - يىلى بۇ ئەسەر توغرىسىدا تەتقىقات دوكلادى، ئەسەرنىڭ تەرجىمە قىلىنغان ۋاق- تى، شۈەنجۇاڭنىڭ ئۆلگەن ۋاقتى (يىلى)، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ

يىل ھېساپلاش ئۇسۇلى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرىنى ئېلان قىلدى.

1974 - يىلى روسىيىلىك تۇڭگۇشېۋا خەنزۇشۇناس مېنشىكوۋ بىلەن بۇ ئەسەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ساقلىنىۋاتقان 10 - جىلدىنىڭ 7 - ياپرىقى توغرىسىدىكى تەتقىقاتىنى ئېلان قىلدى.

دوتسېنت گېڭ شىمىن بۇ ئەسەرنىڭ 7 - جىلدىنىڭ ياخشى ساقلانغان 8 ياپرىقى (16 بەت) توغرىسىدا 1957 - يىلى دەسلەپكى تەتقىقات ماقالىسىنى يازدى. 1958 - يىلى ئۆزگەرتىپ يازدى. 1977 - يىلى ئەسەرنىڭ بېيجىڭ كۇتۇپخانىسىدىكى ئەسلى تېكىستى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، 3 - قېتىم قايتىدىن ئۆزگەرتىپ يازدى.

# قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى «شۈەنجۇاڭنىڭ تەرجىمىھالى» 7 - جىلدىدىكى 8 ياپراقنىڭ تېكىستى

## $A_1$

(1) (قىس ئونۇ) نچ ئايىن خان لاغىد (2)غا يارلىقادى...
(3) سامتسو ئاچارى يىمە باردى،... خان ئوگرە (4) ئىس باسچى
(5) بەگلەركە يارلىقامىس (5) ئەردى. بىزىنىڭ تاغدىنىقى-ى
(6) ...... (7) يايلاقدىن كىدىن (8) سامتسوقا بىر يىمە (9)
تۇكەل پىريان ئىتىگلار. ئاتى (10) نوم كىگۈرمىس پىريان تىپ
ئاتاڭ (11) لار تىپ مۇنىلايۇ تۇتۇز-ۇ-(12)مىس ئەردى. ئول
بەگلەر يىمە (13) مۇنتاغ ئوق ئۇز ئىتۇرمىس ئەردى. (14)
قاچان خان بىرلە لاغىد- (15) غا تەگدۇقدە سامتسو ئاچارى ئول
(16) ... يى ئىچىنتەكى پرياندا (17) تۇردى. كۇندۇزخان تىدىپ
ساۋ (18) سوزلەتىمەر، تۇنلە پريان (19) قا بارتۇقدا نوم ئاقتارۇر
ئەردى. (20) ئوگرە ئەۋىرمىس نوملارقا (21) سىگانىسىراباۋ
ئاتلىغ بودىستۋ (22) يورمىس ئون تەگزىنچ ماخايانا (23) ساگراغ
ساستر، ۋاسۇبانتۇ بودىستۋ (24) يورمىس يىمە ئوك ئون تەگزىنچ
(25) ماخايانا ساگراغ ساستر، تىلتاغىن (26) تۇرمىس نوملارنىڭ
(27) ئىدۇغ يورىغى ئاتلىغ سۇدۇر بىر

## $B_1$

(1) تەگزىنچ، يۈز نوماغ يو......(2) ئاتلىغ ساستربىر تەگزىنچ.
بۇ (3) مۇنچا نوملارىغ ئاقتاردى. (4) بۇۇ بىچىن كۇنكە تركەن (5)

تىگىن خاۋ تايسى يانا تىسى (6) ئىن سى ئاتلىغ ساڭرام (7) ئىتگەلى
يىرلىقادى. (8) ئول ساڭرام ئەرۇ ئەرۇ (9) بۇتتى. چاكىر ئىتىگى
بۇتگەلى (10) ئوغرادۇقتا ئانتا ئولۇرتاچى (11) تويىنلار ئەكسۇ-
كىنگە خانتا (12) ئوتۇنۇپ خان يىرلىغى ئوزە (13) ئۇچ يۇز
تويىن كىگورگۇ قىلتى. (14) بۇ ئۇچ يۇز تويىنتا ئوڭى (15)
ئەلىگ ئۇلۇغ ئەدرەملىگ تويىن- (16)لارىغ ئوتۇنۇپ ئۇلارنى بىرلە
(17) ئولغۇرتقۇ قىلتى.ۋرخار تەگز— (18)ىنگۇ نۇم سوزلەگۇ ئۇچۇن
(19) ئول ياڭى ئىتمىس تىسى ئىن (20) سى ساڭرام ئىچىنتە يانا
(21) سامتسو ئاچارى ئولۇرۇپ نوم ئاقتار- (22) غۇلۇق بىر يىمە
ئۇلۇغ قوبى تۇكەل (23) پرىيان ئىتىدۇردى. كىم ئول پرىيان
(24) يالۇ كوگەن لىملىگ ئوت بەدىز- (25) ى قۇدۇقلۇغ، چوڑا
رازىرت بۇلىت (26) قاس تىرگۇك تۇپلۇگ قىزىل باقىر (27)
تايىلىغ، ئالتۇن ... قى......

## A₂

(1) چەچەك قۇۋراغلىغ بارچاسى يىگ (2) ئادرۇق ئاڭسىز
كوركلە ئەردى. (3) سامتسو ئاچارىغ يانا ئول يان- (4)تا كەلۇرۇگ
بىتىگ ئاقتارغالى (5) كوسۇس ئورىتىپ باسا يانا (6) قاۋسى-ى
ساڭرام-م (7)تەكى زىم ۋاپسى-ى (8) ئاتلىغ نومچى ئاچارىقا
(9) تىركەن تىگىن ئايىپ كەنتۇسى (10) ئىتمىس تىسى ئىن سى
ساڭراه- (11)تا سامتسۇ ئاچارىغ ئۇلۇغ بولغۇ قا (12) ... چى
تۇتدى. ئانى ئەسدىپ (13) سامتسو ئاچارى يانا تىركەن تىگىن
(14)كە ئوتۇگ بىتىگ ئىتدى. بىتىگ (15) ئىچىنتەكى ساۋى بۇ
ئەرۇر: تويىن (16) خۇئىنتسۇ ئوتۇگۇم: تەگى تەگىن- (17 ىدىم
يىرلىغقا تىسى ئىن سى (18) ساڭرامدا ئۇلۇغ بولغۇ ئوغرىنتا (19)
(ئاغ)ىر ئاياماقىن ئەسدۇ تەگىنديم (20) بۇ ئەدگۇ يارلىغىغ،
كوڭۇلۇم (21) بىلىگىم يىتىلىمەدىن ئارتۇقراق (22) ئىيى-

نىپ، ئىلىسلىگ ساۋ سوزكه (23) ئۇستەلدى. تەرىڭ بەزمەك
تىترە (24) مەكىم. مىن خۇئىنتسونىڭ ئەدرەمىم (25) ئۇلۇغسىغ،
قىلىنچىم ئەرىگىم ياراغ- (26) سىز ئول. تىتىنىپ كىرتۇ ئانت
يىرلىغ (27)ى ...- سىدىم...... يزۇقىغ

$B_2$

(1) كىڭورتكەلى ئىنانىپ تايانىپ تڭرى (2) خانىمىزنىڭ ئۇلۇغ
قۇتىڭا تۇپ- (3) كەرۇ ئىراق بارىپ ئىستەدىم تەرىڭ (4) نومۇغ
بۇلمىسقا سۇدۇرلارىغ-غ (5) ساستىرلارىغ ئىدۇق يارلىغ ئۇزە
(6) ئاقتارۇ ئەرۇر بىز. كىرتۇ (7) كوسۇسۇمۇز ئول نومۇغ (8)
يادغۇقا ئەرۇ قانۇ- (9) تۇرۇر بىز. مۇنتا ......(10) ئىس كودۇكۇگ
ئالتۇن كۇز...(11) يۇرتتا ئىدۇق نوم ئۇلالدى (12)ساپلتى تڭرى
خانىمىزنىڭ (13) يىرۇق يىرلىغى ئۇزە قلتى (14) ئىلىگ ئۇلۇسۇغ
ئاسىغلىغ تۇسۇلۇغ. (15) مىن خۇئىنتسو ئوڭرە ئەنەتكە كى(16)كە
بارمىستا ئەلپ ئادالىغ (17) يولتا ئۇركىچ ئەگەنمس مىن (18)
ئىگلىگ كەملىگ بولمىس ئەرۇر (19) كۇچۇم كۇسۇنۇم كەڭلمسكە
(20) ئارتامىسقا قورقۇ تەگىسۇرمەن (21) قايۇ ئەرسەر ئىس
كۇدۇكۇگ (22) ئىرگۇرۇ تەگىنمەگەي ئەركى مىن (23) تىپ.
يالڭۇزۇم ئالسارمەن ئىل (24) ئاچىغۇن يازۇقلۇغ بولۇ تەگىنگەيمىن
(25) بوسغۇتسۇز بۇرساڭ قۇۋراغ ئىسن (26) كودۇگىن ئايغالى
باسلاغالى قىلىنسار، (27) يانتۇرۇ يانا ئاغىر...

$A_3$

(1) بۇلغايمن. قۇسلى بالىقلى (2) ئوكى تۇزلۇگ ئەرىپ ئۇچىت-
ۇقدا (3) چومتۇقدا يولىن ياكىلۇر. ساقىن (4) ساربىزتىركىن
تىگىن تڭرىم قۇتىم (5) تۇزۇن تاپىغساق يىرلىقار تڭرى (6) خانىمىز
ئىزىنتە...... (7) ئاياماق ئامرانىماق (8) يىرلىغ يىرلىقار، سەۋىنچ
بىلمەك (9) كوڭۇلدە يىلكە ئىرغالۇرسوگۇت (10) تەك يىرلىقانچۇ-
چى كوڭۇللۇگ (11) يىرلىقار تومىلىغقا تويىرىيۇر (12) ...تەگ
ئىرىنچكەمەك ساقىنچ (13) يىرلىغ يىرلىقار تورۇچە ئىتىدى (14)
يارادتى ساڭرام كىڭۇرتكەلى (15 )...پ يىرۇغ بۇيانىغ. نوملۇغ

(16) قۇۋراغىغ باسىلاماقلىغ يارىق (17) ....ا كىسلەردە بولۇر
بىر (18) داڭ ئىسىمىز كودۇگۇمۇزە ئول ساۋ (19) تا ئىدىس
ئەرمە ... ئوتغۇراق (20) بار بولغاي كەدگىرمەكىمىز تۇسمە
كى (21) مىز كۇسەيۇ تەگىنۇرىر بىلگە (22) كوڭۇلى ئۇزە
ئىراق كورۇپ يىرۇغۇ (23) يىرلىقازۇن نوم كىڭۇرتدەچىنىڭ (24)
بۇيانلىغ تىلتاغىن يىرلىقانچۇچى (25) بىلگىن ئەدگۇتى يادىپ
ئادىرتلايۇ (26) يىرلىقازۇن بىر بىلگىسىز (27) ......مىزچىن

$B_3$

.......... (1) مىن ئامرانماقىن. مۇنتاغ قىلسار (2) ئوترۇ نوملۇغ
قۇۋراغىنىڭ يوق (3) بولۇ تەگىنگەي قارارماقلىغ چوكمەكلىگ
مۇن يازۇقلارى-ى بالىق (5) لى قۇسلى ئۇچقۇتا باتقۇتا (6)
تاپىنچا چىا ئۇچقا- (7) لى باتقالى بولۇرلار (8) بىر يىمە
ياراغىسىز... (9) ئوتۇگ ئوتۇنۇرىر كىرگۇد (10) چۇمۇزگە
ئەرتىنگۇ ئايىمانچلىگ (11) ئارتۇقراق قورقىنچلىغ تاپىغلىگ (12)
تىپ مۇنىلايۇ بىتىگ ئىتدى. (13) چىغساپىت ئاي بوۇ لۇۇ كۇنكە
(14) يانا يىرلىغ ئۇنتى. ئويىنچى (15) خاردداقى ئويىنچى بەگ-
لەر (16) باسلىغ قىلىڭ خاۋاڭ باغلىگ (17) تاۇسۇڭقا توقۇز
خاردداقى (18) توقۇز باغ ئويىن ئىلتۇ قۇت (19) ئورنانمىس
قاپىغلىغ قايقا (20) يارىن ئىرتە ئىمىرتە بارىڭ (21) لار تىپ
يانا يىرلىغ ئۇنتى. (22) ساڭرام سايۇقى نەچە ئىتىگ (23)
ياراتىغ ئەرسەر توغ تاۇچاڭ (24) دا ئۇلاتى بارچا ئۇز ئىتىزۇن
(25) تىمەزۇن (26) يارىن كى يىلان كۇنكە (27) ئىرتە قۇت
ئورنانمىس

$A_4$

(1) قاپىغتا لىغ قايدا يىغىلىپ (2) بۇرقانقا ئۇترۇ
بارغۇ ئول تىسى ئىن (3) سقا كىرگۇچى ئاچارىلارىغ ئۇدۇز- (4)
ۇپ ئىلتكۇ ئول تىپ مۇنتاغ يارلىغ (5) كەلتى. سازىن قۇۋراغ
بەگلەرى (6) يىمە ئىكىنتى كۇن ئىرتە (7) ئول قايتا يىغىلىپ
(8) تىزىلتىلەر. ئوتلى بەلتىر (9) دە كىم ئول ژۇنگىم
بەدىزلىگ (10) ...كىلار بالىق ياڭلىغ (11) ... ياتلانقۇ
سرۇقلار قاماغ-غ (12) مىڭ بىر يۇز ئارتۇق تاۋچاڭلار (13)

كۈساتىرىلار ئۈچ يۈز ئارتۇق (14) ئوكرە ئىچىتىرتىن ئۈنىمىس چىكىنە - (15)مىس ئىكى يۈز ئارتۇق بۇرقاد- (16) لار ئىكى ئالتۇن بۇرقان كۈمۈس بۇرقان، ئالتۇن يىپلىگ ئىسكىرتە-(18) لەر. لالار پانلار بىس يۈز (19) قۇك ۋۇتسى ساكرامدا ئۇرمىس. (20) سامتسو ئاچارى كەلۇرگۈچى بۇرقاد (21) لار، بىتىگلەر، سارىرلارىغ سامتسو (22) ئاچارى ئوزى ئۈنتۇرۇپ تاۋچاك (23) ئورۇن ئۈزە ئۇلاتى قاڭلىلار (24) ئۈزە ئۇرۇپ ئوترا يورىدى... (25) يانا بۇرقانلار ئۇسكىنتە (26) ئىكىدىن ئۇلۇغ قاڭلىلارىغ (27)......قاڭلىلار ئۈزە

## $B_4$

(1) سىنتە ئۈزۈن ئىغاچ تىكمىس (2) ئول ئۈزۈن ئىغاچتا پانلار (3) سالىنتۇرۇپ ئول پانلار كىدىنىن-(4) تە ئارسلان خانلارىن يىتىپ (5) ئوكدۈن يورىتىدىلار. يانا (6) ئەلىگ ئەردىنىلىگ قاڭلى-(7)تا تىسى ئىن سىتا (8) كىرگۈچى ئەلىگ ئۇلۇغ ئەردەملىگ (9) ئاچارلارىغ ئولقۇرتۇپ (10) بالىقلىغ بۇرساك قۇۋراغ يانا (11)يىپار خۇا چەچەك تۇتۇپ يىر (12) قىلۇ باسا يورىدىلار. ئانتا (13) باسا نەچە ئۈزدىكە ئالىپ... (14) - ماقا توكەلىلىگ بەگلەر (15) ئەرسەر، ئوكىن ئوكىن تاپىغ (16) ئۇدۇغ تۇتا قۇرىنچا كەزدىكنچە (17) تىزىلتىلەر. ئويىنچى خارىداقى توقۇز (18) باغ ئۈزەكى ئويىنچىلار ئىكىدىن (19) يورىپ ئويىن ئەتىزدىلەر...(20)بۇلارتا كىن تۇۋغ پان كوتۇر-(21) ۋُپ چۇك سىلكىدىلەر. با (22) توقىدىلار. تىتىسى ئۈزۈكسۈز (23) خۇا چەچەك ساچماق ئۈزە (24) كوزۇگ ساقىتىدىلار...(25) كوك قالىغىغ ئۇچۇردىلار (26) تولىپ كەنت ئۇلۇس يالتىرىتىدىلار (27) لار......

## $A_5$

(1)...قۇۋراغىنىك ئوكرەسىن كىدىنىن (2) بىلگەلى بولمادى. ئانى ئۈچۈن ئۇلۇغ (3) تاۋراتداچى ئۇرچى باغلىغ ساۋز-(4) ۋك

بەگکە، ئکنتی تاۋراتـ (5) داچی ۋاڭ باغلغ ۋنکۇن (6) بەگکە
یرلقاپ (7) ئوڭدۇن ئورتۇنقی (8) ئەرچەدە مڭ کسی (9)
یۇمۇسچی برتۇردی. خان (10) یرلغی ئۇزە تۇرۇلمش بلگە
(11) ئاتلغ ئەر، لی باغلغ کن یۇۇ (12) ئاتلغ بەگ
ئۇلۇغ یۇمۇسچی بولۇپ (13)...قسۇ ئۇلۇغ بەگ برلە ئول-ل
(14)...غ باسلادلار. خان ترکەذ-(15)نگ کۇنتەکلەر برلە
(16) کەلسپ قۇت ئورنانمس قاپغ (17) ئاتلغ قایداقی
ئۇلۇغ لۇۇ ئۇزە (18) تۇتسۇکلۇگ تۇتۇپ بۇرقاذ-(19)مغ نومۇغ
بۇرساڭ قۇۋراغغ (20) کورۇپ ئەرتنگۇ ئوگردی سەۋنتی.
(21) قایداقی کورتەچلەر سانی (22) بر کولتی تۇمەن
کسلەر (23) ئەردی...مۇنتاغ ئۇلۇغ (24) توروۇن بۇرقان نوم تسی
ئن (25) سی ۋرخار قاپغقا تەگدۇک-(26) دە خان یرلغی
ئۇزە چاۋ (27) قۇڭ ئی قۇڭ ئدوغ کەنگۇ باسچی

## $B_5$

(1) چۇلی بۇ ئۇچ ئۇلۇغ ئۇگە-(2) لەر تۇتسۇك تۇتا
ئۇدۇزۇپ ۋرتن ئچنتە ئۇرۇپ توقۇز (4) باغ ئویۇن ئەتز-
دۇرتی باچن-(5) لغ بۇتگن بۇدتسپ ئۇلاتی (6) قاماغ
مڭ بس یۇز-ز تۇرلۇگ ئویۇن ئوینا-(8) تسپ ئانتاکن یادلد-
(9) لار تسی ئن سی ساڭرامقا (10) بۇرقان نوم ئەلگ نومچلار
(11) ئۇدۇزۇپ ئلتمەك تۇك (12) تۇکەدی. بۇ تورۇ کسی
یلان (13) کۇنکە بولتی. بۇ تورۇ (14) ئەرتمستە کن تور-
تۇنچ (15) کۇن ژم بچن کۇنکە (16) ترکەن تنگن تویـن
کرگۇ-(17) لۇك کوسۇسی بولتی. ئول کۇن (18) قانتۇرغالی
سن قوین کۇنکە (19) ئنانچلار تاپغچلار برلە (20) ئۇنۇپ
ئەسکی چغتا تۇنەدی. (21) ئکنتی کۇن تاڭن ئرتە (22)
تسی ئن سی ساڭراەنلڭ (23) کۇنتۇن یاڭاغدن ئتنگ (24)

ياراتىغ ئۆزە تىزىدىك قىلىپ (25) كەلتى. ساۋرام قاپىغىدا
تەگدۈك-(26)دە ئاتتا قودى تۈسۈپ يادىغىن (27) كىردى.
قاماغ...

## A₆

(1)......تۆكەدتۆكدە ئەلىگ (2) نومچىلارىغ ئوقىپ بىرلە
كورۈسدى. (3) ۋرخار ئىتمىس تىلتاغىنتا سوزلەدى. (4) سوزلىۈ
بىرلە ئاچىغى كەلىپ يىغلا (5)دى. تىگىن يىغلامىسقا تەگرەكى
(6) بەگلەر ئاچارىلار كىم ئەسەر (7) ئىدى يىغلاماقلى
(8) قىلماقلى بولمادى. (9) ئىسىنمەكدە ئىسىنمەكلىگ كوڭۈل-
(10)ۈگ كورسەر تىگىننىڭ بۇ ئودتە (11)كى سۈنتىسى خان
ئەرۈر. قاچان ساۋ (12) تۆكەتۆكدە ئۇلۇغ يايلىقا ئاغتىن(13)ىپ
ئۈڭدۈنكى قالىغتا ئولۇردى. (14)...گ بەگلەرىگ ئالتىن
يازد-(15) دا تىزىلتۇردى. ئۆتلىسىن (16)...ى قىلماقلىغ
ئەدگۈ يولىغ (17) يارلىقادى تويىن كىردەچىلەرگە. (18) ئانتا-
كىن ساچلارىن يۈلۈتىپ (19) كونى ئاسانتۇردى. ئۇلاتى بەگ(20)
لەرگە ئوگدىر بىرىپ تويىن (21) كىرگۈچىلەرگە... كەمىسىمس-
(22) دە كىن قاماغلار قالىغدىن (23) قودى ئىنىپ تىركەن
تىگىن (24) قاتۇنۇ بىرلە بۇلاڭ تەگزىنىۈ (25) يورتىلار.
قاچان سامتىسو (26) ئاچارى تەگدۈكدە تىركەن تىگىن
(27)..... بىس ئۆژىكلىغ

## B₆

(1) سلوك ياراتدى. سلوك بۇ ئەرۈر (2) ئىنانۇر بىز قاپىغىنتا
كۆن (3) تىگرى ئورنانمىسقا (4) يوكۈنۈر بىز بۇر قانلىغيايلىقتا

(5) ئىلىنچۈلەدەچىگە (6) كوزىن كورگەي ئەركى (7) بىز خانى-
مىزنىڭ خانى (8)نىڭ (9) نوملۇغ تىلىگەن كۈنىكە مۈنتاغ(10) قىا
ئەۋىرەسىن (11) خۇالار كوژاتىرلار تۈتسۇكلەر (12) بۇلىت تەگ
ئۈچ-قايىلار (13) كوك تۈتسۇك تۈتۈن يىدىيۇ (14) كوديۇ تۈرغاي
كوك قالىغتا (15) چۇژا يالتىرىغلىغ ئەردىنىلىگ (16) تۈغلار پانلار
يالۇ كوگەن (17) تەگ ئىراقتىن بەدىزەلگەي (18) كوك قالىغ-
داقى سۇۋ يالتىرىقلىغ (19) ئورۇن تەگ ئەرتىنگۇ يرۇقى تەگ
(20) ئودۇن ئاقتىنغاي ئون يىر ئورۇن(21)قا كەنتۇ ئوزى بولغاي
ئۇقالى (22)ئۈچ ئىنانغۇلۇقلارىغ. تىپ (23) مۈنتاغ بىتىگ
كورۇنچلەيۇ تۈكەد (24) سپ ئوردۇقا يانتىلار.... (52) ئول ئودۇن
تويىنلار ئىگىلەر (26) ئوگىرىپ سەۋىنىپ بىر ئىكىنتىسكە (27)
سەۋىنچكە سلوك...غانتى...

## $A_7$

(1) ......ئەردى تەرىڭ (2) بوسغۇتلار ئىكىلەيۇ ئاسىلتى.
(3) قالمىس نومىلار يانالا (4) ئۈستەلدى. ياغۇرۇ سودە بەرۇ
(5)مۈنتاغ ئىدى مۈڭادىنچىغ (6) ساۋ بولمىس يوق (7) تىپ
تىدىلەر. ئول (8) كۈن ئۈزە خان (9) يىرلىغى كەلىپ سامتسۇ
ئاچارىغ (10) تاغدىنقى ئوردۇقا ئىلتدى. (11) ئۈچ ئوتۇزۇنچ
يىلتا تۈرتۈنچ (12) ئايىن خان تۈسەنگى ئىچىنگە (13) ئوردۇقا
يىرلىقادى. تركەن (14) تىگىن تڭرىم سامتسۇ ئاچارى (15) ئىكە
گۈ بىرلە باردى. بەگلەر (16) ئۈزە قاۋزادىپ قاچان ئانتا (17)
تەگدۈكتە خان يىرلىغى يىرلىد (18) قامىسىغ تاس قىلىپ بىر- ر (19)
يىنتەم تەرىڭ ساستىرلارداقى (20) نوملارىغ سوزلەپ تىلىتاغىنىڭ

(21) تۆسنىڭ ئوغساتى ئۆدلىسىن (22) ئايىتتىدى. سامتىسۇ
ئاچارى يىمە (23) ئول ئايىتمىس نومىلارىغ يونىنچە(24)
ياراغىنچا ئايىپ يانا ئول (25) نوملارىغ ئەنەتكەكدە قاي
ئۇرۇن(26)تا يېرلىقامىس ئەرسەر ئانى بىرلە (27) تاپىق...
ئۆز كىگىنچ بىردى

## B₇

(1) ئانى ئەسىدىپ تەرىك كىرتگۈنتى (2) سۆزۈلتى. قولىن
يارسىنغۇسىنتىن ئۆنتۈرۈپ (4) ئۆلۈغ تىنا ئىنچە تىپ
تىدى (5) مىن سامتىسۇ ئاچارى بىرلە (6) كىن تۆسىمىسقا
بۇرقان (7) نومىن سازىنىن (8) كىگۈرتۈ ئۆمادىم تىپ
(9) كەگۈرەنتى. خان لاغكىغا يىرلىقا (10) مىس ئۆدتە
ئانچا ئانچا (11) قيا تاپسىزى بار ئەرسەر يۆز(12) قانى
قىردىسى ئوگى كوگۈلى (13) نەڭ ئىسمەدۈك ئەردى. ئۆگرە
(14) كى بىسىنچ ئايىن كى يىلان (15) كۆنكە ئانچا ئانچا
باسى (16) ئاغىرقاندى. ئانى ئۆچۈن سامتسۇ (17) ئاچارىغ
قودۇپ ئۆردۈتا تۈنە (18) دتى. قى يونت كۆنگە
خان (19) تىگرى بولتى يىلاك (؟) يايىلىق
(20) تاه تگرى بولمىسىن كىزلەدى. (21) يانتۇرۇ لاغكىغائىلتىپ
(22) ئانتا ئۆلۈغ تورۇ قىلتۇرۇپ (23) ئۆنتۈردىلەر. تايىقمىگتىن ئاتلىغ
(24) ئەرتىنگۈ ئۆلۈغ يايلىقتا ئول ئوق كۆن (25) تركەن تىگىن
خان بولتى. (26) ئوردۇ ئازۇسىنتا ئەسكى يىلىغ ئەرتۈر
(27) ۈپ ياگى يىل...

## A₈

(1) چىقۇك دىن(2) تىگمە ئاتىن تەكسۈرۈپ يۈكۈي (3)دىن
ئات ئۆرتۈقتا تۆمەن (4) يىگاقتىن ئۆلىدىلەر ئاچىتى(5)لار.

ئىنچە قىلتى ئۆگى قاڭى (6) ئۆلمىس تەگ. ئۇترۇ - ۋۇ
(7) سامتسو ئاچارى كوڭۆل (8)ى چوكۇپ ياڭى خان (9) ...ى
تىسى ئىن سى ئاتلىغ ساڭرامقا (10) باردى. ئانتاكىن
بىر ئۈۈچ (11)لۇغ كوڭۆلىن نوم ئاقتارغالى - ى (12)
...ى كىسان ئۇدۇگ بوس ئەرتۈر (13) مەدىن كونىنكەكەنتۈ ئۈزى
(14) ئۆرمىس ئۆلگۈ تەگدى. بىروك (15)...ئۆرۆپ ئۆلگۈتەگچە
(16) ئىسلەيۇ ئۇماسار، ئۇترۇ تۇنلە (17)...پەر ساپا نوم
ئاقتارۇر ئەردى. (18) كى كۆزەد ئۇد ئەرتمىسىدە (19)كىن
تىمىن ئۇك بىتىگۈ پىريان (20) قودۇر ئەردى. بىتىگ يىغا
(21) تۇكەدسەر، يۇكۈنچ قىلىپ ۋرخار (22) تەگزىنۈر ئەردى. ئۈچ
كۆزەد (23) كە تەگى ئۈچ كۆزەدتە كىن تىمىن (24)
ئانچاقيا ئۇدىسار، بىسىنچ (25) كۆزەدتە يانا تۇرۇپ
ئەۋرگۈ (26) ئەنەتكەكچە بىتىگىگ ئوقىپ كەز (27) دىگىن
تىزدىگىن تىلەيۈر بىلگۈلەيۈر

## $B_8$

(1) ئەردى. ياردىن (؟) (2) نوملارىغ بىر چايىسى نەرنىمىسدە
(3) ئىكىنتى چوك توقىغۇ ئۇدتە (4) بۇ ئىكى ئۇدتە كىڭۈرۈ نوملايۇر
(5) ئەردى. چىدۇلار سايۇقى بوسغۇتچى (6) تويىنلار تۇرقارۇ
(7) كەلىپ سىزىك ئايىت(8)سارلار سىزىنمىس (9) سىزىكلەرى
ئۈزۈلۈپ ئۆگىرە (10) سەۋىنۈ بارىرلار ئەردى. بىلۇپ (11)
تۇكەدمەكى ئۈزە ئۆلۈغ بولغۇ - (12)نىڭ ياراغىن. قۇۋراغ-
لىغلار - (13) ىغ يىمە ئايىتۇرلار ئوتۇندىلەر (14) ئەردى. يانا
يىمە بار ئا... (15) ئىچتىن سىڭارقى نىزۋانى...(16)نىڭ ئىسىن
كودۇگىن كىتەرگۈ(17)لىك ئەدگۈسى. ئۆڭرەكى كىنكى (18)
ئەۋرەمىس قاماغ نوملار ئون (19) تىكىتۈرمىس چىكىن سۇ
(20) ئىكى يۈز، يانا سامتسو ئاچارى (21) يورىمىستا تۇرمىستا

تۈنلە (22) كۈنتۈز ۋرخارداقى يۈز تىتىسلارقا ۋىدىس
بىرۈر ئەردى. (24) (بۆلاك) تولۇ تەگزىنگۈ تاسا (25)
سىزىك ئايىتداچىلارقا (26) كىگمىنچ بىرۇ يىرلىقار ئەردى. (27)
ئەكسۈگسۈز كرگەكسىز ئەرتىنگۈ ئوكۈس

ئەسكەرتىش:

“$B_8A_8$ ……$B_1A_1$” دىكى B،A ـ ھەرپلىرى ھەر بىر ياپراقنىڭ ئالدى - كەينى بەتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەرپلەر يېنىدىكى سىپىرلار ياپراق تەرتىۋىنى كۆرسىتىدۇ.

(   ) بەلگىسى ئىچىگە ئېلىنغان نومۇرلار ھەر بىر بەتتىكى ئەسلى تېكىستنىڭ قۇر سانىنى كۆرسىتىدۇ.

كۆپ چېكىت شۇ ئورۇندىكى سۆزلەرنىڭ ئەسلى تېكىستە ئۇچۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

## تەرجىمىسى

قىش (پەسلى) 10 - ئايدا خان لاغكى ① غا قايتتى. سامتسۇ ئاچارى② (خان بىلەن بىللە) قايتتى. خان بۇرۇن ئىش باشقۇرغۇچى بەگلەرگە: ”بىزنىڭ شىمالىي ئوردىمىزنىڭ كەينى تەرىپىدە سامتسوغا بىر ھوجرا ياساپ قويۇڭلار. ئۇ ھوجرىغا (نوم كېڭەيتىش ھوجرىسى) دەپ نام بېرىڭلار“ دەپ يوليورۇق بەرگەن ئىدى. بەگلەر ئېسىل ھوجرا ياسىتىپ قويغان ئىدى. خان بىلەن لاغكىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن سامتسۇ ئاچارى……ئىچىدىكى (شۇ) ھوجرىدا تۇردى. كۈندۈزى، خان سامتسونى يېنىغا چاقىرىپ سۆھبەتلىشەتتى، كېچىسى، سامتسو ئۆز ھوجرىسىدا نوم تەرجىمە قىلاتتى.

(سامتسو ئاچارى) بۇرۇن تەرجىمە قىلىپ بولغان نوملاردىن باشقا، يەنە سىڭانسراباۋ ئاتلىق بودساتۋا ئىزاھلىغان ئون

جىلدلىق «ماھايانا ساگراغ شاستىر»نى، بودساتۋا ۋاسۇبانتۇ ئىزاھلىغان ئون جىلدلىق «ماھايانا ساگراغ شاستىر»نى «ۋەج بىلەن تۇرغان نوملارنىڭ مۇقەددەس شەرھى» دىگەن سۇدۇر③ نىڭ بىر جىلدىنى ۋە «يۈز نومنى يو ......» ناملىق شاستىر④ نىڭ بىر جىلدىنى تەرجىمە قىلدى. مايمۇن كۈنى ⑤ تەركەن تىگىن ⑥ يەنە «مىھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى» ئاتلىق ساگرام ⑦نى ياساشقا يارلىق چۈشۈردى. ئۇ ساگرام ئاستا - ئاستا پۈتتى. (ساگرامنى) زىننەتلەش ئىشلىرى ئاخىرلىشاي دىگەندە، ئۇ يەردە تۇرىدىغان راھىپلار ئاز بولۇپ قالغانلىقتىن خانغا ئوتۇنۇپ، خاننىڭ يارلىغى بىلەن ئۈچيۈز راھىپ تۇرىدىغان قىلدى. بۇ ئۈچيۈز راھىپتىن باشقا يەنە ئەللىك ئالى پەزىلەتلىك راھىپنى تەكلىپ قىلىپ، ئۈچيۈز راھىپ بىلەن بىللە تۇرىدىغان قىلدى. ۋىرخار ⑧ ئايلىنىپ نوم تەپسىرقىلىش ئۈچۈن يىپكى سېلىنغان «مىھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى» ئاتلىق ساگرام ئىچىدىگە سامتسو ئاچارى ئولتۇرۇپ نوم تەرجىمە قىلىدىغان كاتتا (ۋە) مۇكەممەل بىر ھوجرا ياساتتۇردى. ئۇ ھوجرىنىڭ لىملىرىغا رەڭگارەڭ گۈل - نەقىشلەر، قىزغۇچ (ۋە) كوكۈش (رەڭلىك) بولۇتلار چۈشۈرۈلگەن ئىدى. ئۇ ھوجرىنىڭ تۈۋرۈكلىرى ۋە تۈۋرۈك تۈۋلىكلىرى قاش تېشىدىن، پەلەمپەيلىرى قىزىل مىستىن، (ئىشىگىنىڭ ھالقىلىرى سېرىق) ئالتۇندىن ئىدى. (ھۇجرا ئىچىدىكى) گۈللەر تىزىلغان بولۇپ بۇ ھوجرىدىكى نەرسىلەر رەڭگارەڭ ۋە ئاجايىپ چىرايلىق ئىدى. (تەركەن تىگىن) سامتسۇ ئاچارىنى ئۇ يەرگە تەكلىپ قىلىپ نوملارنى تەرجىمە قىلدۇرماقچى بولدى. ئۇ يەنە قاۋىسى ⑨ ساگرامدىكى زىم ۋاپسى ⑩ ئاتلىق نومچى ئاچارىغا، ئۆزى ياساتقان «مىھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى» ساگرامىغا سامتسۇ ئاچارىنى ئۇلۇغ بولغۇ (ساگرام ئۇلۇغى) قىلىپ تەيىنلىگەنلىگىنى ئېيتتى. ئۇنى ئاڭلاپ، سامتسۇ ئاچارى تەركەن تىگىنگە ئىلتىماس سۇندى.

ئىلتىماسىنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: مەنكى ”راھىپ خۇئېنتسۇ ⑪
نىڭ ئىلتىماسىم: جانابلىرىنىڭ مېنى «مېھىر - شەپقەت ئىبا-
دەتخانىسى»نىڭ ئۇلۇغى قىلىپ تەيىنلىگەن يارلىقلىرىدىن خەۋەر
تاپتىم. بۇ ئېسىل يارلىقلىرىنى ھۆرمەت بىلەن ئاڭلىغاندىن
كېيىن (بۇ خىزمەتنى ئىشلەشكە) پاراستىم يەتمەسلىكىدىن كۆڭ-
لۈم ناھايىتى بىئارام بولدى. (يارلىقتىكى) ئۇ سۆزلەر مېنى
ھاياجانلاندۇرۇپ) پۈتۈن ئەزايىمنى تىترىتىۋەتتى. مەن خۇئېنتس-
ۇنىڭ ئەخلاقىي - پەزىلىتىم تۆۋەن، قىلمىشلىرىم لاياقەتسىز
قەسەم (بېرىشكە) پېتىنىپ يارلىغى... سىدىم .....نۇرىنى كېڭەيت-
كىلى مەن تەڭرى خانىمىزنىڭ ئۇلۇغ - بەختىگە ئىشىنىپ (ۋە)
تايىنىپ، يىراق جايلارغا بېرىپ چوڭقۇر (مەنىلىك) نومىلارنى
ئىزدىدىم. تېپىپ ئەكەلگەن سۇدۇرلار (ۋە) شاستىرلارنى مۇقەد-
دەس يارلىققا بىنائەن تەرجىمە قىلدۇۋاتىمەن. مېنىڭ سەھەممى ئار-
زۇيۇم نومىلارنى تەدرىجى كېڭەيتىش. بۇ يەردە.....ئىش - كۈش-
لەرنى...ئالتۇن كۆز... يۇرتتا مۇقەددەس قانۇن داۋاملاشتۇرۇلدى.
تەڭرى خانىمىزنىڭ نۇرلۇق يارلىغى ئېلىمىزنى بەخت - سائادەت-
لىك قىلدى. مەن خۇئېنتسۇ بۇرۇن ئەنەتكەككە ⑫ بارغىنىمدا
مۈشكۈل - جاپالىق، خەتەرلىك يولدا كۆپ جەۋرى جاپا تارتتىم.
(ئۇنىڭ ئۈستىگە) سالامەتلىكىم ناچارلىشىپ، كېسەلچان بولۇپ،
كۈچ - قۇۋۋىتىمدىن قالدىم. شۇڭا بۇ ئىشلارنى ئورۇنلاپ كېتەل-
مەسلىكىمدىن ئەنسىرەيمەن. ئەگەر مەن ئۆزەم يالغۇزلا ئەلنىڭ
شەپقىتىگە ئىگە بولۇۋالسام، گۇناكار بولۇپ قالىمەن. ماڭا ئوخ-
شاش بىلىمسىز ئادەمگە راھىپلار ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش
ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلسا، تېخىمۇ ئېغىر (گۇنا) تېپىۋالىمەن. قۇش
بىلەن بېلىقنىڭ تەبىئىتى ئوخشىمايدۇ. ئەگەر ئۇلار ئۆز تەبىئەت-
لىرىنى ئۆزگەرتىدىكەن، ئۇچقاندا ۋە ئۈزگەندە يوللىرىدىن ئادىشى-
دۇ. تەركەن تىگىن ئالىملىرىنىڭ ۋاپادارلىق بىلەن تەڭرى

خانىمىزنىڭ ئىزىدىن (مېڭىپ)، خۇشاللىقنى بىلمىدىغان كۆڭۈل بىلەن ئاياپ ياخشى كۆرۈشلىرىنى خۇددى شامالدا لىڭشىپ قالغان بىچارە دەرەخكە، سوغاقتا توڭلاپ قالغان بۇلاققا ئوخشىتىپ ئىچلىرىنى ئاغرىتىشلىرىنى سورايمەن. نۇرلۇق بەختنى كېڭەيتىش ئۈچۈن قائىدە بويىچە ساغرام ياسالدى. نوملۇق جامائەتكە يېتەك- چىلىك قىلىشقا (قابىلىيەتلىك) كىشى كېرەك. مېنىڭ ئىشلىرىم بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا قاچىمۇ بولالمايدۇ. شۇڭا جەزمەن پۈتلى- شىپ يىقىلىشىم مۇمكىن. جاناپلىرىنىڭ دانالىق بىلەن يىراقنى كۆرۈپ، نوم كېڭەيتكۈچىنىڭ بەختلىك بولۇشىغا كويۇنۇشلىرىنى مېھرىۋانلىق پاراستىنى ياخشى ئىشلىتىپ ئايرىپ چىقىشلىرىنى بىز نادان.... مىز سەممى كويۇنۇشلىرىنى.....مۇشۇنداق قىلغاندا، نوملۇق جامائەتنىڭ پېتىپ كەتكەن گۇناسىرى يوقىلىدۇ. بېلىقلار بىلەن قۇشلار خالىغىنىچە شۇڭغىيالايدۇ، ئۇچالايدۇ. مەن جاناپلى- رىدىن ئۆتۈنۈپ ئەرزىمەس... ئىلتىماس سۇندۇم... مەن ئۆزەمنىڭ ساداقەتمەندىن ئىنتايىن خىجىللىق ھېس قىلىمەن ۋە ئىنتايىن ئەنسىرەيمەن."

12 - ئايىنىڭ ئەجدىھا كۈنى خان مۇزىكانتلارغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئەمەلدار قىڭخالىق ۋاڭ تاۋسۇڭغا ⑬ توققۇز مۇزىكانتلار ئەترىدىدىكى توققۇز بولەك مۇزىكانتلارنى باشلاپ ئەتىسى ئەتى- گەن سەھەردە «بەخت ئورنىغان قاپقا» كوچىسىغا يېتىپ بېرىش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى... خان يەنە ھەر قايسى ساغراملار- دىكى زىننەت بۇيۇملىرىنى، چېدىرلارنى تەييارلاپ قويۇش، ئەتى- سى يەنى ئېلان كۈنى سەھەردە «بەخت ئورنىغان قاپقا» كوچى- سىغا يىغىلىپ، بۇتلارنى قارشى ئېلىش، راھىپلارنى «مېھىر - شەپ- قەت ئىبادەتخانىسى» غا ئۇزىتىپ قويۇش توغرىسىدا يارلىق چۈشۈردى. ئەتىسى سەھەردە راھىپ بەگلىرىمۇ شۇ كوچىدا ۋە كوچا ئېغىزلىرىدا سەپ تارتىپ تۇرۇشتى. چىرايلىق بېزەلگەن

مەيلەر، سالاسۇنلۇق ھارۋىلار ۋە بىلىق ـ ئەجدىھا ئويىنىتىدىغان
خادا ياغاچلارنىڭ سانى بىر مىڭ بەش يۈزدىن ئارتۇق،
چېدىرلارنىڭ سانى ئۈچيۈزدىن ئارتۇق ئىدى. ئالدى بىلەن ئىچكى
ئوردىدىن ئىككى يۈزدىن ئارتۇق گۈل چىكىلگەن بوت، ئالتۇن
ۋە كۈمۈشتىن ياسالغان ئىككى بوت، زەر باسقان شايى، ھىلىلە
تۇغ ـ ئەلەملەردىن بەش يۈزى چىقىرىلىپ «بەخت تارقىتىش
ئىبادەتخانىسى»غا ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سامتسۇ ئاچارى ئۆزى ئېلىپ
كەلگەن بوتلار، نوملار، شارىرلار[14]نى ئۆزى ئېلىپ چىقىپ تەگلىككە
ئورۇنلاشتۇردى ۋە ھارۋىلارغا سېلىپ ئوتتۇرىدا ماڭدى... بوتلار-
نىڭ ئالدىدا ئۆزۈن دەستىلىك تۇغ ـ ئەلەملەر ئورنىتىلغان چوڭ
ھارۋىلار ئىككى رەت بولۇپ ماڭدى. تۇغ ـ ئەلەملەر كەينىدىن
ئارسلان خانلار يول باشلاپ ماڭدى. يەنە ئەللىك ئالىجاناپ
ئاچارنى مەرۋايىتلىق ئەللىك ھارۋىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئېلىپ ماڭدى.
شەھەردىكى راھىبلار قوللىرىدا ئىپار پۇراقلىق گۈللەرنى كوتىرىپ
مەدھىيە ناخشىلىرىنى ئوقۇپ كەينىدىن ماڭدى. مەمۇرى ۋە ھەربى
ئەمەلدارلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز نەۋكەرلىرىنى باشلاپ سەپ
تارتىپ ماڭدى. ئوركىستىر ئەترىدىدىكى 9 بولەك مۇزىكانتلار
ئىككى تەرەپتە ساز چېلىپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن مۇرىتلار
قوڭغۇراق ـ جاڭلارنى چېلىپ، ئۈزۈلدۈرمەي گۈل چېچىپ كوزلەرنى
قاماشتۇرۇۋەتتى. گۈل ـ چېچەكلەر كوكتە ئۇچۇپ پۈتۈن شەھەرنى
چاقنىتىۋەتتى. (ناماييش) قوشۇنىنىڭ باش ـ ئايىغىنى بىلگىلى
بولماي قالدى... شۇنىڭ ئۈچۈن (تەركەن تىگىن) ئۇلۇغ سەر-
كەردە ئۈرچى پەمىلىلىك شاۋزۇڭ [15] بەككە ۋە مۇئاۋىن سەر-
كەردە ۋاڭ فامىلىلىك ۋىن كۇن [16] بەككە يارلىق قىلىپ شەر-
قى ئوردىدىن مىڭ ئەسكەرنى ياردەمگە چىقارغۇزدى...

يەنە خان يارلىقىغا بىنائەن مۇشاۋىر لى پەمىلىلىك كىن يۈۋ
[17] (چيەن يۈ) ئاتلىق بەگ ئۇلۇغ باشقۇرغۇچى بولۇپ، قىۋ[18](خۇ)
ئۇلۇغ بەگ بىلەن بىللە ئۇ ...... رەھبەرلىك قىلدى. خان ۋە

تەركەن تېگىن ئارقا ئوردىدىكىلەر بىلەن بىرلىكتە «بەخت ئور-
نىغان قاپقا» كوچىسىدىكى راۋاققا چىقىپ، قوللىرىدا كۆجىدانلارنى
تۇتۇپ، بۇتلارنى، نوملارنى، راھىبلارنى كوزدىن كەچۈرۈپ ئىنتايىن
خوشال بولۇشتى. كوچىدا تاماشا كورۈۋاتقانلارنىڭ سانى يۈزمىليون
تۇمەنگە يەتتى...... مۇشۇنداق تەنتەنىلىك مۇراسىم بىلەن بۇتلار،
نوملار «مىھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى»نىڭ دەرۋازىسىغا يې-
تىپ بارغاندا، جاۋگۇڭ[19]، يىڭ گۇڭ[20] ۋە باش مىرزا چۇلىك[21]دىن
ئىبارەت 3 نەپەر چوڭ ئەمەلدار خاننىڭ يارلىقى بىلەن ئۇلارنى
ئىبادەتخانىغا باشلاپ ئېلىپ كىرىپ ئورۇنلاشتۇردى. توققۇز
بولەك مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىپ، باچىن[22] ئۇسۇلى ئوي-
نالدى (ئويۇن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن) ھەممە تارقىلىشتى. «مى-
ھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى» ساگرامىغا بۇتلارنى، نوملارنى ۋە
ئەللىك ئۇلۇغ نومچىلارنى ئۇزىتىپ كىرىش مۇراسىمى پۇتۇنلەي
ئاياقلاشتى. بۇ مۇراسىم يىلان كۈنى ئوتكۇزۇلدى. بۇ مۇراسىم
ئوتكۇزۇلۇپ تۇتىنچى كۈنى يەنى مايمۇن كۈنى تەركەن
تېگىن راھىبلىقا كىرمەكچى بولدى. بۇ (ئارزۇسىنى) قاندۇ-
رۇش ئۇچۇن قوي كۈنى تەركەن تېگىن ئىشەنچلىك نوۋكەرلىرى
بىلەن بىرلىكتە كونا مازارلىقتا تۇنىدى. ئىككىنچى كۈنى ئەتى-
گەندە ئۇلار «مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى» ساگرامىنىڭ
جەنۇبىي تەرىپىدىن ھەيۋەت بىلەن تىزىلىپ كېلىشتى. ئۇلار ساگ-
رام دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاتلىرىدىن چۇشۇپ،
ساگرامغا مېڭىپ كىردى. بارلىق...... تۇگىگەندىن كېيىن ئەللىك
نومچىنى چاقىرىپ كورۇشتى. ئۇلارغا ۋرخار ياساتقانلىقىنىڭ سە-
ۋەبىنى سوزلەپ بەردى. (تەركەن تېگىن) سوزلەۋېتىپ، كوڭلى
بۇزۇلۇپ يىغلىدى. تەركەن تېگىن يىغلىغاچقا ئەتراپىدىكى بەگلەر
ۋە ئاچاردىلارنىڭمۇ يىغلىمىغىنى قالمىدى (تەركەن تېگىننىڭ ئوزلە-
رىگە مۇشۇنداق) غەمخورلۇق قىلىۋاتقانلىقىنى كورگەن راھىبلار ئۇنى

شۇ دەۋرنىڭ شۇنزى[23] خانى ھىساپلاشتى. سوھبەت تۈگىگەندىن كېيىن، تەركەن تېگىن چوڭ ئوردىنىڭ شەرقىي راۋىقىغا چىقتى. بەگلەرنى تۆۋەندىكى تۈزلەڭلىكتە تىزلاندۇردى (ۋە) راھىپلىققا كىرگۈچىلەرگە ئىلتىپات قىلغانلىقىنى جاكالىدى. ئاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ چاچلىرىنى چۈشۈرگۈزۈپ ياخشى غىزالاندۇردى. بەگ-لەرگە ئىنئام بېرىپ، راھىپ بولغۇچىلارغا ... چاچقاندىن كېيىن ھەممىسى راۋاقتىن يېنىپ چۈشتى ... تەركەن تېگىن مەلىكىسى بىلەن بىرلىكتە بۇلاڭ (لەمپىلىك كارىدور) نى ئايلىنىپ ماڭدى. سامتسو ئاچارىنىڭكىگە يېتىپ بارغاندا، تەركەن تېگىن (بەش) بوغۇملۇق بېيىت توقۇدى. ئۇنىڭ بېيىتى مۇنداق: ”قاپقىسىغا كۈن تەڭرى ئورنىغانلىقىغا ئىشىنىمىز، بۇرخانلىق ئىبادەتخانىدا زىيارەت قىلغۇچىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمىز. خانىمىزنىڭ خانىنىڭ نومۇلۇق چاقىنىڭ كۈنىگە مۇشۇنداق ئايلىنىشىنى كۆرۈشكە نېسىپ بولغاي. گۈل-چىچەكلەر (ۋە) كۆجە تۈتەكلىرى كوكنى قاپلاپ بۇلۇتتەك ئۈچقاي، كۆك كۆجە تۈتۈنلىرى خۇش پۇراق چاچقاي، قىزىل شەپەقتەك گوھەرلىك تۇغ-ئەلەملەر ھەسەن-ھۈسەندەك يىراقتىن زىننەتلەپ تۇرغاي، كوكتىكى سۇ تامچىلىرى يالتىراپ تۇرغان ئۈنچىدەك ناھايىتى نۇرلۇق بولغاي. ئۇ پۇرسەت تېپىپ ئۇن ئورۇنغا ئۆزى چىقىپ، ئۈچ تۈرلۈك ئېتىقاتنى چۈشەنگەي.“ ئۇلار بۇ بېيىتنى تاماشا قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئوردىغا قايتىشتى ... شۇ چاغدا راھىپلار ۋە پۇقرالار شاتلىنىپ سۆيۈنۈپ بىر-بىرسىنى خوشاللىق بىلەن تەبرىكلىشىپ: ”چوڭقۇر دىنىي ئەقىدىلەر قايتىدىن گۈللەندى، تاشلىنىپ قالغان-قائىدە يوسۇنلار قايتىدىن راۋاج تاپتى. بۇرۇندىن تارتىپ بۇنداق ئاجايىپ سوزلەر بولۇپ باقمىغان ئىدى“ دېيىشتى.

شۇ كۈنى خاندىن يارلىق كېلىپ سامتسو ئاچارىنى شىمالىي ئوردىغا ئۆزىتىپ ئاپىرىشتى. يىگىرمە ئۈچىنچى يىلى تۇتىنچى

ئايدا تسۇيۇدىگۇك[24] ئوردىسىغا باردى. تەركەن تىگىن بىلەن سامتى-
سۇ ئاچارى ئىككىسىمۇ خان بىلەن بىللە باردى خان بەگلەر-
نىڭ مۇھاپىزىتى بىلەن ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن يارلىق-
لىرىنى چۈشۈرۈپ بولۇپ، مەخسۇس چوڭقۇر مەزمۇنلۇق شاستىر-
لاردىكى نەزىرىيىلەرنى مۇھاكىمە قىلدى. سەۋەبىيەت ۋە ئۇنىڭ
نەتىجىسى توغرىسىدا سورىدى. سامتىسۇ ئاچارى ئۇ سورىغان نە-
زىرىيىلەرگە مۇۋاپىق جاۋاپ بەردى (ۋە) ئۇ نوملارنى ئەنەتكەك-
نىڭ قايسى يەرلىرىدە سۆزلىگەنلىكى توغرىسىدا ھۆرمەت بىلەن
ئۇستىلىق بىلەن جاۋاپ بەردى. ئۇنى ئاڭلاپ (خان ئۇنىڭ
سۆزلىرىگە) چوڭقۇر ئىشەندى. قوللىرىنى يېڭىدىن چىقىرىپ ۋە
ئۇلۇغ تىنىپ مۇنداق دېدى: "مەن سامتىسۇ ئاچارى بىلەن كې-
يىن تونۇشقىنىمغا ۋە بۇرخان نومىنى ۋە ئەقىدىلىرىنى كېڭەي-
تەلمىگەنلىكىمگە ئەپسۇسلىنىمەن."

خان لاغىمغا بارغان چېغىدا ئانچە تاۋى يوق بولسىمۇ، چىراي روھىي ھالىتى، ئەقلى - ھوشى جايىدا ئىدى. بەشىنچى ئاينىڭ يىلان كۈنى بېشى بىر ئاز ئاغرىدى. شۇڭا سامتىسۇ ئاچارىنى ئېلىپ قېلىپ ئوردىدا تۈنەتتى. ئات كۈنى خان خەنفېڭ[25] دې-
گەن ئوردىدا قازا تېپىپ روھى ئاسمانغا ئۇچتى. (ئۇلار خاننىڭ) قازا تاپقانلىقىنى مەخپىي تۇتتى. (خاننىڭ جەسىدىنى) لاغىمغا قايتۇرۇپ ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن تەيجىدىيەن[26] ئاتلىق نا-
ھايىتى چوڭ ئوردىدا كاتتا دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزدى. شۇ كۈ-
نى تەركەن تىگىن خانلىققا ئولتۇردى. كونا يىل ئۆتۈپ يېڭى يىل كىرگەندە جىڭگۇەن دېگەن يىلنامىنى يۈەنخۇيغا ئۆزگەرتتى. بۇ چاغدا ھەممە تەرەپتىكىلەر خۇددى ئۆز ئاتا - ئانىسى ئۆلگەندەك قاتتىق يىغا - زارە قىلىشتى. شۇندىن كېيىن سامتىسۇ ئاچارىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلغانلىقى ئۈچۈن يېڭى خان بىلەن خوشلىشىپ، «مىھىر-
شەپقەت ئىبادەتخانىسى» ناملىق ساڭرامغا قايتتى. شۇندىن كې-

يەنى ئۇ ئازراقمۇ ۋاقىتنى بوش كەتكۈزمەي، ئۆزى كۆڭلۈك پىلان تۈزۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن نوم تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. بەلگىلىگىنىنى تۈگىتەلمىسە، كېچىلەپ داۋاملىق تەرجىمە قىلدى. (ھەر كۈنى) 2 - كۈزەد ㉗ ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يېزىقچىلىق قىلىدىغان ھوجرىسىدىن ئايرىلاتتى ... قولىيازمىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن (بۇرخانىغا) ئىبادەت قىلىپ ۋرخار (wrhar) ئايلىناتتى. 3 - كۈزەد ئۆتكەندىن كېيىن بىر ئاز ئۇخلايتتى. 5 - كۈزەدتە يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، تەرجىمە قىلىنىدىغان ئەنەتكەكچە كىتابلارنى ئوقۇپ تەرتىۋىنى بەلگىلەيتتى. ھەر كۈنى (؟) ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن تاكى ئىككىنچى قېتىملىق قوڭغۇراق چېلىنغىچە بولغان بۇ ئىككى ۋاقىت ئىچىدە نوم تەپسىر قىلاتتى. ھەرقايسى ۋىلايەتلەردىكى راھىپلار دائىم كېلىپ ئۆز گۇمانلىرىنى سوراپ ۋە گۇمانلىرى تۈگەپ خوشال-خورام قايتىشاتتى. (سامتسو ئاچارى) ئۇلۇغ بولغۇ (راھىپلار باشلىقى) ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭدىن راھىپلارنىڭ ئىشلىرىنى سورايتتى. ئۇ يەنە ئىچكى تەرەپتىكى باش ئاغرىتىدىغان ئىش-كۈشلەرنى بىر تەرەپ قىلاتتى. ئالدى-كېيىن بولۇپ تەرجىمە قىلغان نوملار ئون قىسىم، ياسىتىلىدىغان چىكىن سۇۋ (ئاق كەندىر ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدىغان بۆت) ئىككى يۈز بولۇپ، بۇلارنى سامتسو ئاچارى ئورۇنلاشتۇراتتى. ۋرخاردىكى يۈز شاگىرتقا كېچە-كۈندۈز تەربىيە-نەسىھەت بېرەتتى. كوپلىگەندىن بۇلاڭ (لەمپىلىك كاردۇر)غا سىغماي قالغان گۇمانلىرىنى سورىغۇچىلارغا كەمكۈتسىز ۋە ناھايىتى تولۇق جاۋاپ بېرەتتى.

## ئىزاھلار:

① لاغكى — لوياڭنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى.
② سامتسو ئاچارى — سامتسو شۈەنجاڭنىڭ ھورمەت نامى،

ئاچارى سانسكرىت تىلى بولۇپ "ئۇستاز، ھەزرەت" مەنىسىدە.

③ سۇدۇر — سانسكرىتچە سوترا سوزىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇددا نومىنى كورسىتىدۇ.

④ شاستىر — نومنىڭ تەپسىرى

⑤ مايىمۇن كۈنى — ئەسەرنىڭ خەنزۇچە نۇسخىسىدا كۈنلەرنىمۇ 12 موچەل بويىچە ئاتىغان. شۇڭا قەدىمقى ئۇيغۇرچىغىمۇ موچەل بىلەن تەرجىمە قىلىنغان.

⑥ تەركەن تىگىن — خانلىققا ۋارىسلىق قىلىدىغان شاھزادە.

⑦ ساڭرام — سانسكرىت تىلى بولۇپ "ئىبادەتخانا" مەنىسىدە.

⑧ ۋرخار — سوغدى تىلى بولۇپ "ئىبادەتخانا" مەنىسىدە.

⑨ قاۋىسى — خەنزۇچە 纲维寺 نىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرچىدىكى ئاھاڭ تەرجىمىسى.

⑩ زىم ۋاپسى — زىم خەنزۇچە 任 سوزىدىن كەلگەن بولۇپ، پەمىلىنى كورسىتىدۇ. ۋاپسى خەنزۇچە 法师 سوزىدىن كەلگەن بولۇپ، "ئۇستاز، ھەزرەت" مەنىسىدە.

⑪ خۇئىنتسو — شۈەنجۇاڭنىڭ ئوزىنى ئاتىشى.

⑫ ئەنەتكەك — ھىندىستاننى كورسىتىدۇ. بۇ سوز قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا سوغدى تىلىدىن كىرگەن.

⑬ قىڭخا(لىق) ۋاڭ تاۋسۇڭ — خەنزۇچە 江夏王道宗 دىن كەلگەن.

⑭ شارىر — بۇرخان بەختى ئۇچۇن ئوز جىسمىدىن كەچكەن بودساتۋالارنىڭ سوڭگى.

⑮ ئۇرچى پەمىلىلىك شاۋزۇڭ — خەنزۇچە 尉迟绍宗

⑯ ۋاڭ پەمىلىلىك ۋىنكۇن — خەنزۇچە 王文训

⑰ لى پەمىلىلىك كىن يۇۋ — خەنزۇچە 李乾佑

⑱ قىۋ — خەنزۇچە 侯 دىن كەلگەن.

(19) جاۋگوڭ — خەنزۇچە 赵公 (قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا چائۇقۇڭ).

⑲ يىڭ گوڭ (ئى قوڭ) — خەنزۇچە 英公

⑳ چۇلىڭ (چۇ لى) — خەنزۇچە 褚令

㉑ باچىن — بىر خىل ئۇسۇل نامى، خەنزۇچە 破陈舞 دېيىلىدۇ.

㉒ شۇنزى (سۇنتسى) — خەنزۇچە 舜子

㉔ تسۇيۋېيگوڭ (قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا تۇسەنگى دەپ ئاتالغان) — خەنزۇچە 宫 (?) 翠微 بولسا كېرەك.

㉕ خەنفېلىڭ (قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا يىلاڭ دەپ يېزىلغان) — خەنزۇچە 含微 (?) بولسا كېرەك.

㉖ تەيجىدىيەن (قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا تايقىڭتىن دەپ يېزىلغان) — خەنزۇچە 太极殿

㉗ كۇزەد — بۇرۇنقى چاغلاردا بىر كېچىنى 5 كە بۆلۈپ، 5 قېتىم جاڭ ئۇرىدىكەن، ھەر بىر جاڭ ئۇرۇشنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 2 سائەت بولىدىكەن. بۇ خەنزۇچىدا گېڭ 更 دېيىلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇرچىدا كۇزەد دېيىلىدۇ.

# قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلاردىن نەمۇنىلەر

## قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلار ھەققىدە ئىزاھات

قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ كۆپ قىسمى «قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلىقى» دەۋرى (9 - ئەسىردىن 13 - ئەسىرگىچە)دە يېزىلغان ۋە كۆچۈرۈلگەن① بولۇپ، ئۇ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت غەزىنىسىدىكى نۇر چاقناپ تۇرىدىغان مىللىي مىراسلارنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ھېسابلىنىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىر - قوشاقلار سان جەھەتتىن كۆپ، ھەجمى جەھەتتە زور بولۇپ، ئازاتلىقتىن بۇرۇن ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان ئەسلى نۇسخىلىرى چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشۈرۈلۈپ ئېلىپ كېتىلگەن.

شېئىرلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۆز زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر شائىرلار ئىجات قىلغان ۋە رەتلىگەن، يەنە بىر قىسمىنى بولسا باشقا تىللاردىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. بىر قىسىم شېئىرلار، ئاساسەن، باش قاپىيىدە يېزىلغان بولغاچقا، ئاياق قاپىيە ۋە بوغۇملار ئانچە ئېتىۋارغا ئېلىنمىغان.

شېئىرلارنىڭ يېزىلغان دەۋرى، تۈرلىرى ۋە ئۇسلۇبى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىباھا قىممەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇ، ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىي قىلىش جەريانىنى ئۆگىنىش، بەدىي

① بەزى شېئىر - قوشاقلار شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ناھايىتى قەدىمدىن تارتىپ ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

خۇسۇسىيەتلىرى — ۋەزنى، قاپىيىسى، بەدىي ۋاستىلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا، جۈملىدىن ئۇيغۇر يېزىق تىلىنىڭ تەرەققىي قىلىش جەريانىنى تەتقىق قىلىش ۋە بەزى تارىخىي پاكىتلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا، جانلىق ۋە ئىشەنچلىك ماتېرىيال ھېساپلىنىدۇ.

تۆۋەندە نەچچە ئون يىلدىن بۇيان، چەتئەل ژۇرناللىرىدا ئېلان قىلىنغان قەدىمقى ئۇيغۇرچە شېئىرلارنىڭ بىر قىسمىدىن نەمۇنىلەر تاللىنىپ، ئۇنىڭ ئەسلى تېكىستى بىلەن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەسرى تەرجىمىسى تونۇشتۇرۇلدى.

## I دالا ناخشىسى

### ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا

تېكستى:

1. ئادقاشۇ تۇرۇر قات ـ قات تاغدا
ئامىل ئاغلاق ئارانىيادانتا
ئارتۇچ سوگۇت ئالتىنتا
ئاقار سۇۋلۇقتا
ئارانچىغىن ئۇچداچى قۇشقىئالار
تىرىنلىك قۇۋراغلىقتا
ئادىنماقسىزىن مەڭى تەگىنگۈلۈگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

2. ئىچ تەرىك قات بۇك تاغدا
ئىرتەكى سوكى ئارانىياتاندا
ئىدىز تىكىم قايالىق باسغۇقلۇغ ئەرىپ
ئىدى تىكىسىزدە
ئىمىرت چوغۇرت سوگۇت ئاراسىنتا
ئىنچگە ـ كىيە سۇۋ قىدىغىندا
ئىلىنمەكسىزىن ديان ئولۇرغۇلۇغ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

تەرجىمىسى:

1. تۈتاش كەتكەن قاتمۇ ـ قات تاغلاردا،
تىنچ خىلۋەت ئارانىيا ـ دانتا①.
ئارتۇچ سوگۇت② ئاستىدا،
(شاقىراپ) ئاققان سۇ بويىدا.
شاتلىقتا ئۈچقۇچى قۇشلار،
يىغىلىدىغان جايدا
ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلماي ھوزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

2. قاتمۇ ـ قات بۈك ـ باراقسان ئورمانلىق تاغلاردا،
قەدىمىي بۇرۇنقى ئارانىياتاندا،
ئىگىز، تىك قىيالار تۈۋىدە،
پۈتۈنلەي جىمجىتلىقتا چوككەن،
بۈك ـ باراقسان دەرەخزارلىقتا.
يىگىچكە (ئېقىن) سۇلارنىڭ بويىدا،
پۈتۈن دىققىتى بىلەن دياندا③ ئولتۇرىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

تېكىستى:

3. سەلىك بۈلۈك تەرىك تاغدا
سەۋىگلىگ ئارانىياتاندا

---

① ئارانىيا ــ سانسكرىتچە [Aranya] دىن كەلگەن سۆز بولۇپ "ئورمانلىق، ئورمانلىق تاغ" دېگەن مەنىدە.
② ئارتۇچ سوگۇت ــ قارا ئارچا دەرىخىنى كۆرسىتىدۇ.
③ ديان ــ سانسكرىتچە *Dhyana* دىن كەلگەن سۆز بولۇپ، چوڭقۇر خىيال قىلىش، ئىستىقامەت دېگەن مەنىدە.

ساۋرالىپ ئاقار سوۋلۇغ ئەرىپ
سەپ ـ سەم ئاغلاقتا
سەكىز تۇرلۇگ يىلللەر ئۇزە تەبرەنمەدىن
سەرىلىپ ئانتا
سەرە يالڭۇزۇن نوم مەڭىسىن تەگىنگۇلۇگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

4. كوكەرىپ تۇرۇر كوركلۇگ تاغدا
كوڭۇل ياراشى ئاغلۇق ئورۇنتا
كوپ يىگى تەلىم سوگۇتلۇگ ئەرىپ
كوپىرىپ تۇرۇر كولمەن سوۋلۇقتا
كوز باشلاپ قاچىغلارىن يىغىنىپ
كوزنىمىش بىلىنمىشچە ئورۇنلارتا
كۇسەنچىگسىزىن مەڭى تەگىنگۇلۇگ ئول
ئانى تەگ ئورۇنلارتا

تەرجىمىسى:
3. يىراق جىلغا، قاتمۇ ـ قات تاغلاردا،
سويۇملۇك ئارانياتاندا،
سۇزۇلۇپ ئاقار سۇلار ئارىسىدا،
ئۇن ـ تىنسىز خالى يەردە.
سەككىز تۇرلۇك بوراندىمۇ تەۋرەنمەي.
تاقەت قىلىپ شۇ يەردە.
سەبىر بىلەن يالغۇز نوم ھوزۇرىدىن ھوزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا.

4. كوكىرىپ تۇرىدىغان كوركەم تاغلاردا
كوڭۇلگە ياقىدىغان خىلۋەت ئورۇندا،

شۇنچە ياخشى دەرەخزارلىق ئارىسىدا،
داۋالغۇپ، دولقۇنلاپ تۇرغان كوللەر بويىدا،
كوز قاتارلىق قاچىغلار①دىن خالى بولۇپ،
(ھەممە نەرسە) كورۇنىدىغان، بىلىنىدىغان ئورۇنلاردا
ھېچقانداق ھەۋەسكە بېرىلمەستىن ھوزۇرلىنىدىغان
ئەنە شۇنداق ئورۇنلاردا

(يۇقۇرىدىكى شېئىر پارچىسى ھازىر ئەنگلىيىدىكى بۇيۇك بىرىتانىيە موزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. ئۇنى ستەيىن دۇڭخۇاڭدىن قولغا چۈشۈرۈۋالغان. بۇ شېئىر، ستەيىننىڭ «قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمى»دىن ئېلىندى. نومۇرى: (108) 8212، Or، 1 - بەت)

## II مەدھىيە پارچىسى②

1. كوك بورىتەگ سىنى بىرلە يورىيىن
قارا قوزغۇنتەگ توپراق ئۇزە قالايىن
ئىگگە كومۇرى
بىلەگۇكە يارىتەگ بولايىن

2. ئەرىكلىگ ئۇلۇغ ئىلىگىمىز ئەرۇرسىز
ئالتۇنچا تومىش

① قاچىغ ـــ بۇددا دىنىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، كوز، قۇلاق، بۇرۇن، تىل، بەدەن ۋە تەپەككۇرنى كورسىتىدۇ. قەدىمقى تۈرك تىلىدا "ئالتى قاچىغ".

① بۇ مەدھىيە پارچىسى مانى يېزىقىدا يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن، تۈركىيلىك بىسىم ئاتالاينىڭ ئېيتقىنىدەك، بۇ، مانى دىنىغا دائىر شېئىر ئەمەس.

تۇمىلۇنچا تۇمىمىش
قۇتلۇغ بىلگە بەگۈمىز ئەرۈرسىز

3. يىمە قالىن قارا بودۇنۇڭۇزىن
كىلىك قويىنۇڭىزدا
ئۆزۈن ئەتەكىڭىزتە
كۈيۈ كۈزەدۈ تۇتۇپ ئاچىنۇ ئىگىدۈرسىز

تەرجىمىسى:

1. كوك بورىدەك① سەن بىلەن بىللە يۈرەي،
قارا قۇزغۇندەك تۇپراق ئۈستىدە قالاي،
ئاغرىققا داۋا،
بىلەي (بىلەي تاش)گە سۇ (تۈكۈرۈك) بولاي.

2. قۇدرەتلىك ئۇلۇغ ئىلىگىمىز (پادىشاھىمىز) سىز،
سىز ئالتۇندەك ساپ،
مەرۋايىتتەك سۈزۈك،
قۇتلۇق، دانا بېگىمىز سىز.

3. سىز بارلىق پۇقرالىرىڭىزنى،
كەڭ قويىنىڭىزدا،
ئۆزۈن ئېتىكىڭىزدە،
كويۈنۈپ ئاسراپ مېھرىۋانلىق بىلەن باقىسىز.

---

① كوك بورى — قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە» دىكى كوك بورىنىڭ يول باشلاپ ماڭغانلىقىغا دائىر ۋەقەلىككە سې-
لىشتۇرۇڭ.

(بۇ شېئىر تۈركىيەدە چىقىدىغان «تۈركولوگىيە تەتقىقات بىللىگى» دېگەن ژورنالنىڭ 1968 - يىللىق سانىنىڭ 39 — 44- بەتلىرىدە ئېلان قىلىنغان، بېسىم ئاتالاينىڭ «تۈركلەرنىڭ مانى دىنىغا دائىر بىر شېئىرى» دېگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى.)

*

## III مۇھەببەتنامە①

تېكىستى:

1. ئا ...............②
ئادىنچىغ ئامراق ...
ئامراق ئۆز - كىيەم...

2. قاسىنچىغىمىن ئويۇ قادغۇرۇرمەن
قادغۇردۇقچە قاشى كورتلەم
قاۋشىغسايۇرمەن

3. ئۆز ئامراقىمىن ئويۇرمەن
ئويۇ ئەۋىرۇرمەن ئودۇ...چۇن
ئۆز ئامراقىمىن ئوپۇكسەيۇرمەن

① بۇ شېئىر پارچىسىنىڭ ئاخىرىدا يەنە «توكەدى ئاپىرىنچور تىگىن... [ئاپىرىنچور تىگىننىڭ ناخشىسى تۈگىدى...]» دېگەن سۆزلەر بار. بۇنىڭغا قارىغاندا، بۇ شېئىرنى ئۆز زامانىسىدىكى ئۇيغۇر شائىرى ئاپىرىنچور تىگىن يازغان بولۇشى مۇمكىن.

② "......" چېكىت قويۇلغان قۇرلاردىكى سۆزلەر ئەسلى تېكىستە ئۇچۇپ كەتكەن.

4. بارايىن تىسەر باچ ئامراقىم
بارۇ يەمە ئۇمازمەن
باغىر ساقىم

5. كىرەيىن تىسەر كىچىكىيەم
كىرۇ يەمە ئۇمازمەن
كىن يىپار يىدلىغىم

6. يارۇق تەگرىلەر يارلىقازۇن
ياۋاشىم بىرلە
ياقىشپان ئادرىلمالىم

7. كۆچلۈگ پىرىشتىلەر كۆچ بەرزۈن
كوزى قارام بىرلە
كۆلۈشۈگىن ئولۇرالىم

تەرجىمىسى:

1. ئا ........
بەكمۇ ئامراق...
ئامراق نىگارىم ...

2. يايىرىمنى ئويلاپ قايغۇرىمەن،
قايغۇرغانسېرى قېشى گۆزىلىم (بىلەن)،
قوۋۇشقۇم كېلىدۇ.

3. ئۆز ئامرىغىمنى ئويلايمەن،
ئويلاپ، ئويلاپ تۇرغانسېرى،
ئۆز ئامرىغىمنى سۆيگۈم كېلىدۇ.

4 بارايى دىسەم (يېنىڭغا) ئامرىغىم،
بارالمايمەن (بىرىشقا ئىمكانىيىتىم يوق)،
مېنىڭ باغرىم.

5. (سېنىڭگىگە) كىرەيى دىسەم ئۇماغىم،
كىرەلمەيمەن (كىرىشكە ئىمكانىيىتىم يوق)،
ئىپار ھىدلىغىم.

6. يورۇق تەڭرىلەر ساقلىسۇن،
يۇۋاشىم (مۇلايىمىم) بىلەن،
يېقىنلىشىپ ئايرىلمايلى.

7. كۆچلۈك پەرىشتىلەر كۈچ (مەدەت) بەرسۇن،
قارا كوزلۇگۈم بىلەن،
كۆلىشىپ ئولتۇرايلى.

×

① يۇقۇرىدىكى شېئىر — لىكوكنىڭ 1919 - يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلىنغان «تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان تۈرك تىلىدىكى مانى دىنىغا دائىر يادىكارلىقلار» دىگەن ماقالىسىدىن ئېلىندى. II توپلام، 8 — 9 - بەتلەر.

## IV پەندى — نەسىھەتلەر

(بىلىم ئۆگىنىش توغرىسىدا)

تېكىستى:

بىلىگ بىلىك يا بەگىم،
بىلىگ ساڭا ئەش بولۇر.

بىلىگ بىلگەن ئول ئەركە،
بىر كۈن دەۋلەت تۈش بولۇر.

تەرجىمىسى:

بىلىم ئۈگىنىڭ، ئەي بېگىم،
بىلىم سىزگە ھەمرا بولۇر.
بىلىم ئۈگەنگەن ئەرگە،
بىر كۈنى دولەت يار بولۇر.

تېكىستى:

بىلىگلىگ ئەر بىلىگە
تاش قۇرسانىسا قاش بولۇر
بىلىگسىزنىڭ ياىىغا
ئالتۇن قويىسا تاش بولۇر

تەرجىمىسى:

بىلىملىك ئەرنىڭ بېلىگە،
تاش قىستۇرسا، قاش تېشىغا ئايلىنۇر.
بىلىمسىزنىڭ يېنىغا،
ئالتۇن قويىسا، تاش بولۇر.

(يۇقۇرىدىكى شېئىر — W.Bang بىلەن رېشىت رەخمەتىنىڭ
1933 - يىلى ئەنگلىيىدىكى «ئۇلۇغ ئاسىيا» دىگەن ژورنالدا ئېلان
قىلغان «قەدىمقى تۇرپان خەلق قوشاقلىرى»دىن ئېلىندى.)

## ٧. ئاتىلار سوزى

تېكستى:

قىلماغۇ قىلىقلارنى  
ئاشنۇچا سانمىش كەرەك  
سانمادىن قىلمىشتا كىن  
نەتىگىن تانمىش كەرەك

تەرجىمىسى:

قىلمىغۇلۇق قىلىقلارنى،  
ئالدى بىلەن ئويلاش كېرەك.  
ئويلىماي قىلغاندىن كېيىن،  
ئۇنىڭدىن تانماسلىق كېرەك.

تېكستى:

كىرىككەن تونلار كىرىن  
سوۋ ئۇزە يۇمۇش كەرەك  
سوز كىرى كەتمەس يۇسا  
نەتىگىن قىلمىش كەرەك

تەرجىمىسى:

كىر باسقان تونلار كىرىنى،  
سۇ بىلەن يۇيۇش كېرەك.  
سوز كىرى كەتمەس يۇسا،  
بۇنى قانداق قىلىش كېرەك.

تېكىستى:

ئايىپسىز تىشكە ئەر
بوينىن سۇنمىش كەرەك
ئول ئانتاغ تۇزۇن بىرلە
تىرىگلىك قىلمىش كەرەك

تەرجىمىسى:

ئەيىپسىز ئاياللارغا،
ئەرلەر بوينىنى ئېگىش كېرەك.
ئۇنداق ئەخلاقلىق (ئايال) بىلەن،
ئۆمۈر بويى ئۆتۈش كېرەك.

تېكىستى:

ئاقىقات بولسا تۇزۇن
ئاڭاجان بەرمىش كەرەك
مەڭى چىن ئول مەڭى ئوق
تاقى نە ئايمىش كەرەك

تەرجىمىسى:

ھەقىقەت توغرا بولسا،
ئاڭا جاننى بېرىش كېرەك.
مەڭگۈ چىن ئۇ، مەڭگۈ ئوق①
(ئۇنىڭغا) يەنە نىمە دېيىش كېرەك.

---

① بۇ مىسرا "ھەقىقەت مەڭگۈ ھەقىقەتتۇر، ھەقىقەت ئاتـ
قان ئوق" دېگەن مەنىدە.

تېكستى:

ئىش قىلغۇ ئەدگۇ ئىشنى.
گۈركتۈر كونى يولنى
گەسمەڭلەر ئەگرى تالنى
توبەسىننتە مۈە بار

تەرجىمىسى:

دوست بولساڭ ياخشى بىلەن دوست بول،
ئۇ ساڭا كورستۈر توغرا يولنى.
كەسمەڭلار ئەگرى تالنى،
ئۇنىڭ شاخلىرىدا مۈىسى بار.

(بۇ شېئىر — بانگ بىلەن رەخمەتىنىڭ يۇقۇرىدا كورستىلگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى.)

تېكستى:

ئەردەملىگ كىشى ئەردىنى بىرلە تۈز ئول
ئەردەمسىز كىشى ئوتۇك ئىچىندەكى ئۇلياق بىرلە تۈز ئول

تەرجىمىسى:

پەزىلەتلىك كىشى (گويا) گوھەرگە ئوخشايدۇ،
پەزىلەتسىز كىشى (گويا) ئوتۇك ئىچىدىكى پىتەككە ئوخشايدۇ.

تېكستى:

بۇيانلىغ كىشى بۇرقانلار بىلە تۈز ئول
بۇيانسىز كىشى بۇق باقىر بىرلە تۈز ئول

تەرجىمىسى:

ساۋاپلىق ئىش قىلغۇچى كىشى بۇرخان بىلەن باراۋەر،
ئىنساپسىز كىشى مىس داشقىلىغا باراۋەر.

تېكىستى:

بەگىمسىنمەيۈك بەگ بولسار بەلتىر سايو بەلگە سالۇر،
ئاتاقىم سىنمايۇق ئاتىغ بۇلسار ئارت سايو ماياق ئايۇر

تەرجىمىسى:

بەگ بولمىغان بەگ بولسا، ھەر دوقمۇشقا بەلگە سالۇر،
ئاتىغى چىقمىغانىنىڭ نامى چىقسا، ھەر - بىر تاغ ئوتـ-
كىلىگە ماياق سالۇر.

تېكىستى:

ياغمۇر ياغسا قاپۇك بولسۇن ياپىنغۇ كەرگەك
ياۋۇز كىشى ياقىن كەلسە ئابىنغۇ كەرگەك

تەرجىمىسى:

يامغۇر ياغسا يېپىنچاڭنى يېپىنىشىڭ كېرەك،
ياۋۇز كىشى يېقىن كەلسە، ئېھتىيات قىلىشىڭ كېرەك.

تېكىستى:

قوچو تاغىنتا قاپلان يوق
قۇدۇق سۇۋىنتا بالىق يوق

تەرجىمىسى:

قوچۇ (تۇرپان) تېغىدا قاپلان يوق،
قۇدۇق سۇيىدە بېلىق يوق.

تېكستى:

ئەر قۇتى بەلىڭ
سۇۋ قۇتى تەرىڭ

تەرجىمىسى:

ئەرنىڭ قۇتى (بەختى) قورقماسلىقتا،
سۇنىڭ قۇتى چوڭقۇرلۇقتا.

(يۇقۇرىدىكى شېئىر — رەخمەتىنىڭ «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيە-سىنىڭ توپلىمى»دا ئېلان قىلغان «تۇرپاندىكى تۇركچە يازما يادىكار-لىقلار» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنىدى، 7 - توپلام 54 - بەت).

## مانى① غا مەدھىيە

### (مانى دىنىغا② دائىر)

تېكستى:

1. ئالقۇ بىش ئاجۇنلارنىڭ ئۆمۈگى
ئارىيايىشار يىلتىز نوم...... چى

① مانى — قەدىمقى ئىرانلىق زات بولۇپ، مىلادى 216 — 276 - يىللىرى ياشىغان، ئۇ، مانى دىنىنىڭ ئىجاتچىسى ھىساپلىنىدۇ.

② مانى دىنى — مانى ئىجات قىلغان دىن. ئۇنىڭدا "يورۇقلۇق" بىلەن "قاراڭغۇلۇق"تىن ئىبارەت ئىككى خىل كۈچ تەكىتلىنىدۇ. "يورۇقلۇق"قا ئېتىقات قىلىنىدۇ. مانى دىنى مىلادى 7 - ئەسىردە ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىشقا باشلىغان، مىلادى 763 - يىلى قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقىلىپ كىرگەن.

ئايانچاڭ كوڭۇلنى يۇتۇگۇ
ئاياغلىغ ئاتلىغ قاڭىم مانى بۇرقانىم

2. ئانۇنتۇمۇز سىزىنگە
ئاسرا كوڭۇلنى يۇكۇنگەلى
ئاللڭ ئامتى ئۇمۇغ ئىناغ
ئالقۇنۇڭ بارچا يۇكۇنچۇن

3. تۇتچى ئۇزۇكسۇز مۇنىتەگ
توغۇمۇغ ئاجۇنۇغ ئونىتماقلىغ
تۇر توپراققا باتىلىپ
تۇرقارۇ مونقۇل ئەرتىلەر

4. ئازنىزۋانقا ئاغۇقۇپ
ئارتايۇ يوقاد تۇرۇرتا
ئامۋار دىشىنلىغ ئوت ئۇزە
ئاڭا يۇرۇن تەگ قىلتىڭىز

5. ئوۋكە نىزۋانى ئۇزە قۇتۇرۇپ
ئوگسىز كوڭۇلسىز ئەرتىلەر
ئوز توزلەرىن ئاقتىپ
ئوگلەرىن كوڭۇللەرىن بىغتىڭىز

6. بىش ئاجۇنتاقى تىنلىغلارىغ
بىلىگسىز بىلىگدىن ئوڭى ئوزدۇرتۇڭۇز
بىلىگسىز بىلىگدە ياراتىدىڭىز
پارنىبرانكە سانلىغ قىلتىڭىز

7. ئۇزته بۇزته ئۇلاتى
ئوكۇش تەلىم ىىزۋانىلار
ئوڭىن كوكۇلىن ئازىتىپ
ئۇرلەتۇر ئەرتى تىنلىغلارىغ

8. ئالتى قاچىغ ئۇزە ئازمىشلارقا
ئاغماق ئىنمەك ئاجۇنلارىغ كورىتتىڭىز
ئاۋىش تامۇ ئەمگەكىن بىلتۇرتۇڭۇز
ئالقاتمىش بىش قات تەڭرى يىرىنتە توغۇرتۇڭۇز

9. قۇترۇلۇغ يول يىڭاقلارىغ تىلەيۇ
قوپىتىن سىڭار ئىل ئۇلۇسلارىغ كەزىتىڭىز
قۇتقارۇغ تىنلىغلارىغ تاپىتۇقتا
قودمادىن قاموغىنى قۇتقارتىڭىز

10. ئوغاتىپ كەلمىش بىردىنتەگ تىنلىغلارقا
ئەۋاڭلىئۇن نوم رەتنىڭ نوملاپ قودتوڭۇز
ئۇزغۇ قۇترۇلغۇ يول ياڭىقىغ
ئۇل نومتا ئەشىتىپ ئۇقاربىز

11. ئاپام بىرۇك مۇنى تەگ
ئارىغ نوموغ نوملاپ قودماسار
ئامتىقا تەگى بىرتىنچۇ
ئالقىنمازمۇ ئەركى تىنلىغلارىغ

12. تۇرك بۇرخانلارتا كىن ئىنتىڭىز
توزكەرىنچىسىز بۇرخان قۇتىن بۇلتۇڭۇز

تۈرلۈك تۈمەن تىنلىغلارنىغ قۇتقارغىنىمىز
تۈلەرىنگ تامۇتىن تۈزۈنى ئوزغۇرتۇگۇز

13. ئال ئالتاغ ئۇزانماقلارىن تاشقارىپ
ئادىنلارقا ئاسىغلىغ ئىشىگ ئىشلەتىنگىز
ئازمىشلارقا يولچى بىرچى بولتۇگۇز
ئايىغ قىلىنچلىغ شىمنۇ ئىلىگىنتىن ئوزغۇرتۇگۇز

14. ئالقىش باشىق سوزلەگۈگ
ئايىغ قىلىنچىغ ئولۇگۇگ
ئامۋاردىشىم قىلىپ يىغنىغۇغ
ئايۇ يارلىقادىڭىز ئولارقا

15. بۇلغانيۇق كوكۇللۇگ تىنلىغلار
بۇ يارلىغىڭىزنى ئەشىتىپ
بۇيانلىغ تالۇي ئوگۇزۇگ ئاقىتىپ
بۇرخانلار ئۇلۇشىنتا توغتىلار

16. ئادىن تۇمكە كوكۇللەر
ئارىغ يوللارتا يورىپ
ئامۋاردىشىم قىلتىلار
ئانوشاگان ئوردۇتا توغتىلار

17. بىنچۇرۇ توپىن يۇكۇنۇربىز
بىگ ئۇستۇنكى تەگرىمىز سىزىنگە
بىرتىنچۇدەكى تىنلىغلار
بىنتەم نىربانتا توغزۇنلار

18. ئايانچالىق كۆڭۈلنى يۈكۈنۈربىز
ئالقۇ يېرتىنچۇدەكى تىنلىغلار
ئالپ ئادالارىنتىن ئوززۇنلار
ئامرىلمىش نىرۋانىغ تاپىزۇنلار

تەرجىمىسى:

1. بەش تۈرلۈك ئالەمنىڭ ئۈمىتى،
ئارياپىشار① بىلتىزنوم ... چى
ئىتائەتمەن قەلبىمىزدىن (ساڭا) ئېھتىرام،
ھۆرمەتلىك، شۆھرەتلىك ئاتىمىز — مانى بۇرخانىمىز.

2. تەييارلاندۇق، سىزگە
چىن كۆڭلىمىز بىلەن يۈكۈنگىلى.
ھەي، بىزنىڭ ئۈمىتىمىز ۋە ئىشەنچىمىز،
(ئەمدى سىز) كۆپچىلىكنىڭ ئېھتىرامىنى قوبۇل قىلىڭ!

3. (ئىنسانلار) دائىم دېگۈدەك،
قايتىدىن دۇنياغا كېلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.
ئۇلار تۇپراق ئىچىگە كىرگىنىدە،
(ھېچنىمىنى) بىلمەيدۇ ۋە سەزمەيدۇ.

4. (ئۇلار) ئاچ كۆزلۈكتىن زەھەرلىنىپ،
ئۆزلىرىنى خاراپ قىلىۋاتقاندا،
سىز ئامۋاردىشىنىڭ② چوپىدىن،
ئۇلارغا شىپالىق دورا ياساپ بەردىڭىز.

① "ئارياپىشار" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

② "ئامۋاردىشىن" — قەدىمقى پارس تىلىدىكى "ئامۋاردىشىن" دىن كەلگەن. گابائىن ئۇنى "توپلانماق" دەپ تەرجىمە قىلغان. («قەدىمقى تۈرك تىلى گىراماتىكىسى»، 294 - بەتكە قاراڭ).

5. ئۇلار غەزەپ دەستىدىن قۇتىراپ،
ئەقلى-ھۇشىنى يوقىتىپ قويغاندا،
(سىز ئۇلارغا) ئەسلىنى ئەسلىتىپ،
ئۇلارنى ئەقلى-ھۇشىغا كەلتۈردىڭىز.

6. سىز بەش ئالەمدىكى جانلىقلارنى،
بىلىمسىزلىكتىن قۇتۇلدۇردىڭىز.
ئۇلارنى بىلىملىك قىلىپ يارىتىپ،
پارىنىبرانغا ① يەتكۈزدىڭىز.

7. رەزىل نىيەتلىك،
نۇرغۇنلىغان نىزۋانىلار،
جانلىقلارنى ئەقىل-ھۇشىدىن ئازدۇرۇپ،
جانلىقلارغا نۇرغۇن ئازاپ كەلتۈرۈپ بەردى.

8. سىز ئالتە ئوغرى ئازدۇرغانلارغا،
چىقىپ-چۈشىدىغان دۇنيانى كۆرسەتتىڭىز.
ئاۋۇش دوزىخنىڭ ئازاۋىنى بىلدۈردىڭىز،
گۈزەل بەش قات تەڭرى يېرىدە ياراتتىڭىز.

9. سىز قۇتقۇزۇش يولىنى ئىزدەپ،
ھەممە ئەتراپتىكى ئەل دۆلەتلەرنى كەزدىڭىز.

---

① قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مانى دىنىغا دائىر يازما يادىكارلىقلاردا بۇددا دىنى ئاتالغۇلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككى دىنىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا قوشۇلۇپ كەتكەنلىك ئەھۋالىنى چۈشەندۈرىدۇ. "پارىنىبران" سانسكرىت تىلىدىكى "parinirvana" دىگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، مەنىسى "نىرۋان" بىلەن ئوخشاش، يەنى "غايىۋى مەنزىل" دىگەن مەنىدە.

قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك جانلىقلارنى تاپقاندا،
بىرىنى قويماي قۇتۇلدۇردىڭىز.

10. بىزگە ئوخشاش (يولىدىن ئاداشقان) جانلىقلارغا،
ئەۋاڭگىلىئون ① نوم گوھەرنى تەپسىر قىلدىڭىز
بىز بۇ گوھەر نومدىن،
ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ يولىنى تاپتۇق.

11. ئەگەر (سىز بىزگە) ئاشۇنداق،
گوھەر نومنى تەپسىر قىلىپ بەرمىگەن بولسىڭىز
(ئۇچاغدا) بۇ تۇپراق ۋە ئىنسانىيەت،
پۈتۈنلەي گۇمران بولماسمىدى؟!

12. سىز قۇدرەتلىك بۇرخاندىن كېيىن، بۇئالەمگە چۈشتىڭىز،
مىسلىسىز بۇرخان بەختىگە ئېرىشتىڭىز.
تۈرلۈك - تۈمەن جانلىقلارنى،
قاراڭغۇ دوزاقتىن بىر يولى قۇتۇلدۇردىڭىز.

13. سىز ھىلىگەر، تۆھمەتخورلارنى ئايرىپ چىقىپ،
باشقىلارغا پايدىلىق ئىش قىلىشقا سالدىڭىز.
ئازغانلارغا يولچى - يېتەكچى بولۇپ،
(ئۇلارنى) يامان قىلمىشلىق ئالۋاستىلار ئىلكىدىن
قۇتۇلدۇردىڭىز.

14. سىز (جانلىقلارغا) ئالقىش - مەدھىيە ئوقۇتتىڭىز،
ئۇلارنى ئۆز گۇنالىرىغا تۆۋا قىلدۇردىڭىز.

---

① بۇ كۇبلېتتىكى باش قاپىيىگە ئاساسەن، بۇ يەردىكى سۆز "ئەۋاڭگىلىئون" ئەمەس، "ئوڭگىلىئون" بولۇشى كېرەك. "ئوڭگىلىئون" مانىنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنىڭ بىرى.

ئۇلارنى يىغىپ، دۇئا ـ تالاۋەت قىلدۇردىڭىز،
ئۇلارنى ئاسراپ، ساقلىدىڭىز.

15. دىلى بۇلغانغان جانلىقلار،
بۇ يارلىغىڭىزنى ئىشتىپ،
ساۋاپ دەرياسىنى ئاققۇزۇپ.
بۇرخانلار ئېلىدە (قايتىدىن) دۇنياغا كەلدى.

16. بىلىمسىز غەيرى نىيەتتىكىلەر،
ساپلىق يولىغا مېڭىپ،
يىغىلىپ تاۋاپ ـ ئېتىقات قىلىپ،
ئانوشاگان(؟) ئوردۇدا قايتىدىن تۇغۇلدۇ.

17. بىز سىزگە ــ ئالى ئىلاھىمىزغا،
باش ئۇرۇپ سەجدە قىلىمىز.
بۇ ئالەمدىكى بارلىق جانلىقلار،
قايتىدىن نىرۋاندا تۇغۇلدۇ.

18. (سىزگە) ھورمەتكە تولغان كوڭۇل بىلەن يۈكۈنىمىز:
پۈتكۈل يەر يۈزىدىكى جانلىقلار،
بالا ـ قازالاردىن ئۈزسۇن (قۇتۇلسۇن)،
راھەتلىنىدىغان نىرۋاننى تاپسۇن.

(يۇقۇرىدىكى مەدھىيە پارچىلىرى W.Bang بىلەن گابائىن 1930 ـ يىلى «گېرمانىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇھىم خاتىرىسى» دە ئېلان قىلغان «مانىغا مەدھىيە» دىن ئېلىندى، بۇ مەدھىيە جەمى 123 كوپلېت، بىز ئۇنىڭدىن پەقەت 18 كوپلېتىنى تاللاپ تونۇشتۇردۇق.)

# ساۋاپلىق ئىشلارغا مەدھىيە

(بۇددا دىنىغا دائىر)

تېكىستى:

1. بۇدا ئاۋاتانساكا ئاتلىغ سۇدۇر ئىچىندە،
بۇزۇلماقسىز نوم ئوغۇشقا كىرمەك بولۇكتە
بۇلاڭ يىڭاق سايۇ كەلمىش بودساتۋالار
بولىتچىلايۇ يىغىلمىش توي قۇۋراغ ئارا
بورخان ئوغلى تواپى تۇزۇن ئۇغان ئارزىنىڭ
بۇلۇنچسۇز يىگ ئەدگۈلەردىن ئۇگمىش شلوكدا
بۇرق شارك؛ قىلىپ ئون ئەدگۈسىن مەن ئاتساڭ ئوزۇم
بۇيان كۇسۇش ئۇزە قوشمىش تاقشۇت باشلادى

تەرجىمىسى:

1. ئاۋاتانساكا① ئاتلىق بۇددا نومىنىڭ،
بۇزۇلمايدىغان نوملار ئىچىگە كىرىش دىگەن بولىگىدە،
تەرەپ-تەرەپتىن كەلگەن بودساتۋالار،
ۋە بۇلۇتتەك يىغىلغان ئەل-جامائەت ئارىسىدا،

① "Awatansaka" بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىپىنىڭ مۇھىم نوملىرىدىن بىرى. خەنزۇچە 华严经 (تولۇق ئاتىلىشى — 大方广佛华严经) دەپ ئاتىلىدۇ. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "لەنخۇا چەچەك ئۇزەكى ئىتىگى ياراتىغى ئاتلىغ سۇدۇرنوم بىتىگ" دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇرخان ئۇغلىنىڭ بارلىق ياخشىلىقى ۋە ئەقىل-پاراسىتىنى
مەدھىيىلىگۈچى پەرىشتىنىڭ،
تەڭداشسىز ئىسىل خىسلىتىنى مەدھىيىلىگەن شېئىردا،
مەنكى ئاتساڭ بەخت تىلەپ،
بۇ ئون تۇرلۇك ساۋاپلىق ئىشقا مەدھىيە ئوقۇپ،
بۇ شېئىرنى باشلايمەن.

تېكىستى:

•2 ئاياغۇلۇغ ئۇمۇغۇمۇز بىرەر تۇشلاردا
ئادىنلارنىڭ ئاسىغى ئۇچۇن كۇئۇكەلىگ ئۇزە
ئانچۇلايۇ قالتى سۇمۇر تاغلار قانى تەگ
ئايى ئۇلۇغ ئارتۇق كوركلە ئەت-ئۇز بەلگۇردۇر
ئازۇ يمە ئول قاڭىمىز باغداشىنۇ
ئامرىلىپ ئىنچ تەبرەمەتىن ئولۇرمىش ئودتە
ئارتى نەڭ سىمەك سىزىن ئالقۇتىن سىڭار
ئاڭسىز ئوكۇش ئۇلۇشلاردا تولۇ كوزۇنۇر

تەرجىمىسى:

•2 ھورمەتلىك پاسىبانىمىز بەزى چاغلاردا،
باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن (بەخت ئىزدىگەندە)،
مەشھۇر سۇمۇر تېغىنىڭ خاندەك،
بەستلىك ۋە قامەتلىك تۇرقىنى كورسىتىدۇ.
يەنە ئۇ ئاتىمىز جىمجىت سۇكۇتتە،
چاززا قۇرۇپ تەۋرىمەي ئولتۇرغىنىدا،
ئۇنى ھەر تەرەپتىن ئىزدەش ھاجەتسىز،
ئۇ ھەرقايسى ئەللەردە تولۇق كورۇندۇ.

تېكستى:

3• قۇت بۇيانلار ئىلىگىنىڭ قۇتلۇق بودىنقا
قۇلاچچا ئەرىپ تەپ تەگىرمى پراۋىشى ئەرۈر
قۇرشاتىلۇ يۈزمىڭ قولتى سانىنچا يوچۇن
قۇدۇلۇشۇ ئاغىلىشۇ يارۇقلار ئونەر
قۇتغارغۇلۇغ ۋايىمىكىلەر ياراغى ئىيىن
قۇرۇغسۇز يىگ ئاسىغلارىغ بۇتۇرگۇ ئۈچۈن
قودى ئۈزە تەگزىنىدۈرۈ تولپىتىن سىڭار
قۇم سانىنچا يىرتىنچۈلەر سايۇ دادىلۇر

تەرجىمىسى:

3• قۇت - بۇيانلار① ئىلىگىنىڭ قۇتلۇق بەستىدە،
(چوڭلۇغى) غۇلاچچىلىك كېلىدىغان دۈپ - دۈگىلەك
پراۋىشى② بار.
(بۇ پراۋىشى) يۈزمىڭ قولتى③ يوچانغىچە ④،
قاتمۇ - قات (نۇرچەمبىرىگى) ھاسىل قىلىپ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.
(ئۇ) ئېتىقاتچىلارنى قۇتقۇلدۇرۇش ئۈچۈن،
(پۈتكۈل جانلىقلارنىڭ) ئالى مەنپەئەتى ئۈچۈن

① قۇت - بۇيان: بەخت - سائادەت مەنىسىدە.

② پراۋىشى: سانسكرىتچە [parives'a] دىگەن سۆزدىن كەلگەن بولۇپ، "نۇر چەمبىرىگى" دىگەن مەنىدە.

③ قولتى (~ كولتى): سانسكرىتچە [KOTI] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، "يۈزمىليون" دىگەن مەنىدە.

④ يوچان: سانسكرىتچە [YODJANA] سۆزىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۆزۈنلۇق ئۆلچەم بىرلىگىنى كورسىتىدۇ. ئۇ بىر كۈنلۈك پىيادە ماڭغان يولغا توغرا كېلىدۇ.

ھەممە ئەتراپنا ھەركەتلىنىپ،
قۇمدەك سانسىز ئالەمنى كېزىدۇ.

تېكستى:

4. سارۋارتاسىد تىگىن ئاتى ئۇگدۇنلۇگ
سەكسەن ئون ياش ياشامىشىن كوركىتىمىش ئەرۇر،
سارتاۋاخى. يولچى يىرچى ئاشۇچا يىمە
سانى يۈزمىڭ كولتى يىل ئاي ياشايۇر
ساقىنچ نەڭ تۇكەتىگىز سوزلۇگ يىلتىنچىسىز
سانسىز ئوكۇش قالپ ئود ئۇزە ئۇرچىك سەرىلۇر
ساشىمسىز يارپ قۇت كۇسۇشلۇگ كۇچى بارىنتىن
سانسار ئۇچى تۇپۇك گىنچە بەك مەڭگۇ تۇرۇر

تەرجىمىسى:

4. ئۇ بۇرۇن سارۋارتاسىد① دىگەن نام بىلەن،
سەكسەن يىل ياشىغان ئىدى،
يەنە سارتاۋاخى② (دىگەن) يولچى - يەرچىنىڭ قىياپىتىدە،
يۈزمىڭ كولتى ئاي يىل ياشىغان ئىدى.
ئۇنىڭ سوزلەپ تۈگەتكۈسىز توھپىسى،
بۇ چەكسىز زاماندا مەڭگۇ ياشايدۇ.
ئۇنىڭ سان - ساناقسىز پەزىلەتلىرى،
سانسار نىڭ ئەڭ ئاخىرقى چېكىگىچە مەڭگۇ ياشايدۇ.

---

① سارۋاتاسىد — سانسىكرىت تىلىدىكى "sarvarthasiddha" دىگەن سوزدىن كەلگەن بولۇپ، ساكيامۇنىنىڭ بۇرخان بولۇشتىن ئىلگىركى ئىسمى.

② سارتاۋاخى — سانسكرىتچە "Satthavaha" دىگەندىن كەلگەن بولۇپ، "كارۋان ئىگىسى، سودىگەرلەر خوجايىنى" دىگەن مەنىدە.

تېكستى:

5 . تۇرقارۇ ئۇدۇن كوكۇل بىلىگ باسۇتچىلىغىن
تۇدچى يىنتەم ئەرتەر ئىدىگلىگ نوملار
توغىماق ئۇچمەك تورۇلۇگ ئول ئۇرلۇكسۇز تىتىر
تۇتياقلانغۇلۇغ ياپىشىنغۇلۇغ ئۇز توزى يوق تىپ
تۇيۇنمىشلار ئىلىگنىڭ بىلگە بىلگىسى
تۇرۇم ئارا ئەرتە قىسقا بىر كىشان ئودتە
تولپ ئۈچ ئودكى ئالقۇ نومنىڭ توزۇن بەلگۈسىن
تۇيۇ يۇمقى بىر قالىسىز تۇيار ئوتكۇرۇر

تەرجىمىسى:

5 . ئۇ ھەممىشە يۇمشاق كوڭۇل بىلەن باشقىلارغا ياردەم بېرىدۇ،
نوم قائىدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ،
(شۇنداقلا) تورۇلۇش - ئولۇمنىڭمۇ يولىنى بىلىدۇ،
ھەممىنى سېزەر قابىلىيىتى بىلەن.
(نومدىن باشقا) تايىنىدىغان تايانچا يوق دەپ ھىساپلايدۇ.
(ئۇ) ئويغانغانلارنىڭ خانى ۋە دانىشمەنى ھەممىنى كورەر،
ئۇ كوزنى يۇمۇپ - ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا،
ئۈچ زاماندىكى بارلىق نوملارنىڭ مەنبەسىنى
ئۈزۈل - كېسىل بىلىۋالالايدۇ.

تېكستى:

6 . بىر ئۇلۇشتا يىرتىنچۇنىڭ يارۇق يۇلاسى
بىلگۇلۇگچە قاماغ نومتا تۇيۇمۇش ئودتە
بىرلە يانا ئادىن ئالقۇ ئۇلۇشلار سايۇ
بىر تەگ ياگلىغ بۇرخان بولمىش كوركى كوزۇنۇر
بىرگەرۇ ئول ئالقۇلارنى بىركە سىغىۇرۇر
بىرىنى ئالقۇقا كىرگۇرمەكى ئانتاغ ئوق ئەرۇر

بىلۇ ئۇغۇسۇز ئىنتراچال تۆرقا ئوقشاتى
بىر تەملەدى تىدىلشماز كۆئۇكەلىگ قىلۇر

تەرجىمىسى:

6. ئۇ، دۇنيادىكى بىر نۇرلۇق چىراق،
بىلىشكە تېگىشلىك بارلىق نوملارنى پىششىق بىلىدۇ.
ھەمدە باشقا بارلىق دولەتلەردە،
ئوخشاشلا بۇرخان قىياپىتىدە كورۇنەلەيدۇ.
ئۇ بارلىق نەرسىلەرنى بىر نەرسىگە سىغدۇرالايدۇ
بىرىنى ھەممىگە كىرگۈزمەك شۇنداق بولۇر.
ئۇ خاسىيەتلىك ئىنتراچال① تاۋىرىدەك،
چەكسىز كارامىتىنى كورسىتەلەيدۇ.

تېكىستى:

7. ئودۇنمىشلارنىڭ ئىلىگى ئۇز قۇترۇلمىش
ئوزۇپ ئۇزەلىكسىز يولتا ئورنانىپ تۇرۇپ
ئون ئۇلۇغ كوچ تورت قورقىنچسىز ئەڭزەيۈك باشلاپ
ئوقشاتىڭسىز يىگ نوملارقا تۇكەللىگ بولۇپ
ئوڭ تەگزىنچلىگ يولتىرىدۇر تۇترۇغ تىگمە
ئۇتقۇراق چىن ئارىش ئارىغ ئۈچ نوم تىلگەنىن
ئول تىدىغسىز تولۇن بىلگە بىلىگى ئۇزە
ئوڭاي ئىلكەي قۇۋراغ ئارا ئوڭارۇ\ ئەۋىرۇر

تەرجىمىسى:

7. ئۇ ئۇزۇل-كېسىل ئويغانغان ۋە قۇتۇلغانلارنىڭ خانى
چەكسىز يولدا تەمكىنلىك بىلەن ئوزۇپ ماڭىدۇ.

---

① ئىنتراچال - سانسكرىتچە خاس ئىسىم.

ئۇ ئون چوڭ قۇدرەت، تۆت قورقماسلىقتا ئىگە،
ئۇنىڭدا بارلىق تەڭداشسىز ئىسىل نوملار بار.
ئۇنىڭ ھەربىر ۋەسىيىتى ئوڭ ئايلىنىپ نۇر چاچىدۇ،
ئۇ ئۆزىنىڭ تۈگىمەس-پۈتمەس ئەقلى-بىلىمى بىلەن
ھەقىقى، مۇقەددەس ۋە ساپ ئۈچ نوم چاقنى
جامائەت ئارىسىغا ئوڭايلا چۈشۈرۈپ ئوڭغا ئايلاندۇرىدۇ.

تېكىستى:

8• يىرتىنچۇنىڭ ئۇمۇغىنىڭ ئۇنىنتە ئۇنەر
يىگ يورۇگلى يىلا يۇلى تۆت (ئۈچ) كىرتۇلەر
يىلقۇى ياڭلىغ ئۇلالىشۇر پىراتىتسايان بودپات
يىگ ئۇستۇنكى پارامىتتا ئۇلاتى نوملار
يىرچىلەيۇ بۇ سانسارتىن تارتىپ تاشقارىپ
يىتنىسكەكسىز يىگ مەڭىكە يىتكۇرۇگ ئۇچۇن
يىنىك ئاغىر ئاشنۇ قىلمىش تىلتاغى ئىيىن
يىتە ئۇدۇزۇ كوڭۇللەر يولىنچا ئىلدۇر

تەرجىمىسى:

8• (ئۇنىڭدا) يەر-جاھاننىڭ ئۇمىت ئۇنىدىن،
بىباھا سۆزلەر بىلەن تولغان تۆت ئىشەنچ ①،
(ۋە) شىپالىق دورىدەك پىراتىتسايان بودپات②،

① "تۆت ئىشەنچ" — چىن ھەقىقەت ۋە ئۈچ گوھەر (بۇرخان، نوم، راھىپ) نى كۆرسىتىدۇ.

② "پىراتىتسايان بودپاد" — سانسكرىت تىلىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، "ئون ئىككى سەۋەپ" دېگەن مەنىدە. ئون ئىككى سەۋەپ بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، خەنزۇچە نوملاردا 十二因缘 دەپ ئاتىلىدۇ. "سانسكرىتچە pratityasamutpada دېيىلىدۇ.

يەنە ئالى پارامىتتا قاتارلىق نومىلىرى بارە
ئۇ بارلىق جانلىقلارنى سانساردىن قۇتقۇزۇپ،
مەڭگۈلۈك شاتلىققا يەتكۈزۈش ئۈچۈن،
(ئۇلارنىڭ) بۇرۇنقى قىلمىشلىرىنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكىگە (قاراپ)
كوڭۇل يولىدا يېتەكلەپ - باشلاپ ماڭىدۇ.

تېكىستى:

9. يۇمچىگسىزىن تىترۇ باقا كورۇپ قانغاسۇز،
يۇكۇنچ ئاياغ تاپىغ ئۇدۇغ ياڭى بولغۇسۇز.
يۇدە ئىلتىنۇ توپۇدە ئۇرۇپ ئۇلتى قىلغۇسۇز،
يۇزمىڭ سانسىز قالپ ئود ئۇزە ئوگۇپ ئەرتگۇسۇز.
يۇرۇك ئارىغ ئەدگۇ نوملار ئاغىلىقىڭا،
يۇرەكىمدە ئىچتىن بارمىش كىرتگۇنچۇم ئۇزە،
يۇكۇنۇرمەن قوپ كوڭۇلىن ئالۇ يارلىقاڭ،
يۇگۇرۇتە سىزنى كورگۇ كۇسۇشۇم قانسۇن

تەرجىمىسى:

9. مەڭگۇ تىكىلىپ قاراپمۇ قانغىلى بولمايدىغان،
چەكسىز ئىززەت - ھورمەتكە ئەرزىيدىغان،
بېشىمىزغا ئېلىپ كوتەرسەكمۇ ئارتۇق كەتمەيدىغان،
يۇزمىڭ كالپ① زاماندا كۇيلەپ تۇگىتەلمەيدىغان،

① قالپ (~ كالپ) — بۇ سوز سانسكرىتچە [KALPA] سوزىدىن كەلگەن بولۇپ، ناھايىتى ئۇزۇن بىر دەۋرنى كورسىتىدۇ، ئۇنى يىل ئاي بىلەن ھىساپلاپ كورسىتىشمۇ قىيىن. پۇتكۇل ئالەم ۋە ئىنسانىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدىن تارتىپ يوقىلىشىغىچە بولغان جەريان بىر KALPA دېيىلىدۇ. ئۇ، چوڭ KALPA، ئوتتۇرا KALPA ۋە كىچىك KALPA دەپ ئۇچكە بولۇنىدۇ.

پاك ۋە ئىسىل نوم گوھەرلەرگە،
يۇرەك قاتلىمىدىن چىققان ساداقىتىم بىلەن
يۇكۈنىمەن، ساداقىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز.
سىزنى كورۇش ئارزۇيۇم هازىرلا قانىسكەن.

(بۇ شېئىر يۇقۇرىدا كورسىتىلگەن بۇيۇك بىرىتانىيە مۇزېيىدىكى قەدىمقى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى شېئىرلار توپلىمىنىڭ 36 -، 37 - بەتلىرىدىن ئېلىندى. شېئىر ئەسلى 14 كۇبلېت بولۇپ، بىز ئۇنىڭ 9 كۇبلېتىنى تاللاپ تەييارلىدۇق. شېئىرنىڭ ئاپتورى — ئاتساك دىگەن ئۇيغۇر شائىرى. بۇ شېئىردا ئاساسەن بۇددا دىنىنىڭ ماھايانا مەزھىبىنىڭ ئاساسلىق نومى بولغان — Aratamsaka سۇتراغا مەدھىيە ئوقۇلغان.)

# نېستورىيان دىنى يازما يادىكارلىغىنىڭ پارچىسى

## «نېستورىيان دىنى يازما يادىكارلىغىنىڭ پارچىسى» ھەققىدە ئىزاھات

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى نېستورىيان دىنىغا ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىلىرىنى گېرمانىيىنىڭ 2 - قېتىملىق ئارخولوگىيە ئەترىدى قولغا چۈشۈرۈۋالغان بولۇپ، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا. بۇ ھەقتە گېرمانىيىلىك ئالىم مۇللېر 1908 - يىلى «ئۇيگۇرىكا» (قەدىمقى ئۇيغۇر يازما ھۆججەتلىرىنىڭ تەتقىقاتى) نىڭ 1- تومىدا ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. 1926 - يىلى گېرمانىيىلىك W. Bang بۇ ھەقتە ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان. 1951 - يىلى روسىيىلىك مالوۋ «قەدىمقى تۈرك يازما يادىكارلىقلىرى» نىڭ 131 - 138- بەتلىرىدە ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

بۇ يادىكارلىق قەدىمدە ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركى خەلقلىرىنىڭ باشقا دىنلار بىلەن بىر قاتاردا نېستورىيان دىنىغىمۇ ئېتىقات قىلىش ئەھۋالى ۋە بۇ خىل دىنلارنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

## «نىستورىيان دىنى (نىستورىيانىزىم)① يازما يادىكارلىقىنىڭ پارچىسى»نىڭ تېكىستى

باردىپ يۈكۈنەلىم ئانىڭ ئۇلۇغ قۇتىڭا تىپ ئۆتۈندى ـ لەر ئول ئودۇن خىرودىس قان ئىنچە تىپ يارلىقادى ئولارقا: يا ئەمتى ئامراق ئوغلان ـ لارىم، ئەدگۈكە ـ ا بارىڭلار

كەد كوڭۈل تەگۈرۈپ تىلەڭلەر، ئىستەڭلەر! نەچۈكىن بۇلسار سىز ـ لەر يانا يانىپ كەلىپ ماڭا ئىشىتدۇرۇڭلار. مەن يەمە بارىپ يۈكۈنەيىن ئاڭار تىپ تىدى. ئىنچىپ ئول موغۇچلار نەچۈكىن ئۇرسىلمىتىن ئۇنۇپ باردى ـ لار

ئەرسەر، ئول يۇلتۇز يەمە ئۇلارنى بىرلە بارىر ئەردى. قاچان ئول موغۇچلار بىدىلىخىم ـ قا تەگدى ـ لەر ئەرسەر، ئول يۇلتۇز تەبرەمەدىن شۇك تۇردى. ئوترۇ ئانتا بۇلتى ـ لار مىسىخا تەڭرى ـ نىگ. ئول ئودۇن

تىتىنۇ (تىترۇ؟) ياقىن بارىپ كىردى ـ لەر. ئۆز يۈكلەرىن ئاچتى ـ لار، ئەرتۇدىن ئاچۇ ـ غىن ئۆتۈندى ـ لەر كىم كەلۈرمىش ئەردى ـ لەر ئۈچ تۈرلۈگ كوزۇنچ: ئالتۇن، ز ـ مۇران، كۈجى، يەمە يۈكۈنچ يۈكۈندى ـ لەر، ئوگىمەك

ئاقىش ـ ئۆتۈندى ـ لەر ئىلىگ قان مىسىخا تەڭرى ـ كە. ئول موغۇچلار ئىنچە ساقىنىپ كىردى ـ لەر. تەڭرى ئوغلى ئەرسەر، ز ـ مۇران، كۈجى ئالغاي. ئىلىگ قان ئەرسەر، ئالتۇن ئالغاي. بىرۇك ئوتاچى ئەمچى ئەرسەر،

ئوت يەم ئالغاي تىپ بىر قاباد ـ دا ئۇرۇپ كىرگۈردى ـ

---

① نىستورىيانىزىم (Nestorianism) خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاسىيادىكى بىر مەزھىبى بولۇپ، تاڭ تەيزۇڭنىڭ جىڭگۇەن 9 ـ يىلى (635 - يىلى) جۇڭگوغا كىرگەن.

لەر. مەڭگۈ تەڭرى ئوغلى ئىلىگ قان سىسىخا ئول موغۇچ - لارنىڭ كوڭلىدەكى ساقىنچىن بىلۈ يارلىقاپ، ئۈچ تۈرلۈگ كوزۈنچىن ئەرتۈدىن يۇمقى

ئالى يارلىقادى. ئىنچە يارلىقادى ئۇلار - قا. ئاي موغۇچ - لار - ئا، سىز - لەر ئۈچ تۈرلۈگ ساقىنچ ئۈزە كىرتىڭىز - لەر. تەڭرى ئوغلى يىمە مەن ئوك ئەرۈرمەن. ئىلىگ قان يىمە مەن ئەرۈرمەن. ئوتاچى ئەمچى يىمە مەن

ئوك ئەرۈرمەن تىپ يارلىقادى. سىزىكسىز بولۇپ بارىڭلار تىپ يارلىقادى. ئول موغۇچلارقا تاش بىشىكنىڭ بۇلۇڭىنتا مىن ئۈزمىش - تەك بىر يۇمغاق تاشىغ ئۈزۈپ بىردى... موغۇچ - لار ئول تاشىغ ئالىپ

ئوز ئەت ئۆز - لەرى كوتۈرگەلى ئۇماتد - لار. يىلىقد - قا يۇتۇرسەر يىلقى كوتۈرۇ ئۇماتى. ئانىن كىڭگەستد - لەر، بۇ تاش ئەرتىنگۈ - ۋ ئاغىر تۈرۈر. بۇ بىر يۇمغاق تاش... نەگۈلۈك ئول بىزىنگە يىلقى يىمە كوتۈرۇ ئۇماتىن تۈرۈر. ئىلتگەلى ئۇماغاي - بىز تىپ سوزلەشدد - لەر. ئوترۇ ئانتاچا بىرر قۇدۇغ بەلگۈرتى. ئول تاشىغ كوتۈرۈپ ئول قۇدۇغ ئىچىنتە كەمىشدىلەر ئانچا - ئا بارىپ قىنى - ا كوردىلەر. ئول قۇدۇغ - غ

ئىچىنتە بىر قورقىنچىغ ئۇلۇغ يارۇق ئوئوت يالىن بىرلە ئۇنۇپ، كوك قالىققا تەگى تۈرۈر ئەردى. ئىنچىپ ئول تاڭلانچىغ... بەلگۈ كورۈپ موغۇچلار ئاڭلاپ بىلىپ قورقۇپ توپۇن تۇشۇپ

يوكۈنتد - لەر. ئىنچە تىيۇر ئەردىلەر: بىزىنگە تاپىنغو يوكۈنگۈ ئەردىنى بىرۈپ ئەرمىش. بىز تاپىنغۇقا تەگمىسىز ئەرمىش. بىز بىلمەتىن قۇدۇغ - قا كەمىشمىش بىز تىپ ئو - كۈنتد - لەر. ئول ئوغۇر - قا بۇگۈن

كۈنگە تەگى موغۇچلار ئوئوت - قا تاپىنماق تىلتاغى بۇ ئەرۈر. ئول ئودۇن بەلگۈلۈگ بولتى ئۇلار - قا تەڭرىدەم

ۋۇرىشتى. ئۆتتۈزۈپ ئانتىن ئۆگى يولچا يورۇتدى ئول مو-
غۇچلارىغ. خىرودىس قاز-
(65) -قا تەگمەددى-لەر.

## تەرجىمىسى

(ئۇلار: "بىز) بېرىپ ئۇنىڭ ئۇلۇغ بەختىگە تاۋاپ قىلايلى" دەپ ئۆتۈنۈشتى. شۇ چاغدا ھىرودىس خان ئۇلارغا مۇنداق يارلىق قىلدى: "مېنىڭ ئامراق ئوغۇللىرىم، ئەمدى سىلەر ياخشى بېرىڭلار. ياخشى نىيەت بىلەن تىلەڭلار، ئىستەڭلار. سىلەر (ئۇنى) تاپقاندىن كېيىن، يەنە قايتىپ كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلىڭلار. مەنمۇ بېرىپ ئۇنىڭغا تاۋاپ قىلاي". شۇنداق قىلىپ، ئۇ راھىپلار ئۇرۇسلىمدىن (يېرۇسالىمدىن) چىقىپ ماڭغاندا، ئۇ يۇلتۇزمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭدى. ئۇ راھىپلار بىدىلھىم (Bidilhim — ئەيسا تۇغۇلغان جاي) غا يېتىپ بارغاندا، ئۇ يۇلتۇز شۇ يەردە تەۋرىمەي شۈك تۇردى. شۇندىن كېيىن ئۇلار مسىھا (Msiha) تەڭرىنى تاپتى. شۇ چاغدا، ئۇلار پېتىنىپ (تىترىشىپ؟) ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن باردى. (ۋە) ئۆز تۈگۈنچەكلىرىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا كوپ سوغىلار سۇندى. ئۇلار ئۈچ تۈرلۈك سوغا: ئالتۇن، ياقۇت، كۈجى ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار يەنە يۈكۈنۈپ ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا ئىلىگ خان مسىھا تەڭرىگە مەدھىيە ئالقىش ئوقۇشتى. ئۇلار (مسىھانىڭ يېنىغا مۇنداق ئوي بىلەن كىردى: "(ئۇ) تەڭرى ئوغلى بولسا، ياقۇت بىلەن كۈجىنى ئالىدۇ. ئەگەر ئىلىگ خان بولسا، ئالتۇننى ئالىدۇ. ئەگەر دورىگەر تىۋىپ بولسا، دورا ئوسۇملۈكنى ئالىدۇ". ئۇلار بىر تاۋاقتا (بۇ ئۈچ خىل سوغىنى) سېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى. مەڭگۈ تەڭرى ئوغلى ئىلىگ خان مسىھا ئۇ راھىپلارنىڭ كوڭلىدىكى ئويىنى بىلىپ، ئۈچ تۈر-

لۇك سوغىنىڭ ھەممىسىنى ئالدى (ۋە) ئۇ راھىپلارغا مۇنداق دې-
دى: "ھەي راھىپلار، سىلەر ئۈچ تۈرلۈك ئۆي بىلەن كىردىڭ-
لار. تەڭرى ئوغلى مەن بولىمەن، ئىلىگ خانىمۇ مەن بولىمەن،
دورىگەر تېۋىپ ھەم مەن بولىمەن. سىلەر شۈبھىلەنمەي كېتىۋې-
رىڭلار". (مىسھا) ئۇ راھىپلارغا تاش بوشۇكىنىڭ بۇرجىكىدىن
خېمىر ئۈزگەندەك بىر يۇمۇلاق تاشنى ئۈزۈپ بەردى. راھىپلار
ئۇ تاشنى ئۇز كەۋدىلىرى بىلەن كوتىرەلمىدى. يىلقىغا يۆدىسە،
يېلقا كوتىرەلمىدى. شۇنىڭ بىلەن (ئۇلار مۇنداق) كېڭەشتى: "بۇ
تاش ناھايىتى ئېغىر تۇرىدۇ. بۇ بىر يۇمۇلاق تاشنى بىز نىمىشقا
كوتىرەلمەيمىز، يىلقىمۇ كوتىرەلمەيدۇ؟ (بىز بۇنى) ئېلىپ كېتەلمى-
گىدەكمىز". شۇندىن كېيىن (ئۇلار) يېقىن يەردە بىر قۇدۇق كور-
دى (ۋە) ئۇ تاشنى كوتىرىپ (ئاپىرىپ) قۇدۇق ئىچىگە تاشلىۋەتتى.
ئۇلار ئازراق مېڭىپلا كوردىكى، ئۇ قۇدۇق ئىچىدىن بىر قورقۇنچ-
لۇق، ئىنتايىن يورۇق ئوت يالقۇنى چىقىپ، كوك ئاسمانغا تېگىپ
تۇراتتى. شۇنداق قىلىپ (ئۇلار) بۇ ھەيران قالارلىق ئالامەتنى
كورۇپ (ۋە) ئاڭلاپ بىلىپ، قورقۇشۇپ، باشلىرىنى ئېگىپ يۈكۈ-
نۈشتى. (ئۇلار) مۇنداق دېيىشتى: "بىزگە تاۋاپ قىلدىغان ئەگ-
گۈشتەر بەرگەن ئىكەن. بىز ھورمەتكە ئەرزىمەيدىكەنمىز، (چۈنكى)
نادانلىغىمىزدىن (ئۇ تاشنى قۇدۇققا) تاشلىۋېتىپتىمىز". شۇ چاغدىن
تارتىپ بۈگۈنكى كۈنگە قەدەر راھىپلارنىڭ ئوتقا چوقۇنۇشىنىڭ
سەۋەۋى مانا مۇشۇ. شۇ چاغدا تەڭرىلىك ۋىرىشتى (پەرىشتە)
ئۇلارغا كورۇندى (ۋە) ئۇ راھىپلارنى باشقا يول بىلەن باشلاپ
ماڭدى. (ئۇلار) ھىرودىس خان يېنىغا (قايتىپ) بارالمىدى.

# تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىسى

## «تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىسى» ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھات

قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىغىدىكى تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىق پارچىلىرىنى گېرمانىيىنىڭ 3 - قېتىملىق تۇرپان ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاندىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن، ھازىر بېرلىندا ساقلانماقتا.

بۇ يادىكارلىق گەرچە قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە كۆچۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدا كۆرسىتىلگەن داۋالاش ئۇسۇللىرى ۋە دورىگەرلىككە ئائىت تەجرىبىلەرگە قاراپ، ئۇيغۇر تىبابەتچىلىكى بىلەن دورىگەرلىكىنىڭ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا بۇ ھەقتە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك بىرمۇنچە مەسىلىلەر بار.

تۈركىيىلىك رەشىت رەخمەتى ئارات 1930 - يىلى SBAW (بېرلىن پرۇسسىيە پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ كونفېرېنسىيىسىدە قىلىنغان دوكلاتنىڭ پەلسەپە تارىخ قىسمى) نىڭ I، 451 — 473 - بەتلىرىدە ۋە 1932 - يىلى SBAW II نىڭ 401 — 448 - بەتلىرىدە بۇ ھەقتە ئۆز تەتقىقاتىنى ئېلان قىلغان.

## «تىبابەتچىلىككە ئائىت يازما يادىكارلىقنىڭ پارچىسى»نىڭ تېكىستى ۋە تەرجىمىسى

(1) ..................................................

(2) ..................................................

(3) يۈرەك سىقىلماق تىن بوسماق ـ نىڭ چـورنـ ـ سى (:) نارا ئۈرۈ ـ غى

(4) قارا تۈز بىشىغ سىـگـىر سـرـىچاقان تۈز ئۈلۈش چـورنى قىلىپ مۈن ـ تە

(5) ئىچسەر يۈرەك سىقىلماق تىن بوسماق ـ ىغ ئەدگۈ قىلۇر

..................................................

يۈرەك سىقىلىش ۋە دەم بوغۇلۇشنىڭ داۋاسى: ئانار ئۈرۈ-غى، قارا تۈز، پىششىق سىگىر، سىرىچاقانلارنى① تەڭ مىقـداردا ئارىلاشتۇرۇپ شورپا بىلەن ئىچىپ بەرسە، يۈرەك سىقىلىش، دەم بوغۇلۇشنى ساقايتىدۇ.

(16) ئىنەگۈ ـ كە ئەم: ئىكى سۈگۈك ئەركەچ ئەدىن بىر بادىر ئاياق

(17) بور، بىر بادىر ئاياق سۈۋ بىرلە قايىنتۇرۇپ سۈۋى

(18) سوغۇلمىش ـ تا ئىچسەر كىدەر. يانا سۈنۈ تورت باقىرنى

(19) بۈلۈك بادمان قۈدۈنمۈق ـ نى سىسىغۇرۇپ ئاچ قارىنقا ئىچىپ

(20) ئۈدىغۇ ئول، ئىنەگۈ ئاغرىغ كىدەر

قوساق ئاغرىغىغا ئەم (داۋا): ئىككى سۈڭۈك (مىقـدار سوز) ئۆچكە گۆشىنى بىر قاچا مۇسەللەس، بىر قاچا سۇ بىلەن قاينى-

① سىرىچاقان ــــ سىبىرىق چاكاندا (؟)

تېپە سۈيى سۇۋۇغاندىن كېيىن ئىچسە، قوساق ئاغرىقى كېتىدۇ (توختايدۇ). (ئۇندىن باشقا) يەنە قارا چېكەيدىن تۆت باقىر① (مىسقال؟) نى ۋە بۇلۇڭ② (چارەك؟) پاتمان قۇدۇنىمۇقنى (؟) ئېزىتىپ ئاچ قوساققا ئىچىپ ئۇخلىسا، قوساق ئاغرىقى توختايدۇ.

(21) تىشى كىشى تۇشۇرەيىن تىسەر ئىت سۈتىن ئىچگۈل، بات
(22) تۇشەر ئەۋدىسى تۇشمەسەر قىسىر-دىن ئۇرۇغىن
(23) ئاغى ئاراسى ئارىسىدا تۇدۇسگۇ ئول، بات تۇشەر.

ئايال كىشى (قوسىقىدىكى) بالىنى چۈشۈرۈۋېتەي دىسە، ئىت سۈتىنى ئىچسۇن، تېز چۈشىدۇ. بالا ھەمرىيى چۈشمىسە، قىچا ئۇرۇغىنى كويدۇرۇپ چاتىرىقىنى ئىسلاپ بەرسە، تېز چۈشىدۇ.

(24) كوز ئاغرىغ ئەمى: كىشى ئودى، توڭۇز ئودى، ئەچكۇ ئو-
دى
(25) تاۋشقان ئودى بۇ تورتەگۇ-تە قايۇسى بولسار،
(26) (قارا) قاراقاچ ئىغاچ قاسىقى-مىن ئوت-قا
(27) كۈيۈرۈپ كۆل-مىن ئالىپ سۇۋ-قا يوغۇرۇپ كوز-كە
(28) ياقىغۇ ئول، بات ئەدگۇ بولۇر. كىمنىڭ قولىدىقى-ى يىدىغ
(29) بولسار، ئوۋكە-نى سوكۇلۇپ ئۈچ كۈن ياقسۇن، يىدىغى
(30) كىدەر. بىش ئون يىل قارت بولۇپ بۇدمەسەر
(31) ياقىغۇ ئول، بات بۇدەر. تاقى بۇدمەسەر قارامىن
(32) (يار) تۇزى بىرلە يوغۇرۇپ ياقىز-ۇن، بۇدەر.

كوز ئاغرىغىنىڭ ئەمى (داۋاسى): (قارا) قارىياغاچ قوۋزىقىنى ئادەم ئوتى، چوشقا ئوتى، ئۆچكە ئوتى، توشقان ئوتى — بۇ تۆتىنىڭ قايسىسى بولسا بولىۋېرىدۇ — بىلەن كويدۇرۇپ، كۈلىنى سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ كوزگە سۈرتۈپ بەرسە، تېز ساقىيىدۇ.

كىمنىڭ قولتۇغى پۇرىسا، ئۆپكىنى يەنچىپ ئۇدا ئۈچ كۈن

---

① باقىر — ئېغىرلىق ئۆلچىمى

② بۇلۇڭ — مەنىسى ئېنىق ئەمەس.

قولتۇغىغا يېقىپ (سۈرتۈپ) بەرسە پۈردىمايدىغان بولىدۇ.

بەش ئون يىلغىچە ساقايمىغان جاراھەتكىمۇ ئۆپكىنى يەنچىپ سۈرتۈپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ. ئەگەر بۇنىڭغىمۇ ساقايمىسا، قارا ئۆڭنى يار تۈزى بىلەن يۇغۇرۇپ، خېمىرنى جاراھەتكە تېڭىپ بەرسە ساقىيىدۇ.

(33) قايۇ كىشى كېچە ئەدگۇ كۆرمەسەر

(34) قارا ئەچكۈ - نۈڭ ئۆگسۈز باغىر - ىنقا ئىچىنگە

(35) پىتپىدىنى ساچىپ ئوتقا كومۇپ كوبىكىن ئالىپ

(36) كوزكە سۈردگۈل، كېچە ئەدگۇ كورۇر.

قايىسى كىشى كېچىسى ياخشى كورمىسە (نامازشام قارغۇسى بولۇپ قالسا)، قارا ئۆچكىنىڭ يېتىم (ئوغلىغىنىڭ) جىگىرىنىڭ ئىچىگە قاراموچ سېلىپ ئوتقا كومۇپ، كۆيۈگىنى ئېلىپ كوزگە سۈرتۈپ بەرسە، كېچىسى ياخشى كورىدىغان بولىدۇ.

(37) قايۇ كىشى - نىڭ قاغۇقى تۇدۇنسار، تۈلۈگ ئەرۈكنىڭ

(38) قاسىقىن ئالىپ قاشانىغ يولىڭا ئۇرغۇ ئول

(39) بات قاشانۇر. قايۇ كىشى يان ئاغرىغ ئەرسەر،

(40) كوگۈرچكەن ماياقىن قارامىن بىرلە چوقۇرادىپ

(41) ئۈچ كېچە ياقز--ۇن ئەدگۇ بولۇر.

قايىسى كىشىنىڭ سۈيدۈك يولى تۇسۇلۇپ قالغان بولسا، تۈكلۈك ئۆرۈكنىڭ پوستىنى ئېلىپ سۈدۈك يولىغا كىرگۈزسە، سۈيدۈك يولى ئېچىلىدۇ.

قايىسى كىشىنىڭ يانپىشى ئاغرىسا، ياۋا كەپتەرنىڭ مايىقىنى قارا ئۈن بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇپ، خېمىرنى يانپىشىغا ئۈچ كېچە يېقىپ بەرسە، ساقىيىدۇ.

(42) تەلىنمەز قارتقا (:) ئىنگەك - نىڭ قوي - نىڭ مىڭىز - ىن

(43) سوقۇپ ياقسۇن، بات تەلىنىپ ئەدگۇ بولۇر

ئېغىز ئالمايۋاتقان يارىغا ئىنەكنىڭ، قويىنىڭ مۈڭگۈزىنى سوقۇپ يېقىپ بەرسە، پات ئېغىز ئېلىپ ساقىيىپ كېتىدۇ.

(44) تولغاق بولۇپ سونمەسەر، ئۇسقۇننىڭ قاسقىن
(55) يىلدىزى بىرلە يوغۇردقا توقۇپ ئىچۇرز-ۇن، سونەر.

تولغاق بولۇپ ساقايمىسا، سۆكپىيازنىڭ پوستى بىلەن يىلتىزىنى سوقۇپ قىيتىققا قوشۇپ ئىچىپ بەرسە، ساقىيىدۇ.

(46) تىش ئاغرىققا (:) ئۈچ ياشار قارا ئۇدنۇڭ ماياقىن
(47) ئىشىچتە چۇقۇرادىپ ياقىز-ۇن، ئاغرىغى كىدەر.

چىش ئاغرىغىغا (داۋا): ئۈچ ياشلىق قارا كالىنىڭ تېزىگىنى تاۋىدا قۇرۇتۇپ چىشقا ياقسا، ئاغرىغى توختايدۇ.

(48) قايۇ كىشىنىڭ ئەدى ئالا بولسار، بادىيانىنى يارىپ
(49) سۇردۇشتۇرۇپ سۇۋىن ئالىپ ئالا ئەدىنكە
(50) سۇردز-ۇن، ئالاسى كىدەر. كەكەلىك ئۇدىن شەكەر بىرلە-تۇز-
(51) ئۇلۇش قىلىپ كوز-كە سۇردسەر، كورمە سەر يمە كورۇر، ئەدگۇ بولۇر.

قايسى كىشى ئالا ئەت (پىسە) بولۇپ قالسا، بەدىيانىنى يېرىپ ئېزىپ سۈيىنى پىسە بولغان يەرگە سۈرۈپ بەرسە، ئالىسى يوقايدۇ.

كەكلىك ئوتىنى شېكەر بىلەن تەڭ ئۈلۈشتە قوشۇپ كوزگە سۈرتۈپ بەرسە، كورمەس بولۇپ قالغان كوز يەنە ئېچىلىدۇ، ساقىيىدۇ.

(52) يانا كەكەلىكنىڭ ئودىن ئالىپ قورىدىپ بورقا بەكىنكە قادىپ ئىچسەر، ئانچاما بور بەكىنى ئىچسەر ئەسۇرمەز، ئەدگۇ بولۇر.

يەنە كەكلىك ئوتىنى قۇرۇتۇپ مۇسەللەس ياكى بوزىغا قوشۇپ ئىچىپ بەرسىمۇ—بۇنداق مۇسەللەس ياكى بوزا ئىچسە مەس قىلمايدۇ—(كورمەس بولۇپ قالغان كوز) ساقىيىدۇ.

(54) تەۋە سۇدۇكىن ئالىپ باشقا سۇردسەر باشتاقى كەبەكى

(55) كىدەر. كىم قال بولسار، سۇغۇن مۇڭگۈز-نى يۇمشاق ئو-
گۇپ سۇۋ-
(56) قا توقىپ ئىچسەر، كىدەر. قۇلاق شاقشى بولسار، قاراغۇ
سىچقان-
(57) نىڭ ئودىنى تامسسار ئاچىلۇر. يانا ئەم (:) ئولۇگ مىش-
كىچىنىڭ
(58) ياقىرسىنى ئەرگۈسۈپ سۈردسەر ئاچىلۇر (٠) يانا كىشى ئودىنى
(59) ئالىپ بورىلىگ كوزكە سۈردسەر ئاچىلۇر.

توگە سۈيدۈگىنى باشقا سۈرتسە، باشتىكى كىپپەك يوقىلىدۇ.

سارىك بولۇپ قالغان ئادەمگە بۇغا مۈڭگۈزىنى يۇمشاق سوقۇپ سۈبلەن قوشۇپ ئىچىرىپ بەرسە، ئوڭشىلىپ قالىدۇ.

قۇلاققا كىر توشۇپ قالسا، قارغۇ چاشقاننىڭ ئوتىنى تېمىتىپ بەرسە، قۇلاق ئېچىلىدۇ. يەنە ئولۇك مۇشۇكنىڭ يېغىنى ئېرىتىپ سۈرۈپ بەرسىمۇ ئېچىلىدۇ. يەنە ئادەم ئوتىنى بورىلىك كوز (؟) گە سۈرتسە ئېچىلىدۇ.

(60) تەۋەنىڭ ئوۋكەسىنى قۇرىتىپ سوقۇپ ئەلگەپ تىنى بوسغاق-
(61) قا ئىچۈرسەر، ئەدگۈ بولۇر. قايۇكىشىنىڭ كەنج ئولسەر
(62) بىر سىتر ئىت سۈتىن ئىچۈرسەر، تۈشەر.

توگىنىڭ ئوپكىسىنى قۇرۇتۇپ سوقۇپ، تاسقاپ دېمى سىقىلىدىغان كىشىگە ئىچۈرسە، ساقىيىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ قوسىقىدىكى بالا ئولۇپ قالسا، بىر سەر ئىت سۈتىنى ئىچۈرسە، چۈشۈپ كېتىدۇ.

(63) قال ئىت تارتمىش كىشىكە ئۇلارنىڭ مىيىسىن يېسەر، ئەدگۈ
(64) بولۇر. ئۈچ كۈنكەدەگى ئاچ قارىنقا بىرەر چان قومايانى
ئىچۈرسەر
(65) ئەدگۈ. كوز يارۇقسۇز بولۇپ ئوكۇش تەلىم ياش ئاقسار،
كوز ئۇزە

(66) سۇردسەر يىمە ئەدگۈ بولۇر. قايۇكشىنىڭ كىرى ئارىمادىن

(67) يىچ ئاقسار، كۈركۈم قوناق مىنى سىپار بىرلە بورقا

(68) قادىپ ئىچۈرسەر، ئەدگۈ بولۇر. ئوزتە ئۇشاق قارت

(69) ئۇنسەر، تاقىغۇ يۇمۇرقاسىن ئوت بىرلە سۇردسەر ئەدگۈ.

غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىگە ئۇلارنىڭ مىڭىسىنى يىدە-گۈزسە، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ئۈچ كۈنلۈك ئاچ قوساقتا بىر قاچا زىغىر مېيىنى ئىچۈرسە ياخشى بولىدۇ. كوز قاراڭغۇلىشىپ؛ كوپ ياش ئاقسا (ياشاڭ-غىرىسا)، زىغىر مېيىنى كوزگە سۇرتۇپ بەرسە، ياخشى بولۇپ كېتىدۇ.

ھەيزى كوپ كېلىپ توختىمىغان ئايالغا زەپە، قوناق ئۇنى، ئىپارلارنى مۇسەللەسكە قوشۇپ ئىچۈرسە، ساقىيىدۇ.

يۈزنى ئۇششاق دانىخورەك بېسىپ كەتسە، توخو تۇخۇمى بىلەن ئوتىنى سۇرتۇپ بەرسە، يوقايدۇ.

(70) تىشنى قۇرد يىسەر بور سەركە-سىن ئاغىز-تا تودۇپ بىر-گەر-تە

(71) توكگۈ ئول ئەدگۈبولۇر. سىدىڭ كىشىكە تەۋە ئەدىن ئارپا

(72) (ياراپ) يارماسى بىرلە ئۆگرە قىلىپ ئىچۈرسەر ئەدگۈ بولۇر.

چىشنى قۇرۇت يېگەندە ئۈزۈم سىركىسى بىلەن ئېغىزنى چايقاپ بەرسە، ياخشى بولىدۇ.

سىيگەك كىشىگە توگە گوشىنى ئارپا يارمىسى بىلەن قاينىتىپ ئۆگرە قىلىپ بەرسە، ئوڭشىلىدۇ.

(73) كىمنىڭ ئەدىنتە سۇگۆل ئۇنسەر ئىكى ياڭتا ئايىنى

(74) كورمىشتە ئوك يىر-كە سىدىپ تىدىگىن ئالىپ سۇگۇلكە ياقسار كىدەر.........

كىمنىڭ تېنىگە سوگەل چىقسا، ئىككى كۈنلۈك ئاينى كور-گەندە يەرگە سىيىپ لېيىنى ئېلىپ سوگەلگە سۇرتسە، سوگەل يوقايدۇ.

(79) بورىنىڭ سۇڭۇكىنى تىلىنى قۇرىدىپ قال ئىت تاردمىش

(80) كىشىكە باشىنقا ياقسار ئەدگۇ بولۇر.

بورىنىڭ سوڭىگى بىلەن تىلىنى قۇرۇتۇپ، غالجىر ئىت چىشلىۋالغان كىشىنىڭ بېشىغا سۇرتۇپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

(81) قايۇ كىشكە ياۋىز قارت ئۇنسەر نۇشادىر توغراغۇ (سىن)

(82) قۇرۇت بىرلە قادىپ ئۇزە ياقسار ئەدگۇ بولۇر.

قايسى كىشىگە يامان يارا چىقسا، نۇشۇدۇر يىلىمىنى قۇرۇت بىلەن قوشۇپ، يارا ئۇستىگە يېقىپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ.

(83) قان ئودكەك (ئەمى): چۇسۇم قۇرۇغ ئۇسۇم سۇۋى تاڭدا سايۇ

(84) ئىچۇرسەر، ئەدگۇ بولۇر

تەرەتتە قان كەلگەنىنىڭ داۋاسى: ئۇژمە، قۇرۇق ئۇزۇم سۇيىنى ھەركۇنى سەھەردە ئىچۇرۇپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

(85) كوز ئەمى باشلاتى (:) كوز ياراقسۇز بولۇپ كوز-تە تەلىم سوۋۇق ياش

(86) ئاقسار ئۇد ئوتىن كوز-كە سۇرد سەر كوز ياروق بولۇر

(87) يانا ئەم (:) كوز-تە ئىسگ ياش ئاقسار يىگ شەكەر سارىغ مۇنگا

(88) چورنى قىلىپ ئىنگەك ياغى بىرلە قادىب بۇرۇنقا قودسار ئەدگۇ بولۇر.

كوز ئەمى (داۋاسى) باشلاندى: كوز غۇۋالىشىپ كوزدىن سوغاق ياش كوپ ئاقسا، كالا ئوتىنى كوزگە سۇرتۇپ بەرسە، كوز ئېنىق كورىدىغان بولىدۇ. يەنە ئەم (داۋا): ئەگەر كوزدىن ئىسسىق ياش ئاقسا، خام شېكەر بىلەن سېرىق ماڭگۇنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىنەك مېيى بىلەن قوشۇپ بۇرۇنغا تۇتۇپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

(89) يانا ئەم (:) تاۋشقان مىيىسىن ئۇد ئودى بىرلە ئىنگەك ياغى

(90) قادىپ ئالىنقا سۇردسەر ئەدگۇ بولۇر.

بەنە داۋاسى: توشقان مىگىسى ۋە كالا ئۇتىنى ئەنەك مېيى بىلەن قورۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، ئۈگشىلىپ كېتىدۇ.

(91) يانا ئەم: قىزىل چىندان يۈرۈك چىندانلار قۇشدى توبۇلغاق سارىغ كۆسى

(92) ئىكرەر باقىر چورنى قىلىپ كۈنچىت ياغى بىرلە يوغۇرۇپ ئالىنقا

(93) سۈردسەر باش ئاغرىغ كىدەر. قايۇتىشى قىردى كىچىرىر بولسار

(94) قارلىغاچ ئەد-ىن يىسۇن. يانا كۈركۈم قوناق مىنى يىپار

(95) بور بىرلە ئىچزۇن ياراشۇر. قاسىق ئاغرىغ ئەم (:) قارلىغاچ ئۇيا-

(96) سىنداقى تۇپراق-نى سۈت بىرلە قاتىپ ئىچگۇ ئول.

يەنە داۋاسى: قىزىل چىندان، ئاق چىندان، قۇشدى ①، تىۋىلغا، سېرىق كۆجىلەرنى ئىككى باقىر (مىسقال؟)دىن ئارىلاشتۇرۇپ كۈنجۈت يېغى بىلەن يۇغۇرۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، باش ئاغرىقى توختايدۇ.

قايسى ئايال قىردى كىچىرىر (مەنىسى ئېنىق ئەمەس) بولۇپ قالسا، قالغاچ گۆشىنى يېسۇن. يەنە زەپە، قوناق ئۇنى، ئىپارلارنى مۇسەللەس بىلەن ئىچسۇن، يارىشىدۇ (ساقىيىدۇ).

قوساق ئاغرىقىغا داۋا: قالغاچ ئۇۋىسىدىكى توپىنى سۈت بىلەن قوشۇپ ئىچسە، ساقىيىدۇ.

(97) تىش ئاغرىغ ئەم: قارا ئود ماياقى سىركە بىرلە

(98) چوقۇرادىپ تەپىز-دەكى تەۋە ماياقى قىسىل تۇز

(99) بىرلە سوقۇپ بور بىرلە بۇلغاپ ئىشىچتە ئىسىدىپ بوز قاپچۇق-

(100) تا ئۇرۇپ كۈنچىت ياغى سىرقۇپ تىش ئۇزە ئۇرزۇن.

① قۇشدى — بىر خىل دورا ئوسۇملۈگىنىڭ نامى.

(101) سارىغ ئەرۈك ئۈرۈغى سوقۇپ بور سىركەسى بىرلە ئاغىز-تا
(102) تۈدسار سونەر، بەسگەك ئەم (:) بورى ماياقى ئۈد
سىكى بىرلە
(103) ئىچۈرسەر كىدەر، كەنج ئوغلان قوراغ-لىغ بولسار ئەش-
كەك
(104) تۈز-سىن باش-ىندا ئۈرزۈن (،) قورانماز بولۇر.

چىش ئاغرىغىغا داۋا: قاراكالا تېزىگىنى سىركە بىلەن ئارىلاش-
تۇرۇپ (ياكى) ياپىلاقىنىڭ توگە مايىنى بىلەن قىزىل تۆزنى سو-
قۇپ مۇسەللەس بىلەن قوشۇپ تاۋىدا ئىسسىتىپ بوز خالتىغا
سېلىپ كۆنجۈت مېيى قوشۇپ ئاغرىغان چىش ئۈستىگە يېقىپ
بەرسە، چىش ئاغرىقى توختايدۇ. يەنە سېرىق ئۆرۈك مېغىزىنى
سوقۇپ مۇسەللەس بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئېغىزنى چايقاپ بەرسىمۇ
چىش ئاغرىقى توختايدۇ.

بەزگەككە داۋا (ئەم): بورى مايىغىنى كالا سۈيدۈكى بىلەن
ئارىلاشتۇرۇپ ئىچۈرۈپ بەرسە، ساقىيىدۇ.

كەنجى ئوغۇل ئاجىز بولۇپ قالسا، ئەشكەك تۆزى (بىر خىل
ئوسۇملۇك)نى بېشىغا تېڭىپ بەرسە، ساغلام ئۆسىدۇ.

(105) سۈت كەت بولغۇ ئەم (:) يورگەي قۇا-سى بىش باقىر
سوۋقا
(106) قايىنتۇرۇپ سۈۋىن سۈسۈپ ئالىپ ياغ سۈت بىرلە
(107) قايىنتۇرۇپ ئىچۈرسۈن (.) كەت بولۇر (.) كىم بوش-
لۇنۇ ئۇماسار (،) يۇقا قادىز
(108) كونە سۈۋى بىرلە قادىپ ئىچسەر (،) قارنىدا ئوغۇل ئو-
لمىش ئەرسەر
(109) يمە ئەسەن ئوسار (.) يانا ئەم (:) يىلان قاسىقىن كۆ-
يۈرۈپ كۆلىن ئالىپ
(110) بور بىرلە ئىچۈرگۈ ئول (،) ئەسەن بولۇر (.) كىم تۇ-
شۈرەيىن تىسەر، يارىم باقىر

(111) يورۈك كۈسى بىش باقىر قارا كۈسى بىرلە سوقۇپ ئەلگەپ مۇن

(112) بىرلە ئىچگۈ ئول (٠) قۇرۇغ بارا-نى قايىنتۇرۇپ سۈۋىن ئىچگۈ ئول٠

(113) قاۋىر-مىش كۈنچىپ يار تۈزى ئىسىگ سۈۋقا يەسىپ ئىچگۈ

(114) ئول (،) ئەسەن بولۇر (٠) يىلان تەرىزىن تورت بەلدىر-تەكى تۇپراق مىر

(115) ئۇد ئوتى سىركە بىرلە قادىن ئىچگۈ ئول (٠) ئولمىش كەنج ئەرسەر

(116) يىمە تۇشكەي (٠) يانا ئىت تۈۋسى تاۋىشقان تۈۋسى كۆيۈرۈپ

(117) پىچەك ئۇچىندا تۇپراق بىرلە قادىپ سۈۋتا يەسىپ

(118) (يەسىپ) ئىچگۈ ئول (،) ئوڭاي توغۇرۇر (٠)

سۈتنى كوپەيتىشنىڭ ئۇسۇلى: ھەشقىپىچەك گۈلىدىن بەش باقىر (مىسقال؟)نى سۇدا قايىنتىپ سۈيىنى سۈزۈۋېلىپ ياغ، سۈت بىلەن قايىنتىپ ئىچسە، سۈت كوپىيىدۇ.

ئېغىر ئاياق ئايال بوشىنالمىسا، دارچىننى سىماپ سۈيى بىلەن قوشۇپ ئىچسە، تۇغۇتى ئوڭايلىشىدۇ. ئەگەر قوساقتىكى بالا ئولۇپ قالغان بولسىمۇ، تېز چۈشۈپ كېتىدۇ.

يەنە داۋا: يىلان قاسىرىغىنى كويدۇرۇپ، كۈلىنى مۇسەللەس بىلەن ئىچۈرسە، بالا ئاسان چۈشىدۇ.

كىمكى قوساقتىكى بالىنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولسا، يىپىرىم باقىر ئاق كۈجە بىلەن بەش باقىر قارا كۈجىنى سوقۇپ، ئەلگەكتىن ئوتكۈزۈپ شورپا بىلەن ئىچسە، يەنە قۇرۇق بارا (بولو؟)نى قايىنتىپ سۈيىنى ئىچسە ياكى قورۇلغان كۈنجۈت بىلەن يار تۈزىنى ئىسسىق سۇدا ئېزىپ ئىچسە، بالا ئاسان چۈشۈپ كېتىدۇ. يىلان تېرىسى، توت كوچىدىكى توپا، ھەسەل ۋە كالا ئوتىنى سىركە بىلەن قوشۇپ ئىچسە، قوساقتىكى بالا ئولۇپ قالغان بول-

سىمۇ تېز چۆشۈپ كېتىدۇ. يەنە ئىت تۈكى، توشقان تۈكىنى
كويدۇرۇپ، كۆلىنى پىچاق ئۇچىدىكى توپا بىلەن قوشۇپ، سۇدا
ئېزىپ ئىچسە، ئوڭشاي تۇغىدۇ.

(119) ئەمگ شىشىپ ئاغرىسار سارىغ مۇنگا ياسىمۇق مىنى

(120) قۇلۇم قۇا يۇرۇك مىن كىشى سۈتى بىرلە يوغۇرۇپ

(121) ياقسار شىشى ئاغرىغى كىدەر. تىشى كىشى كىن ئاغرىغلىغ

(122) بولسار ( ، ) كەندىر سىغىنى ئۈچ ئوكى كەسىپ بىرچان
بور

(123) ئىككى چان سۇۋ بىرلە چوقارادىپ ئىنگەك ياغى بىرلە ياقسار

(124) سونەر. كىمىنىڭ كوزىن ئاغزىن يىدىل تاردىپ قىيىق قىلـ
مىش

(125) ئەرسەر ( ، ) قۇندۇز قايىرى سۇۋتا كىنلەپ تۇردۇزۇن كو-
سۈنگۈتە

(126) كورزۇن. قان تومۇرماققا ئەم ( : ) ياش تانانى سوقۇپ

(127) سۇۋدىن ئالىپ ئۈچ قادا بۇرۇنقا تامىتىۇ ئۇل ( . )

كوكسى ئىشىشىپ ئاغرىغان ئايال سېرىق ماڭگو، تېرىق ئۇنى، قۇلۇم گۈلى، ئاق ئۇن ئاقاتارلىقلارنى ئادەم سۈتى بىلەن يۇغۇرۇپ خېمىرىنى كوكسىگە تېڭىپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

ئايال كىشىنىڭ كىندىكى ئاغرىسا، كەندىر شېخىنى ئۈچ پارچە قىلىپ كېسىپ بىر قاچا مۇسەللەس، ئىككى قاچا سۇ بىلەن قاينىتىپ، ئىنەك يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ كىندىكىگە يېقىپ بەرسە، ساقىيىدۇ.

كىمگە شامال دارىپ كېتىپ كوزى، ئاغزى مايماق بولۇپ قالغان بولسا، قۇندۇز قايىرىسىنى سۇدا ئېزىپ سۈرۈپ، ئەينەككە قاراپ بەرسە، تۈزىلىپ كېتىدۇ.

بۇرۇن قانىغانىغا داۋا ( : ) ياش كۇنجۇت ئۇرۇغىنى سوقۇپ سۈيىنى چىقىرىپ بۇرۇنغا ئۈچ قېتىم تېمىتسا، قان توختايدۇ.

(128) كىم قان قاشانسار سوغۇننى بىشۇرۇپ مىر بىرلە يىسەر
كىدەر (۰)

كىمكى قان سىيىدىغان بولۇپ قالسا، پىيازنى پىشۇرۇپ
ھەسەلگە مىلاپ يەپ بەرسە، ئۇگشىلىپ كېتىدۇ.

(129) قان تومۇرماققا ئەم (:) كىرپى تەرىزىن كۆيۈرۈپ كۆ-
لىن بۇرۇنقا

(130) يۇرسەر (،) تىدىلۇر (۰) يانا ئەم (:) يىلان باسى
مۇنچۇقنى كۆيۈرۈپ

(131) يۇمشاق سوقۇپ لالاپ بۇرۇنقا يۇرسەر (۰) تىدىلۇر (۰)

(132) يانا ئەم (:) كۇنچىت ياغى ئۇپا بىرلە قادىپ بۇرۇننى
ئارىغ يۇپ

(133) بۇرۇنقا سوقسار (،) ئاردۇق ئەدگۇ بولۇر (۰)

بۇرۇن قانىغانغا داۋا: كىرپە تېرىسىنى كويدۇرۇپ، كۇلىنى
بۇرۇنغا پۈركۈپ بەرسە، قان توختايدۇ. يەنە داۋا: ئىلان بېشى
مونچاقىنى (؟) كويدۇرۇپ، يۇمشاق سوقۇپ، بۇرۇنغا پۈركۈسە،
قان توختايدۇ. يەنە داۋا (:)كۇنجۇت يېغىنى ئۇپا بىلەن ئارىلاش-
تۇرۇپ، ئاندىن بۇرۇننى پاكىز يۇيۇپ، بۇرۇنغا تۇتۇپ بەرسە،
قان ناھايىتى تېز توختايدۇ.

(134) تىش ئاغرىققا ئەم (:) قارا مىرچ بىر باقىر سىركە بىرلە

(135) قايىنتۇرۇپ سوۋۇق قىلىپ ئاغىز-تا تودسار تىش ئاغرىغ
كىدەر (۰)

(136) يانا ئەم (:) بىشىغ سىگىرنى سۆۋ بىرلە قايىنتۇرۇپ

(137) ئاغىز-تا تۇدسار (،) سونەر (۰) ئاداق ئاغرىغقا ئەم
(:) كونچىتىنگ

(138) قاۋىرۇپ لان سوغۇپ قويىن سۈتى بىرلە قادىشتۇرۇپ
ئاغرىغ

(139) يىركە ياقسار (،) يىدل توزلۇگ ئاغرىغ ئوگەتۇر (۰)

چىش ئاغرىغىغا داۋا: بىر مىسقال قاراموچنى سىركە بىلەن

قاينىتىپ، سوۋۇتۇپ ئېغىزغا ئېلىپ بەرسە، چىش ئاغرىقى توختاي-
دۇ. يەنە داۋا: پىششىق سىگىرنى سۇ بىلەن قاينىتىپ ئېغىزغا ئې-
لىپ بەرسە، چىش ئاغرىقى توختايدۇ.

پۇت ئاغرىقىغا داۋا: كۈنجۇتنى قورۇپ ياخشى سوقۇپ، قوي
سۈتى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئاغرىغان يەرگە يېقىپ بەرسە، يەلدىن
بولغان پۇت ئاغرىقى ئوڭشىلىدۇ.

(140) قارىنتا ئولمىش كەنچىكە ئەم (:) ئىت سۈتى بور بىرلە
(141) ئىچسەر تۇشەر (.) بۇرۇن ئىچىندە ئەد ئۇنۇپ تىن ئالۇ
(142) ئۇماسار ئاغرىسار (،) قىسىل باغىر ئىكسىن يار تۇزى
بىرلە
(143) ئىنچكە كىنلەپ مىرقا يوغۇرۇپ بۇرۇن ئىچىندە ئۇرسار
ئوڭەدۇر (.)

قوساقتا ئولۇپ قالغان بالىنى چۈشۈرۈش ئۇسۇلى: ئىت
سۈتىنى مۇسەللەس بىلەن ئىچىپ بەرسە، چۈشۈپ كېتىدۇ.

بۇرۇن ئىچىگە ئوسمە گوش ئۇنۇپ، نەپەستىن قىينالسا، بۇرۇن
ئاغرىسا، قىزىل باغىر (قىزىل مىس؟) بىلەن يار تۇزى ئىككىسىنى
يۇمشاق سوقۇپ، ئاندىن ئۇنى ھەسەل بىلەن يوغۇرۇپ، بۇرۇن
ئىچىگە كىرگۈزۈپ بەرسە، ئوسمە گوش چۈشۈپ كېتىدۇ.

(144) تۇماغۇ بولۇپ كىدمەسەر (،) سوغۇن ساقالى سادۇن سا-
قالى بىرلە
(145) سوقۇپ ساغ ياغقا يوغۇرۇپ ئىسلەسەر ئالقۇ تۇماغۇقا يا-
راشۇر (.)

تۇمۇ (زۇكام) تېگىپ ساقايمىسا، پىياز يىلتىزى بىلەن سام-
ساق يىلتىزىنى سوقۇپ ئۇنىنى پاكىز ماي بىلەن يۇغۇرۇپ ئىس-
لانسا، ھەرقانداق تۇمۇغا پايدا قىلىدۇ.

(146) كىم ئۇنى بۇدۇپ ئەدگۈتى بوش ئۇنمەسەر (،) بىر سۇن-
چا بۇدانى

(147) تۈز ئودۇرا يارىپ ئودۇراسىن ئازقىنا ئويۇپ ئوي قىلىپ
(148) ئاڭا قىداي سىمىقىن ئانچا مۇنچا سوقۇپ ئانىڭ ئىچىندە
(149) ئۈچ تورت ئەۋىن يارما (مونچۇق) مۇرچ يىمە ئۇرۇپ
(150) بۇدانى قاۋشۇرۇپ يىپ بىرلە يورگەپ تاشىڭا كەگدە يورگەپ
(151) ئىسىگ كۆلكە كومۇپ ئەدگۈتى چاقلىغ چىلىك بولمىشتا
(152) كەگدەسىن كىدەرىپ ئوگدۈن تىشلىك ئىكىن ئودۇرا تىشلەپ
(153) تۇدۇپ ئاغىزىن ئاچماتىن يۇۋسىن سىڭۇرگۇل ئىكى ئۈچ قادا
(154) مۇندەك قىلسار (،) كەزە ئۈز ئاچىلۇر (،) سىنامىش ئەم ئول (.)

كىمنىڭ ئۈنى پۈتۈپ قىيلىپ، ئاۋازى چىقماي قالسا، بىر سۈڭچە ئۇزۇم شىخىنى دەل ئوتتۇرىسىدىن يېرىپ ئازراق ئويۇپ ئوتتۇرىسىنى ئوي قىلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قىداي سىمىقىنى① چالا-بۇلا سوقۇپ ئۈچ-توت چىمدىم قارامۇچ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ سېلىپ، ئاندىن ئۇزۇم شىخىنى جىپسىلاشتۇرۇپ يىپ بىلەن تېڭىپ، ئۇنىڭ سىرتىغا قەغەز يوگەپ ئىسسىق كۆلگە كومۇپ، يېرىلغان يېرى توتاشقاندىن كېيىن قەغەزنى سويۇۋېتىپ، ئوتتۇر چىش بىلەن چىشلەپ، ئېغىزنى ئاچماستىن شەرۋىتىنى ئىككى-ئۈچ قېتىم شورىسا، ئۈنى ئېچىلىپ كېتىدۇ. بوسىنالغان ئەم.

(155) كوز ئاغرىغ ئەمى (:) كوز كۈچسىرەپ ياش ئاقسار (،) بالىق ئودىن بۇسىنالغان ئەم.
(156) كوز-كە ئالىنقا سۇردسەر (،) ئەدگۈ بولۇر (.) كوزلان بولۇپ
(57) كورمەسەر (،) چۆۋىتىنى سۇۋقا سىملەپ كىنلەپ ئالىنقا
(158) سۇرتسەر (،) ئەدگۈ بولۇر (.) باش ئاغرىغ ئەمى (:) قىسىل يورۇك

① قىداي سىمىقى — بىر خىل دورا ئوسۇملۇكى.

(159) چىندانلار پىتىپىدى ئىنگەك ياغى بىرلە قادىپ ئالىنقا

(160) سۈردسەر (،) باش ئاغرىغ كىدەر (.) يانا ئەم (:)
كۈنچىت ياغى

(161) يىپار بىرلە ئازقىا يىلىدىپ بۇرۇنقا قودسار (،) كى-
دەر (.)

كوز ئاغرىغىنىڭ داۋاسى: كوز زورۇقۇپ ياشاڭغۇرىسا، بىلىق ئوتىنى كوزكە، ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

كوز زەخمىلىنىپ كورمەس بولۇپ قالسا، چۈۋىت (مۇلەن)نى سۇدا ئېزىپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

باش ئاغرىغىنىڭ داۋاسى: قىزىل ۋە ئاق چىندانلارنى قارىمۇچ، ئىنەك يېغى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ماڭلايغا سۈرتۈپ بەرسە، باش ئاغرىغى ساقىيىدۇ. يەنە ئەم (داۋا): كۈنجۇت مېيى بىلەن ئىپارنى ئازراق قىزىتىپ بۇرۇنغا تېمىتىپ بەرسە، ساقىيىدۇ.

(162) تىن بوسغاقىا ئەم (:) قاربا تۈبىن يۇمغاقى ئىكى باقىر

(163) بىچىغ سىگىر ئىكى باقىر تۈز چورنى قىلىپ تاڭتا سايۇ

(164) بور سۈرمە بىرلە ئىچۈرسەر (،) تىن بوسغاق ئودۇر ئىگ كىدەر (.)

دەم سىقىلىشقا داۋا: قاربا تۈبىن يۇمغاقتىن ① ئىككى باقىرنى ئىككى باقىر پىششىق سىگىر بىلەن قوشۇپ، ھەر كۈنى سەھەردە مۇسەللەس ياكى بوزا بىلەن ئىچىپ بەرسە، دەم سىقىلىش ساقىيىدۇ.

(165) قاغۇق سىلاغقا ئەم (:) قاربا تۈبى ئارىرى تىنبار يۇسى

(166) سىبات تۈز ئۇلۇشى سوقۇپ لالاپ ئىنگەك سۈدىن بىر

(167) باقىر ئاسۇ يارىم باقىر ئىچگۈل (،) ياراشۇر (.)

دوۋۇسۇن ئاغرىغىغا داۋا: قاربا تۈۋى ئارىرى (؟)، تىنبار

① قاربا تۈبىن يۇمغاق — بىر خىل دورا ئۇسۇملۇگى.

يۇسى (؟)نى توگە سۈتى بىلەن تەڭ نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئېزىپ، ئۇنى بىر باقىر ياكى يېرىم باقىر ئىنەك سۈتىگە سىپىلىپ ئىچىپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ.

(168) قودۇر ئەمىن ئايالىم (:) يولدۇرغان قۇا سىن ياشىن يومشاق سوقۇپ

(169) بىر قاشۇقچا ئالىپ بىر ئۆلۈغ قادىڭ يۇغۇرتقا

(170) بۇلغاپ ئاچ قارنىقا ئىچگۈل (،) كىدەر (.) يانا قۇرۇغىن بىر باقىر

(171) يىنچكە سوقۇپ لالاپ ئۇساغى ياڭچا ئىچگۈل (،) ئارتۇق ئىچسەر (،)

(172) بولماز (.) يانا چىقۇتاشىن يىنچكە سوقۇپ لالاپ باقىر

(173) ئىشىچتە سارغارغىنچا قاغۇرۇپ كۈنچىت ياغىنقا بۇلغاپ

(174) تۇردسەر كىدەر (.) يانا قودۇر ئەمى (:) ئاچ قارىنتا توڭۇز ئۇدى

(175) ئۈچ تاڭ بىرلە ئىچسەر (،) قودۇر كىدەر (.) سىنامىش ئەم ئول (.)

قوتۇرنىڭ داۋاسىدىن سوز ئاچايلى: يولدۇرغان (بىرخىل دورا ئوسۇملۇگى)نىڭ ياش چېچىكىنى يۇمشاق سوقۇپ بىر قوشۇقچە ئېلىپ، ئۇنى بىر ئاپىقۇر قېتىقتا قوشۇپ ئاچ قوساققا ئىچسە، ساقىيىپ كېتىدۇ. يەنە يولدۇرغاننىڭ قۇرۇق چېچىكىدىن بىر باقىرنى يۇمشاق سوقۇپ ئۇسسىغاندا ئىچىپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ. لېكىن كوپ ئىچىۋەتسە بولمايدۇ. يەنە چىقۇ تېشىنى (؟) ئۇششاق سوقۇپ ئېزىپ، مىس تاۋىدا سارغايغىچە قورۇپ، كۈنجۈت مېيىغا مىلاپ سۇرتۈپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ. يەنە قوتۇرنىڭ ئەمى (داۋاسى): چوشقا ئوتىنى ئۇدا ئۈچ سەھەر ئاچ قوساققا ئىچىپ بەرسە، قوتۇر ساقىيىپ كېتىدۇ. بۇ سىنالغان داۋا.

(176) يانا ئەت ماقىۋىا بولسار (،) سادۇننى يانچىپ ئىككى قولاقىنـ

(177) قا تولۇ تىڭسار (،) كىدەر (۰) ئاغىز يەل ئەمى (؛) قاچ قۇرۇغ سىرىنى

(178) بىشۇرۇپ بىر كىچە تاشتىن سالقىنقا تەگۇرۇپ ئىككىنتى كۇن

(179) ئالىپ ئوتقا كۇيۇرۇپ كۇل قىلىپ يۇمشاق كىنلەپ قارتقا

(180) باسۇرغۇ ئول (،) ئەدگۇ بولۇر (۰) يانا قايۇ كىشى ئاتتىن تۇشۇپ

(181) قامچى يىپ تامتىن تۇشۇپ ئىچى بەردىنمىشكە قان تومۇر

مىشـ

(182) قا ئەم (؛) تاقىغۇ يومۇردقاسىنچا توغراق توغراغۇسىن

(183) يۇمشاق سوقۇپ لالاپ ق...ىق بىرلە ئىچۇرسەر (،) قان

(184) ئودۇپ ئەدگۇ بولۇر (۰) سىناەمىش ئەم ئول (۰) يانا بوغماق بولسار (،)

(185) يۇمشاق سوقۇپ بوغۇزىڭا يۇرسەر قامىش بىرلە (،) ئەدگۇ بولۇر (۰)

ئەت ماقۋا (؟) بولۇپ قالسا، سامساقنى يەنچىپ ئىككى قولاققا تۇشقىچە تىقىپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

ئېغىز يارىسىنىڭ داۋاسى: بىر ئاز قۇرۇق سىردىنى (؟) پىشۇ-رۇپ بىر كېچە تالادا قويۇپ سوۋۇتۇپ، ئىككىنچى كۇنى ئوتتا كويدۇرۇپ كۇل قىلىپ، يۇمشاق سوقۇپ يارىغا بېسىپ بەرسە، ساقىيىپ كېتىدۇ.

ئاتتىن يىقىلىپ، ياكى قامچا يەپ ۋە ياكى تامدىن يىقىلىپ زەخ-مىلىنىپ ئىچىگە قان چۈشۇپ كەتكەن كىشىلەرگە داۋا: توخۇ تۇ-خۇمىدەك توغراق يېلىمىنى يۇمشاق سوقۇپ... ① بىلەن ئىچىپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ. بۇ سىنالغان داۋا.

① كۇپ چېكىت ئەسلى نۇسخىدىكى ئوچۇپ كەتكەن خەتلەرنى كورسىتىدۇ.

يەنە، دەم سىقىلسا، (توغراق يىلىمىنى) يۇمشاق سوقۇپ
بوغۇزغا قومۇش بىلەن پۈركەپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.
(186) يانا ئىچ كوكۈز ـ كە ئەم (:) نۇقۇتچانى يۇمشاق سوقۇپ
سوغۇق سۇ
(187) بىرلە ئىچكۈرسەر (،) ئەدگۇ بولۇر (.) بوغۇز ئىچىندە
قارت بولۇپ
(188) ياردىماسار (،) ئەم (:) تىڭشۇنى كۈيۈرۈپ كۈل قىلىپ
بوغۇز ئىچىنگە
(189) يۈرسەر يارىلۇر ئاغىزتىن يۈرگۇ ئول (.)
مەيدە ئاغرىقىغا داۋا: نۇقۇتچا (پۇرچاقنىڭ بىر خىلى)نى
يۇمشاق سوقۇپ، سوغاق سۇ بىلەن ئىچىپ بەرسە، مەيدە ئاغرىقى
ساقىيىپ كېتىدۇ.
بوغۇز ئىچىگە يارا چىقىپ ئېغىز ئالمىسا، تىڭشۇ (؟)نى
كويدۇرۇپ كۈل قىلىپ بوغۇز ئىچىگە پۈركىسە، ئېغىز ئالىدۇ. ئۇ
ئېغىزدىن يۈركۈلىدۇ.
(190) يانا ئودۇركە ئەم (:) ئىت بۇرۇنىنىڭ قاسىقى بىر باقىر
(191) چۇسۇم سوگۇتىنىڭ يۇرۇڭ قاسىقى بىر باقىر بۇدا تۇبى
(192) بىر باقىر ... ك قادىلىڭ سۇۋقا بىر...
(193) سالىپ بىر قادىلىڭ قالمىشتا بۇ ئۇچ بۇ...
(194) بىرگەرۇ سالىپ قايىنتۇرۇپ ئىچگۈل نەگۇ كىم...
(195) كىچە يادمىشتا ئىچگۈل (،)سىنامىش ئەم ئول (.) (تىشى
كىشىنىڭ)
(196) ئەمگى شىشىپ ئاغرىسار (،) تىڭ... نىڭ تۇ......
(197) نى بۇرچاقچا يۇم......
(198) ئىچۇر سەر (،) ئەدگۇ بولۇر......
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...
... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

ئىچ سۇرۇشكە داۋا: ئىت ئۈزۈمنىڭ قاسرىغىدىن بىر باقىر، ئاق ئۈژمە دەرىخىنىڭ قوۋزىغىدىن بىر باقىر، ئۈزۈم يىلتىزىدىن بىر باقىر... قاچا سۇغا بىر... سېلىپ بىر قاچا قالغاندا بۇ ئۈچ بۇ... بىرگە سېلىپ قاينىتىپ ئىچسە، كىمكى...... كەچتە ياتقاندا ئىچىشى كېرەك. بۇ سىنالغان دادا.

ئايال كىشىنىڭ كوكسى ئىششىپ ئاغرىسا، تىڭ...نىڭ تۇ......نى پۇرچاقتەك (يۇمۇلاق)...... ئىچۈرۈپ بەرسە، ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.......

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ... ...

# ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر

## «ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» ھەققىدە ئىزاھات

ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ئىچىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. شۇنداقلا ئۇ، قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ (بولۇپمۇ "قوچۇ ئۇيغۇر ئىدىقۇتلۇغى"نىڭ) ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتىرىيال ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمقى ئۇيغۇرچە ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئازاتلىقتىن بۇرۇن چەتئەللىكلەر تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن قولغا چۈشۈرۈپ ئېلىپ كەتكەن. ئۇلار ھازىر گېرمانىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، ئەنگلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ مۇزېيى ۋە كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانماقتا. ھەرقايسى چەتئەل ئالىملىرى ھازىرغىچە بۇ خىل يازما ھۆججەتلەردىن نەچچە يۈز پارچىنى ھەر خىل ئىلمىي ژورنال ۋە ئەسەرلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلماقتا.

ئازاتلىقتىن كېيىن تۇرپان قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغان ھۆججەتلەر ھازىر بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىكى مۇزېيى ۋە مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى تەتقىق قىلىنىپ، دۆلىتىمىزدە چىقىدىغان ئىلمىي ژورناللاردا ئېلان قىلىنماقتا. بىز چەتئەل ئالىملىرى ۋە ئېلىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار تەتقىق قىلىپ ئېلان قىلغان ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر ئىچىدىن بىر قانچىسىنى تاللاپ، تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردۇق.

# I

ئەسلى تېكىستى:

(1) بۇيانچى بەگلەرىم قۇتىڭا
(2) مۇڭ ئۇدۇگلۇگ قولۇدى
(3) بىتىتۈك ئۇدۇگۇم
(4) تەگىنۈر. مەن بىتىتۈك
(5) ئادايىنىڭ ئەۋىنتىن ئۇنەرتە ئىشىن-كۈچىن
(6) بۇتۇرۇ ئۇمادىن ئۇنىمىش ئەرمەز. كىچىگىمتە
(7) بىتىگ ئۇجىك نوم بوقشۇت ئۇرگەنمىس ئۈچۈن
(8) نەتەگ ئەرسەر تويىن بولۇپ، تويىن تورۇسىنتە
(9) يورىقاي مۇ مەن ساقىنىپ، تىگۈي تايىشى باشلاپ،
(10) قىتاي تايىشلارقا كەڭەسەرمەن، تىگۈي تايىشى —
(11) ما تاقى ئۇزگە كىشىلەر مەن يۇلۇپ ئالايىن
(12) بوس قىلايىن تىسەر، بۇ بەگىم مەن يۇلۇپ ئالايىن
(13) ساڭا بۇرۇنچا بوس بىتىگ بىرەيىن تىپ
(14) گۈۋاڭ-مىڭ-نىڭ ئۇسكىنتە، مەن بار ئەركىنچە
(15) ماڭا تاپىنىپ يورىزۇن، مۇنتان سوڭ قالسار
(16) تورت يولى بوس بولۇپ كوڭۈلىنچە تويىن بولۇپ
(17) ئىلكە، قانقا بۇيان ئالقىش بىرىپ يورىزۇن تىپ
(18) مىڭ بەگىنىڭ تامغاسىن قاقىپ، ماڭا بوس
(19) بىتىگ بىرىپ ئانتان سوڭ مىنى يۇلۇپ ئالىپ
(20) بوس بىتىگمە قولۇپ ئالدى ئەرتى. سوڭ
(21) يورىيۇ مىنتەكى بوس ئىدمىس بىتىگنى بەگىم
(22) ماڭا بىرگىل، مەن يۇقايىن يوق قىلغاي سەن، تىسەر،

(23) ئول بىتىگنى مەن بەگىمكە بەرتىم. ئەمتى
(24) ئول بىتىگلەرنى بەگىم يامان قايۇتا قودۇپ،
(25) ئۆنتىدى. كىسكەمۇ ئالسىقدى. مەنى ئاليۇق
(26) سەن تىپ، ئىنچ قىلمادىن تۇرۇر. مەن كۈچۈم يېتىمىس-
(27) -ىنچە ئىسى كۈچ قىلىپ تاپىنىپ، ياسىمىسىم يوق.
(28) بەگىم مە ماڭا ياۋۇز يامان قىلىنمىسى. يوق
(29) نەگۈ ئىشكە ئوغىرلارمەن، ئانىندىن بەرۇ نەگۈ
(30) مە تىمىسى يوق ئەرتى. يانا بىر قۇل ئالغالى
(31) مىنى بىرلە كەڭىلەشىپ تۇرۇر.
(32) ئىل قان ئادىڭا تويىن بولۇپ بۇيان بىرزۇن تىپ،
(33) ئۆزلىك بوس بىتىگ بىرىپ مىنى ئالدى ئەرتى.
(34) يانتۇرۇ ساتقالى ئالمادى ئەرتى. ئەمتى ساتارمەن
(35) تىپ ئەرمىس. بەگلەرىم بويانلايۇ تىيۇرقايۇ
(36) يارلىقاسار، كوڭۇل كەرۇ ئۇقا يارلىقازۇنلار.

تەرجىمىسى:

ساۋاپچى بەگلىرىم ھوزۇرىغا مەنكى دەرتمەن قۇل-بىنىتۇرۇڭ ئىلتىماسىمنى سۇندۇم.

مەنكى بىنتۇڭ ئادايىنىڭ ئويىدىن چىقىشتا، ئۇنىڭ ئىش-كۈشلىرىنى پۈتتۈرەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن چىقىشىم يوق. كىچىكىمدە خەت-ساۋادىمنى چىقىرىپ نوم-ئىلىم ئۆگىنىش ئۈچۈن، قانداقلا بولمىسۇن، راھىپ بولۇپ، راھىپلار قائىدىسى بويىچە ئىش تۇتاي دەپ ئويلاپ، تىگۈي تايىشى ① باشچىلىقىدىكى قىتاي تايىشىلىرى بىلەن كېڭەشكىلى باردىم. تىگۈي تايىشى ۋە باشقا كىشىلەر بىر سېنى پۇل تۆلەپ قۇتقۇزۇۋالايلى، ئەركىنلىككە چىقىرايلى دې-سە، بۇ بېگىم مەن سېنى پۇل تۆلەپ قۇتقۇزۇۋالاي، ساڭا

① تىگۈي — خاس ئىسىم، تايىشى — خەنزۇچە 大师 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى بولۇپ، "ئۇستاز، ھەزرەت" دىگەن مەنىدە.

بۇرۇنقىدەك ئەركىنلىك خېتى (ھورنامە) بېرەي دەپ گۇاڭ مىڭنىڭ ① ئالدىدا، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ماڭا خىزمەت قىلىپ يۈرسۇن، مەندىن كېيىن قالسا، توت يولى ئوچۇق بولۇپ، خالىغىنىچە راھىب بولۇپ ئەلگە خانىغا ساۋاپلىق ئىش قىلىپ ۋە ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇپ يۈرسۇن دەپ، مىڭ بېگىنىڭ تامغىسىنى بېسىپ ماڭا ھورنامە بېرىپ ئاندىن مېنى پۇل تولەپ قۇتقۇزۇۋېلىپ، ھورنامىنىمۇ ئۆز قولىغا ئالغان ئىدى. كېيىن كۈنلەر ئۆتۈپ، بېگىم مەندىكى ھورنامىنى ماڭا بەرگىن، مەن ساقلاي، سەن يوقىتىپ قويىسەن دىگەندە، مەن ئۇ نامىنى بېگىمگە بەرگەن ئىدىم. ئۇ نامىنى بېگىم يامان يەرگە قويۇپ ئۇنتۇپ قالغانمۇ (ياكى) باشقىلارغا ئالدۇرۇپ قويغانمۇ، ئەمدى كېلىپ مېنى سەن ئىلىۋالدىڭ دەپ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. مەن (بېگىمگە) كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئىشلىدىم، خىزمەت قىلدىم (بېگىم ئالدىدا) گۇنايىم يوق. بېگىممۇ ماڭا يامانلىق قىلغىنى يوق. مەن نىمە سەۋەپتىن ئوغرىلايمەن. شۇندىن بېرى (توختام تۈزگەندىن بېرى) ھېچنىمە دىمىگەن ئىدى. (ئەمدى مېنى سېتىۋېتىپ) يەنە بىر قۇل ئېلىش ئۈچۈن مەن بىلەن كېكىشىۋاتىدۇ. مېنى راھىب بولۇپ، ئەل، خان نامىغا ساۋاپلىق ئىش قىلسۇن دەپ، ھورنامە بېرىپ ئالغان ئىدى، قايتىدىن ساتقىلى ئالمىغان ئىدى. ئەمدى ساتىمەن دەۋاتىدۇ.

بەگلىرىمنىڭ ساۋاپلىق ئىش قىلىپ مېھرىۋانلىق قىلىشلىرىنى، كۆڭۈل بولۇپ بۇ ئىشتىن خەۋەردار بولۇشلىرىنى سورايمەن.

① گۇاڭ مىڭ — خەنزۇچە 官民 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.

## II

ئەسلى تېكىستى:

(1) كۆسكۆ يىل ئالتىنچ ئاي ئون ياڭىقا
(2) ماڭا قاۋسىدۇقا تۆشكە كۆنچىت
(3) كەرگەك بولۇپ ئىل تەمىرتىن بىركۆرى
(4) كۆنچىت ئالتىم. كۆز ئىكى كۆرى كۆن-
(5) چىت بىرۆرمەن. بەرمەدىن كەچۆرسەرمەن ئىل
(6) ياڭىچا تۆشى بىلە بىرۆرمەن. بەرگىنچە
(7) بار يوق بولسارمەن، ئىنىم قاسۇقىنىڭ
(8) تەگىملەر بىلە كونى بىرزۆنلەر. تانۇق
(9) قابان، تانۇق بونگەك. بۇ نىشان
(10) مەنىڭ ئول. مەن قاۋسىدۇ ئۆزۆم
(11) بىتىدىم.

تەرجىمىسى:

چاشقان يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ 10-كۈنى مەنكى قاۋسى-دۇغا ئوسۇمغە تولەش ئۈچۈن، كۈنجۈت كېرەك بولۇپ، ئېلتۇمۇردىن بىركۈرە كۈنجۈت (قەرز) ئالدىم. كۈزدە ئىككى كۈرە كۈنجۈت بېرىمەن. ئەگەر ۋاقتىدا قايتۇرۇپ بېرەلمىسەم، ئەلنىڭ ئادىتى بويىچە ئوسۇمى بىلەن قوشۇپ بېرىمەن. (بۇنى) بەرگىچە بار-يوق بولۇپ قالسام، ئىنىم قاسۇقنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇز ئەينى بويىچە بېرىدۇ. گۇۋاچى: قابان، گۇۋاچى: بونگەك. بۇ تامغا مېنىڭ (ھوججەتنى) مەن قاۋسىدۇ ئۆزەم يازدىم.

## III

ئەسلى تېكستى؛

(1) تاقىغۇ يىل ئىكىندى ئاي سەكىز يىگىرمىگە
(2) ماڭا ئىلچىكە تارىغ تارىغۇ يىر كەرگەك
(3) بولۇپ، قايىمدۇنىڭ يالتۇرغانتاقى يارىم
(4) سىق يىرىن ئانۇغۇن تۇدتۇم. بۇيىركە
(5) نەچە ئۇرۇغ بادسار، ئىكەگۇ تەڭ ئۇندۇرۇپ
(6) تارىر بىز. بۇلمىش تۇشىن تەڭ ئۇلەشۇر —
(7) بىز. بۇ يىركە بىرىم - ئالىم كەلسەر، ئىكەگۇ
(8) تەڭ بىرۇر بىز. بۇسوزكە تانۇق قارا
(9) باخشى، تانۇق چىسىم. بۇنىشان مەن ئىلچى-
(10) - نىڭ ئول. مەن مىسىرىسلا ئايىدىپ بىتىدىم.

تەرجىمىسى:

توخۇ يىلى ئىككىنچى ئاينىڭ ئون سەككىزىنچى كۈنى مەنىكى ئىلچىگە تېرىقچىلىق قىلىش ئۈچۈن يەر كېرەك بولۇپ، قايىمدۇنىڭ يالتۇرغاندىكى يېرىم سىق ① يېرىنى ئۆز ئىختىيارىم بىلەن ئىجارىگە ئالدىم. بۇ يەرگە قانچىلىك ئۇرۇق كەتسە، ئىككىمىز تەڭ چىقىرىپ تېرىيمىز. چىققان ھوسۇلنى تەڭ بولۇشىمىز. بۇ يەرگە باج - پاراق كەلسە، ئىككىيلەن تەڭ تۆلەيمىز. بۇ سوزگە گۇۋاچى قارا باخشى، گۇۋاچى چىسىم. بۇ تامغا مەن ئىلچىنىڭ. (بۇ ھوججەتنى) مەن مىسىرىسلاغا دەپ يازغۇزدۇم.

---

① سىق — ئۆلچەم بىرلىكى بولۇپ، خەنزۇچە "石" (دەن) گە توغرا كېلىدۇ.

IV

ئەسلى تېكستى:

(1) بىچىن يىل چاقساپۇت ① ئاي ئىكى ياڭى-
(2) -قا ماڭا تەدىملىگ قارا بۇقا
(3) ئىكەگۈكە قارچىلىغ كەرگەك بولۇپ
(4) قۇتلۇغ ئاتلىغ قاتۇن كىسىنى ساتىپ
(5) قۇتلۇغ تەمۈرتىن يۈز ئەلىگ قالىن بوز
(6) ئالدىمىز. بۇ يۈز ئەلىگ بوزنى (٥)
(7) ساتىغ قىلمىس كۈن ئۈزە بىر
(8) تەدىملىگ قارا بۇقا ئىكەگۈ تۈكەل
(9) ساناپ ئالتىمىز. مەن قۇتلۇغ تەمۈر
(10) يىمە تۈكەل ساناپ بىردىم. بۇ قۇتلۇغ
(11) ئاتلىغ قاتۇن كىسىكە مىلىڭ يىل
(12) تۈمەن كۈنكە تەگى قۇتلۇغ تەمۈر ئەركلىگ
(13) بولزۇن. تاپلازا ئوزى تۇتزۇن
(14) تاپلامازا ئادىن كىسىكە ساتزۇن
(15) بىر تەدىملىگ قارا بۇقا ئىكەگۈ —
(16) -نۈڭ ئاقامىز ئىنىمىز ئۇرلۇغۇمۇز
(17) يۈزلۈگۈمۈز كىمچا كىم-مە بولۇپ
(18) چام-چارىم قىلمازۇن. ئەركلىگ بەگ
(19) ئىسى ئىلچى يالاۋاچ كۈچىن تۇتۇپ
(20) چاملاسارلار يۈلايىن-ئالايىن تىسەر —
(21) لەر، بۇ قۇتلۇغ تەگ ئىكى كىسى ياراتۇ

---

① چاقسا پۇت — سوغدى تىلىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تى-
لىغا كىرگەن سوز بولۇپ، چاقسا پۇت ئاي "12 - ئاي" نى كورسىتىدۇ.

(22) بىرىپ سوزلەرى يۈرسازۇن. چاملاغۇچى
(23) كىسى قورلۇغ بولزۇن. قوتلۇغ تەمۇر
(24) قورسۇز بولزۇن. تانۇق تۇرەدۇ، تانۇق
(25) تۇرۇر مۇڭسۇز. تانۇق تۇرچى، تانۇق تويىن.
(26) بۇ نىشان بىز تەدمىلىگ قارا بۇقا ئىكەگۇ —
(27) -نىڭ ئول. مەن توڭما باقشى تەدمىلىگ
(28) قارا بۇقا ئىكەگۇ ئىنچكە ئايىدىپ بىتىدىم،
(29) بۇ نىشان مەن تانۇق تۇرەدۇنىڭ ئول.
(30) بۇ نىشان مەن تانۇق مۇڭسۇزنىڭ ئول.
(31) بۇ نىشان مەن تانۇق تۇرچىنىڭ ئول.
(32) بۇ نىشان مەن تانۇق تويىنىنىڭ ئول.

تەرجىمىسى:

مايمۇن يىلى ئون ئىككىنچى ئاينىڭ ئىككىنچى كۈنى مەن تەدمىلىگ، قارا بۇقا ئىككىمىزگە خىراجەت كېرەك بولغاچقا، قۇتلۇق ئاتلىق خوتۇن كىشىنى سېتىپ، قۇتلۇق تومۇردىن يۈز ئەللىك توپ بوز رەخت ئالدۇق. بۇ يۈز ئەللىك توپ بوز رەختنى تەدمىلىگ قارا بۇقا ئىككىمىز (قۇتلۇق ئاتلىق خوتۇن كىشىنى) ساتقان كۈنى تۈگەل ساناپ ئالدۇق. مەنىكى قۇتلۇق تومۇرمۇ تۈگەل ساناپ بەردىم. بۇ قۇتلۇق ئاتلىق خوتۇن كىشىنى قۇتلۇق تومۇر مەڭگۈ ① ئۆز ئىلكىدە تۇتىدۇ. خالىسا تۇتسۇن، خالىمىسا باشقا كىشىگە ساتسۇن (بۇ ھەقتە) بىز تەدمىلىگ، قارا بۇقا ئىككىمىزنىڭ ئاكىمىز، ئىنىمىز ۋە ئۇرۇق - ئەۋلادىمىزدىن ھەر قانداقىنىڭ دەۋا (جېدەل) قىلىشقا ھەققى يوق. ئەگەردە (ئۇلار) بەگ، ئەمەلدار (ۋە) ئەلچىلەرنىڭ كۈچىگە تايىنىپ چاتاق چىقارسا (ياكى) يۇلۇپ ئېلىۋالە-

① ئەينەن تەرجىمىسى: ”مىڭ يىل تۈمەن كۈنگىچە“.

مەن دىسە، قۇتلۇق خوتۇندەك ئىككى كىشىنى بەرگەندىن
قاشقىرى (ئۇلارنىڭ) سوزلىرى ئاقمىسۇن. دەۋا قىلغۇچى
كىشى ئىناۋەتسىز بولسۇن. قۇتلۇق تومۇر ئىناۋەتلىك بولسۇن.
(بۇنىڭغا) گۇۋاچى تۇرەدۇ، گۇۋاچى تۇرۇر مۇڭسۇز، گۇۋاچى
تۇرچى، گۇۋاچى تويىن. بۇ تامغا بىز تەدمىلىگ قارا بۇقا ئىككى-
مىزنىڭ. مەنكى توگما باخشى تەدمىلىگ، قارا بۇقا ئىككىسىگە
تەپسلى ئېيتىپ يازدىم.

بۇ تامغا مەنكى گۇۋاچى تۇرەدزنىڭ
بۇ تامغا مەنكى گۇۋاچى مۇڭسۇزنىڭ.
بۇ تامغا مەنكى گۇۋاچى تۇرچىنىڭ.
بۇ تامغا مەنكى گۇۋاچى تويىننىڭ.

V

ئەسلى تېكىستى:

قويىن يىل ئۇچۇنچ ئاي ئىكى ئوتۇزقا ماڭا مىڭ تەمۇركە
بور كەرگەك بولۇپ، تۇرى باقشى تىن يارىم قاپ بور
ئالتىم. كۇز ياڭىدا بىر قاپ سۇچۇگ بور كونى بىرۇرمەن.
بەرمەدىن كەچۇرسەرمەن ئىل ياڭىنچا تۇشى بىلە كونى
بىرۇرمەن. بىرگۇنچە بار يوق بولسار مەن نوم قولىنىڭ
تەگىلەر بىلە كونى بىرزۇنلەر. تانۇق تەسەك تۇرمىش.
تانۇق بولدۇز. بۇنىشان مەن مىڭ تەمۇرنىڭ ئول. مەن
تۇرمىش مىڭ تەمۇركە ئايىدىپ بىتىدىم.

تەرجىمىسى:

قوي يىلى ئۇچىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۇنى
مەنكى مىڭتومۇرگە ئۇسۇم قايتۇرۇش ئۇچۇن ئۇزۇم كېرەك
بولۇپ، تۇرى باخشىدىن ① يېرىم قاپ ئۇزۇم ئوتنىگە

① باخشى — قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بولۇپ، "ئۇستاز" دىگەن مەنىدە.

ئالدىم. كۆز مەزگىلىدە بىر قاپ تاتلىق ئۈزۈم بېرىمەن. (ئەگەر) ۋاقتىدا بېرەلمىسەم، ئەل قائىدىسى بويىچە ئۆسۈ- مى بىلەن ئەينەن بېرىمەن. بەرگىچە بار-يوق بولۇپ قالسام، نوم قۇلىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىرلىكتە ئۆز ئەينى تولەپ بېرىدۇ.

گۇۋاچى تەسەك تۇرمىش. گۇۋاچى بولدۇز، بۇ تامغا مەنكى مىلىك تومۇرنىڭ. مەنكى تۇرمىش مىلىك تومۇرگە دەپ يازغۇزدۇم.

VI

ئەسلى تېكىستى:

(1) لۈيىل توققۇزۇنچ ئاي تورت
(2) ياڭىقا مەن تىگۈي تايىشى ئەنگۈر —
(3) نىڭ سايۇسقا ساتىمىس قۇل —
(4) نىڭ يولىنتا سايۇسى بىلە
(5) ياراسىپ سايۇسى تىن يوق بىرىپ
(6) كىتتدىم. سايىن بۈنتىن ئۆز —
(7) - كىيە كىمتىن نە چام - چارىمقا
(8) كەلسەر مەن تىگۈي تايىشى
(9) بىلۈرمەن. تانۇق تاڭۇت بوقا مەن
(ئارقا بېتى)
تىگۈي تايىشى بىتتىدىم.

تەرجىمىسى:①
ئەجدىھار يىلى 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى مەنكى تىگۈي تايىشى

① بۇ ھوججەتنى 1953 - يىلى غەربىي شىمال مەدەنىي يادىكار- لىقلارنى تەكشۈرۈش ئەتردى تۇرپاندىن تاپقان. كېيىن پروفېسسور ﺋﯩﻠﯩﻚ ﺟﯩﯔﺎﺷﯩﯔ تەرىپىدىن ئەسلى تېكىستى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسى

ئەنگۈرنىڭ سايۇسىغا ساتماقچى بولغان قۇلىنىڭ ئىشى توغرىلىق سايۇسى بىلەن كېلىشتىم. مەن كەتكەندە سايۇسى ماڭا (ۋاقتىنچە) ھىچنەرسە بەرمىدى. سايىن بۇندىن كېيىن ئۇنىڭ (سايۇسىنىڭ) ئىلكىدە بولىدۇ. ئەگەر ھەرقانداق كىشى چاتاق چىقارسا، مەنكى تىگۈي تايىشى جاۋاپكار بولىمەن. گۇۋاچى تاڭۇت بۇقا. (بۇ ھوججەتنى) تىگۈي تايىشى يازدىم.

VII

ئەسلى تېكىستى:

(1) ئۇد يىل بىر يىگىرمىنچ ئاي تـوقۇز ياڭىقا
(2) ئىغدۇ ئىلچىنىڭ تۇرلى ئاتلارىڭا
(3) بىرگۇ يىگىرمى باغ ئۇت ئىكى تاغار سامان
(4) بوگەن سالى ئۇن باغ نۇت بەرزون

تەرجىمىسى:

كالا يىلى 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ئىغدۇ ئىلچىنىڭ ئاتلىرىغا بىرگۇ يىگىرمە باغ ئوت، ئىككى تاغار سامان،
بوگەن سالى ئون باغ ئوت بەرسۇن.

VIII

ئەسلى تېكىستى:

(1) ئۇد يىل بىر يىگىرمىنچ ئاي توقۇز يىگىرمى

---

«مەدەنىي يادىكارلىق» قاتارلىق ژورناللاردا ئېلان قىلىنغان ......

دوتسېنت گېڭ شىمىن بۇ ھوججەتنىڭ فېڭ جياشېڭ تەرىپىدىن قىلىنغان تەرجىمىسىدىكى خاتالىقلارنى قايتا تۈزىتىپ، «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» نىڭ 1978 - يىل 2 - سانىدا يەنە بىر پارچە قەدىمقى ئۇيغۇرچە ھوججەت بىلەن بىللە ئېلان قىلغان. بىز دوتسېنت گېڭ شىمىننىڭ تەرجىمىسىگە ئاساسەن قايتا ئىشلىدۇق.

(2) كە ئىغدۇ ئىلچىنىڭ ئۇلاغ ئاتلار —
(3) غا بوگەن سالى بىر تاغار سامان ئىكى تاغار
(4) ...... بىرزۇن.

تەرجىمىسى:

كالا يىلى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ئىغدۇ ئىلچىنىڭ ئات ئۇلاقلىرىغا بوگەن سالى بىر تاغار سامان ئىككى تاغار......بەرسۇن.

(يۇقۇرىدا تونۇشتۇرۇلغان ئىككى پارچە هوججەت—1974 - يىل 10 - ئايدا تۇرپان ناھىيىسىنىڭ "بىزەكلىك" دىگەن مىڭئۆيى ئەتراپىدىن ھەر خىل قەدىمقى ھوججەتلەر بىلەن بىرگە تېپىلغان. بۇنىڭ ئىچىدە 4 پارچە ھوججەتنى دوتسېنت گېڭ شىمىن . بېيجىڭدا نەشر قىلىنىدىغان «مەدەنى يادىكارلىقلار» ژورنىلىنىڭ 1980 - يىل 5 - سانىدا ئەسلى تېكىستى بىلەن خەنزۇچە تەرجىمىسىنى ئېلان قىلغان. بىز ئۇنىڭ 2 پارچىسىنى قايتا تەييارلاپ تونۇشتۇردۇق.)

## قوشۇمچە:

### پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى

### 1. ئاساسلىق ماتېرىياللار

1) «قەدىمقى تۈركى تىل يادىكارلىقلىرى ئوقۇشلۇغى» (مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئاز سانلىق مىللەت تىل پاكۇلتېتى تۈزگەن، 1977 - يىل 7 - ئاي).

2) مەھمۇت قەشقەرى: «دىۋان لۇغەتىت تۈرك» (بېسىم ئاتالاي تەرجىمىسى 1941 - يىلى ئەنقەرەدە نەشر قىلىنغان)

3) «سانسكرىتچە - خەنزۇچە لۇغەت»، 1904 - يىل، توكيو.
A hand book of sanskrit - chinese Dictionary)

4) «قەدىمقى تۈركچە-رۇسچە لۇغەت»، 1969 - يىل ،لېنىنگراد.
(ДРЕВНЕ ТЮРКСКИЙ СЛОВАРЬ)

5) « 13 - ئەسىردىن ئىلگىرىكى تۈرك تىلىنىڭ ئېتىمولوگىيە لۇغىتى»
(An Etymological Dictionary of pere — Thirteenth - century Turkish 1972. 1. 11)

6) هۈسيىن نامىق ئورخۇن: «قەدىمقى تۈرك يادىكارلىقلىرى»، ئىستانبۇل، 1936 - يىل.
(Eski Türk Yazitlari)

7) س. ئې. مالوۋ: «قەدىمقى تۈرلۈك يادىكارلىقلىرى»
(С.Е.МАЛОВ : ПАМЯТНИКИ
ДРЕВНЕ ТЮРКСКОЙ ПИСЬМЕННОСТИ

## 2. قوشۇمچە ماتېرىياللار

1) «تۈرك تارىخىدىن تويلانما» (چېن جۇڭمىيەن، 1958 - يىل نەشرى)
《突厥集史》

2) «تۈركلەر ۋە تۈرك خانلىقى» (ماچاڭشۇ. شاڭخەي خەلق نەشرىياتى، 1961 - يىل)

《突厥人和突厥汗国》

3) «ئىككى پارچە قەدىمقى ئۇيغۇرچە توختامنى تەكشۈرۈپ ئىزاھلاش» (گېڭ شىمىن: «مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى، خەنزۇچە 1978 - يىل، 2 - سان)

4) «ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقى» (خۇجېنخۇا، «مىللەتلەر تىل يېزىقى» ژورنىلى. خەنزۇچە 1979 - يىل 2 - سان).

5) «بىر نەچچە پارچە قەدىمقى ئۇيغۇرچە ھوججەتنىڭ تەرجىمە ئىزاھى» (گېڭ شىمىن، «مەدەنىي يادىكارلىق» 1980 - يىل 5 - سان)

6) «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى» (يىكسىر ئېلىش نۇسخىسى، ئاددى باسما. ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيتى ئەدەبىيات تەتقىقات گۇرۇپپىسى تەييارلىغان، 1980 - يىل 3 - ئاي)

7) «غەرپتە بۇددىزم» (يۈيشى لياۋتى ئەسىرى خەنزۇچە تەرجىمە نۇسخىسى)

# قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ قىسقىچە لۇغىتى

## بۇ ئاددى لۇغەت ھەققىدە قىسقىچە ئىزاھ

1. سۆزلۈككە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىگە ئوخشىمايدىغان ياكى مەنە ۋە تاۋۇشىدا ئۆزگىرىش بولغان سۆزلەر كىرگۈزۈلدى.

2. بەزى سۆزلەرنىڭ ۋارىيانتلىرى ~ بەلگىسى بىلەن تىرناق ئىچىگە ئېلىپ بېرىلدى.

3. تەلەپ بويىچە ئەسلى تېكىست ترانسكرىپسىيىسى ۋە تېكىستتىن تاللانغان سۆزلەر خەلقارا تاۋۇش بەلگىسى ياكى يېڭى يېزىق بويىچە بېرىلىشى لازىم ئىدى، لېكىن مەتبەە ۋە كەڭ كىتابخانلارنىڭ ۋاقتىنچە قىيىنچىلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىز ئۇلارنى يەنىلا كونا يېزىق بويىچە بېرىپ تۇردۇق.

4. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇش "ئى" بىلەن باشلانغان سۆزلەر تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش "ئى" نىڭ كەينىدىن بېرىلدى. سۆزنىڭ ئوتتۇرا ياكى ئاخىرىدا كەلگەن "ئى" بىلەن "ئى" ئىملادا پەرقلەندۈرۈلمىدى. قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى قاتتىق ئاھاڭداشلىق (ماسلىشىش) قانۇنىغا ئاساسەن، تەركىۋىدە تىل ئارقا سوزۇق تاۋۇشلار (يەنى u،o،a) كەلگەن سۆزلەر تەركىۋىدىكى "ئى" تىل ئارقىغا تارتىلىپ ئوقۇلسا بولىدۇ.

5. مەنىسى ھازىرچە ئېنىق بولمىغان ياكى مەنىسى ئىشەنچلىك بولمىغان سۆزلەرنىڭ كەينىگە سوئال بەلگىسى (؟) قويۇلدى.

### ئا

ئابام بىرۈك — ئەگەر، مۇبادا

ئابام ئۈلۈغ — مەڭگۈلۈك، مەڭگۈ

| | |
|---|---|
| ئاتاي | ئەكسلەتمە سوز، "قوزام، تايچىغىم" دىگەن مەندە |
| ئاتاز- | ئاتالماق |
| ئاتىم | مەرگەن |
| ئاتلىغ | باشلىق، يۇزى بار |
| ئاد | ئات، نام |
| ئادا | خېيىم - خەتەر، بالا - قازا |
| ئادا تۇدا | خېيىم - خەتەر، خەۋپ، بالا - قازا |
| ئاداي | ئاداي (ئادەم ئىسمى) |
| ئاداغ | ئاياق، پۇت |
| ئادالىغ | خەتەرلىك، خەۋپلىك |
| ئادرال- ( ~ ئادرىل-) | ئايرىلماق |
| ئادرىق ( ~ ئادرۇق) | ئوخشىمىغان، تۇرلۇك، پەرقلىق |
| ئادىر- | ئايرىماق، پەرقلەندۇرمەك |
| ئادىرت | پەرق، ئوخشىماسلىق |
| ئادىرتلا- | ئايرىماق، پەرقلەندۇرمەك |
| ئادىن | باشقا، باشقىسى |
| ئادىناغۇ | باشقا، باشقىلار |
| ئادىنچىغ | ئاجايىپ، ئالاھىدە |
| ئادىنسىغ | پەرقلىق، ئوخشىمايدىغان |
| ئاچارى | ئۇستاز |
| ئاچۇغ ( ~ ئاچۇق) | ئوچۇق، ئېنىق |
| ئاچىن- | ھەسرەتلەنمەك، ھەسرەت چەكمەك |
| ئاچىتى | ئاچىتى (خاس ئىسىم) |
| ئاچىغ | مۇكاپات، پايدا |
| ئاس | ئاشماق، ئاشۇرماق، كۆپەيتمەك |
| ئاساتىتۇر- | تاماقلاندۇرماق، غىزالاندۇرماق |
| ئاسرا | تۆۋەن، ئاست |

| | |
|---|---|
| ئاسۇق- | جىددىلەشمەك، ئالدىرىماق |
| ئاسىغ تۇسۇ (~ ئاساغ تۇسۇ) پايدا- مەنپەئەت | |
| ئاشا- | ① تاماقلانماق؛ ② هورمەتلىمەك، كۈتمەك، بەھرىمەن بولماق |
| ئاشنۇقى | بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى |
| ئارام ئاي | 1- ئاي |
| ئار تات- | ۋەيران قىلماق، بۇزماق، بىت- چىت قىلماق |
| ئارخانت (~ ئارخات) | ئارخانت (خاس ئىسىم) |
| ئارزى | ئەۋلىيا |
| ئارۋىشچى | سېھىرگەر |
| ئارۇقسۇز | هارماس |
| ئارقۇرۇ- تۇرقۇرۇ | ھەممە يەر، جىمى جاي |
| ئارقۇي قاراغ | ئوردا قاراۋۇللىرى (؟) |
| ئارقىش | كارۋان، سودىگەرلەر |
| ئارىت- | تازىلىماق، ئېرىغدىماق |
| ئارىتى | زادى |
| ئارىغ | ① ساپ، پاكىز؛ ② ئورمانلىق |
| ئارىل- | هالسىرىماق، هارماق |
| ئارياچاترى (~ ئارياچانترى) ئارياچاترى (خاس ئىسىم) | |
| ئازۇ (~ ئاسۇ) | ① ئەجىبا؛ ② ياكى |
| ئازۇق | ئاجىز، زەئىپ |
| ئازۇن (~ ئازۇن) | دۇنيا، ئالەم، يەر- جاهان |
| ئاۋدان | ئاۋدان (خاس ئىسىم) |
| ئاۋىچقا | قېرى، بوۋاي، چال |
| ئاۋىش | سېھىرگەرلىك هۈنىرى |
| ئاۋلا- | ئايلانماق |

| | |
|---|---|
| ئاقا | ئاكا |
| ئاقتار - | ئاغدۇرماق، تەرجىمە قىلماق |
| ئاقسىراق | ئاقراق، ئاقۇش |
| ئاقلا - | ئالايماق، سوغاق مۇئامىلە قىلماق |
| ئاي - | ئېيتماق؛ |
| ئايا | ئالقان |
| ئايات - | ھۆرمەت قىلدۇرماق |
| ئاياق | ئاياق، قاچا |
| ئاياغ | ھۆرمەت، ئىززەت - ھۆرمەت |
| ئايان | ئايان، ئېنىق، نۇرلۇق، يورۇق |
| ئايۇق | نوكەر |
| ئايى | ناھايىتى، ئىنتايىن |
| ئايىت - | سورىماق، سوراقتا تارتماق، جازالىماق |
| ئايىغ ئوغلى تىگىن | قارا نىيەت شاھزادە، يامان نىيەتلىك شاھزادە |
| ئايىغۇچى | مەسلىھەتچى |
| ئايىمانچ | ئەيمىنىش، قورقۇش |
| ئاغ - | (تاققا) چىقماق |
| ئاغدىن - (~ ئاغتىن -) | (تاققا) چىقماق ئاغماق |
| ئاغۇلۇق | زەھەرلىك ئوغىلىق |
| ئاغى | ①گۆھەر، ئېسىل تاش ②تاۋار |
| ئاغىت - | تارقىتىۋەتمەك |
| ئاغىچى | غەزىنىچى |
| ئاغىرقاد | ئاغرىماق |
| ئاغىرلا | ھۆرمەتلىمەك، خىزمىتىدە بولماق |
| ئاغىرلات - | ھۆرمەت قىلدۇرماق |
| ئاغىز يەل | ئېغىز يارىسى |

| | |
|---|---|
| ئاغىلىق | غەزنە، ئامبار |
| ئاغلا ـ | يىغىلىماق |
| ئاغىنچىسىز | ئاغماس، تەۋرەنمەس |
| ئال ئالتاغ | سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىر |
| ئالاقىرىش ـ | ۋاقىرىماق |
| ئالاڭۇر ـ | ئاچىرلاشماق، زەئىپلەشمەك |
| ئالپ | ①باتۇر، قەھرىمان؛ ②قىيىنچىلىق، تەس |
| ئالتىز ـ | قولغا چۈشۈرمەك، ئەسىرگە ئالماق |
| ئالتىن | توۋەن، ئاست |
| ئالدى (~ ئالتى) | ئالتە |
| ئال چاۋىش | ئۇسۇل، چارە، ھىيلە ـ مىكىر |
| ئالق ـ | بۇزماق، ۋەيران قىلماق |
| ئالقۇ | بارلىق، ھەممە |
| ئالقىس | ئالقىش |
| ئالىسىق ـ | ئېلىنماق، ئېزىپ قالماق |
| ئالقىن ـ | ئاياقلاشتۇرماق، ئورۇنلاپ بولماق |
| ئالىن | ① ئالد، ئالدى تەرەپ؛ ② ماڭلاي |
| ئالڭۇد ـ | چارچىماق، ھالسىرىماق |
| ئامارتۇر ـ | داۋالىماق |
| ئامارى | نۇرغۇن، كوپ، بىرمۇنچە، بەزى |
| ئامال | خاتىرجەملىك |
| ئامرانماق | ياخشى كورۇنۇش، مۇھەببەت، كويۇمچانلىق |
| ئانانتا | ئانانتا (خاس ئىسىم) |
| ئانتادا ئادان | ئۇندىن باشقا |
| ئانتادا باسا | ئاندىن كېيىن، شۇنىڭغا ئۇلاپ |
| ئانتا ياقغارۇ | شۇندىن كېيىن |

| | |
|---|---|
| ئانچۇلا ـ | تەقتىم قىلماق |
| ئانچىپ (~ ئىنچىپ) | شۇنداق قىلىپ، شۇنىڭ بىلەن |
| ئانۇت ـ | تەييارلىماق، ھازىرلىماق |
| ئانۇق | تەييارلىق، ھازىرلىق |
| ئانۇق قىل ـ | تەييارلىق قىلماق، ھازىرلىماق |
| ئانىرۇتى | ئانىرۇتى (خاس ئىسىم) |
| ئانىيغ | يامان، ئەسكى |
| ئاڭساز (~ ئاڭسىز) | ئىنتايىن |
| ئاڭ ئىلكى | ئاۋالقى، دەسلەپكى، تۇنجى، بۇرۇنقى |
| ئاڭىمىنتىن | ئەزەلدىن، ئەسلىدىن |
| ئاڭاغۇ | قىياپەت، تۇرۇق |

## ب

| | |
|---|---|
| با ـ | باغلىماق |
| بات | پات، تېز |
| بات ـ | پاتماق، سىغماق |
| باتىم (~ پاتىم) | چوڭقۇر، چوڭقۇرلۇق |
| بادارى | بادارى (خاس ئىسىم) |
| بادىر | كۇرە، شىلك (؟) |
| بادىيان | بىدىيان |
| بادمان | پاتمان (ئولچەم بىرلىگى) |
| باچىن | باچىن ئۇسۇلى |
| باخسى (~ باغسى، باقسى، باقشى) | ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى |
| باسا | ① ياردەم، مەدەت؛ ② ئارقا، كەينى |

| | |
|---|---|
| باسا | يەنە، قايتىدىن |
| باسىق - | تاشلىماق، پاتۇرماق |
| باسىنچ | زۇلۇم، ئازاپ |
| باشا - | غەلىبە قىلماق، يەڭمەك |
| باشاد - | باشلامچىلىق قىلماق |
| باشى تاشى | تولۇق، مۇكەممەل، ئەتراپلىق |
| بارا | بولو (مىۋە نامى) |
| باراناس | باراناس (دولەت نامى) |
| بارق | بىنا، قۇرۇلۇش |
| بارىغسا - | ماگماقچى بولماق، كەتمەكچى بولماق |
| بارىم | مال - مۇلۇك، بارى - يوقى |
| باز - | بوي سۇندۇرماق |
| باقىر | ① مىس؛ ② باقىر (ئولچەم بىرلىگى) |
| باي تەمۇر | باي تەمۇر (ئادەم ئىسمى) |
| باغ | ① باغ (مىقدار سوز)؛ ② قىسىم، بولەك |
| باغارسۇق (~ باغار ئىچ - باغىر ساق) | |
| باغراغۇ | جىدەلخور |
| بالىق | شەھەر |
| بىتراكلاپ | بىتراكلاپ (خاس نام) |
| بەدۇك | بۇيۇك، كاتتا، چوڭ، زور |
| بەدۇكلە - | چوڭ بولماق، زورايماق، ئوسمەك |
| بەدىز | نەقىش، رەسىم، پەدەز |
| بەدىزە - | نەقىش ئويماق، پەدەزلىمەك |
| بەدىزچى | نەققاش، رەسسام |
| بەسگەك | بەزگەك |
| بەردىن - | ياردىلانماق، جاراھەتلەنمەك |

بەرۇكى     بۇ تەرەپتىكى، ئۇلۇغ (جەنۇپ) تەرەپتىكى

بەرك     ① كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك، ساغلام، مۇستەھكەم؛
② ئورمان، باغ

بەرك -     مۇستەھكەملىمەك، كۈچەيتمەك

بەرىيە     ئۇلۇغ تەرەپ، جەنۇپ

بەكىن     بوزا، بۇغداي ھارىغى

بەكلە -     ① چىڭ باغلىماق، چىڭ تۇتماق؛
② دەپنە قىلماق

بەگ بۇقا     بەگ بۇقا (ئادەم ئىسمى)

بەگلىك     ئەمەلدار، ئالىجاناپ

بەلتىر     ① ئۇچرىشىدىغان جاي؛ ② (تۇت كوچا)
دوقمۇشى

بەلىڭتەگ     قورقۇنچلۇق

بەلىڭلە -     قورقماق، ئەيمەنمەك

بەڭلىگ     ① مۇقەددەس، مەڭگۈلۈك؛ ② ئەۋلىيا

بود (bod)     تەخت

بود     بەدەن، بوي

بودۇا -     بويالماق، بويىماق

بودۇن     خەلق، ئادەم، ئىنسان

بودد -     تۇغماق، يەڭگىمەك

بودى     بودى (ئادەم ئىسمى)

بودىساتۋا (~بودىسۋت) بودىساتۋا

بوس     بوش، قۇرۇق

بوساد -(~بۇساد-) غەم قىلماق، ئەندىشە قىلماق

بوسۇغ     كەڭچىلىك، بوشلىش

بوس قىل -     ئەركىنلىككە چىقارماق، بوشاتماق

بوشانالا -     بوشانماق، ئەركىن بولماق

| | |
|---|---|
| بوشغۇت | ئۈگىنىش، دەرس، ئوقۇشلۇق |
| بوشغۇر- (~ بوسغۇر-) | ئۈگەتمەك، تەربىيىلىمەك |
| بوشغۇن- (~ بوسغۇن-) | ئۈگەنمەك، تەربىيە ئالماق |
| بوشلۇن | بوشىنىش (تۇغۇش) |
| بور | بوران، بوران - چاپقۇن |
| بور | ① ئۈزۈم، ② مۇسەللەس |
| بوريۇق (~ بۇيىرۇق) | بۇيرۇق (ئەمەل نامى) |
| بورلۇق | ئۈزۈملۈك باغ |
| بورلۇقچى | باغۋەن |
| بوكسل- | يېرىلماق |
| بوكۇن- | ئويلىماق |
| بونگەك | بونگەك (خاس ئىسىم) |
| براخمان | براھمان (خاس ئىسىم) |
| بۇدا | ئۈزۈم، ئۈزۈم شېخى |
| بۇدۇن - بۇقۇن | ئەل - جامائەت، خەلقى - ئالەم |
| بۇس- | غەم قىلماق، ھەسرەتلەنمەك |
| بۇساد- | ① قايغۇرماق؛ ② تەرلىمەك |
| بۇسرۇل- | ھەسرەتلەنمەك، ئاھ ئۇرماق |
| بۇسۇز (~ بۇسۇس) | غەم - ئەندىشە، ھەسرەت |
| بۇسرقاد- | قىزىماق |
| بۇشى (~ بۇسى) | سەدىقە |
| بۇرساك | راھىپ |
| بۇزاغۇ | موزاي |
| بۇيان | ① ساۋاپ، خەيرى - ساخاۋەت؛ ②بەخت |
| بۇيانلا- | ياخشى ئىش قىلماق، ساۋاپلىق ئىش قىلماق |

| | |
|---|---|
| بۇل- | ①ئىرىشمەك؛ ② ئىزدىمەك، تاپماق |
| بۇلاڭ | لەمپىلىك كارىدور |
| بۇلۇنچىسىز | تىپىلغۇسىز، قىممەتلىك |
| بۇلۇڭ يىڭاق | ھەر تەرەپ |
| بۇلىتچۇلايۇ | بۇلۇتقا ئوخشاش، بۇلۇتتەك |
| بۇلغاق | قالايمىقانچىلىق |
| بۇلغانچ | قالايمىقانچىلىق، بۇلغانغان |
| بۇڭ (~ مۇڭ) | غەم، ئەندىشە، مۇڭ |
| بۇڭاد- | غەم- ئەندىشە قىلماق |
| بۇڭسۇز | ① غەم- ئەندىشىسىز؛ ② سان ساناقسىز |
| بۇڭ- (büng) | ئوسۇشمەك |
| بۇت- (~ بۇد) | پۇتمەك، تۇگىمەك، ئاخىرلاشماق، ساقايماق |
| بۇدىن- | ئۇسۇل ئوينىماق |
| بۇدىگ | ئۇسۇل |
| بۇتۇرۇ | ئىنتايىن، ناھايىتى، پۇتۇنلەي |
| بۇتىن- (بىتىن-) | يازدۇرماق، كوچۇرتمەك |
| بىك | ناھايىتى، ئىنتايىن، بەك |
| بى بىچقۇ | پىچاق |
| بىت- | يازماق، پۇتمەك، كوچۇرمەك |
| بىتىگ | ① خەت، يېزىق؛ ② ھوججەت، پۇتۇك |
| بىدىلخىم | بىدىلھىم (يەر نامى) |
| بىچ- | پىچماق، كەسمەك، |
| بىچىخ | پىششىق، قايىنىتىپ بىشۇرۇلغان |
| بىچىن | مايمۇن |

| | |
|---|---|
| بىشرۇن- | پىشماق، يىتىلمەك، مەشىق قىلماق |
| بىشىك | بوشۇك |
| بىشىغ | پىششىق |
| بىرت | تەمىنات |
| بىر ئوغۇرتا | ① بىر قېتىمدا، بىر يولدىلا؛ |
| | ② بىر چاغدا |
| بىر ئۇچلۇق | بېرىلىش، كوڭۇل قويۇش |
| بىرۇك | بىراق، لېكىن |
| بىركە | ئازاپ، زۇلۇم، قامچا |
| بىرىكى | ① بۇ تەرەپتىكى؛ ② بىرلەشكەن |
| بىرىم ئالىم | ① ئالۋاڭ - ياساق، سېلىق؛ |
| | ② ئالدى - بەردى |
| بىر يىنتەم | بىردىن - بىر، پەقەت |
| بىرگە | بىرلىكتە |
| بىلتىز- | بىلدۈرمەك |
| بىلگە | دانا، ئەقىللىق، دانىشمەن |
| بىنتۇر- | مىندۇرمەك |
| بىنتپالتا | (ئۇزۇن) نەيزە |
| بىڭ تۇڭ | بىڭتۇڭ (ئادەم ئىسمى) |

## پ

| | |
|---|---|
| پان | ئەلەم (تۇغ) |
| پانچىكى | پانچىكى (شەيتان نامى) |
| پرتانىراكست | پرتانىراكست (خاس ئىسىم) |
| پرىيان | هوجرا (راھىپلارنىڭ) |
| پرمانۇ | زەررە، زەررىچە |
| پۇرۋادىش | پۇرۋادىش (خاس ئىسىم) |

| | | |
|---|---|---|
| پىتپىدى | pitpidi | قارىمۇچ |
| پىچەك | | پىچاق |

## ت

| | |
|---|---|
| تابار | مال - مۈلۈك |
| تابغاچ | تابغاچ (تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىدۇ) |
| تاپ | ئۈمىت، ئارزۇ، خالاش |
| تاپا | تەرەپكە ... - غا، - قا |
| تاپسا - | خۇشاللانماق |
| تاپۇق (~ تاپۇغ) | ئالدى تەرەپ، ئالدى تەرەپتىكى |
| تاپىغ ئۇدۇغ | ئىززەت - ھۆرمەت |
| تاپىغچى | خىزمەتكار، كۈتكۈچى |
| تاپىغساق | ۋاپادار |
| تاپىن - | ھۆرمەتلىمەك، چوقۇنماق، كۈتمەك |
| تاپىنچا | خالىغىنىچە، ئۆز مەيلىچە |
| تات | پۇقرا، يات ئۇرۇق پۇقراسى |
| تاتاغلىغ | لەززەتلىك، تاتلىق |
| تاس - | تاشىماق |
| تاس قىل - | بىر تەرەپ قىلماق (؟) |
| تاشرا | تاشقىرى، سىرت |
| تاشىق - (~ تاسىق -) | تاشقىرىغا (سىرتقا) چىقماق |
| تارقات | تارقات (تارقاننىڭ كوپلۇك شەكلى) |
| تارقار - | تارقاتماق، تارقىتىۋەتمەك |
| تارد - | تىرىماق |
| تارقان | تارقان (ئەمەل نامى) |

| | |
|---|---|
| تارقانچ | تارقاق |
| تاۋراتـ | تېزلەتمەك، ئالدىراتماق |
| تاۋراتداچى | قوماندان |
| تاۋراتى | تېز، جەددى |
| تاقشۇر- | ئېيتماق، ئوقۇماق (ناخشا، قوشاق) |
| تاقىغۇ (~ تاغۇق) | توخو |
| تاڭغۇت | تاڭغۇت (قەبىلە نامى) |
| تاڭلا- | تاڭ قالماق، ھەيران قالماق |
| تاڭلا - | تاڭ ئاتماق، تاڭ يورۇماق |
| تاڭلانچىغ | ئاجايىپ، ھەيران قالارلىق |
| تايتو | خەنزۇچە 大唐 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى |
| تايشى | ئۇستاز، ھەزرەت |
| تايشىڭ | تايشىڭ (ماھايانا، بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ نامى بولۇپ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇلۇغ كولۇڭگۇ، دىيىلىدۇ. تايشىڭ شۇ مەزھەپنىڭ خەنزۇچە نامى 大乘 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى.) |
| تاغام | تام |
| تاغدىنقى | شىمالدىكى |
| تاغۇراق | تېز، دەرھال |
| تاغىق - | تاققا چىقماق |
| تال - | سۇغا چۆشمەك |
| تالۇى | دېڭىز، دەريا |
| تامتۇر - | ياندۇرماق، تۇتاشتۇرماق |
| تامۇ | دوزاق |
| تامىس - | تامماق، تېمىتماق |
| تانا | كۈنجۈت ئۇرۇغى |
| تانچقالا - | ئەزمەك، چايىماق |

| | |
|---|---|
| تانۇق | گۇۋاچى، شاھىت |
| تانۇقلا- | گۇۋالىق بەرمەك، دەلىللىمەك، ئىسپاتلىماق |
| تەپىن- | دەسسەتمەك |
| تەپىن | يايلاق، دالا |
| تەسىگ | ئۇرۇشۇش |
| تەركىن | تېز، دەرھال |
| تەز- | تەزمەك، قاچماق |
| تەۋە | تۆگە |
| تەۋكۇر | سېھىرگەرلىك، جادىگەرلىك |
| تەك | ... دەك، خۇددى |
| تەكى (~ تەگى) | نەسەپداش، بىر جەمەت |
| تەڭ | تەڭ (ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى) |
| تەڭرىدەم | تەڭرىلىك |
| تەگشۈر- | يۆتكىمەك، ئۆزگەرتمەك |
| تەگرە | ئەتراپ |
| تەگرىكلە- | ئەتراپىغا يىغماق |
| تەگزىن- | ئايلانماق |
| تەگزىنچ | چىلد، يۆگەم |
| تەگىرمىلە- | چۆرىدىمەك، ئايلانماق، ئايلاندۇرماق |
| تەگمەسىز | ئەرزىمەس |
| تەگىملىگ | تېگىشلىك، سازاۋەر، ئەرزىگىدەك |
| تەگىنچسىز ئوقسۇز | ① ئېرىشكىلى بولمايدىغان، يەتكىلى بولمايدىغان؛ ② مۇھتاجلىق (؟) |
| تەلىم | كوپ، نۇرغۇن |
| تەلىم ئوكۇس | كوپ، نۇرغۇن، سانسىز |
| توبۇلغاق (١٥) | تىۋىلغا (؟) |
| توپىن- | يېرىلماق |
| تود- | تويماق |

| | |
|---|---|
| تود تولىي | خارلانغان (؟)، ئەرزىمەس (؟) |
| تود ئۇچۇز | بەختسىزلىك |
| توخرى | توخرى (خاس ئىسىم) |
| توسىق | تويۇش، قانائەت |
| توش | توكىچا مۇز (؟) |
| تور - | ئورۇقلىماق |
| تورۇق | ئورۇق |
| توق | يېتەرلىك، تولۇق |
| توق - | ئارىلاشتۇرماق |
| توقۇرقاق | قانائەتچان، مەغرۇر |
| توقى - | ① توقىماق، ياسىماق؛ ② ئۇرماق |
| توڭا | باتۇر، قەھرىمان |
| تويىڭۇن | ئەۋلات |
| تويىن | راھىپ |
| تويىن تويىن | توپ - توپ |
| توغسىق | (كۈن) چىقىش |
| توغراغۇ | توغراق يىلىمى |
| توغرۇ تولمىدۇ | تولۇق، ساق |
| توغىر | تاج |
| توغيۇق | تۇغۇلغان |
| توغمىس | ئەۋلات، تۇغۇلغان، |
| تولغات - | جاپا چەكتۈرمەك |
| تومۇرماق | قاناش، ئېقىش، تېمىش |
| توبۇره (tɵ) | پۈتۈنلەي |
| توپۇ | تۆپە، چوققا |
| توسەنگۈ | ئورۇن، ئورۇن - كۆپە |
| تورت بەلتىر | تۆت كوچا ئاغزى |
| تورۇ | ① قانۇنىي تۈزۈم؛ ② مۇراسىم |

| | |
|---|---|
| تورۇ - | هايات قالماق، ياشماق |
| تورۇ تۇغ | مۇراسىم |
| توز | يىلتىز، ماھىيەت |
| توزۇ | پۈتۈنلەي، تامامەن |
| توكىت - | غۇلاتماق |
| توگۈن | بەلگە، تامغا |
| تولۇك | كۈچ - قۇۋۋەت |
| تسۇيۇرقا - | ئېچىنماق، ئىچى ئاغرىماق |
| تسى ئىن سى | تسى ئىنسى (مېھىر - شەپقەت ئىبادەتخانىسى) |
| تۇ - (tu) | توسماق، توسالماق |
| تۇتۇز - | تۇتقۇزماق، تاپشۇرماق |
| تۇتۇق | تۇتۇق (ئەمەل نامى) |
| تۇتۇق بىر - | بالا قىلىۋالماق |
| تۇتۇلۇنچ | ئۇرۇش، جەڭ |
| تۇدا (~ ئادا تۇدا) | خېيىم - خەتەر، بالا - قازا |
| تۇدۇز - | توسىلىپ قالماق |
| تۇس | ۋاقىت، چاغ |
| تۇس - | ئۇچراشماق |
| تۇرۇس | قونۇش، تۇرۇش |
| تۇرغۇر - | تۇرغۇزماق |
| تۇرغۇرۇقود - | تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يول قويماق |
| تۇغ | توسالغۇ |
| تۇل - | ياپماق، ئەتمەك، توسماق |
| تۇماغۇ | زۇكام، تومۇ |
| تۇمۇس | ئېتىلىپ قالغان، قامال قىلىنغان |
| تۇملىغ (~ تۇملىق) | سوغاق، زىمىستان |
| تۈ (tü) | ① چاچ، قىل؛ ② تۈرلۈك |

| | |
|---|---|
| تۈپ | تۈۋى، ئاستى |
| تۈپكەر - | ① تۈگەتمەك، ئورۇنلىماق؛<br>②تەتقىق قىلماق، ماھىيىتىنى بىلمەك |
| تۈتروم | ئىنتايىن |
| تۈدۈس- | ئىسلىماق |
| تۈس (~ تۈش) | ① ئوسۇم؛ ② مىۋە، نەتىجە |
| تۈس- | چۈشمەك |
| تۈسە - | چۈش كورمەك |
| تۈشمەل | ۋەزىر |
| تۈرد - | سۈرتمەك |
| تۈز ئۈلۈس | تەڭ نىسبەت |
| تۈزۈن | ئاق دىل، كوڭلى تۈز، ئالىجاناپ |
| تۈك تۈكە - | تۈگىمەك |
| تۈكەتى | تۈگەل، پۈتۈنلەي |
| تۈكۈپ تەز - | پىتىراپ كەتمەك |
| تۈل | چۈش |
| تۈلۈكلۈگ | تۈكلۈك |
| تۈن ياڭاق | شىمال تەرەپ |
| تۈنگۈر بوشۈك | بوشۈگىدە قۈدا چۈشۈش |
| تۈنلە كۈنتۈز | كېچە - كۈندۈز |
| تىك (tək ~) | پەقەت |
| تى- | دىمەك، سوزلىمەك |
| تىتى - | ۋازكەچمەك، تاشلىماق |
| تىتىسى | شاگىرت |
| تىترۈ - | تىكىلىپ قارىماق، ئۈدۈل قارىماق |
| تىتروم تەرىڭ | چوڭقۈر |
| تىد - | توسماق، چەكلىمەك |

| | |
|---|---|
| تىد ـ | تىتماق |
| تىدىغ | تۇتۇلۇش، توختاش |
| تىدىغسىز | توسالغۇسىز، توختاتماي |
| تىدىگ | لاي |
| تىدىن ـ (~ تىتىن ـ) | جۇرئەت قىلماق، پېتىنماق |
| تىر ـ | تەرمەك |
| تىرتى | يات (غەيرى) دىنىدىكىلەر |
| تىرىگ بارغۇ | جانلىق ئولجا، ئەسىر |
| تىرگۈك | تۈۋرۈك |
| تىرىل ـ | يىغىلماق، توپلانماق |
| تىك ـ | تىكلىمەك |
| تىگۈي | تىگۈي (ئادەم ئىسمى) |
| تىگىت | تىگىنلەر (شاھزادىلەر) |
| تىگىن | شاھزادە |
| تىلتاغ | سەۋەپ |
| تىلىكلىگ | تىلەكلىك، ئۈمىتلىك |
| تىلگەن | چاق |
| تىمە ـ | تەييارلىماق، تەييارلانماق |
| تىمىسى | جىدەل، ماجرا |
| تىن | نەپەس، تىنىق، دەم |
| تىن ـ | تىنماق، نەپەس ئالماق، دەم ئالماق |
| تىن بوسغاق | دېمى سىقىلىش |
| تىنلىغ | جانلىق |

## د

| | |
|---|---|
| درزۇل | ئۈچ ئاچماق (قورال) |
| درم | قانۇن (بۇددىزىم قانۇنى) |

| | |
|---|---|
| درما گوپتاكى | درما گوپتاكى (خاس ئىسىم) |
| دوشتا | دوشتا (شەيتال نامى) |
| دىيان | دىيانا (بۇددىستلارنىڭ تۇيغۇسىدىكى چوڭقۇر) ئوي - خىيال، |
| دكسانپت | دكسانپت (خاس ئىسىم ) |

## ئە

| | |
|---|---|
| ئەبىر - | ئەگىلمەك |
| ئەت | گوش، ئەت |
| ئەتە - | قاتتىق ۋاقىرىماق |
| ئەت ئوز | تەن، بەدەن |
| ئەتۈك | ئوتۇك |
| ئەتىز - | (ساز) چالماق |
| ئەتى قىرتىسى | بەدەن - چىرايى |
| ئەتى يىنى | بەدەن - چىرايى |
| ئەد تاۋار | مال - دۇنيا |
| ئەدگۇ | ياخشى، ئەلا |
| ئەدگۇتى | ياخشى هالدا |
| ئەدگۇتى چاقلىغ | خېلى ۋاقىت |
| ئەدگۇ ئوگلى تىگىن | ئاق نىيەت شاهزادە، ياخشى نىيەتلىك شاهزادە |
| ئەچۇم ئاپام | ئەجدادىم |
| ئەچكۇ | ئوچكە |
| ئەچى (~ ئىچى) | ئاكا، تاغا |
| ئەسەن | ① ئاسان،② ئېسەن، ئوڭۇشلۇق |
| ئەسىد - | ئىشتمەك، ئاڭلىماق |
| ئەشكەك توزى | بىر خىل دورا ئۇسۇملۇگى |
| ئەرتە - | ئوتمەك |
| ئەرتۇدىن | ئىنتايىن |

| | |
|---|---|
| ئەرتۇر - | ئۆتكۈزمەك |
| ئەرتىنگۈ | ئىنتايىن، ناھايىتى |
| ئەردەم | ئەخلاق، پەزىلەت |
| ئەردنى | گوھەر، ئەڭگۈشتەر |
| ئەرچى | ئەسكەر (؟) |
| ئەرۈ ئەرۈ | ئاستا - ئاستا، بارا - بارا |
| ئەرۈش ئوكۈش | سان - ساناقسىز، ناھايىتى كوپ |
| ئەرك | ①كۈچ، قۇدرەت ②ئەركىنلىك |
| ئەركسىزدىن | ئامالسىز، مەجبۇرى |
| ئەرۈر بارۈر | مۇستەقىل، ئۆز - ئۆزىگە خوجا |
| ئەرۈك | ئورۈك |
| ئەرىز قاغاز | باتۇر، يۈرەكلىك |
| ئەرىكلى | ... ۋاقتتا، ... دا |
| ئەرىگ | ئادەم كوپ ئولتىرىدىغان جاي |
| ئەرىگ | قىلمىش |
| ئەرگۈس - | ئېرىتمەك |
| ئەۋ بارق | ئوي - ۋاق |
| ئەۋى | بالا ھەمرىيى |
| ئەۋىر - | ئورىمەك، تەرجىمە قىلماق |
| ئەۋىن | تۇتام، چىمدىم |
| ئەكە | ئاچا، ھەدە |
| ئەكسۈك كەرگەك | كەم - ئاز، كەمچىل |
| ئەكىن | زىرائەت، ئېكىن |
| ئەگىن | مۈرە، يەلكە |
| ئەگرىتەبى | ئىسىل ئىگەر - جابدۇق (؟) |
| ئەگىر - | قورشىماق، ئەگىلمەك |
| ئەگىنكشى | ئەگىنكشى (خاس ئىسىم) |
| ئەلت - | ئەۋەتمەك |

| | |
|---|---|
| ئەلسرە - | دولتىدىن مەھرۇم قالماق |
| ئەلكۈن | ئەل - جامائەت، كىشىلەر، خەلق |
| ئەلىگ (~ ئىلىگ) | قول |
| ئەلىگ | ئەللىك |
| ئەلگە - | تاسقىماق |
| ئەم | داۋا، رەتسىپ |
| ئەمچى | تىۋىپ |
| ئەم يۇرۇن | دورا - دەرمان |
| ئەمگەك | جاپا، مۇشەققەت |
| ئەمگەن - | ئازاپلانماق |
| ئەنەتكەك | ھىندىستان |

## ج

| | |
|---|---|
| جىدا | نەيزە |

## چ

| | |
|---|---|
| چابىس | لەشكەر باشلىغى |
| چاستانى | چاستانى (ئادەم ئىسمى) |
| چارچىلىغ | خىراجەت |
| چارۇن | چىنار |
| چارلا - | چاقىرماق، يىغماق |
| چاقسا پۇد (ئاي) | 12 - ئاي |
| چاقلىغ | ۋاقىت، چاغ |
| چائىسى | يىمەكلىك، ناشتىلىق |

| | |
|---|---|
| چال- | ①ئۇرماق، تاشلىماق؛ ② ئەگمەك |
| چامات | غەزەپ |
| چام چارىم | جىدەل - ماجرا |
| چاملا- | جىدەل قىلماق، جاڭجال چىقارماق |
| چان | جام |
| چەرك چەك- | ئەسكەر چىقارماق، قوشۇن تارتماق |
| چوقۇراد- | ئارىلاشتۇرماق |
| چوقارتان | چىپار |
| چوك- | ئەگمەك |
| چوغ چام | ھەيۋەت، ئابروي، سۇر |
| چومۇر- | چوكۇرمەك، چومدۇرمەك |
| چوڭ | سول |
| چۇبۇيان | ئىسىل يىمەكلىكلەر، نازۇ - نىمەتلەر |
| چۇژا | سىر |
| چۇسۇم | ئۇژمە |
| چۇۋت | مۇلەن (چۇۋت) |
| چىكىر | چاق |
| چىت | ئورداتىمى، چىت |
| چىس - | سىزماق |
| چىسىم | چىسىم (خاس ئىسىم) |
| چىراغ | يۈز، چىراي |
| چىۇ | چىۇ(خەنزۇچە卌 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى) |
| چىقان | تارىخچى ئەمەلدار |
| چىكىنە - | تىلماق، چەكمەك |
| چىكىنسۇ | چىكىنسۇ (ئاق كەندىر ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسالغان بۆت) |

| | |
|---|---|
| چىغانى | كەمبەغەل، يوقسۇل، نامرات |
| چىگ | ① هويلا، قورا؛ ② مازارلىق |
| چىندان | سەندەل دەرىخى |
| چىگراتقۇ | قوڭغۇراق |

## خ

| | |
|---|---|
| خۇئىنتسۇ | خۇئىنتسۇ (شۆەنجۇاڭنىڭ يەنە بىر ئىسمى) |
| خارى | مۇزىكانتلار دۇيى (؟) |
| خاۋ تەيىسى | تەخت ۋارىسى، ۋەلى ئەھد |
| خۇا (~ قۇا، قۇئا) | گۇل |
| خىرودىس | ھىرودىس (خاس ئىسىم) |

## ئۇ(o)

| | |
|---|---|
| ئوبۇتى | نومۇس |
| ئۇپلا - | چاپماق، ئېتىلماق |
| ئوتاچى | تۆپ، دورىگەر |
| ئوترۇغ (~ ئوترۇق) | ئارال |
| ئوتقۇراق (ئوتغۇراق) | جەزمەن، چوقۇم |
| ئۇدۇرا | ئۇتتۇرا، ئۇتتۇر |
| ئۇدۇغ | ئويغاق، سەگەك |
| ئۇدۇن - | ئويغانماق، ھۇشىغا كەلمەك |
| ئوسۇغلۇق | ① ... غا ئوخشاش، خۇددى ... ئوخشاش |

| | |
|---|---|
| ئوردۇ قارسى | ئوردا ساراي |
| ئورۇق | كىچىك يول، چىغىر يول |
| ئوز - (~ ئوس -) | ① ئوزماق، ئاشماق؛ ② قۇتۇلماق |
| ئوزغۇر — | قۇتۇلدۇرماق |
| ئوق | يۈكلىمە بولۇپ، سوز ئورامىنى كۈچەيتىپ كېلىدۇ، ھازىرقى ئىستىمالىمىزدىكى "پەقەت، زادى، ... لا" لارغا تەڭ |
| ئوقى - | ۋاقىرىماق، تەكلىپ قىلماق، چاقىرماق |
| ئوي | ئەيىچە |
| ئوغساتى | ئوخشاش، ... دەك |
| ئوغرا قلات - | توختاتماق |
| ئوغرى ئوسۇغى | ۋاقتى - سائىتى |
| ئوغۇش | ئۇرۇق، قەبىلە، |
| ئوغۇر | ۋاقىت، پەيت، مەزگىل |
| ئوغلاغۇ | نازۇك، يۇمران |
| ئولغۇرت - | ئولتۇرغۇزماق |
| ئوگا | ئىشىنى ئوقۇشلۇق قىلىدىغان، |
| ئوگار - | ياخشىلىماق، ئوگىلىماق |

## ئو (ө)

| | |
|---|---|
| ئو - | ئويلىماق |
| ئوترۇ | كېيىن |
| ئوتۇگ | تەلەپ، ئىلتىماس، ئۆتۈنۈچ |

ئۆتكور- پىششىق ئۆزلەشتۈرمەك
ئۆتىن ئۆنە- ئاچچىقلانماق
ئۆتلە- بەزلىمەك، نەسىھەت قىلماق
ئود ۋاقىت
ئود (~ئوت) ئوت (ot)
ئودۇش كېچە- كۈندۈز، ۋاقىتنى توغرىلاش
ئودۇر- بىلمەك، ئۇقماق
ئودۇر- ئىچ ئۆتمەك، ئىچ سۈرمەك
ئود قولۇ ۋاقىت، پەيت، مەزگىل
ئور- خائىنلىق قىلماق، يۈز ئورۇمەك
ئورت ئوت (ot)
ئورت- قاپلىماق، قاپلاپ كەتمەك
ئورۇك (~ يورۇك) ئاق
ئورگىن تەخت
ئوۋكە ئۆپكە
ئوۋكەچى ئەمىنچى جىلىخور (ۋە) تومۇرچى (؟)
ئوكۇش (~ئوكۇس) كوپ، جىق، تولا، نۇرغۇن
ئوكۇل- ئاشماق، كېڭەيمەك
ئوكۇن- ئۆكۈنمەك، پۇشايمان قىلماق
ئوكلىت- ئاشۇرماق، كېڭەيمەك
ئوڭتۇن يىڭاق ئالدى تەرەپ، شەرق تەرەپ
ئوڭە-(~ ئوڭا-) ساقايماق، ئوڭشالماق
ئوڭرە ① ئالدى (شەرق) تەرەپ؛ ② ئىلگىرى،
ئوك قىرتىس ئوك- چىراي
ئوگى باشقا، ئايرىم، پارچە
ئوگ ئانا، ئاپا
ئوگ ئەقىل، پاراسەت

ئۇگ ـ   ماختىماق، مەدھىيىلىمەك، قوللىماق
ئۇگتۈرت ـ   ھورمەت قىلدۇرماق، مەدھىيىلەتتۈرمەك
ئۇگە   دانا، دانىشمەن، پاراسەتلىك
ئۇگسۈز   يېتىم
ئۇگسىرە ـ   ھۇشسىزلانماق، بىھۇش بولماق
ئۇگرۈنچ   خوشاللىق، شاتلىق
ئۇگۈد   نەسىھەت
ئۇگۈرتۈر سەۋىنتۈر ـ   شاتلاندۇرماق، سۈيۈندۇرمەك
ئۇگۈز   دەريا
ئۇگۈك   ئەكىلەتمە سوز، ئۇماغىم، قوزام دىگەن مەنىدە
ئۇگىر ـ   خوشال بولماق
ئۇگلەس ـ   مەسلىھەتلەشمەك
ئۇگلەن ـ   ھۇشىغا كەلمەك
ئۇگمەك   مەدھىيە
ئۇلەز   قاراڭغۇ، غۇۋا
ئۇلۇگ بارغۇ   ئۇلجا ـ غەنىمەت
ئۇمگەن   بويۇن

## س

ساب (~ ساۋ)   سوز، گەپ، خەۋەر
ساپ   تەرتىپ، رەت
ساپ ـ   داۋاملاشتۇرماق، ئۇلاشتۇرماق
ساتاگىرى   ساتاگىرى (خاس ئىسىم)
سادا   سادا (ئادەم ئىسمى)
سادۇن   سامساق
ساچ   چاچ

ساچ- چاچماق
ساساتار (~ ساستر) (بۇددا نوملىرىغا بېرىلگەن ئىزاھ، يەنى تەپسىر)
سارۇن- ياپماق، توسماق
سارى تەرەپ
سازىن (~ شازىن) ئەقىدە (بۇددا دىنىدا)
ساۋشىك ساۋشىك (ھىنايانا، بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپ نامى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا "كىچىك كولۇڭگۇ" دېيىلىدۇ، ساۋشىك بۇ مەزھەپنىڭ خەنزۇچە ئاتىلىشى بولغان小乘نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى)
ساقىش سان، ساناق
ساقىت- قاماشتۇرماق، چاقناتماق
ساقىن- ئويلىماق، خىيال قىلماق
ساقىنچ ئوي - خىيال
ساقلاپ ساقلاپ (قەبىلە نامى)
سايۇ ھەر قايسى، ھەر بىر
ساللا- سالغا چۈشمەك
سامتسو سامتسو (خاس ئىسىم)
سانسار سانسار (بۇددا ئاتالغۇسى)
سانلىق تەۋە، قاراشلىق، مەنسۇپ
ساڭ راھىپ
ساڭرام ئىبادەتخانا
ستر (~ ساتىر) سەر
سەبىن- (~ سەۋىن-) خوشال بولماق، شاتلانماق، سۆيۈنمەك
سەپ- تەييارلىماق، ھازىرلىماق
سەچ- تاللىماق
سەر- چىدىماق، تاقەت قىلماق

سەردا- چىدىماق، تاقەت قىلماق، سەۋرە قىلماق

سەۋىنچلەن- خوشاللانماق، خۇرسەن بولماق

سەۋىنچسىز بىخۇش، سۇيۇنچىسىز

سەمەك ئورمانلىق

سەنگۇن (~ سانغۇن) جياڭجۇن، گېنېرال

سوق- ئۇچرىماق

سوقانچىغ (~ سوغانچىغ) ئىسىل، چىرايلىق

سوقۇش- ئۇچراشماق، دۇچ كەلمەك

سوغۇن پىياز

سوكۇر- تىز پۈكمەك

سون- يۇقىماق، ساقايماق، تارقالماق (ئاغرىق)

سونده بەرۇ ئەسلىدىن، ئەزەلدىن

سۇئا قولۇپ

سۇدۇر (~سۇترا) سوترا، نوم

سۇچۇل- (كىيىم) يەشمەك، سالماق

سۇرت ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز

سۇۋا- سۇغارماق، ئۇسا قىلماق

سۇۋاغۇ سۇغۇرۇش، ئۇسا

سۇسا- ئۇسسىماق

سۇيۇرقا- تەقدىم قىلماق، سوغا قىلماق

سۇنۇ قارا چىڭسەي

سۇ(sü) قوشۇن، ئارمىيە

سۇ باشى باش قوماندان، لەشكەر بېشى

سۇ ئەسەن ئامان-ئېسەن

سۇچۇك تاتلىق، چۈچۈك

سۇرمە شاراپ، مەي

سۇز- جىمىقماق، بېسىقماق، خاتىرجەم بولماق

سۈي گۇنا، جىنايەت
سۈگۈل سوگەل
سۈلەن- قوشۇن تارتماق، ئەسكەر چىقارماق
سۈنۈك چىنار
سوڭەس- ئۇرۇشماق، جەڭ قىلماق
سۈڭۈگ نەيزە
سۈڭۈك سۈڭۈك (ئېغىرلىق ئۆلچىمى)
سى- ئۈزمەك، رەت قىلماق، يېرماق
سىبات توگە سۈتى(؟)
سىپار ئىپار
سىپۇق سۇنۇق، پارچە
سىت- سىقىپ چىقارماق
سىت سىتان قىل- سىھىرگەرلىك (جادىگەرلىك) قىلماق
سىد- سىيمەك
سىيدىك سىيگەك
سىچقان چاشقان
سىچى توت ئەتراپ، پاسىل
سىچغاناق مۇسكۇل
سىسغۇر- ئېرىتمەك
سىسلاغ لوقۇلداپ ئاغرىش
سىش تىكەن
سىرۇق خادا، دەستە
سىرى چاقان سېرىق چاكاندا (؟)
سىزدىك گۇمان، شۇبھە
سىزدىكسىز گۇمانسىز، شۇبھىسىز
سىزىن- گۇمانلانماق
سىق سىق (مىقدار سۆز، يەر ئۆلچەم بىرلىگى)

| | |
|---|---|
| سىك | سۈيدۈك |
| سىغتا ـ (~ سىقتا ـ) | يىغلىماق، هازا ئاچماق، تەزىيە بىلدۈرمەك |
| سىغىت | قايغۇ، ھەسرەت |
| سىملە ـ | ئەزمەك، يەنچىمەك |
| سىنگىر (سىپ‍ـسىنگىر) | سىر |
| سىڭىلە ـ | خورسىنماق، ئۇھ تارتماق |

## ش

| | |
|---|---|
| شاد | شاد (ئەمەل نامى) |
| شاداپىت | شاداپىت (ئەمەل نامى) |
| شاش ـ | ئالدىراپ كەتمەك، غەزەپلەنمەك |
| شاغام | شام (سۈرىيە) |
| شەرىر | شەرىر (بۇددىزىم ئاتالغۇسى) |
| شەگ | جانسىز ھايۋان (؟) |
| شىش ـ | كوپمەك، چىڭقالماق |
| شلوك | شېئىر، بېيىت |

## ر

| | |
|---|---|
| راكشاش | جىن ـ ئالۋاستى |

## ز

| | |
|---|---|
| زمۇران | زۇمرەت (تاش) |

## ژ

| | |
|---|---|
| ژۇنگىم | سالاسۇن |

## ۋ

| | |
|---|---|
| ۋاپسى | ئۇستاز، ھەزرەت |
| ۋاخشىك (~ۋاخسىك) | ئىلاھى روھ |
| ۋازىر (~ۋۇزىر) | ئالماس |
| ۋائىباسكى (~ۋا- ئىباشكى) | ۋائىباسكى (خاس ئىسىم) |
| ۋىرخار | ئىبادەتخانا |
| ۋىرىشتى | پەرىشتە |
| ۋىرۇنى | ۋىرۇنى (خاس ئىسىم) |
| ۋىدىس | تەربىيە ۋە نەسىھەت |

## ئۇ (u)

| | |
|---|---|
| ئۇ- | ئىمكانىيەتنى بىلدۈرگۈچى ياردەمچى پېئىل |
| ئۇبۇ | ئۇپا |
| ئۇترۇ | ئۇدۇل |
| ئۇترۇ يور- | ئۇدۇل ماڭماق، قارشى ماڭماق |
| ئۇتۇن | نومۇسسىز، ئاخماق |
| ئۇتلى (~ئودلى) | ①نەتىجە، ②شەپقەت |
| ئۇد- | ئەگەشمەك |
| ئۇدۇرۇ | ئۇدۇلى، ئالدى |

| | |
|---|---|
| ئۇدۇن- | ھورمەتلىمەك، چوقۇنماق |
| ئۇدد- | ئۇخلىماق |
| ئۇددىسىق | ئۇيقۇ |
| ئۇددىشرۇ | ئارقا-ئارقىدىن |
| ئۇددىز- (~ ئۇدۇز-) | باشلىماق، يېتەكلىمەك |
| ئۇددىقان | ئۇيقۇچان (؟) |
| ئۇددىغۇ | ئۇيقۇ |
| ئۇدلىق | يانپاش سان |
| ئۇچايان | ئۇچايان (شەھەر نامى) |
| ئۇچۇز | ئاسان، ئوڭاي |
| ئۇساغ | ئۇسساش، ئۇسسۇزلۇق |
| ئۇسۇ | دەريا سۈيى، ئېقىن |
| ئۇسۇن | ئۇزۇن، ئۇزاق |
| ئۇسقۇن | سۇكچىياز |
| ئۇران | شوئار |
| ئۇرۇ | ئۇرۇ (شەيتان نامى) |
| ئۇرۇس | ئۇرۇس (قەبىلە نامى) |
| ئۇرۇسلىم | يېرۇسالىم |
| ئۇرۇم | ئۇرۇم (يەر نامى) |
| ئۇرۇمكى | ئۇرۇمكى (شەيتان نامى) |
| ئۇرۇنچاق | گورەگە قويۇلغان نەرسە، گورە |
| ئۇرى | ئوغۇل بالا |
| ئۇرلۇغ | ئۇرۇق-تۇققان |
| ئۇز | ئۇستىكار، چېۋەر، قابىل |
| ئۇزاتىتى | دائىملىق |
| ئۇزانماق | چېۋەرلىك، ماھىرلىق |
| ئۇزىك (~ ئۇژىك) | خەت، يېزىق |

| | |
|---|---|
| ئۇقغۇلۇق | ئەقىللىق ئۇقۇمۇشلۇق |
| ئۇيۈ- | ئۇيۇشماق، ئۇيۇشتۇرماق، تەشكىللىمەك |
| ئۇيا | ئۇگا |
| ئۇيىرقاز- | ھەسرەتلەنمەك، قايغۇرماق |
| ئۇلاتى | قاتارلىق، ۋە |
| ئۇلايو | ئالدى بىلەن، ئۇلاپلا |
| ئۇلا- | داۋاملاشماق |
| ئۇلۇغ | ئۇلۇغ، كاتتا، چوڭ |
| ئۇلغاد- | كۆچەيتمەك، زورايتماق |
| ئۇلد- | ھوكۇرەپ يىغلىماق |
| ئۇلىس (~ئۇلۇس) | دولەت، مىللەت، ئايماق |
| ئۇمۇغ ئىناغ | ياردەم، مەدەت، ئۇمىت ئىشەنچ |
| ئۇنا | دەرھال، كوپ ئوتمەي |
| ئۇنچ | مۇمكىن |

## ئۈ (ü)

| | |
|---|---|
| ئۈسۈم | ئۈزۈم |
| ئۈرۈك ئۈساتى | دائىم |
| ئۈركىچ | ئۈزۈن ۋاقىت |
| ئۈزە | ئۈستى، بىلەن |
| ئۈزەلىكسىز | ئەڭ يۈكسەك، ئەڭ ئۈستۈن |
| ئۈكۈس (~ئوكۈس، ئوكۈش) | كوپ، جىق، نۇرغۇن |
| ئۈلۈس | ئۈلۈش، قىسىم، بولەك |
| ئۈلگۈسۈز | چەكسىز |
| ئۈن- (ئۈندۈر-) | چىقماق (چىقارماق) |

| | |
|---|---|
| ئۈنچۈ (~ يىنچۈ ~ ئىنچۈ) | ئۈنچە، مەرۋايىت |

## ق

| | |
|---|---|
| قاب- | چىشلىمەك |
| قابان | تاۋاق |
| قابشا- (~ قامشا-) | تەۋرىمەك، ئىككىلەنمەك |
| قابۇچاغ | كاۋاك، بوشلۇق |
| قابىش- (~ قاپىس-) | بىرلەشمەك، يىغىلماق |
| قاپىغ | قاپقا، دەرۋازا، ئىشىك |
| قات- | ئۇچراشماق، قوشۇلماق |
| قاتا | قېتىم، قاتا |
| قاتاغلا- (~ قاتىغلا-) | ① ئەگەشمەك؛ ② تىرىشماق |
| قاترون- | قاتۇرماق |
| قاتۇن | خانىش، خاتۇن |
| قاتىل- | ئۇچرىماق، دۇچ كەلمەك |
| قاد- | قاتماق، قوشماق |
| قاداس | قېرىنداش |
| قادىشدۇر- | قوشماق، ئارىلاشتۇرماق |
| قادىر | ۋەھشى، يىرتقۇچ |
| قادىز | دارچىن |
| قادىك | قاچا، چىنە |
| قادىنى | قېينى (ئاتا) |
| قاچ | بىر ئاز |
| قاس (~ قاش) | قاش تاش |
| قاسىق | قوساق |
| قاسىق | قوۋزاق، پوست |

| | |
|---|---|
| قاشۇق | قوشۇق |
| قاشاڭ - | سىيمەك |
| قاشانىغ يولى | سۈيدۈك يولى |
| قارار - | قارايماق |
| قاراق | كوز قارچۇغى |
| قاراقاچ ئىغاچ | قارياغاچ |
| قارام | خەندەك، |
| قاربا | بىر خىل دورا ئوسۇملۇگى |
| قارت | قېرى ئادەم |
| قارت بەز | يارا، جاراھەت |
| قارس | بىر خىل رەخ |
| قارى | گەز |
| قازغاڭ - | قازانماق، تىرىشماق |
| قازغۇق | قوزۇق |
| قاۋساڭ - | مۇھاسىرە قىلماق، قورشىماق |
| قاۋسى | گاڭۋىيىسى ئىبادەتخانىسى |
| قاۋىش- (~ قابىس-) | ئۇچراشماق، يىغىلماق |
| قاۋىر - | قورىماق |
| قاق | باھا، نەرق |
| قاڭ | ئاتا |
| قاڭلى | هارۋا |
| قاي | يول، كوچا |
| قايۇ | قايسى |
| قايىنتۇر - | قايناتماق |
| قاغاتىر | خېچىر |
| قاغار | قار |
| قاغان(~ قان،خان) | خاقان، خان |

| | |
|---|---|
| قاغانلا ـ | خاقان بولماق، خاقان قىلماق |
| قاغۇق | دوۋساق |
| قاغىز | باتۇر |
| قال | غالجىر، ساراڭ |
| قالىق (~ قالىغ) | ① ئاسمان؛ ② راۋاق |
| قاماشىغ | قالايمىقانچىلىق |
| قامشات ـ | ھەركەتلەندۈرمەك |
| قامۇغ | ھەممە، بارلىق |
| قامىل ـ | ئايلىنىپ كەتمەك، ھوشسىزلانماق |
| قانداس | قېرىنداش |
| قانچا | قەيەرگە |
| قان ئۇدلەك | قان توختىماسلىق |
| قانغا (~ قانقا) | هارۋا |
| قوپ | بارلىق، ھەممە |
| قوپۇز | نەي، قومۇز |
| قود ـ | قويماق، قالدۇرماق |
| قودۇر | قوتۇر |
| قودى | ①تووەن، پەس؛ ② زادى |
| قوشدى | بىر خىل دورا ئوسۇملۇكى |
| قوراد ـ | جۇدىمەك، يىگىلەپ كەتمەك |
| قوراغلۇق | جۇدىگەن، يىگىلىگەن |
| قورلۇغ | خورلۇق |
| قورمۇزتا | هورمۇزتا (ئىلاھ ئىسمى) |
| (~ خورمۇزتا) | |
| قوقىلىق | پۇراقلىق |
| قوڭرۇل ـ | تەۋرەنمەك |
| قوغ قىچماق | زەررە، زەررىچە |

| | |
|---|---|
| قول- | تىلىمەك، تەلەپ قىلماق |
| قولدىق | قولتۇق |
| قولۇم خۇئا | بىر خىل دورا ئۇسۇملۇك گۇلى |
| قون (~قوني، قوئىن) | قوي |
| قۇئا (~خۇئا) | گۇل |
| قۇبرات- | يىغلىدۇرماق، يىغماق |
| قۇتاد- | بەخت كەلتۇرمەك |
| قۇتاي | يىپەك، تاۋار-دۇردۇن |
| قۇت بۇيان | بەخت-تەلەي، بەخت-سائادەت |
| قۇترۇل- | قۇتۇلماق |
| قۇت قىۋ | بەخت-سائادەت، بەخت-تەلەي |
| قۇدۇز | ئايال، خوتۇن، جۇۋان |
| قۇدۇغ (~قىدىغ) | قىر، ياقا، قاش |
| قۇدۇنمۇق | (؟) |
| قۇچ- | قۇچاقلىماق |
| قۇس | قۇش |
| قۇردان | يەر نامى |
| قۇۋراغ | جامائەت، كىشىلەر توپى |
| قۇڭقائۇ(~قۇڭقىۇ) | كۇڭخۇ، غۇڭقا |
| قۇغۇلغۇلۇغ | يورۇق، روشەن |
| قۇلاد- | قۇلغا ئايلاندۇرماق |
| قۇلاق شاقشى | قۇلاق كىرى |
| قۇلغاق | قۇلاق |
| قۇما | كۇنجۇت |
| قۇنچۇي | مەلىكە |
| قى | 庚 نىڭ ئاھاڭ تەرجىمىسى (10 دەۋرى بەلگە- |

ىندىڭ 7 - سىنى كورسىتىدۇ)

قىئات — تاق مۇڭگۈزلۈك يىرتقۇچ هايۋان

قىب (~ قىۋ) — بەخت، تەلەي

قىت- — قالدۇرماق

قىداي سىمىقى — بىر خىل دورا ئۇسۇملۇگى

قىسىل — تار جىلغا، قىساڭ

قىرقىن — ئايال، دىدەك،

قىيىق — قىيسىق، قىڭغىر، مايماق

قىلىنچ — قىلمىش

قىنىغ — كەڭ

قىنلىق — زىنىدان

## ك

كاۋى — داستان

كالاشۇتارى — كالاشۇتارى (خاس ئىسىم)

كامراككىتى — كامراككىتى (خاس ئىسىم)

كەد — ئىنتايىن، ناهايىتى

كەد- — كىيىمەك

كەد بول- — كوپەيتمەك، ئاۋۇماق

كەدۈز- — كىيدۇرمەك

كەدىرە — كەدىرە (خاس ئىسىم)

كەدىم — كىيىم

كەدىملىگ — ① كىيىملىك؛ ② قورال-ياراق

كەدگىر- — يىقىلماق

كەسەنتى قىل- — توۋا قىلماق

كەرگەك بول- — كېرەك بولماق، لازىم بولماق

| | |
|---|---|
| كەرگەكسىز | ① كېرەكسىز؛ ② سانسىز، چەكسىز |
| كەرگۈ | كوپۈك |
| كەزە ئۈز | تەدرىجى، پەيدىن - پەي |
| كەۋلى- | زەئىپلەشمەك، ئاجىزلاشماق |
| كەكەلىك | كەكلىك |
| كەيىك (كىك) | ياۋايى هايۋان |
| كەگ | ئۆچ، ئۆچمەنلىك، ئەنت |
| كەگدە | قەغەز |
| كەمشى- (~ كەمسى-) | تاشلىماق، ئاتماق |
| كەملىگ | ئاغرىق، كېسەل |
| كەنتۈ (~ كىنتۈ) | ئۆزى، ئۆز |
| كەڭەز- | كېڭەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك |
| كەڭرەز- | ئوكسۈنمەك، ئەپسۇسلانماق |
| كوژاترى (~ كوساترى) | كۈنلۈك |
| كولتى | يۈز مىليون، سانسىز |
| كولتى- | ياپماق، توسماق |
| كوبرۈگ (~ كوبرۈگە) | دۈمباق |
| كوبىك | كوپۈك |
| كوتى- (~ كودى-) | پۈراق چىقارماق، پۈرىماق |
| كوسە- | كۈزلىمەك، ئۈمىت قىلماق، ئارزۇ قىلماق |
| كوسۈڭگۈ | ئەينەك |
| كوركلە | چىرايلىق، كوركەم، گۈزەل |
| كورۈكلۈگ | چىرايلىق، كوركەم، گۈزەل |
| كورۈگسە- | كورۈشكە ئىنتىلمەك |

| | |
|---|---|
| كورۇنچ | سۇرەت |
| كورۇنچلە - | كورمەك، تاماشا قىلماق |
| كورك | جامال، ھوسۇن، تۇرۇق |
| كوزۇش (~ كوسوش) | ئارزۇ، ئۇمىت |
| كوزۇن - | كورۇنمەك |
| كوزۇنچ | سوغاق، سوغا |
| كوزكىش - | مۇنازىرىلەشمەك |
| كوۋەز | مەغرۇرلۇق، ئىپتىخارلىق |
| كوۋسەك | توقىلىغ ئادەتكە لايىق |
| كوكوز (~ كۇگۇز) | كوكرەك |
| كونۇرچكەن | كەپتەر |
| كولۇك | كولۇك (يۇك ھايۋانلىرى) |
| كونە سوۋى | سىماپ |
| كونى | توغرا، راستچىل، لىللا |
| كىسان | ھەش - پەش دىگىچە، كوزنى يۇمۇپ ئاچقىچە |
| كۇمارى | كۇمارى (شەيتان نامى) |
| كۇدە - | ۋاقىرىماق، توۋلىماق |
| كۇدەن | مىھمان |
| كۇچ كۇسۇن | كۇچ - قۇۋۋەت |
| كۇسكۇ | چاشقان |
| كۇسى | كۇچە |
| كۇركۇم | زەپە |
| كۇرگۇ | ئامالسىز |
| كۇك (~ كوك) | يۇكلىمە (سوز ئورامىنى كۇچەيتىپ كىلىدۇ) |
| كۇگەلىك | مۇقەددەس، مەشھۇر، شانلىق، شوھرەتلىك |
| كۇلچىرە يۇز | خۇش چىراي، ئوچۇق چىراي |

| | |
|---|---|
| كۆلىگ | ئابرويلۇق، شوھرەتلىك |
| كۆن تۇغۇرۇ | كۆن چىقىش ۋاقتى، كۆن ئورلىگەندە |
| كۆنچىد | كۆنجۇت |
| كۆك | دىدەك |
| كوڭۆد ـ | دىدەككە ئايلانماق |
| كىد ـ | كەتمەك، ساقايماق |
| كىدىن | ①غەرپ؛ ②ئارقا |
| كىچىر ـ | كېچىكمەك |
| كىچمەدىن ئارا | ئۇزۇن ئۇتمەي، ھايال قالماي |
| كىس (~ كىش) | بۇلغۇن |
| كىسرە | كېيىن |
| كىشى (~ كىسى) | ئۇستاز |
| كىرتۇ | سادىق، سەممى |
| كىرتگۆد ـ | ئىشەنمەك |
| كىرتگۆنچ | ساداقەتلىك، ساداقەتمەن |
| كىرۇ | ئارقا (غەرپ) تەرەپ |
| كىزىگ تىزىگ | رەت، قاتار، تەرتىپ، تىزىق |
| كىزلە ـ | يوشۇرماق |
| كىگۆر ـ | كىرگۈزمەك، ئۆزىگە تارتماق |
| كىگىنچ | جاۋاپ |
| كىن | كىندىك |
| كىنلە ـ | يەنچىمەك، ئەزمەك |
| كىڭشۆر ـ | ئۇچلەشتۇرمەك، زىتلەشتۇرمەك |
| كىڭۆر ـ | كېڭەيتمەك |
| كىڭىرۇ | كەڭ، كەڭرى |
| كىڭگەش ـ | كېڭەشمەك، مەسلىھەتلەشمەك |

# ئى

ئىت- تەشكىللىمەك، ئۇيۇشتۇرماق

ئىتىگ ياراغ ①زىبۇ-زىننەت؛ ②ھەيۋەتلىك، تەنتەنىلىك

ئىتىل ئىتىل (ۋولگا دەرياسى)

ئىتىن- ئىشلىمەك، تەييارلىماق

ئىتىن ياراتىن- زىننەتلەنمەك، ياسانماق، بېزەنمەك

ئىدى ①پادىشا؛ ② يۈكلىمە (ئىنكار ئۇرامىنى كۈچەيتىپ كېلىدۇ)

ئىدى- تەرمەك، يىغماق

ئىدى ئوقسىز ئىگىسىز

ئىدىش ئىدىش

ئىدىز ئېگىز

ئىچتىن سىڭارى ئىچكى تەرەپتىكى

ئىچەگۈ ئىچ-باغرى

ئىچرە ئىچى، مەخپى، يوشۇرۇن

ئىچكەك جىن-ئالۋاستى

ئىچكىر- تەسلىم قىلماق، بوي سۇندۇرماق

ئىچى (~ئەچى) ئاكا، تاغا

ئىچىك- بوي سۇنماق، بېقىنماق

ئىس (~ئىش) ئىش، خىزمەت

ئىس ئىتتىپاقچى، ھەمرا، دوست

ئىس كودۇگ ئىش-كۈش

ئىسى ئايال

ئىسىركە- ①كۆڭلى بۇزۇلماق، ئىچى ئاغرىماق؛ ②ئايىماق

ئىسىگ ئىسسىق، قىزىق

| | |
|---|---|
| ئىسىڭتى | ئىچىملىك |
| ئىسىگ ئوز | جان، ئىسسىق جان |
| ئىسىل- | ئاجىزلاشماق، بوشاشماق، ئېزىلمەك |
| ئىسىيى | ئىسىيى (ئەمەل نامى) |
| ئىش (~ئەش) | ھەمرا، يار |
| ئىش | چاچ ئورۇمى |
| ئىشىچ | تاۋا |
| ئىرتۇر- | ئەگەشمەك |
| ئىرۇبەلگە | ئىزنا، بەلگە، ئالامەت، بىشارەت |
| ئىرىل- | پاراكەندە بولماق |
| ئىرىن | تاغ ئېتىكى |
| ئىرىنچ | بىچارە،! بىتەلەي |
| ئىرىنچىكە- | ئېچىنماق، ئىچى ئاغرىماق |
| ئىرىنچ يارلىغ | بىتەلەي، بىچارە |
| ئىرگۇر- | ئورۇنلىماق، پۇتتۇرمەك |
| ئىز- | چۇشمەك، تۇۋەنلىمەك |
| ئىيد- | ①ئەگەشمەك؛ ②بوي سۇندۇرماق |
| ئىيىن | بويىچە، ئاساسەن، بىنائەن |
| ئىڭ | كىسەل، ئاغرىق |
| ئىڭ توغا | بالايى-ئاپەت، ئاغرىق-سىلاق |
| ئىڭگىرىك | قايىنام، گىرداپ |
| ئىڭىد- | باقماق، تەربىيىلىمەك |
| ئىڭىل | ئاددى، ئادەتتىكى |
| ئىل بۇقا | ئىل بۇقا (ئادەم ئىسمى) |
| ئىلت- (~ئىلىت-) | ①ئېلىپ بارماق، باشلاپ بارماق؛ ②كوتەرمەك |
| ئىلچى | ئەلچى |
| ئىلچى | ئىلچى (ئادەم ئىسمى) |

| | |
|---|---|
| ئىلكى | دەسلەپكى، ئالدى بىلەن |
| ئىلكىسىزدىن بەرۇ | ئەزەلدىن بېرى |
| ئىلىگ | خان، پادىشا |
| ئىلىنچۇ | سەيلە، ساياھەت |
| ئىلىن ياپشىن- | سويىمەك، مېھرى چۈشمەك |
| ئىللە- | دولەت قۇرماق، ئەل تۇتماق |
| ئىمەر- | ئايىلانماق |
| ئىمىر | تاڭ سەھەر، سۇبھى |
| ئىن- | چۈشمەك، يېتىپ كەلمەك، ئۆنمەك |
| ئىنتىرادانۇ | ئىنتىرادانۇ (خاس ئىسىم) |
| ئىنەگۇ | قوساق ئاغرىغى |
| ئىنىچ | تىنچ، خاتىرجەم |
| ئىنچكۈلۈگ | تىنچ-ئامانلىق |
| ئىنىگۈن | ئىنىلەر |

## ئُ (I)

| | |
|---|---|
| ئى | دەرەخ، ئورمان |
| ئىدۇق | مۇقەددەس |
| ئىد (~ ئىت-) | ①ئەۋەتمەك ②ۋاز كەچمەك |
| ئىغاچ | ياغاچ |
| ئىچغىن | مەھرۇم بولماق، ئايرىلماق |
| ئىغار | كۆچلۈك، قۇدرەتلىك |
| ئىناغارۇ | ...دىن بۇيان |
| ئىدالا- | ۋاز كەچمەك، تاشلىماق |
| ئىناز- | ئىشەنمەك |
| ئىنارۇ بەرۇ | ھەممە يەر، ئۇياق-بۇياق |

ئىرغال- لىڭشىماق
ئىرسى (~ئارزى) ئەۋلىيا
ئىسىغ ئاغامچا
ئىت نەسلىك، پالاكەت بېسىش
ئىرغاق ئىلمەك، قارماق

## ي

يابرت- مەغلۇپ قىلماق، يوقاتماق
يابز ئاجىز، نامرات
يابغۇ يابغۇ (ئەمەل نامى)
يابلاق (~ياۋلاق) يامان، بۇزۇق
ياپشن- يېپىشماق
ياپت- ياساتماق
ياتلانقۇ سىرك ئويىناش
ياد- يايىماق، تارقاتماق
ياداغ پىيادە، ياياق
ياستۇق ①ئۇرچۇق؛ ②مىقدار سوز
ياسى ①يېسى؛ ② ياپىلاق
ياشرۇ يوشۇرۇن
ياشومائىتىرى ياشومائىتىرى (خاس ئىسىم)
ياشۇق نۇر، يورۇقلۇق
ياشمۇق تېزىق
يار كوپۇك
ياراماچى يارىماس
يارپسز بوش، ئاجىز
يارسنچىغ يىرگىنىشلىك، بىزار قىلىدىغان

يارسىنغۇ يەك (؟)
يارىق قورال - ياراق
يارىغ ساۋۇت ۋە دۇبۇلغا
يارىن ئەتە
يارلىقا - ①يارلىق قىلماق؛ ②ساقلىماق، مەدەت قىلماق
يارلىقانچۇچى مېھرىۋان
ياز - (~ياس -) خىلاپلىق قىلماق، گۇنا قىلماق
يازۇقلا - جىنايەت ئۆتكۈزمەك
يازى تۈزلەڭلىك
يازىق (~يازۇق) گۇنا، جىنايەت
ياۋاز (~ياۋىز) ناچار، يامان، ياۋۇز
ياۋرى - ئاجىزلىماق، زەئىپلەشمەك
ياۋىز قارت يامان يارا (چاقا)
ياقا پاسىل، چېگرا
ياقاغاتۇت - ئىجارىگە ئالماق
ياقالا - ①پاسىل ئايرىماق؛ ②تاۋاپ قىلماق
ياقرى ياغ، ماي
ياڭا پىل
ياڭاق (~يىڭاق) تەرەپ
ياڭقۇ ئەكس سادا
ياڭى - يېڭى
ياڭىل - يېڭىلماق، خاتالاشماق
ياي ياز
يايى - تاشماق، تېشىپ چىقماق
يايلىق ئوردا - ساراي
ياغ - يېقىنلاشماق

| | |
|---|---|
| ياغچىرت- | كوپەيتمەك |
| ياغۇق | يېقىن |
| ياغ | دۈشمەن، ياۋ |
| ياغىد- | دۈشمەن بولماق، دۈشمەنلەشمەك |
| ياغىر | مۈرە، يەلكە |
| ياغىز | قوڭۇر(رەڭ) |
| يالاباچ (~ يالاۋاچ) | ئەلچى |
| يالاڭۇز | يالغۇز |
| يالتىرىت- | يالتىراتماق، چاقناتماق |
| يالۇكوگەن | ھەسەن-ھۈسەن |
| يالڭۇق (~ يالاڭۇق) | ئىنسان، ئادەم |
| يالىن | يالقۇن |
| يالىنا- | يانماق، كويمەك |
| يان- | يانماق، قايتماق |
| يانالا | يەنە، قايتا، يېڭىشلاپ |
| يانتاقى | ياندىكى |
| يانى- | زەربە بەرمەك، يەڭمەك |
| يەت- | ①ئولمەك، ھالاك بولماق؛ ②يەتمەك |
| يەس- (~ يەز-) | ئېرىتمەك، ئەزمەك |
| يەك | جىن، ئالۋاستى |
| يەگ | يېمەكلىك |
| يەل- | شامالدەك ماڭماق |
| يەلمە | يېپىنچا، پىلاش |
| يەلمە ئەر | ئاتلىق ئادەم |
| يەلمەگ | ئۆزاقتا يۈرۈش قىلىدىغان قوشۇن |

| | |
|---|---|
| يەم | ئوسۇملۈك دورىسى |
| يەمە (~ يىمە) | يەنە،......مۇ |
| يوبال- | ئۈۋال بولماق، زۇلۇم تارتماق |
| يورچى | قېيىنى ئىنى (؟) |
| يورۇت- | ماڭغۇزماق |
| يورد- | ماڭماق، يۈرۈش قىلماق |
| يورغۇرت | قېتىق |
| (~ يورغۇرد) | |
| يوق چىغاي | يوقسۇل-نامرات |
| يوقسۇز | بىكاردىن-بىكار |
| يوققىس | يوقىتىش، يوقىلىش |
| يوڭشۇر- | تۆھمەت قىلماق، ئارىغا سوغاقچىلىق سالماق |
| يوڭلا- | ئىشلەتمەك |
| يوڭلاقلىغ | كىرە كىلىك |
| يوغچى | تەزىيىچى |
| يوغۇر- | يۇقۇرلىماق، ئاشماق، ھالقىماق |
| يوغۇرقاز- | قايغۇرماق، ھەسرەت چەكمەك |
| يوغۇن | يوغان، چوڭ |
| يوغلا- | ئۆلۈم رەسمىيىتىنى قىلماق، دەپنە قىلماق |
| يوادۇرغان | بىر خىل ئوسۇملۈك نامى |
| يومۇردقا | تۇخۇم |
| يونت | ئات |
| يور- | ئىزاھلىماق |
| يوكەرۇ | ئىلگىرى |
| يوگەرۇ | ئۈستىگە |
| يولەسى | ئوخشاش |
| يونىنچە | مۇۋاپىق |

| | |
|---|---|
| يۇت | جۇت، بوران - چاپقۇن |
| يۇتۇز | خوتۇن، ئايال |
| يۇق - | ساقلىماق |
| يۇل - | بۇلىماق، تالان - تاراج قىلماق |
| يۇلتۇز كورۇم | مۇنەججىملىك |
| يۇلۇپ ئال - | پۇل تولەپ ياندۇرۇۋالماق |
| يۇلۇغ | سودا - سېتىق |
| يۇلۇغچى | بۇلاڭچى |
| يۇمۇسچى | خىزمەتكار، كۇتكۇچى |
| يۇمقى | ھەممە، ھەممىسى |
| يۇمغاق | يۇمۇلاق |
| يۇ (يۇۋ) | شەرۋەت |
| يۇر - | پۇركىمەك |
| يۇز - | سۇ ئۇزمەك |
| يۇكمەك | جۇغلانما، توپلام |
| يۇگ - | ئۇشنى يوقاتماق، ئايلىنىپ كەتمەك |
| يۇگۇرت - | يۇگۇرتمەك، ئاقماق |
| يىتى | ئوتكۇر، ئىتتىك |
| يىپار | ئىپار |
| يىپكىن | بىنەپشە، سوسۇن (رەڭ) |
| يىت - | يوقىتىپ قويماق، يۇتتۇرمەك |
| يىت - | يەتمەك |
| يىتى قىنىغ تولۇك | جەسۇر، زور، جاسارەتلىك |
| يىتىن - | باشلىماق، يېتەكلىمەك |
| يىتلىن - | يوقاتماق، ئايرىلماق |
| يىدىغ | سېسىق |
| يىچە | قايتىدىن |

يىس (~ يىش)    تاغ (قارىغايلىق تاغ)
يىر -    يىرماق، رەت قىلماق
يىرايا    سول (شىمال) تەرەپ
يىرتىنچۇ    يەر يۈزى، دۇنيا
يىرسۇۋ    دۇنيا، جاھان
يىرۇ -    بۇزماق، يىرماق
يىرىنگۇ -    ھەسرەتلەنمەك، قايغۇرماق
يىل    شامال، يەل
يىگ    ①ياخشى، ②خام
يىگەتى    ياخشى ھالدا
يىگەد -    غەلىبە قىلماق، يەڭمەك
يىلپاغۇ    باتۇر، قەھرىمان
يىلپىسگۇ    يەلپۈگۈچ
يىلسىغ    گۈللەنگەن
يىلقى    ئۆي ھايۋانلىرى، ئات، يىلقا
يىلىد -    ئىلتماق، ئىسسىتماق
يىنتەم    مەخسۇس

## گ

گرخ    يۇلتۇزلار توپى
گۇۋاك مىلك    ئەمەلدار ۋە خەلق، يۇرت - جامائەت

## ل

لائۇ    راۋاق، بىنا
لاغكى    لاغكى (قەدىمقى 洛阳 لوياڭ شەھىرىنىڭ ئۇيى-

ئۆرچە ئاتىلىشى)

لۇ (~لۇئۇ)  ئەجدىھا

لۇگ  ئوچاق

لالا-  ئەزمەك، سوقماق

## م

مائىئادىس  مائىئادىس (دۆلەت نامى)

مادار  چىن-ئالۋاستى

ماخابالى  ماھابالى (ئادەم ئىسمى)

ماخادىۋى  ماھادىۋى (ئادەم ئىسمى)

ماخاساتۋى  ماھاساتۋى (ئادەم ئىسمى)

مائىترى  مائىترى (ئىلاھ ئىسمى)

مانۇ  چىل بورە

ماڭرا-  ۋاقىرىماق

مەرىچى  ياۋايى، نادان

مەڭ  ①مەڭ؛ ②يەم، دان، يېمەكلىك

مەڭى  خۇشاللىق، شاتلىق

مەڭىزلىگ  چىرايلىق، گۈزەل

مەڭىلە-  خۇشاللانماق، ھوزۇرلانماق

مەڭلە-  ... نىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالماق

مخا (~ماخا)  چوڭ

مخايانا (~ماخا-ماھايانا (بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپنىڭ
يانا)  نامى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا يەنە ئۇلۇغ كو-
لۇڭگۇ، دەپمۇ ئۇچرايدۇ.)

موغۇچ  موغۇچ (راھىپ)

مۇن  شورپا

مۇنا  مانا، ماۋۇ

| | |
|---|---|
| مۇن قاداغ | گۇنا، ئەيىپ |
| مۇگا | ماگگو (مۆە) |
| مۇگاد ـ | هەيران قالماق، ئەجەپلەنمەك |
| مۇگادىنچىغ | هەيران قالارلىق، ئاجايىپ |
| مىسىخا | مىسىها (خاس ئىسىم) |
| مىشچىك | مۇشۇك |
| مىر | بال، هەسەل |
| مىن | خېمىر |

## ن

| | |
|---|---|
| نارا | ئانار |
| ناراتا | ناراتا (خاس ئىسىم) |
| نامۇ | نامۇ (بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، هورمەت، تازىم دىگەن مەنىدە) |
| نەچۇك | نىمە ئۇچۇن، نىمىشقا، قانداق قىلىپ |
| نەگۇ | نىمىشقا |
| نەگۇكىم | مەيلى قانداقلا بولمىسۇن |
| نەگۇلۇگ | نىمىشقا، نىمە ئۇچۇن |
| نەڭ | ①نەرسە، شەيئى؛ ②مەيلى......**سون** |
| نەڭ نەڭ | هەرقانداق |
| نوم | (بۇددا) نومى |
| نوملا ـــ | نوم تەپسىر قىلماق |
| نىشان | نىشان، تامغا، بەلگە |
| نىزۋانى | ئازاپ، دىلخەستىلىك |
| نىكەي | قىسىم، بولۇم |
| نىگرانتى | نىگرانتى (خاس ئىسىم) |

21500004273

**古代维吾尔文献选**　（维吾尔文）

克由木霍加，吐尔逊阿尤甫，斯拉菲尔等　编译

新疆人民出版社出版

（乌鲁木齐市解放路306号）

新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷

850×1168毫米32开本　13.25印张　5插页

1983年9月第1版　1984年4月第1次印刷

印数：1——12,400

书号：M7098·55　　定价：1.55元